

پەرھات جىلان

# ئورخۇن شەجەرىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئورخۇن شەجەرىسى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-06142-X
I·2266(民文)定价:24.00元

ISBN 7-228-06142-X
9 787228 061426 >

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پەرھات جىلان

# ئورخۇن شەجەرىسى

(تارىخىي رومان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据
鄂尔浑世谱:维吾尔文/法尔哈德·吉兰著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.11
ISBN7—228—06142—X
Ⅰ.鄂… Ⅱ.①法 …②德... Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.5
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第55826号

责任编辑:买买提依明·艾拉
责任校对:伊力亚斯·热依祢
封面设计:艾克拜尔·萨里

鄂尔浑世谱(维吾尔文)
法尔哈德·吉兰 著

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆《工人时报》印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 15.375印张2插页
2000年11月第1版 2000年11月第1次印刷
印数:1—3,000

ISBN7—228—06142—X/I·2266 定价:24.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈلزادەم - 0532.3734952

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

### بوتاسۇن بۇقا ۋە ئىنەچۇك تاي
### ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى

بىرىنچى باب   چۆلدىكى كارۋان ........................................ 3
ئىككىنچى باب   يايلاقتىكى خانلىق ........................................ 11
ئۈچىنچى باب   كۆك تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ................ 22
تۆتىنچى باب   كۆك تۈركلەر كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلار ............ 43
بەشىنچى باب   قەدىناسلار قايتا كۆرۈشتى ........................ 69
ئالتىنچى باب   ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ................................ 86

## ئىككىنچى قىسىم

### قۇتادمىش ، ئادارقىز ۋە ئايتولۇننىڭ قىسمىتى
### بۆرە بايرىقى لەپىلدىمەكتە

بىرىنچى باب   ئۆتۈكەندە پەيدا بولغان قارا كۆلەڭگە ................ 107
ئىككىنچى باب   ئوغۇل بالا سەپەردە چېنىقىشى كېرەك ................ 123
ئۈچىنچى باب   دالادىكى توقۇنۇش ........................................ 134
تۆتىنچى باب   سۈيىقەستچىنىڭ ھىيلىسى ................................ 156
بەشىنچى باب   قوردانلىق پەرىزات ........................................ 163
ئالتىنچى باب   بۇ ئىش ئەسلى مۇنداق بولغان ........................ 187
يەتتىنچى باب   لوياڭغا يۈرۈش ........................................ 196
سەككىزىنچى باب   فەنياڭدىكى پاجىئە ................................ 212

توققۇزىنچى باب   ياڭ جەمەتىنىڭ ئاقىۋىتى .................... 228
ئونىنچى باب   ئاخىرقى ئۈمىد ئورخۇندا .................... 241
ئون بىرىنچى باب   كۆك بۆرە ئىزىدىن .................... 261
ئون ئىككىنچى باب   ئوخشاشمىغان تەقدىرلەر .................... 279
ئون ئۈچىنچى باب   ئىككى ئاستانىدىكى ئىشلار .................... 306
ئون تۆتىنچى باب   قۇدىلاشماق .................... 316
ئون بەشىنچى باب   بۆگۈ قاغان ۋە مانى روھانىيلىرى .................... 333
ئون ئالتىنچى باب   مانى ۋە شامان .................... 352

## ئۈچىنچى قىسىم

### بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار
### ئېتىم ئۆلسىمۇ قىلىچىم سۇنمىدى

بىرىنچى باب   تاپار بوۋاينىڭ ھېكايىسى .................... 379
ئىككىنچى باب   بۇ يۇرتلارغا كۆز تەگدىمۇ ؟ .................... 384
ئۈچىنچى باب   تاغ ـ دالالار ئىگرىماقتا .................... 392
تۆتىنچى باب   ئاپەت ئۈستىگە پاراكەندىچىلىك .................... 400
بەشىنچى باب   بۈيۈك قاغان بۈيۈك ئەمەس .................... 410
ئالتىنچى باب   ئالتۇن تەختتە ئۆسمۈر قاغان .................... 424
يەتتىنچى باب   قىرغىز ئاتلىرى كىشنىمەكتە .................... 437
سەككىزىنچى باب   ئاخىرقى جەڭلەر .................... 446
توققۇزىنچى باب   ئۇيپۇقتا تەگرىتاغ بوستانلىرى .................... 466
ئورخۇن ھەققىدە سۆھبەت ( خاتىمە ئورنىدا ) .................... 486

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

# بوتاسۇن بۇقا ۋە ئىنەچۈك تاي
# ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## چۆلدىكى كارۋان

مىلادىيە 741 ـ يىلى ياز پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى . سەددىچىدىن سىپىلىنىڭ ھەيۋەتلىك چوڭ دەرۋازىسىدىن چىققان كارۋان ئاستا قەدەملەر بىلەن شىمال تەرەپكە يول ئالدى . كارۋاننىڭ بۇنداق ئالدىرىماي مېڭىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، قاتار تىزىلغان ئېگىز چاقلىق كېلەڭسىز ھارۋىلارغا دۆۋە ـ دۆۋىلەپ ئېغىر يۈكلەر بېسىلغان ۋە ئۇلار ـ نىڭ ئۈستى كالا تېرىلىرى بىلەن يېپىلىپ ، قىل ئارقانلار بىلەن چىڭ تارتىپ باغلانغان بولغاچقا ، ئېسىل نەسىللىك ئارغىماقلارغا مىنىشكەن بەش يۈز نەپەر قوراللىق چەۋەندازمۇ سۈرئەتنى تېزلەتمەي سالماق ھە ـ رىكەت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى .

تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئە ـ مەلدارى بىر توپ قورۇقچى چېرىكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كارۋاننى ئۇزى ـ تىپ چىقتى .

ــ سەپىرىڭلار قۇتلۇق بولسۇن ! ئورخۇن بويلىرىغا تىنچ ـ ئامان بېرىشىڭلارغا تىلەكداشمىز ! ــ دېدى ئەمەلدار ئالدىغا سوزۇلغان ئىككى قولىنى جۈپلەش بىلەن خوشلىشىش ئىشارىسى قىلىپ .

ــ تەشەككۈر ، جانابلىرى ! سالامەت بولۇڭلار ! ــ دېدى كارۋان بېشى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ قويدى .

ئۇزاتقۇچىلار كەينىگە يېنىپ ، سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ كې ـ تىشتى . كارۋان بېشى ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ ، سەپەرداشلار سېپىنىڭ

ئالدىغا ئۆتتى .

بۇ ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى قاتار تىزىپ كېتىۋاتقان كارۋان ئەھلىنىڭ تەقى - تۇرقى بايىقى ئۇزىتىپ چىققان ئۇزۇن يىپەك تونلۇق ئەمەلدارغىمۇ ، ئۇنى قورۇقلاپ چىققان ھېلىقى ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيىشكەن تابغاچ ① ئەسكەرلىرىگىمۇ زادى ئوخشىمايتتى . كارۋانچى چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى ئۇچىسىغا ئۇزۇنلۇقى يوتىسىنىڭ يېرىمىغا كەلگۇدەك يۇڭ توقۇلما يەكتەك ، خۇددى شۇنداقلا يۇڭ توقۇلما شىم ، پۇتلىرىغا يۇمران مەسە كىيىشكەن بولۇپ ، ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى شامالدا ئۇچۇپ ، چېچىلىپ تۇراتتى . ھەممىسىنىڭ چىرايلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان بولۇپ ، كۆچمەن يايلاق خەلقىگە خاس قەيسەرلىكى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . پەقەت ھېلىقى كارۋان بېشىنىڭ كىيىنىشى سەل ئۆزگىچە بولۇپ ، ئاق بۆز يەكتەك ئۈستىدىن قارا - سېرىق يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن كالتە جىلىتكە ۋە يەنە شۇنداقلا يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن شىم كىيگەنىدى . ئۇنىڭ سۇس قوڭۇر ئۇزۇن چاچلىرى كەينىدىن قىزىل شەلپەر بىلەن چىگىۋېلىنغانىدى . قويۇق ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتىغا ئاندا - ساندا ئاق سانجىسقا باشلىغان ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدە جەڭچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك جەسۇرلۇق ۋە ئاقىللاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئويچانلىق ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قاۋۇل جەدە ئېتىنى دېۋىتىپ ، باشقىلاردىن خېلى ئالدىغا ئۆتۈپ يىراقلىشىپ كەتتى .

— ھاي ، ھاي ، بوتاسۇن بۇقا ! - كىمدۇر بىرىنىڭ ئۇنى ئۈنلۈك توۋلاپ چاقىرغىنى ئاڭلاندى .

كارۋان بېشى ئېتىنىڭ يورغىسىنى ئاستىلىتىپ ئارقىغا قارىدى .

— ھە ، نېمە بولدى ، ئىنەچۈك تاي ؟ نېمىگە شۇنچە ۋارقىرايسەن ؟ — دېدى ئاشۇ بوتاسۇن بۇقا ئىسىملىك كارۋان بېشى ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئاق بوز ئېتىنى تېز چاپتۇرۇپ يېتىشىپ كەلگەن چەۋەندازغا

---

① ئەينى دەۋردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر خەنزۇلارنى « تابغاچ »دەپ ئاتايتتى .

www.uyghurkitap.com

كۆز تىكىپ .

ئىنەچۇك تاي ئىسمىلىك بۇ چەۋەندازمۇ قارىماققا كارۋان بېشى بوتاسۇن بۇقا بىلەن تەڭ دېمەتلىك كىشى بولۇپ ، ئۇمۇ يىلپىز تېرىسىدىن جىلىتكە ۋە شىم كىيگەنىدى ، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى كەينىدىن قىزىل شەلپەر بىلەن چىگىۋالغانىدى . لېكىن ئۇ بوتاسۇن بۇقىدەك قامەتلىك بولماستىن ، قورساق سېلىپ قالغان خام سېمىز ئادەم ئىدى . شالاڭ ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتلىرىدىمۇ ئاق رەڭ بىرقەدەر كۆپرەك ئىدى .

— هاي ، هاي ، بوتاسۇن بۇقا ! — دەپ تەكرار توۋلىدى ئىنەچۇك تاي كارۋان بېشىغا يانداشقاندىن كېيىن ، — قېرىغاندا ياش يىگىتلەردەك شوخلۇقۇڭ تۇتۇپ كەتتىمۇ نېمە ؟ ئېتىڭنى نېمانداق تېز چاپتۇرىسەن ؟

بوتاسۇن بۇقا ئۇنىڭغا قاراپ ياش يىگىتلەردەك جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى . ئىنەچۇك تايمۇ جاۋابەن خىرىلداپ كۈلگىلى تۇردى .

— ئانا يەرنى سېغىندىم ، بۇرادەر ئىنەچۇك تاي ، — دېدى كارۋان بېشى يەنە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا ، — ئورخۇن ، سېلېنگا ، تۇغلا دەريالىرىنىڭ يېقىملىق شاۋقۇنلىرى قۇلاقلىرىمغا ئاڭلانغاندەك بولۇۋاتىدۇ ؛ ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ساپ سالقىن هاۋاسى دىماغلىرىمغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ ...

— هەي ، توغرا دەيسەن ، بوتاسۇن بۇقا ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىدى ئىنەچۇك تاي ، — بىز تېخى تاغ قاپتاللىرىدىكى قارلار ئېرىپ بولمىغان چاغدا يۇرتىمىزدىن ئايرىلغانىدۇق . تابغاچ ئېلىگە بىر بېرىپ قايتقۇچە مانا كۈزمۇ كىرىپ قالدى .

ئىككى چەۋەنداز ئىختىيارسىز تۈردە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراشتى . سەددىچىندىن سېپىلى ئەمدى خېلى ئارقىدا قالغان بولۇپ ، يىراقتا خۇددى تاغ - ئېدىرلار تۆپىسىدە تولغىنىپ ياتقان غايەت زور ۋە هەيۋەتلىك سىرلىق ئەجدىهادەك گىرىمسەن سۈرەتلىنىپ كۆرۈنەتتى .

ئېگىز چاقلىق هارۋىلاردىن سەپ تارتىپ تۈزۈلگەن چوڭ كارۋان

ۋە بۇ ھارۋىلارنى قوغدىغۇچى قىلىچ، ئوقيالار بىلەن قوراللانغان ئاشۇ چەۋەندازلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانىغا، يەنى قۇدرەتلىك كۆك تۈرك خانلىقىغا تەۋە يايلاقلارغا قاراپ قەدەممۇ قەدەم، مەنزىلمۇ مەنزىل ئىلگىرىلەپ بارماقتا ئىدى. چەۋەندازلار ئىچىدىن كىمدۇر بىرى يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا باشلىدى. ناخشا تېكىستىدە باتۇر كۆل تېگىن ① ۋە دانىشمەن تونيوقۇقلارنىڭ ② قەھرىمانلىق روھى مەدھىيىلىنەتتى. ناخشىغا يەنە بىر نەچچە ياش چەۋەنداز قوشۇلدى. كارۋان ئەھلى بىراقلا جانلىنىپ كەتتى. ناخشىنىڭ جۇشقۇن، مەردانە ئاھاڭى گوياكى كىشىلەرنىڭ كۈچىگە كۈچ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە بۇ ئۇزۇن چاچلىق كۆك تۈرك جەڭچىلىرىنىڭ ھەممىسى ناخشىچىغا ئايلاندى. يۈزلىگەن كۆكرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ھەيۋەتلىك ناخشا ساداسى بۇلۇتسىز تىنىق ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ، پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

ۋەھالەنكى، كارۋان بېشى بوتاسۇن بۇقا ناخشىدىن ھۇزۇرلانمىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز تۈردە ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ، تۆت ئەتراپقا تېز - تېز كۆز يۈگۈرتكىلى تۇردى.

— ھاي يىگىتلەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاخىر بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — بولدى قىلىڭلار، ناخشا ئېيتماڭلار! ناخشىنى توختىتىڭلار!

— ھە، نېمە بولدى، بوتاسۇن بۇقا؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا داۋاملىق ياندىشىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئىنەچۈك تاي دېگەن كىشى، — ناخشا ئېيتساق نېمە بولىدۇ؟

بوتاسۇن بۇقا ئۇنىڭغا قارىماستىن، چەۋەنداز يىگىتلەرگە قولىنى شىلتىپ يەنە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى:

---

① كۆل تېگىن — كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن قەھرىمان خانزادىسى.

② تونيوقۇق — كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ VIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن داڭلىق ۋەزىرى.

—— كارۋان چۆلدە يۈرگەندە تەرتىپنى ساقلاش كېرەك. ناخشا ئېيتىشقا بولمايدۇ، بۇلاڭچى، قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر يېقىن ئەتراپتا شۇنداق يامان نىيەتلىك تائىپىلەر بولسا، ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشىدۇ.

يىگىتلەر ناخشىنى توختاتتى. پايانسىز چۆلدە يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. پەقەت ئات تۇياقلىرىنىڭ تۇتۇق دۈپۈرلەشلىرى ۋە ھارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلاشلىرىلا بۇ ئۇزۇن كارۋان يولىدا ئادەملەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. سەددىچىن سېپىلى ئاللىقاچان ئۇپۇق سىزىقىنىڭ كەينىدە قېلىپ، كۆزدىن غايىب بولغانىدى. كارۋاننىڭ ئالدى تەرىپىدىمۇ تۈزلەڭ چۆل بىلەن كۆك ئاسمان جىپسىلىشىپ كۆرۈنەتتى.

ئىنەچۈك تاي كارۋان بېشىدىن يەنە سوراشتۇرغىلى تۇردى:

—— بوتاسۇن بۇقا، مۇشۇنداق ئادەمزاتسىز چۆلدىمۇ قاراقچىلار بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ سەن نېمىنى ئويلاپ شۇنداق دېدىڭ؟

—— كارۋان يوللىرىدا ھەر ۋاقىت ھۇجۇمغا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن، —— دېدى بوتاسۇن بۇقا، —— قىتانلار①، تاتابىلار ② ۋە يەنە ھەر خىل تائىپە، قەبىلىلەرنىڭ ئولجا ئىزلەپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن ھارام تاماقلىرى كېلىپ قېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

—— ھە، شۇ قىتانلاردىن قورقۇۋاتامسەن؟ —— دەپ كۈلدى ئىنەچۈك تاي ۋە ئۇنىڭ ئەتلىك يۈزىدە مەنسىتمەسلىك ھەم مەغرۇرلۇق ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى، —— ئۇ قىتان، تاتابى دېگەنلىرىڭ باشقا ئەللەرنىڭ كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بىزدەك كۆك تۈركلەرگە چېقىلىشقا ئەسلا جۈرئەت قىلالمايدۇ، خاتىرجەم بولغىن!

بوتاسۇن بۇقا ئۇنىڭغا قايىل بولمىغان تەرىزدە بېشىنى چايقاپ قويدى.

---

① قىتان —— ئەينى دەۋرلەردىكى بىر تائىپە. كېيىنكى دەۋرلەردە «خىتاي» ياكى «قارا خىتاي» دەپ ئاتالغان.

② تاتابى —— ئەينى دەۋرلەردىكى بىر تائىپە.



www.uyghurkitap.com

— سەپەر ئۈستىدە ھەر خىل ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن . يەنىلا ئېھتىياتچان بولغان تۈزۈك ، — دېدى ئۇ .

ئىنەچۈك تاي سېمىز گەۋدىسىنى ئېگەر ئۈستىدە بىر يانغا قىيسايتىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى :

— ئاڭلىشىمچە ، بۇ يوللاردا سوغدىلارنىڭ[1] كارۋانلىرى تولا قاتنايدىكەن . لېكىن ئۇلار تىجارەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان مۆمىن خەلق . قىتانلار ئادەتتە بۇ تەرەپلەرگە كېلەلمەيدۇ . مېنىڭچە ، ھازىر ھەممىدىن بەكرەك قۇتراپ كېتىۋاتقانلار ئۇيغۇر قەبىلىلىرى . لېكىن ، بوتاسۇن بۇقا ، سەنمۇ ئۇيغۇر بولغاچقا ، ئۇلاردىن قورقمىساقمۇ بولىدۇ .

— ئۇيغۇرنى تىلغا ئالغۇچى بولما ! — دېدى بوتاسۇن بۇقا سۆھبەتدىشىغا تىكىلىپ قاراپ كەسكىن تەلەپپۇزدا ، — بۇلاڭچىلىق قىلىدىغانلار كۆك تۈركلەردە يوقمۇ ؟ مانا مەن بىر پېشقەدەم كارۋانچى ، شۇنچە يىللاردىن بېرى سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرىنى مۇشۇ يوللار بىلەن توشۇپ جان بېقىۋاتىمەن . تېخى بىرەر قېتىممۇ ئۇيغۇر قاراقچىلارنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم ...

— ھەي بولدى ، بولدى ، بۇرادەر ، — ئىنەچۈك تاي كارۋان بېشىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ۋە خىرىلداپ كۈلۈش بىلەن ئۇنىڭغا دوستانە رەۋىشتە قارىدى ، — بولدى ، بۇرادەر ، نېمىگە بۇنچىلىك كايىپ كېتىسەن ؟ بىز سېنىڭ بىلەن كىچىكىمىزدىن تارتىپلا بىر يايلاقتا پادا بېقىپ ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان كونا ئاداشلارغۇ[2] ، ماڭا نېمانچە ھومىيىپ قارايسەن ؟

— مەنغۇ ئادەتتىكى بىر ياللانما كارۋانچى ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ، — لېكىن سەن قاغاننىڭ[3] ئىشەنگەن ئادىمى . قاغان بەرگەن ئىككى مىڭ ئاتنى تابغاچ ئېلىگە ھەيدەپ ئاپىرىپ ، مانا ئەمدى بۇ ھارۋىلارغا يىپەك رەختلەرنى بېسىپ قايتتۇق . بۇ مالنى سەن ئۆز قولۇڭ

---

[1] سوغدى — ئەينى دەۋرلەردە ئۆتكەن پارسىي تىللىق خەلق .

[2] ئاداش ( قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ) — دوست .

[3] قاغان — خاقان .

www.uyghurkitap.com

بىلەن قاغىنىڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىڭ كېرەك .

— ئەلۋەتتە ، شۇنداق ، — دەپ تەستىقلىدى ئىنەچۈك تاي ۋە بېشىنى ئىرغىتتى .

— شۇنداق بولغاچقا ، كارۋاننىڭ بىخەتەرلىكىگە مەندىن بەكرەك سەن كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ كېرەك ، — دېدى يەنە بوتاسۇن بۇقا .

— شۇنداق ، شۇنداق ! توغرا دەيسەن ، — ئىنەچۈك تاي تېز - تېز بېشىنى ئىرغىتىپ كەتتى .

شۇ ئەسنادا چەۋەنداز يىگىتلەردىن بىرى ئۈنلۈك خىتاب قىلدى :

— قاراڭلار ، بۆرە !

كارۋاننىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىكى يىراق يەردە يالغۇز بىر بۆرە ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ چۆلدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان شۇنچە كۆپ ئات - ئۇلاغ ۋە ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىر پەس كۆزىتىپ جىم تۇرغاندىن كېيىن ئۇچقاندەك يۈگۈرگىنىچە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى .

چەۋەندازلار ئالاھىدە جانلانغان ھالدا شادلىق ۋە تەنتەنىلىك تەلەپپۇزى بىلەن خىتاب قىلىشتى :

— كۆردۈڭلارمۇ ؟ بۆرە !

— ئالدىمىزغا بۆرە چىقتى !

— بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى .

ئىنەچۈك تاي كارۋان بېشىغا غالىبانە قىياپەتتە قارىدى .

— كۆردۈڭمۇ ، بوتاسۇن بۇقا ، — دېدى ئۇ ، — خۇددى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنى كۆك بۆرە نىجاتلىق يولىغا باشلاپ ماڭغاندەك ئىش بولدى .

— شۇنداق ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ، — كۆك تەڭرى بىزگە شاپائىتىنى كۆرسەتتى .

— ئەمدى سەپىرىمىزنىڭ قۇتلۇق بولۇشىدا شەك يوق .

— شۇنداق ، شۇنداق .

تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۆرىگە بولغان ئېتىقاد كۈچى كارۋان ئەھ-

لىنى تەگداشىسىز دەرىجىدە روھلاندۇرۇۋەتتى .

دەرۋەقە ، بۇ زور كارۋاننىڭ سەددىچىن سىپىلىدىن تارتىپ تاكى ئورخۇن ۋادىسىغا يەتكۈچە بولغان پۈتۈن سەپىرى تىنچ ـ ئامان ۋە ئو- گۇشلۇق بولدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

# ئىككىنچى باب

## يايلاقتىكى خانلىق

بولۇق ئۆسكەن يېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان گۈزەل يايلاق ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدىن باشلىنىپ، ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك قۇچىقىنى كەڭ يايغانىدى. يىراقتىكى ئېدىرلاردا توپ - توپ يىلقىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. ئېدىرغا ياندىشقان تۈز جايلاردا چوڭ - كىچىك ۋە كونا - يېڭى كىگىز ئۆيلەر چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى.

ئېدىرلار ئارىسىدىن يىگىرمىچە ياش چەۋەنداز نەسىللىك ئارغىماقلىرىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى. كىگىز ئۆيلەر ئەتراپىدا ئىت ۋە موزايلار بىلەن ئويناپ يۈرگەن ئۇششاق باللار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئۇلار تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. تاش ئوچاقلاردا سۈت قايناۋاتقان ئاياللارمۇ قوللىرى بىلەن ئاپتاپنى توسۇپ، ئاتلىرىنى شۇنچە تېز چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان چەۋەندازلارنىڭ ئارقىدىن قاراپ قالدى. چىملىقتا يانپاشلاپ ياتقان ئەركەكلەرمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شۇ ياققا نەزەر سالدى.

— بۇ قاغاننىڭ چاپارمەنلىرى، — دېدى بىر ئاق ساقاللىق بوۋاي.

— شۇنداق، قاغانغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە كېتىۋاتىدۇ، — دېدى يەنە بىر چار ساقاللىق كىشى.

— يەنە ئۇرۇش بولارمۇ؟ — دېدى ئۇچىنچى بىرى خاۋاتىرلەنگەن هالدا.

باشقىلارمۇ سۆز قېتىشتى:

— ھەي، ھەي، ھازىر جاھان تىنچ ئەمەس...

— ھەر قايسى قەبىلىلەر ئۆزئارا چىقىشالمايدىغان بولۇپ قالدى، ھەممە يەردە پاراكەندىچىلىك.

— كۆك تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى بەزى ئۇرۇقلارمۇ قاغانغا بويسۇنمايۋاتامدۇ...

دېمىسىمۇ، يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىۋاتقان مالىمانچىلىقلار كۆك تۈرك خەلقىنى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قويغانىدى.

ئەمدى گەپنى ئېدىرلىقلار ئارىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلگەن ھېلىقى چاپارمەنلەرگە يۆتكەيلى. ئۇلار قاغاننىڭ يازلىق بارگاھى قۇرۇلغان جايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆزلىرى قىزىرىپ، قارا تەرگە چۆمگەن ئارغىماقلىرىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشتى. رەڭمۇ رەڭ ياۋا گۈللەر بىلەن قاپلانغان تۆپىلىكتىكى تۈز يەرگە چوڭ - چوڭ ئۈچ يېپەك چېدىر تىكىلگەنىدى. ئوتتۇرىدىكى چېدىرنىڭ يېنىغا تىكىلگەن ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق سەلكىن شامالدا ئاستا لەپىلدەپ تۇراتتى. باش چاپارمەن «قايسى چېدىرغا كىرىشىم كېرەك؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەتراپتا كۆزەتچىلىك قىلىپ ئايلىنىپ يۈرگەن نۆكەرلەردىن بىرى قولى بىلەن سول ياندىكى گۈللۈك چېدىرنى كۆرسەتتى. باش چاپارمەن قاغاننىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بولۇپ، بۇ چېدىرلارغا دائىم كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ھېچكىم توسمىدى. ئۇ گۈللۈك چېدىرنىڭ ئىشىكىگە تارتىلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلما يوپۇقنى قايرىپ ئىچكىرىگە كىردى.

چېدىر ئىچىگە بىر كەلتۈرۈپ ئوتقاشتەك رەڭدار گىلەملەر سېلىنغان، چېدىرنىڭ تىرەك ۋە تۈۋرۈكلىرى ئالتۇن رەڭدە سىرلانغان، تۆت ئايىغى توز شەكلىدە يونۇپ ياسالغان ئازادە كات ئۈستىگە قاپلان ۋە ئېيىق تېرىلىرى سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆك تۈركلەرنىڭ قاغانى كەشتىلەنگەن يوغان تەكىيىگە يۆلەنگەن ھالدا يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن يېپەك تون كىيگەن ۋە قويۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆسكەن ئۇزۇن چاچلىرى ئۈستىدىن يەنە شۇنداق قىزىل ياغلىق چىگىۋالغانىدى .

باش چاپارمەن بوسۇغىدا توختىدى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، چوڭقۇر تەزىم قىلدى .

— تەڭرىدە قۇت بولمىش[1] ئوزمىش قاغانغا مەلۇم بولسۇنكى ، تابغاچ ئېلىگە كەتكەن كارۋان قايتىپ كەلدى ، — دەپ مەلۇمات بەردى ئۇ .

ئوزمىش قاغان ئالدىراپ كاتتىن چۈشتى ۋە ئاق كىگىز پايپاقلىرى بىلەن يۇمشاق گىلەمگە دەسسەپ چاپارمەننىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قېنى ئۇلار ؟ ئىنەچۈك تاي دەرھال ئالدىمغا كىرسۇن ! ئوتتۇرىدىكى چوڭ چېدىرغا باشلاپ كىر ، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ . ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە گەپ قىلىشلىرىدىن شۇ كارۋاننى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى .

— باش ئۈستىگە ، بۈيۈك قاغانىم .

چاپارمەن ئېگىلگەن پېتى كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

ھايال بولماي ھېلىقى ئېگىز چاقلىق هارۋا كارۋىنى ئوزمىش قاغاننىڭ بارگاھىغا كېلىپ توختىدى . بايىقى چاپارمەن ئىنەچۈك تاي بىلەن بوتاسۇن بۇقىنى قاغاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئوتتۇرىدىكى چوڭ چېدىرغا باشلاپ كىردى . بۇ چاغدا ئوزمىش قاغان مۇشۇ چېدىرغا يۆتكىلىپ چىقىپ ، تۆردىكى ئالتۇن تەختتە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى . كىرگۈچىلەر تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇ يەنىلا تەقەززالىقى چىقىپ تۇرغان سىياقتا ئىككى قولىنى تەڭلا ئالدىغا سوزۇپ :

— كېلىڭلار ، ئولتۇرۇڭلار ، — دەپ تەكلىپ قىلدى .

ئىككىيلەن ئالتۇن تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، گىلەمگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى . ئىنەچۈك تاي چاڭئەن[2] شەھىرىدە بولۇپ ئۆتكەن

---

① تەڭرىدە قۇت بولمىش — تەڭرىنىڭ خاھىشى بىلەن بەختلىك بولغان .

② چاڭئەن — تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئاستانىسى . هازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ ئورنىدا بولغان .

ئاتقا يېپەك تېگىشىش سودىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى.

— تابغاچلار بىر ئاتقا ئاران ئون بەش توپ يېپەك بەردى، — دېدى ئۇ، — ئازراقمۇ قوشقىلى ئۇنىمىدى.

— ئۇلارنىڭ قاغانى بىلەن كۆرۈشتۈڭلارمۇ؟ — ئوزمىش قاغان سەل جىددىيلىشىپ سورىدى.

— يوقسۇ، كۆرۈشەلمىدۇق، — دېدى ئىنەچۇك تاي، — بىز تابغاچ ئەمەلدارلارغا كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلدۇق. ئۇلار بىزگە زادىلا ئېنىق جاۋاب بەرمىدى. ئۇلار بىزنى ياخشى كۈتتى، مېھمان قىلدى، قىممەتلىك سوۋغا-سالاملارنى بەردى، چىرايلىق گەپلەرنى كۆپ قىلىشتى، لېكىن بىزنى ئۆزلىرىنىڭ قاغانى بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى. بىردەم «تەڭرى ئوغلىنىڭ[1] تاۋى يوق» دېسە، بىردەم «تەڭرى ئوغلى سىلەرنى كېيىن ئايرىم قوبۇل قىلماقچى» دېيىشتى. ئىشقىلىپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلارنىڭ قاغانى بىز بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوزمىش قاغاننىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.

— دېمەك، ھېچقانداق ئۈمىد يوق ئىكەن-دە، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

قاغاننىڭ بۇنداق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالىنى كۆرۈپ، ئىنەچۇك تايمۇ بېشىنى ساڭگىلاتتى.

— بولدى، چىقىپ كېتىڭلار، — دېدى قاغان ھېچكىمگە قارىماستىن.

— مەن ۋەزىپەمنى ياخشى ئورۇندىيالمىدىم، — دېدى ئىنەچۇك تاي روھى چۈشكەن ھالدا ۋە سېمىز گەۋدىسىنى تەستە رۇسلاپ ئۆرە قوپتى.

ئوزمىش قاغان ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرى گىلەم ئۈستىدىكى نامەلۇم بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى.

ئىنەچۇك تاي بىلەن بوتاسۇن بۇقا چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم

[1] تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى «تەڭرى ئوغلى» دەپ ئاتىلاتتى.

قىلغاچ كەينىگە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ ئالتۇن تەختى قويۇلغان ھەيۋەتلىك يېـپەك چېدىر ئىچىنى سۈرلۈك ۋە كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق باستى. ئوزمىش قاغان تەخت ئۈستىدە ئۇزاقتىن ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئۇ ئاستا قوپۇپ سىرتقا چىقتى. كۈز كۈنلىرى كېلىپ ھاۋا خېلى سالقىنلاپ قالغان، يىراق - يېقىندىكى ئوت - چۆپلەر سارغىيىشقا باشلىغان مەزگىل ئىدى. لېكىن، قاغان گويا ئىسسىقتىن دېمى سىقىلىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، ئوڭ ياندىن ئېتىلىدىغان ئۇزۇن تونىنىڭ ياقىسىنى كەڭ ئېچىۋەتتى؛ بېشىغا چىگىلگەن قىزىل تاۋار ياغلىقنى يۇلۇپ ئېلىپ ئىككى قولى بىلەن مىجىقلىغىلى تۇردى. يېقىن ئەتراپتا يۈرگەن ئەمەلدار ۋە نۆكەرلەر قاغاننىڭ خۇددى بۇلۇت باسقان ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي ئىلاجى بار ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا تىرىشتى.

ئوزمىش قاغان بۇ گۈزەل يايلاق مەنزىرىسىنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ چىقتى. ئاندىن خۇددى باش - بويۇنلىرى تېلىپ كەتكەن ئادەمدەك بېشىنى كەينىگە تاشلاپ ئاسمانغا نەزەر سالدى. ئاستا لەيلەپ ئۆتۈۋاتقان ئاق بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز بىر گۆشخور قۇش قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

«بۇ شۇڭقارمۇ، بۈركۈتمۇ؟» شۇقەدەر چوڭ خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان ئوزمىش قاغان شۇ تاپتا ئۆزىنى ئاشۇ يېگانە قۇشتەك ھېس قىلدى.

بۈيۈك كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ئوساللاشماقتا ئىدى. بىرقىسىم ئۇرۇق - قەبىلىلەر خانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىر قىسىملىرى تېخى رەسمىي بۆلۈنمىگەن بولسىمۇ، ئوزمىش قاغانغا ئىتائەت قىلمايدىغان بولۇۋالدى. بولۇپمۇ توققۇز ئوغۇز[1] خەلقى خانلىقنى مەنسىتمەي: «بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىزنىڭ

[1] توققۇز ئوغۇز — ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قىسمى.

خانلىقىمىزنى تىنچلەيمىز » دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرۈۋاتىدۇ . ئۇلار يەنە باشقا قەبىلىلەرنىمۇ ئۆز يېنىغا تارتىپ ، كۈچ توپلاپ ، ئوردىغا ئالۋان ــ سېلىق تۆلەشنى ئاشكارا رەت قىلدى . كۆك تۈركلەر ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلسا ، قوشۇن چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسەتتى . ئۇلار يەنە تابغاچ ئېلىگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ، ئۇلار بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ كۈندىن ــ كۈنگە بېيىپ كېتىۋاتىدۇ . ئەكسىچە ، كۆك تۈركلەر ئۇزاقتىن بۇيان تابغاچلار بىلەن دۈشمەنلىشىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى . بۇنداق ۋەزىيەتتە مۇبادا قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش بولۇپ قالسا ، كۆك تۈركلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى داۋاملىق ساقلاپ تۇرالىشى تەس بولىدۇ ، چۈنكى تابغاچلار ۋە ئورخۇن ، سېلېنگا يايلاقلىرىدىكى بەزى قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارغا مەدەت بېرىشى مۇمكىن .

ئوزمىش قاغاننىڭ بېشى قاتتى . ئۇ ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، ئاخىر ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان ئىنەچۈك تاي باشچىلىقىدىكى زور كارۋاننى تابغاچ ئېلىگە ئەۋەتتى . قاغان بۇ كارۋاننى مۇنداق ئىككى مەقسەتنى كۆزلەپ تەييارلىغانىدى : بىرىنچىدىن ، كارۋان بىلەن ئەۋەتىلگەن ئىككى مىڭ تۇياق خىللانغان ئاتقا تابغاچ ئېلىنىڭ ئېسىل يىپەك رەختلىرى ۋە باشقا قىممەتلىك بۇيۇملارنى تېگىشىپ ، ئىچكى ماجىرالار تۈپەيلىدىن قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقان خەزىنىنى تولۇقلاش ؛ ئىككىنچىدىن ، تابغاچ ئېلى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە مۇمكىن بولسا ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇشى كېرەك ئىدى . ئەپسۇسكى ، ئوزمىش قاغان تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا ئۆز قولى بىلەن مەكتۇپ يېزىپ ، ئىنەچۈك تاي ئارقىلىق ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، تەڭرى ئوغلى بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خۇلاسىلىگەندە ، ئىچكى جەھەتتىمۇ ھەم تاشقى جەھەتتىمۇ ئۇزۇل ــ كېسىل يېتىم قالغانلىقنى مۆلچەرلىگىلى بولاتتى .

ئوزمىش قاغان يۈرىكىنىڭ قىسىلىپ ئاغرىغانلىقىنى سەزدى . ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن خۇددى قايغۇلۇق يىغىغا ئوخشاش بىر خىل بوغۇق سادا ئېتىلىپ چىقتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× × ×

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى.

ئىنەچۈك تاينىڭ يىپەك چېدىرى قاغان بارگاھىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى تۈزلەڭ ئوتلاقتا جايلاشقانىدى. چېدىر ئەتراپىدا بىر نەچچە ئىنەك ۋە موزايلار ئوتلاپ يۈرەتتى. يوغان ئىككى قارا ئىت چېدىر يېنىدا سۆڭەك غاجىلاپ ياتاتتى. سەل نېرىدىكى ئاپتاپ ئوبدان چۈشىدىغان يەرگە كىگىز سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىنەچۈك تاي يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ گۈللۈك تاۋار كۆڭلەك كىيگەن ئايالمۇ شۇ يەردە يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇراتتى.

ئىنەچۈك تاي بويلۇق جەدە ئېتىنى يورغىلىتىپ كېلىۋاتقان بوتاسۇن بۇقىنى يىراقتىنلا تونۇۋالدى.

— ئايھاي، قەدىناس ئاداش! — دەپ توۋلىدى ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، — تىنچ تۇردۇڭمۇ؟ تېنىڭ ساقمۇ؟

بوتاسۇن بۇقا ئېتىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى.

— ئۆي ئىچىڭ تىنچ بولسۇن، بالا - چاقاڭ ئامان بولسۇن، — دېدى ئۇ ۋە ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى يەرگە قېقىپ قويۇلغان تۆمۈر قوزۇققا باغلاپ قويۇپ، كىگىزگە ئولتۇردى.

ئىنەچۈك تاينىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ قورۇت، سېرىق ماي، قورۇلغان تېرىق، بۇغدايلارنى قويدى ۋە سۈمۈرغ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تابغاچ چىنىلىرىگە بوزا قۇيدى.

— باللار قوي باققىلى كەتتى، — دېدى ئىنەچۈك تاي، — زېرىكىپ ئولتۇراتتىم، كەلگىنىڭ ياخشى بولدى.

— مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇپ سېنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلىشاي دەپ كەلدىم، — دېدى بوتاسۇن بۇقا.

بۇ ئىككىيلەن بىر يەرگە كېلىپ قالسىلا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، گېپى تۈگىمەيتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. بوزا ئىچكەچ نېرى -

ببرىدىن ئۇزاق مۇگداشقاندىن كېيىن بوتاسۇن بۇقا مۇنداق دېدى :

— تابغاچلارنىڭ شەھەرلىرى نېمدېگەن ھەيۋەتلىك ، نېمدېگەن كۆركەم ! ئېسىڭدىمۇ ؟

— ئېسىمدە بولمايچۇ ، — دېدى جاۋابەن ئىنەچۇك تاي ، — ئىككىمىز چاڭئەندە تۇرغان ۋاقتىمىزدىمۇ ھەم كارۋان بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقاندىكى يول ئۈستىدىمۇ بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشكەنىغۇ .

— شۇنداق ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ، — لېكىن مەن چاڭئەندىن باشقا شەھەرلەرگىمۇ بارغان . بىزگە سېلىشتۇرغاندا ، تابغاچلار راھەتتە ياشايدىكەن . ھەممە ئادەمنىڭ ئىسسىق ئۆيى بار . ئۇلار ئۆيلىرىدە ، قورۇلىرىدا ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن ، شەھەرلەرنىڭ سىرتىدا دېھقانچىلىق قىلىپ ئاشلىق يىغىدىكەن ... ئىشقىلىپ ئۇلار ياشاشنى بىلىدىكەن .

ئىنەچۇك تاي بېشىنى ئىرغىتىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى . بوتاسۇن بۇقا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ :

— بۈگۈن سەن بىلەن مەخسۇس مۇشۇ ھەقتە بىر سۆزلىشىپ باقاي دەپ كەلدىم ، — دېدى .

ئىنەچۇك تاي سۆھبەتدىشىنىڭ بۇ گېپىنى چۈشىنەلمەي ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

— تابغاچلار ھەققىدە سۆزلىشەي دەمسەن ؟ — سورىدى ئۇ .

— ياق ، شەھەر ھەققىدە ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا .

ئىنەچۇك تاي بۇ گەپنىمۇ چۈشىنەلمىدى ۋە بۇ قەدىناس بۇرادىرىنىڭ چۈشەندۈرۈپ سۆزلىشىنى كۈتۈپ ئۈنچىقمىدى .

— بىزمۇ تابغاچلاردەك شەھەر بىنا قىلساق بولمامدۇ ! — دېدى بوتاسۇن بۇقا قانداقتۇر ئالاھىدە ھېسسىياتلىق تەلەپپۇزدا .

ئىنەچۇك تاي بۇرادىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەمدى تېخىمۇ چۈشىنەلمەي قالدى .

— شەھەر بىنا قىلساق دەمسىنا ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ .

— ھەئە ، شۇنداق . تابغاچلار قۇرغاندەك شەھەرلەرنى بىز نېمە

ئۇچۇن قۇرالمايمىز ؟

— ھەي ئاداش ، بۇ گېپىڭ قاملاشماي قالدى . شەھەر قۇرۇپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ — دېدى ئىنەچۇك تاي نەسھەت قىلغان قىياپەتتە ، — بىز دېگەن چارۋىچى كۆچمەن خەلق . بىزگە شەھەرنىڭ نېمە كېرىكى ؟ شەھەردە يىلقا باققىلى بولامدۇ ؟ چارۋىچىلىق قىلغىلى بولامدۇ ؟ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ يايلاقلاردا ياشاپ كېلىۋاتىمىز . ئەمدى كۆچمەنلىك قىلماي تابغاچلارنى دوراپ شەھەرلەردە ، يېزىلاردا يېتىۋالساق ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى قورۇنمامدۇ ! قوي بۇنداق گېپىڭنى .

بوتاسۇن بۇقا تىت - تىت بولۇپ سۆزلىدى :

— ھەي ئاداش ، سەن ئۆزۈڭمۇ چاكئەندە تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا «شەھەر تۇرمۇشى جەننەتكە ئوخشاش بولىدىكەن» دېگەنىدىڭغۇ .

ئىنەچۇك تاي يەنە ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى :

— ھەي ئاداش ، شەھەر دېگەن ھەر قانچە ياخشى بولسىمۇ ، بىزگە ياراشمايدۇ . شەھەر قۇرۇش ، ئاشلىق تېرىش دېگەن تابغاچلارنىڭ ئىشى . بىز تابغاچلارنى دورىساق بولمايدۇ . ئۇلارمۇ ئۆزلىرى بىلگەنچە ياشاۋەرسۇن . بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىمىز ، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بويىچە ياشايمىز .

— مەن مۇشۇ پىكرىمنى ئۇزمىش قاغانغا ئېيتىپ باقاي دەيمەن ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا .

— نېمە ؟ — دەپ تەئەججۇپ ئىچىدە خىتاب قىلدى ئىنەچۇك تاي ، — كاللاڭنىڭ كېتىشىدىن قورقمامسەن ؟ خانلىقنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىمەن دېسەڭ ، قاغان ساڭا ماقۇل دەمدۇ ؟

— نېمە بولسىمۇ قاغان بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقاي . سەن مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ ئەكىرگىن ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ۋە يېلىنىش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ بۇرادىرىنىڭ قولىنى قىسىپ تۇتتى .

— ھەي ، ھەي ، ھەي ! بولماسمىكىن ، بوتاسۇن بۇقا ، ئوبدان ئويلاپ ئىش قىل جۇمۇ .

— سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئىنەچۈك تاي، مۇشۇ تەلپىمنى رەت قىلمىغىن. يامىنى كەلسە، ھەممە گەپنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن، سېنى بالاغا قويمايمەن.

ئىنەچۈك تاي ئۇزاققىچە ئىككىلىنىپ، پۇشۇلداپ ئولتۇردى. ئاخىر ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ دوستىغا قارىدى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئۇ، — قارىغاندا، بۇ نىيىتىڭدىن يانمايدىغان ئوخشايسەن.

ئىككى دوست ئاتلىرىغا مىنىپ بارگاھ تەرەپكە ماڭدى.

ئوزمىش قاغان ھېلىقى چوڭ يىپەك چېدىر ئىچىدىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان ئىككى دوستقا غەمكىن كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قارىدى. بۇ ئىككىسى قانداقتۇر يەنە بىر كۆڭۈلسىز خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە كەلدىمۇ؟ يەنە قانداقتۇر ئىسيان توغرۇلۇق، يەنە قانداقتۇر مەغلۇبىيەتلەر توغرۇلۇق سۆزلىمەكچىمۇ؟ ھالبۇكى، ئوزمىش قاغان بوتاسۇن بۇقىنىڭ شەھەر قۇرۇش توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ غايەت زور تەئەججۈپ ئىچىدە تېڭىرقاپ قالدى.

— نېمە؟ شەھەر؟ بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى قاغان، — شەھەرنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى؟ نېمە پايدىسى؟

— تەڭرىدە قۇت بولمىش بۈيۈك قاغانىم، — دېدى بوتاسۇن بۇقا، — شەھەر قۇرۇشنىڭ پايدىسى كۆپ. ئادەملەر يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق ئۆيلەردە تۇرىدۇ. شەھەر ئەتراپى ئېگىز ۋە مەزمۇت سېپىللار بىلەن قورشالسا، ياۋ قوشۇنلىرى ئاسانلىقچە بېسىپ كىرەلمەيدۇ.

ئوزمىش قاغاننىڭ كۆزلىرىدە مەنسىتمەسلىك ۋە مەسخىرە ئالامەتلىرى ئۇچقۇنلىدى.

— سەن بۇ ئەقىلنى نەدىن تاپتىڭ، ئەي بىلەرمەن كارۋانچى؟ — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تەنبىھ بەرگەن تەلەپپۇزدا، — سەن بىزگە تابغاچ خوتۇنلىرىدەك تۆت تامنىڭ ئىچىگە سولىنىپ ئولتۇرۇشنى ئۆگەتمەكچىمۇ؟ ئۇنداق قىلىش ئۆزىنى ئۆزى ھالاك

قىلىش ئەمەسمۇ . كىمنى ئەخمەق قىلىمەن دەيسەن ، قاباق باش !
بوتاسۇن بۇقا قورقۇپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئاقىلماقچى بولۇپ ئال-دىراپ ، دۇدۇقلاپ سۆزلەپ كەتتى :

— بۈيۈك قاغانىم ! مەن پۈتۈنلەي ياخشى كۆڭلۈم بىلەن ... دې-مەكچىمەنكى ، خانلىقىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ... مەسىلەن ، تابغاچلار ناھايىتى كۆپ شەھەرلەرنى قۇرۇپ چىققاچقا ، بېيىپ ، كۈچە-يىپ كەتتى ...

— ئاغزىڭنى يۇم ، ئاسىي مۇناپىق ! — ئوزمىش قاغان دەرغەزەپ بولۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى ، — تابغاچ دېگەن تابغاچ ، بىز دېگەن تۈرك . بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ تۇتقان يولىمىز بار . بىزنىڭ ئېتىقادىمىز باشقا . تابغاچلار كۆك تەڭرىگە سىغىنمايدۇ ، يەر - سۇ ئىلاھلىرى ۋە مۇقەد-دەس ئانىمىز ئومايىنى[①] تونۇمايدۇ ، ئۇلارنىڭ شامان ، باخشىلىرى يوق . كۆك تەڭرى بىزنى كەڭ يايلاق ، ئېگىز تاغلاردا ياشاش ئۈچۈن يارات-قان !

بوتاسۇن بۇقا گەپ قىلالماي قېتىپ قالدى . ئىنەچۈك تايمۇ قورققىنىدىن سوغۇق تەرگە چۆمۈپ غال - غال تىترەپ كەتتى .

— يوقال كۆزۈمدىن ! — ئوزمىش قاغان قولىنى كەسكىن شىل-تىپ يەنە ۋارقىرىدى .

قاغانىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئىككى قورۇقچى جەڭچى چېدىر ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ ، بوتاسۇن بۇقىنى دارقىرىتىپ سۆرىگە-نىچە سىرتقا ئاچىقىپ تاشلاشتى . ئىنەچۈك تايمۇ ئالمان - تالمان تەزىم قىلىپ قېچىپ چىقىۋالدى .

---

① ئوماي — قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى ئانا - باللار ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەتنى قوغدايدىغان ئايال سۈرىتىدىكى ئىلاھە .

# ئۈچىنچى باب

## كۆك تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

مىلادىيە 742 ـ يىلى ياز.

بوتاسۇن بۇقا ئۆزىنىڭ كەڭ تۈزلەڭگە ئىككى قاتار قىلىپ تىزىپ قويۇلغان ئېگىز چاقلىق كۆتەك ھارۋىلىرىنى قاراشتۇرۇپ سۇنغان، بۇزۇلغان يەرلىرىنى جۆندەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ قولىدىكى يوغان پالتىسى بىلەن ھارۋىلارنىڭ بوشاپ قالغان جايلىرىغا شىنا قېقىپ، چاقلارنىڭ تۆمۈر چەمبەرلىرىنى يېڭىدىن مىخلاپ خېلى ئۇزاققىچە ھەپىلەشتى. ئۇنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى قۇتادمىش ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، كېرەكلىك سايمانلارنى ئەكېلىپ بېرىپ ۋە بەزىدە ھارۋىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە سەكرەپ، شوخلۇق قىلىپ ئويناقاتتا ئىدى. بوتاسۇن بۇقا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى، ئوغلى يېقىن كەلگەندە ئامراقلىقى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئاق بۈز كۆڭلىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قوياتتى ياكى ئۇنىڭ دولقۇنسىمان بۇدۇرلىشىپ كەتكەن سارغۇچ ـ قوڭۇر چاچلىرىنى سىلاپ، ئەركىلىتىپ قوياتتى.

— ھە، قۇتادمىش، سەن چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورايتتى بوتاسۇن بۇقا ئوغلىنى گەپكە سېلىپ.

— مەن چوڭ بولغاندا ئادارقىزنى ئالىمەن، — دەيتتى قۇتادمىش جىددىي قىياپەتتە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاتىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە تېزرەك چوڭ بول، — دەيتتى ئۇ، — مەن ئىنەچۈك تاي بىلەن سۆزلىشىپ، ئادارقىزنى كېلىن قىلىۋالاي.

گېپى بولۇۋاتقان ئادارقىز بىزگە تونۇشلۇق بولغان ھېلىقى ئې-
نەچۇك تاينىڭ قىزى بولۇپ ، قۇتادمىشتىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى .
بۇ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا يېقىن بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتى بول-
غاچقا ، قۇتادمىش بىلەن ئادارقىزمۇ كىچىكىدىن تارتىپلا بىللە ئويناپ
ئۆسكەنىدى ، بەلكى ئۇلار بارغانسېرى بىر - بىرىگە ئىچەكىشىپ كېتىۋا-
تاتتى .

— ئاتا ، ئادارقىزلارنىڭ ئۆيىگە بارايلىچۇ ، زېرىكىپ كەتتىم ، — دېدى قۇتادمىش ئاتىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ .

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايال كىشىنىڭ :

— قۇتادمىش ! — دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئاتا - بالا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشتى . ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا ، قۇتادمىشنىڭ ئانىسى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇلارنى چاقىرماقتا ئىدى :

— قۇتادمىش ، تاماق پىشتى ، ئاتاڭ بىلەن بىللە كېلىڭلار . تېز بولۇڭلار !

بوتاسۇن بۇقا قۇتادمىشنى ئەگەشتۈرۈپ كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى . قۇتادمىشنىڭ ئانىسى ئۇلارنى ئالدىراتقىلى تۇردى .

— بۈگۈن سوغدى سودىگەرلىرى دەريا بويىدا يايما بازار ئېچىپ-تۇ ، — دېدى ئۇ ، — ھەممە خەق شۇ ياققا كېتىۋاتىدۇ ، بىزمۇ تاماقنى يەپ بولۇپ شۇ يەرگە بارايلى .

ئۇلار قوي گۆشى بىلەن شورپا ئىچىپ ، قورساقنى توقلىغاندىن كېيىن بوتاسۇن بۇقا ئېگىز چاقلىق كۆتەك ھارۋىغا قوي ، كالا ، ئات ، جەرەن ، تۈلكە ۋە توشقان تېرىلىرىنى باستى .

— سوغدىلاردا بىزگە كېرەكلىك مال بولسا ، مۇشۇ تېرىلەرگە تېگىشىۋالايلى ، — دېدى ئۇ .

ئۇلار ئۇچەيلەن ھارۋىدىكى تېرىلەر ئۈستىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى .

قىرغاقلارغا تولۇپ ئېقىۋاتقان تىنىق ئورخۇن دەرياسىنىڭ ساھە-

لىدىكى يېشىل ئوتلاقتا ھارۋىلىق، ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملەر مىغىلداپ يۈرەتتى. ھەر قېتىم سوغدى سودىگەرلىرى كەلگەندە، بۇ يەردە مۇشۇنداق قايناق بازار بولۇپ كېتەتتى.

بۇتاسۇن بۇقا ھارۋىنى بىر چەتكە توختىتىپ، ئاتنىڭ پۇتلىرىغا چۇشەك سالدى. ئۇلار ئۈچەيلەن كىشىلەر توپى ئىچىگە قىستىلىپ كىردى. بۇ يەردە قىممەت باھالىق لىباسلارنى كىيىشكەن بەگ سۇپەت بايلارمۇ ۋە تاشلانمىغان قوي تېرىسىدىن ئىشتان - چاپان كىيىپ، تەرلەپ - پىشىپ يۈرۈشكەن ياللانما پادىچىلارمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. يالتىراپ تۇرغان تاۋار - دۇردۇنلارغا پۈركەنگەن سالاپەتلىك سوغدى سودىگەرلىرى بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە گىلەملىرىنى كەڭ يېيىپ، تۈرلۈك - تۈمەن ئېسىل ماللارنى دۆۋىلەپ تىزىۋەتكەنىدى. رەڭگا رەڭ يىپەك رەختلەر، نەپىس ئىشلەنگەن جانان چىنىلەر، ساپال ئىدىشلار، مىس قازانلار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان ئۈزۈك، سىرغا، بىلەزۈكلەر، قاشتاش بۇيۇملىرى ۋە يەنە باشقا تۈرلەردىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ماللار بۇ يەرگە توپلانغان يايلاق خەلقىنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتاتتى. كىشىلەر ئۇنى - بۇنى كۆرەتتى، تۇتۇپ باقاتتى، سودىلىشاتتى. سوغدىلار مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن خېرىدارلارغا جاۋاب قايتۇراتتى:

— بۇ ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان مال، چاڭئەندە ئىشلەنگەن، مانا ھىندىستاننىڭ مېلى، مانا بۇنىڭغا قاراڭلار، بۇنى مەن ئەرەب سودىگەرلىرىدىن سېتىۋالغان... ياق، بۇرادەر، بۇنى قوي، كالىغا تېگىشكىلى بولمايدۇ. بۇ ماللار ئالتۇن ياكى كۈمۈشكە سېتىلىدۇ. ھە، نېمە؟ ئالتۇن يوقمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئاتقا تېگىشەيلى، ئاتقا! قېنى، ئاتلىرىڭلار بولسا ئەكېلىڭلار، قانچىلىك بولسا ئالىمىز، سىلەرمۇ زىيان تارتمايسىلەر...

بىرقىسىم ھاللىق كىشىلەر سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ قوللىرىغا ئالتۇن، كۈمۈش تەڭگىلەرنى ساناپ تۇتقۇزۇپ، ئونلاپ - يىگىرمىلەپ نەسىللىك ئاتلارنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن ئالغان تاۋار، كىمخاپ قاتارلىق

ھەر خىل ماللارنى ئات ـ ئۇلاغلىرىغا ئارتىپ ياكى ھارۋىلىرىغا بېسىپ ئېلىپ كېتەتتى. ئۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەنلەر سوغدىلار بىلەن تولا سودىلىشىپ، تالىشىپ ـ تارتىشىپ ئاۋازلىرى پۈتۈپ كېتەتتى.

— بىر ئاتقا نەچچە توپ يىپەك بېرىسەن؟ — پۈتلىرىغا چورۇق تارتىۋالغان ساقاللىق بىر تۈرك سودىگەرلەرنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ، يېنىشلاپ سورىغىلى تۇردى.

— ساڭا ئېيتتىمغۇ، بىر ئاتقا ئىككى توپ يىپەك بېرىمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇراتتى سوغدى سودىگەر يەنىلا مۇلايىم كۈلۈمسىرەش بىلەن.

— ھەي ئىنساپسىز! — دەپ ۋارقىرايتتى ھېلىقى ساقاللىق تۈرك، — سىلەر تابغاچلاردىن بىر ئاتقا يىگىرمە توپ يىپەك تېگىشىپ ئەكېلىسىلەرغۇ؟

— ھەي بۇرادەر، — دەيتتى سوغدى سودىگەر ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىپ، — سەن قاچانقى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ ھازىر ئاتنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى. تابغاچلارمۇ يىپەكلەرنى ئۇنداق ئاسانلىقچە بەرمەيدىغان بولۇۋالدى.

— شۇنداق بولسىمۇ ئىنساپ بىلەن گەپ قىلمامسەن!

— ماقۇل. ئىككى توپ يىپەككە يەنە ماۋۇ ساپال كوزىنى قوشۇپ بېرەي...

شۇ تەرىقىدىكى تالاش ـ تارتىشلاردىن پۈتۈن ئەتراپ ئۇزۇلمەس ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغانىدى. بوتاسۇن بۇقا كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىپ، ئىتتىرىلىپ يۈرۈپ، بىر سوغدىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— مۇنۇ بىر يۈرۈش كۈمۈش قاچىلارنى ماڭا بەرگىن، ئاۋۇ ھارۋىدىكى تېرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرەي، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ تېرە بېسىلغان ھارۋىسىنى كۆرسىتىپ.

— بولمايدۇ، بۇرادەر، — دېدى سودىگەر ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئاۋازىنى سوزۇپ، — ياخشى ئاتلىرىڭ بولسا ئەكەلگىن.

ئۇلار بىر ھازاغىچە سودىلاشتى. بوتاسۇن بۇقا ئاخىر ئەكەلگەن

ھەممە تېرىلىرىنى سوغدىنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ بېرىپ، بىر تۈچ قازان بىلەن بىر نەچچە غېدىر، كومزەكلەرنى ئېلىپ ھارۋىسىغا سالدى.

— ھەي ئىنساپسىز كاززاپلار، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — بىر دانە كۈمۈش كاسىنىمۇ بەرمىدى-ھە!

— ھاي بوتاسۇن بۇقا، نېمىگە خاپا بولىسەن؟

بوتاسۇن بۇقا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، كۈلۈپ تۇرغان ئىنەچۈك تاينى كۆردى. ئۇلار ئىككىسى خۇشال بولۇپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن بازار قالايمىقانچىلىقىدىن يىراقراق يەرگە بېرىپ، ئوت-چۆپلەر ئۈستىگە چازا قۇرۇپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇشتى، ھال-ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن بوتاسۇن بۇقا مۇنداق دېدى:

— كۆردۈڭمۇ، بۇ سوغدىلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقىنىنى. بىزدىن ئىككى-ئۈچ توپ يىپەككە بىر ئاتنى تېگىشىۋالىدۇ، ئاندىن بۇ ئاتلارنى تابغاچ يېرىگە ئاپىرىپ، بىر ئاتقا يىگىرمە-ئوتتۇز توپتىن يىپەك تېگىشىۋالىدۇ. ئارىدا ئون ھەسسە پايدا تاپىدۇ. بىزدە پەقەن قاغان ئوردىسىلا تابغاچلار بىلەن ئاتقا يىپەك تېگىشىش سودىسىنى قىلىدۇ. ئادەتتىكى پۇقرالار ئىچىدە سودىگەرچىلىك قىلىدىغان كىشى يوق. چارۋىچىلىقتىن باشقا ئىشنى بىلمەيمىز. ئاشۇ سوغدىلار قىلىۋاتقان ئىشنى بىز قىلالامدۇق؟

ئىنەچۈك تاي بۇ گەپلەرگە ئانچە پەرۋا قىلمىدى.

— بۇ سوغداق① دېگەن خەقنىڭ بارمايدىغان يېرى يوق، — دېدى ئۇ، — ئۇلارنى يەنى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا، ئۇنىڭدىنمۇ يىراقتىكى يەرلەرگە، پارسلار، ئەرەبلەرنىڭ يۇرتلىرىغىمۇ بارىدۇ، دېيىشىدۇ.

— بىزمۇ شۇنداق قىلساق بولىدىغۇ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ئىچى قايناپ، — مانا مەن ئاز-تولا ئات يىغىپ، ئۆز ئالدىمغا سودا قىلىپ باقايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

ئىنەچۈك تاي كۈلۈپ كەتتى.

— ئۆتكەندە شەھەر قۇرىمەن دەپ يۈرەتتىڭ، ئەمدى سودا

---

① سوغداق — سوغدى.

قىلىمەن دەيسەن. نېمانداق غەلىتە ئويلار كىرىۋالدۇ سېنىڭ كاللاڭغا؟

— بىزگە شەھەرمۇ كېرەك، سودىمۇ كېرەك، — دېدى بوتاسۇن بوۋقا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — شەھەر ئىچىدە سودا دۇكانلىرى دائىم ئوچۇق تۇرسا، مال باھاسى تۆۋەنلەيدۇ، تۇرمۇش ئاۋاتلىشىدۇ.

— بولدى، قويغىنا ئۇنداق گەپلىرىڭنى، — دېدى ئىنەچۇك تاي ۋە يەنە كۈلۈپ كەتتى، — قارىغىنا، باللارنىڭ خۇشال بولۇشۇپ كەتكىنىنى.

قۇتادمىش بىلەن ئادارقىز ئادەملەر ۋە ئات - ئۇلاغلار ئارىسىدىن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، شادىيانە كۈلكە ساداسىنى ياڭرىتىپ ئويناپ يۈرەتتى.

— مېنى تۇتالمايسەن، تۇتالمايسەن، — دەپ ۋارقىرايتتى ئادارقىز ۋە زىل ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قاچاتتى.

— سېنى تۇتۇۋالىمەن، ھازىرلا تۇتۇۋالىمەن، — دەپ ۋارقىرايتتى قۇتادمىش ۋە ئۇمۇ جاراڭلىق ئاۋازدا كۈلۈپ، بۇ زەر گۈللۈك ھال رەڭ تاۋاردىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان ئاق يۇمىلاق قىزچاقنى تېز قوغلايتتى.

سوغدىلارنىڭ يايمىسىدىن يىراقراق بىر يەردىكى يالغۇز ئۆسكەن ئاق قېيىننىڭ تۈۋىدە بۇ ئىككى شادىمان ئۆسمۈرنىڭ ئانىلىرىمۇ تاۋار - دۇردۇنلارغا پۈركەنگەن ھالەتتە بىر - بىرىگە يېقىن تۇرۇپ، قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ئەي بۇرادەر ئىنەچۇك تاي، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى بوتاسۇن بوۋقا، — قارىغىنا، باللىرىمىز بىر - بىرىگە بەك ئامراق، ئۇلارنىڭ ئانىلىرىمۇ يېقىن دوست. بىز ئىككى ئائىلە تازا كۆڭۈلدىكىدەك قۇدا بولالايمىز - ھە؟ قانداق دەيسەن؟

— ياخشى ئويلاپسەن، بوتاسۇن بوۋقا، — دېدى ئىنەچۇك تاي ئاۋۋالقىدەكلا دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ، — بىراق، باللىرىمىز تېخى كىچىك - تە.

— شۇنداق ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ، — بىز ئالدى بىلەن شامان ، باخشىلارنى چاقىرىپ ، قارا قوچقار ، قىزىل خورازنى بوغۇزلاپ ئەل - جامائەت ئالدىدا قۇتادمىش بىلەن ئادارقىزنىڭ باشلىرىنى باغلاپ قويايلى . كېيىن ئۇلار چوڭ بولغاندا ئات - كالا سويۇپ رەسمىي توي قىلىمىز .

— بولدى ، كېلىشتۇق ! — دېدى ئىنەچۇك تاي .

— كېلىشتۇق ! — دېدى بوتاسۇن بۇقا .

ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىسىشتى .

شۇ ئەسنادا بازار بولۇۋاتقان ئورۇننىڭ ئاياغ تەرىپىدە قانداقتۇر ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى . كىشىلەرنىڭ قالايمىقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ، ئات تۇياقلىرىنىڭ شىددەتلىك دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلاندى . هايال بولماي ، ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ ، يانلىرىغا ئەگرى قىلىچلىرىنى ئاسقان بىر توپ چەۋەندازلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى كېلىپ ، يايما بازارغا يېقىن جايدا توختىدى .

— ئەي خالايىق ، تەييارلىنىڭلار ، جەڭگە تەييارلىنىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن ، — ئۇيغۇرلار بۇيۇك خانلىقىمىزنىڭ ئالتۇن تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆكتە قوپتى . كۆك تۈركلەرنىڭ باتۇر ئەزىمەتلىرى ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ . تەڭرىدە قۇت بولمىش ئۇزمىش قاغان بارلىق پۇقرالارغا چاقىرىق قىلدى . ئەي كۆك تۈرك نەسلىدىن بولغان باتۇرلار ، ئۇزۇن نەيزە ، ئۆتكۈر قىلىچلىرىڭلارنى ئېلىپ ، ئۇچقۇر ئارغىماقلىرىڭلارغا مىنىپ ئوردىمىزنى قوغداشقا تەييار بولۇڭلار !

شۇ گەپ بىلەن چەۋەندازلار يەنە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى . بازارغا توپلانغان خالايىق ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ كەتتى . سوغدى سودىگەرلەر ماللىرىنى هارۋىلىرىغا بېسىپ ، تۆگە ۋە ئاتلىرىغا ئارتىپ ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋېلىشقا جابدۇندى . بازارغا يىغىلغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاتلىرىغا مىنىشىپ ، بەزىلىرى هارۋىلىرىنى هەيدىشىپ ، ئالدىراپ تارقىلىشقا باشلىدى .

ئۇيان - بۇياندىن كىشىلەرنىڭ ئەنسىز خىتابلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى :

— ئۇرۇش باشلىنىپتۇ ، ئۇرۇش !

— ئۇيغۇرلار ئۈزمىش قاغانغا قارشى چىقىپتۇ .

— ئۇيغۇرلار بۇ تەرەپكە بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ !

— ئەي كۆك تەڭرى ، بىزگە مەدەت بەرگەيسەن !

تېخى ھېلىلا باس - باس بازار بولغان جاي بىردەمدىلا چۆلدەرەپ قالدى . ئىنەچۇك تايمۇ جىددىيلەشكەن ھالدا نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ھارۋىسىغا چىقتى .

— ئوردىغا بارىمەن ، — دېدى ئۇ بوتاسۇن بۇقىغا قاراپ ، — ئۈزمىش قاغاننىڭ يېنىدا بولۇشۇم كېرەك .

بوتاسۇن بۇقا گەپ قىلالماي ئىز - جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى . قۇتادمىش بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى خۇددى قورقۇپ كەتكەن كېپىكلەردەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، شۇ يەردە جىم تۇراتتى . ئىنەچۇك تاي مۇھىم بىر گەپنى ئۇنتۇپ قالغاندەك يەنە ھارۋىسىدىن چۈشۈپ ، بوتاسۇن بۇقىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ ، مالىمانچىلىققا ئارىلاشما ، — دېدى ئۇ ، — سەن ھارۋىكەشلىك قىلىمەن دەپ ئۆز قەبىلەڭدىن ئايرىلىپ ، جاھان كېزىپ ، ئاخىر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالدىڭ . بۇ يەردىكىلەرنىڭ تولىسى سېنىڭ ئەسلىڭنى بىلمەيدۇ . ئۆزۈڭنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىڭنى چاندۇرۇپ قويما . بىز پات ئارىدا ئەلنى تىنجىتىپ قايتىپ كېلىمىز .

بوتاسۇن بۇقا يەنە جاۋاب قايتۇرمىدى . ئىنەچۇك تاي خوتۇن - بالىسىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ كېتىپ قالدى . بوتاسۇن بۇقا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن بىر ھازاغىچە ھارۋىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى .

— ئۇيغۇرلار باش كۆتۈرۈپ چىققان بولسا ، ئۇلارنى ئۇنداق ئاسان باستۇرالمايسىلەر ! — دېدى ئۇ بوش ، لېكىن چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاھاڭدا .

× × ×

ئوزمىش قاغاننىڭ يىپەك چېدىرلىرى ئەتراپىدا ساۋۋت ـ دۇبۇلغا
كـىيىپ ، قىلىچ ، قالقانلار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق نۆكەرلەر سانجاق ـ
سـانـجاق بولۇپ تىزىلىپ كەتكەنىدى . ئىنەچۇك تايمۇ ئۆزىنىڭ گەۋدە-
لىك قۇلا ئېتىنى مىنىپ ، سۆسۈن شايى پەشمىتى ئۈستىدىن باغلانغان
كەڭ كەمىرىگە ئەگرى قىلىچىنى ئېسىپ ، دەل ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كەلگە-
نىدى . ئۇ خۇرۇم ئۆتۈكلىرىنىڭ قاتتىق ئۆكچىسى بىلەن ئېتىنىڭ بى-
قىنلىرىغا نىقتاپ ، نۆكەرلەر سەپلىرى ئارىسىدىن تەستە قىستىلىپ ئۆ-
تۈپ ، ئالدىنقى قاتارغا كېلىپ توختىدى .

ئوزمىش قاغان ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ چېدىرىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ
قـويۇلغان ئېگىز چاقلىق كۆتەك ھارۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ، ۋەزىر ۋە
قورۇقچى نۆكەرلەرگە نۇتۇق سۆزلىمەكتە ئىدى . ئۇ ئەمدى ئۇزۇن يىپەك
تونلىرىنى سېلىۋېتىپ ، كالتە شايى پەشمەت ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن پولات
قاسراقلىق ساۋۋت كىيگەنىدى ، لېكىن ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇزۇن قارا
چـاچلىرى ئۈستىدىن يەنە بۇرۇنقىدەكلا قىزىل تاۋار ياغلىق چىگىۋالغا-
نـىدى . كۆتەك ھارۋىنىڭ يېنىغا تىكلەپ قويۇلغان ئۇزۇن ۋە تۇز شادى-
نىڭ ئۇچىدا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كۆك
بايراق ئىزغىرىن شامالدا يېنىك لەپىلدەپ تۇراتتى . قاغان چىڭ تۈگۈل-
گەن مۇشتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، غەزەپلەنگەن ھالدا ئۈنلۈك سۆزلىدى :

ـــ ئەي شەۋكەتلىك بەگلەر ، ئەي باتۇر جەڭچىلەر ! ھەممىمىز-
نىڭ بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ . ئۇيغۇرلار بىزگە قارشى ئاتلى-
نىپ چىقتى ، باسمىل ۋە قارلۇق قەبىلىلىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى . بۇ مەل-
ئۇن دۈشمەنلەر بىرلىشىپ ، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان
ئالتۇن تەختىمىزنى تارتىۋالماقچى ، ئۇزۇن نەيزە ، ئۆتكۈر قىلىچلىرىمىز
بىـلەن تىكلىگەن خانلىقىمىزنى يوقاتماقچى ، كۆك تۈركلەرنىڭ سەلتەنى-
تىنى ئاغدۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ سۇلالىسىنى تىكلىمەكچى . ئەي تەڭداشسىز
باتۇر ئەزىمەتلەر ، ئۆزىمىزنىڭ سۇلالىمىزنى قوغداش ئۈچۈن مۇقەددەس
جەڭگە ئاتلىنايلى ! كۆك تەڭرى بىزگە مەدەت بېرىدۇ ! كۆك بۆرە بىزنى

يېڭىش يولىغا باشلايدۇ !

ئۇنىڭ جەڭگىۋار چاقىرىقىنى ھۆرمەت ۋە ئىتائەت بىلەن تىڭشاپ تۇرۇۋاتقان كۆك تۈركلەر گوياكى شاۋقۇنلۇق دېڭىزدەك دەۋرەپ كەتتى . ھەر تەرەپتىن غەزەپلىك چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى :

— ئۇيغۇرلارنى يوقىتايلى !

— باسمىللارنى ئۆلتۈرەيلى !

— قارلۇقلارنى قىرىپ تاشلايلى !

ئوزمىش قاغان يەنە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، خالايىقنى جىم بولۇشقا ئۈندىدى .

— ئوبدان ئاڭلاڭلار ، باتۇرلىرىم ، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ، — بىز ئۇيغۇر ، باسمىل ، قارلۇق ئىتتىپاقىنى يەڭگەندىن كېيىن سىلەرنى ئۈچ كۈنگىچە ئۇلارنىڭ مال ـ بايلىقىنى بۇلاشقا قويۇپ بېرىمەن ! ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى سىلەرگە قول قىلىپ تەقسىملەپ بېرىمەن !

كۆك تۈركلەر خۇشاللىقىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى ۋە ئەسەبىيلىشىپ ، ئاۋازلىرى بوغۇلۇپ كەتكۈچە ۋارقىراشتى :

— ئاتلىنايلى !

— جەڭگە چىقايلى !

— قاغانىمىزغا ئۆكتە قوپۇشقا پېتىنغانلارنى تېزرەك يوقىتايلى !

ئوزمىش قاغان كۆتەك ھارۋىدىن چۈشۈپ ، يالى ۋە قۇيرۇقى قىرقىپ چىرايلىق ياسالغان ئاق ئېتىغا مىندى . قوشۇننىڭ بايراقدارى بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئېتىنى كەڭ دالاغا قاراپ چاپتۇردى . ئوزمىش قاغان كۆك تۈرك قوشۇننى باشلاپ بايراقدارنىڭ كەينىدىن ئات سالدى . ئىنەچۇك تايمۇ ئىلاجى بار قاغاندىن بەك يىراقتا قالماسلىقا تىرىشىپ ئېتىنى قامچىلىدى .

× × ×

— ئەمدى بۇ يەردىن كەتمىسەك بولمايدۇ ، — دېدى بوتاسۇن

بۇقا بازاردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، — ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىز تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىمىز .

ئۇلار تۇن نىسپى يېتىپ كەلگۈچە كىگىز ئۆيدىن چىقماي جىم ئولتۇرۇشتى . ئەلنىڭ ئايىغى بېسىقىپ ، ھەممە خەلق قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە بوتاسۇن بۇقا ئايالى بىلەن ئاستا سىرتقا چىقىپ ، سۇ ۋە قىمىز تولدۇرۇلغان تورسۇقلارنى ئىككى ئاتقا ئارتىپ تاڭدى ، خۇرجۇن ۋە خالتىلارغا پىشلاق ، تالقان ۋە سېرىق مايلارنى سېلىپ ، يەنە بىر ئاتقا غانجۇغىلىدى .

ئىنچىكە كۈمۈش ئورغاقتەك يېڭى ئاي ۋە سانسىزلىغان يورۇق يۇلتۇزلار تىنىق ئاسماندا چاراقلاپ تۇرغان يېرىم كېچە پەيتىدە ئۇلار بىر ئائىلىدىكى ئۈچ كىشى ئاتقا مىنىپ ، ئېھتىيات بىلەن يولغا چىقتى . كىـ چىك قۇتادمىشمۇ ئۆزى ئايرىم بىر ئاتقا مىندى . ھەقىقەتەن ، « تۈرك بالىلىرى ئات ئۈستىدە تۇغۇلۇپ ، ئات ئۈستىدە ئۆلىدۇ » دېگەن گەپ توغرا ئېيتىلغان ـ دە .

ئۇلارنىڭ كىگىز ئۆيى ، ھارۋىلىرى ھەتتا بىر نەچچە ئاتلىرىمۇ ئۆز جايىدا قالدى . يېقىن ئەتراپتىكى كۆك تۈرك چارۋىچىلىرىدىن ھېچـ كىممۇ ئۇلارنىڭ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى . ئانا يەر باغرىدىكى تونۇش يايلاقلاردا تولۇق بىر كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن يۈرگەندىن كېيىن ئىككىنچى كۈنى گۇگۇم چۈشكەن مەھەلدە ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ چارلىـ غۇچى چېرىكلىرىگە ئۇچرىدى . چېرىكلەرنىڭ قىلىچلىرىنى قىنلىرىدىن سۇغۇرۇپ ئالغاندىكى شاراق ـ شۇرۇق قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— توختاڭلار ! كىم سىلەر ؟ — دەپ ۋارقىراپ سورىدى ئۇلارـ دىن بىرى .

— بىز ئۇيغۇر ، ئىسمىم بوتاسۇن بۇقا ، ھارۋىكەشلىك قىلىمەن ، كارۋانچى مەن .

— ئەمىسە ھارۋىلىرىڭ قېنى ؟

— ھەممىنى تاشلاپ ، كۆك تۈركلەر ئارىسىدىن قېچىپ چىقتۇق .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار تىنغ كۆتۈرۈپ ئاتلىنىپ چىققان ئۇيغۇرلار

www.uyghurkitap.com

ئىچىگە ئامان - ئېسەن كېلىۋالدى. كىچىك قۇتادمىش ئانىسى بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سەپىدىكى مەخسۇس قوغدىلىدىغان جايغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بوتاسۇن بۇقا «ئەل قوزغالغاندا مەن چەتتە قاراپ تۇرسام بولمايدۇ» دەپ، ھايات - ماماتلىق جەڭلەر بولۇۋاتقان ئالدىنقى سەپكە پىدائىي بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇزاق يىللار داۋامىدا كارۋانچىلىق قىلىپ، يىراق - يېقىندىكى تاغ - دەريالارنى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ماكان قىلغان ھەممە يەرنىڭ ئوي - دۆڭلىرىنى پىششىق بىلىدىغان بولغاچقا، تەكلىپ بويىچە بىر ھۇجۇمچى قوشۇنغا يول باشلىغۇچى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

كۆك تۈرك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىل ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، كەڭ كۆلەملىك مۇنتىزىم ئۇرۇشقا ئايلاندى. بۇ ئۇرۇشقا سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى پايانسىز يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ ياشايدىغان تۈركىي تىللىق ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق قاتناشتى.

ئوزمىش قاغان كۆك تۈركلەرگە مەدەت بېرىپ:

— كۆك تەڭرى بىزنى قوللايدۇ، كۆك بۆرە بىزنى يېڭىشكە باشلايدۇ، ئالغا! — دەپ ئىشەنچ بىلەن ئۈنلۈك توۋلايتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادمۇ خۇددى شۇنداقلا قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— كۆك تەڭرى بىزگە كۈچ بېرىدۇ، كۆك بۆرە بىزگە مەدەت بېرىدۇ، ئالغا! ئالغا! — دەپ تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن ۋارقىرايتتى.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى كۆك تەڭرىدىن مەدەت كۈتۈپ ۋە بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراقلارنى كۆتۈرۈشۈپ، بىر - بىرىگە غەزەپ بىلەن ئېتىلاتتى. جەڭ مەيدانلىرىدا ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى ۋە ئۆلۈك ئاتلار چېچىلىپ ياتاتتى.

كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان قانلىق جەڭلەر ئۇدا

ئىككى يىلغىچە سوزۇلۇپ ، مىلادىيە 744 ـ يىلىغا كەلگەندە يايلاقتىكى
هۆكۈمرانلىق هوقۇقى كىمنىڭ قولىدا بولىدىغانلىقى مۇقىملىشىپ قالدى .
هالاكەتلىك تەقدىر گوياكى ئۆزىنىڭ قارا قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ، كۆك
تۈركلەر ئۈستىگە تەدرىجىي يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى .
بـوتـاسۇن بۇقا ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ هەر قېتىمقى غەلىبىلىك
هۇجۇملىرىدىن كېيىن ئەسىرگە چۈشكەن كۆك تۈرك ئەسكەرلىرىنى
بىرمۇبىر كۆرۈپ چىقاتتى . ئۇ هامان ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ئىنەچۈك
تاينى ئەسلەيتتى . هالبۇكى ، ئۇ ئىنەچۈك تاينى ئەسىرلەر ئىچىدىنمۇ تا-
پالمىدى ، جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ ئۇچرىتالمىدى .
بـۇ چاغدا ئىنەچۈك تاي پولاتتەك مۇستەهكەم ساداقەتمەنلىكى
بىلەن ئوزمىش قاغانىنىڭ قارارگاهىدا ئىدى . ئۇ باشتىن ـ ئاياغ قاغانىنىڭ
يـېنىدا بولدى . ئوزمىش قاغان ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان جەڭ-
لەرنىڭ هەممىسىگە جان پىدالىق بىلەن قاتناشتى . ئۇنىڭ نۇرغۇن
سـەپداشلىرى ، يېقىن سىرداش بۇرادەرلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى
ئۇيـغۇرلار ياكى قارلۇق ، باسمىللارنىڭ قىلىچ ، نەيزىلىرىدىن ئەجەل
تـاپتى . كۆك تۈركلەر كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولماقتا ئىدى . بىر
قىسىم ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بۇنداق تۈگىمەس مەغلۇبىيەتلەردىن ئۈمىد-
سىزلىنىپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان چەت ـ ياقا جايلارغا قې-
چـىـپ كەتكىلى تۇردى . يەنە بىر قىسىم ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بولسا ، ئوز-
مىش قاغاندىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۇيغۇرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە باشلى-
دى ، هـەتتا بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە سانغۇنلارمۇ ئۇرۇشنى
توختىتىپ تەسلىم بولۇش هەققىدە سۆز ئاچىدىغان بولۇپ قالدى . لې-
كىن ، ئوزمىش قاغان بۇنداق پىكىرلەرنى هەرگىز قوبۇل قىلمايتتى . ئۇ
رەقىبكە تەسلىم بولۇپ باش ئېگىشتىن قىلىچ تۇتۇپ ئۆلگەننى مىڭ ئەۋ-
زەل كۆرەتتى .
ــ بىزنىڭ قاغانىمىز تەسلىم بولمايدۇ ! ــ دەيتتى ئىنەچۈك تاي
مـەغـرۇرلۇق بىلەن ، ــ ئوزمىش قاغان بىزنى هامان غەلىبىگە باشلايدۇ .
ئەنە شۇنداق ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد ئۇنىڭغا زور غەيرەت ۋە كۈچ ئاتا

قىلاتتى.

تىنجىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئېگىز تۆپىلىككە ئورۇنلاشقان ئوزمىش قاغاننىڭ قارارگاھىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەمەلدار ۋە ئاقساقاللار بىر-بىرىگە يېقىن قىلىپ تىكىلگەن چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەردە سالقىنلاپ ئارام ئالماقتا ئىدى. توختاۋسىز يۈرۈشلەردە چارچىغان ئەسكەرلەرمۇ چۈشەك سېلىنغان ئاتلىرىنى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى مەخمەلدەك يۇمشاق چىملىقتا راھەتلىنىپ ياتماقتا ئىدى.

پەقەت ئىنەچۈك تايلا چېدىردا ئۇخلىيالماي سىرتقا چىقتى ۋە ياپپېشىل ئوت-چۆپ قاپلىغان تۆپىلىكتە ئالدىرىماي مېڭىپ، ئەڭ ئېگىز بىر جايدىكى چوقچىيىپ تۇرغان يوغان قورام تاشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى. تۇرۇپ-تۇرۇپ غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىدىغان مەيىن شامال ئۇنىڭ يەلكىلىرىگە چېچىلىپ چۈشكەن ئۇزۇن چاچلىرىنى يېنىككىنە ئۇچۇرۇپ قوياتتى. ئىنەچۈك تاي ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بۇ قورام تاش ئۈستىدىن تۆۋەندىكى تۈز كەتكەن يېشىل يايلاق تاكى ئۇپۇققا تاقاشقان چېكىنگىچە ئالقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئىنەچۈك تاينىڭ يىراقلارغا تىكىلگەن كۆزلىرى ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر غېرىبلىق ھېس قىلدى. ئۇنىڭ تىنچسىز قەلبى ساداقەتمەنلىك، باتۇرلۇق، غەمكىنلىك ۋە يەنە قانداقتۇر تەشۋىشلىك ھېس-تۇيغۇلارغا تولغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئوزمىش قاغان توغرۇلۇق، كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچى بولاتتىيۇ، ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتى. كۆك تۈركلەرنىڭ مەغلۇبىيەتلىرى، تاغ-داللاردا داۋاملىق چېكىنىپ، قېچىپ يۈرۈشلەر ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن ئەمەس، روھىي جەھەتتىن چارچاتقانىدى.

ئۇ ئىختىيارسىز تۈردە قەدىناس دوستى بوتاسۇن بۇقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ قوشۇنغا كېيىن كېلىپ قوشۇلغان بەزى تونۇش كىشىلەردىن بوتاسۇن بۇقىنىڭ ئۆي ۋە مال-مۈلكىنى تاشلاپ، يېرىم كېچىدە خۇيېد-

يانه هالدا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇققانىدى . لېكىن ، ئۇنى ھېچ يەردە ئۇچرىتالمىدى ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى توغرۇلۇقمۇ ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدى .

« ئۇ ئۇيغۇرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ، — دەپ ئويلىدى ئىنەچۇك تاي ، — بەلكىم ئۇيغۇر قوشۇنىغا قاتنىشىپ ، بىزگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقاندۇر . توغرا ، ئۇ چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ . شۇنچە يېقىن دوست ئىدۇق ، قۇدا بولۇشماقچىدۇق . ئەمدىچۇ ؟ ئەمدى دۈشمەن بولۇپ قالدۇقمۇ ؟ ئاقىۋىتىمىز قانداق بولار ؟ »

ئۇشتۇمتۇت ئىنەچۇك تاينىڭ خىياللىرى بۆلۈنۈپ كەتتى . يىراقتىن بىر توپ چەۋەندازلار ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ئىنەچۇك تاي ئىختىيارسىز تۈردە ئولتۇرغان يېرىدىن ئۆرە قوپۇپ ، دىققىتىنى شۇلارغا مەركەزلەشتۈردى . بۇ چەۋەندازلار ئۇزمىش قاغاننىڭ چارلىغۇچى چېرىكلىرى ئىدى . ئۇلار قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلىرىغا ئارام بەرمەي چاپتۇرغان پېتى قارارگاھ جايلاشقان بۇ دۆڭلۈككە چىقىپ ، ئۇدۇل قاغاننىڭ يىپەك چېدىرى ئالدىغا كەلگەندە توختىدى .

بۇ چاغقىچە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىنى ئاڭلاپ قارارگاھتىكى بارلىق ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى . ئۇزمىش قاغانمۇ جىددىيلەشكەن ھالدا ئالدىراپ چېدىرىدىن چىقتى . ئۇزۇن چاچلىرى تەرلەشكەن پېشانىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن چارلىغۇچىلار باشلىقى ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، قاغانغا تەزىم قىلدى .

— تەڭرىدە قۇت بولمىش بۈيۈك قاغانىمغا مەلۇم بولسۇنكى ، باسمىللارنىڭ چوڭ قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ ! — دەپ مەلۇمات بەردى ئۇ .

ئۇزمىش قاغان ئۆز يېنىدا توپلىشىپ تۇرغان سانغۇنلارغا ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قاتتىق ۋارقىرىدى :

— دەرھال جەڭگە تەييارلىنىڭلار !

قارارگاھتىكىلەر خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇۋېتىلگەن ھەرىلەردەك ھەر تەرەپكە چېچىلىپ ، يۈگۈرۈشۈپ كەتتى . كۆپ ئۆتمەي ھەممەيلەن

جەڭگە تەييار بولۇپ، سەپ تارتىپ تۇرۇشتى.

قىممەت باھالىق تابغاچ تاۋىرىدىن تىكىلگەن يەكتەك ئۈستىگە پولات قاسراقلىق ساۋۇت كىيگەن ئوزمىش قاغان چەبدەسلىك بىلەن ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ، ئەگرى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى.

— ئەزىمەتلەر، — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى ئۇ قىلىچىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، — ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى بىزنى قوللايدۇ. پېشۋايىمىز ئۇلۇغ ئىستەمى[1] قاغاننىڭ نۇرلۇق روھى بىزنى غەلىبىگە باشلايدۇ! ئالغا!

مىڭلىغان جەڭچىلەرنىڭ كۆكرەكلىرىدىن خۇددى گۈلدۈرماما-دەك ئېتىلىپ چىققان ئۈنلۈك چاقىرىقلار كەڭ دالالارنى تىترىتىۋەتتى:

— ئايهاي، ئىستەمى قاغان!

— ئايهاي، كۆك بۆرە!

شۇنىڭ بىلەن ئوزمىش قاغاننىڭ بىۋاستە قوماندانلىقى ئاستى-دىكى كۆك تۈركلەرنىڭ زور قوشۇنى باسمىللارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇ-رۇش ئۈچۈن تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. كۆك تۈرك قارارگاھىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى كەڭ دالادا ئىككى قوشۇن توقۇنۇشتى.

بۇ كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى تەقدىر بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى.

كۆك تۈرك جەڭچىلىرى بەجايىكى چۆل قاپلانلىرىدەك جەسۇر-لۇق بىلەن ئېلىشتى. شەخسەن ئوزمىش قاغان ئۆزىمۇ بارلىق كۈچ ۋە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئوق ۋە سول يانلىرىغا شىددەتلىك قىلىچ ئۇ-رۇپ، باسمىل ئەسكەرلىرىدىن بىرمۇنچىسىنى يەرگە يىقتتى. شۇنداق-تىمۇ، باسمىللارنىڭ زەربىسى بارغانسېرى كۈچەيگىلى تۇردى. كۆك تۈركلەرنىڭ نۇرغۇن پالۋانلىرى ۋە سانغۇنلىرى ئات ئۈستىدىن قارا يەرگە دومىلاپ چۈشۈپ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى. ھەر ئىككى تەرەپ قايتماس ئىرادە بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان بولغاچقا، جەڭ بەك

[1] ئىستەمى — كۆك تۈركلەرنىڭ VI ئەسىردىكى بىر قاغانى.

ئۇزاق داۋاملاشتى . ئوزمىش قاغان توختىماي قىلىچ ئۇرىۋېرىپ ، بارا ـ بارا بىلەكلىرى تالدى . باسمىل جەڭچىلىرى كۆك تۈرك قاغانىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ ، كەينى ـ كەينىدىن باستۇرۇپ كېلىشۈەردى . كۆك تۈركلەرنىڭ سەپلىرى بارغانسېرى شالاڭلاپ ، ئوزمىش قاغاننىڭ ئۈپچۆرىسىدە ئۆز كىشىلىرى قالمىدى . ھەر ياندىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن باسمىللارنىڭ قىلىچ ، نەيزىلىرىنى ئەمدى توسۇۋېلىشقا ئامال بولمىدى . قاغان مىنگەن ئاق بوز ئاتنىڭ باش ، بويۇنلىرى قىپقىزىل قانغا بويالدى . ئاق قۇ سۈپەت چىرايلىق ئارغىماق يېشىل چىمەن بىلەن قاپلانغان يۇمشاق يەرگە « گۈپ » قىلىپ يىقىلدى . ئوزمىش قاغاننىڭ بىر پۇتى ئاتنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالدى . قاغان پۇتىنى چىقىرىۋېلىپ ، ئۆره قوپۇش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن يۇلقۇنۇپ ، كۆچەپ باقتى . ئامال بولمىدى . باسمىل جەڭچىلىرى ئۇنى غەزەپ بىلەن قىلىچلاپ ، ئاتلىرىغا دەسسىتىپ ، مىلىق ـ سىلىق قىلىشۈەتتى . ئاندىن بەستلىك كەلگەن بىر ساقاللىق باسمىل ئېتىدىن چۈشۈپ ، قولىدىكى قانغا بويالغان قىلىچى بىلەن يەردە سوزۇلۇپ ياتقان ئوزمىش قاغاننىڭ بوينىغا بىر چاپتى . قاغاننىڭ بېشى « چورتلا » ئۈزۈلۈپ تېنىدىن ئايرىلدى . ساقاللىق باسمىل قاغان بېشىنى ئۇزۇن چاچلىرىدىن سىقىملاپ تۇتۇپ ، غالىبانە تۈستە ئېگىز كۆتۈردى . باسمىللار كۆك تۈرك قاغانىنىڭ قانغا مىلەنگەن بېشىنى ئۆز ئادىمىنىڭ قولىدا كۆرۈپ ، تەنتەنە بىلەن كۆچلۈك چۇقان سېلىشتى . ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلدى . ئەكسىچە ، كۆك تۈركلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى ، ئۇلارنى ۋەھىمە باستى .

باسمىللار پۈتۈن سەپ بويىچە ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە جان قايغۇسىغا قېلىپ ، دالادا قالايمىقان چېچىلىپ كەتكەن كۆك تۈركلەرنى بىرمۇبىر قوغلاپ يۈرۈپ قىرىشقا باشلىدى .

كۆك تۈركلەردىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالىدى . تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قۇتۇلۇپ قالغانلار ئىچىدە ئىنەچۈك تايمۇ بار ئىدى . ئۇيغۇر ئىتتىپاقى بىلەن ئۇرۇش

باشلانغان ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ تالاي ـ تالاي مەغلۇبىيەتلىك جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى زەربە ئۇنىڭغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئات ئۈستىدە ئۆتكەن ئىككى يىللىق ھاياتىدىكى بارلىق خەۋپ ـ خەتەر ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەر گويا ئەمدىلا ئۇنىڭغا پۈتۈن ئېغىرلىقىنى ئارتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ھارغىنلىق ھېس قىلدى. گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى.

« تەڭداشسىز قۇدرەتلىك كۆك تۈرك خانلىقى شۇنىڭ بىلەن تۈگىشەمدۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ دەرمانسىز غەزەپ ۋە ئاچچىق ئەلەم بىلەن مۇشتلىرىنى مەھكەم تۈگۈپ، — ياق! كۆك تۈركلەر ئۆز تارىخىدا تابغاچلار، تۈبۈتلەر①، سىر ـ تاردۇشلار②، ئەرەبلەر ۋە يەنە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك خەلقلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆتكەن. ھېچكىممۇ كۆك تۈركلەرنى يېڭەلمىگەن! شۇنداق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچكىم بىزنى يېڭەلمەيدۇ. ئوزمىش قاغان ئۆلگەن بولسا، بىز يەنە ئۆزىمىزگە يېڭىدىن بىر قاغان سايلىۋالىمىز، خانلىقىمىزنىڭ شەرىپى يەنە داۋاملىشىدۇ ».

ئىنەچۈك تاي ئەنە شۇنداق غۇۋا چاقناپ تۇرغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىلەن ھەسرەتلىك دىلىنى يورۇتۇشقا تىرىشىپ، كۆك تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئۇچۇپ كەتكەن ئوزمىش قاغاننىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن تاغ ـ دالالارنى كېزىپ تېنەپ يۈردى.

ئۇزاق ئۆتمەي جاي ـ جايلاردا ئاسقىلىپ، پىتىراپ كەتكەن كۆك تۈركلەر قايتىدىن يىغىلىپ، بىر يەرگە جەم بولدى.

— بىزگە باش بولىدىغان قاغان كېرەك. يېڭىدىن قاغان سايلايلى، — دېدى ئاقساقاللار كېڭەش ئۆتكۈزۈپ.

قاغان جەمەتى ۋە بەگ ـ سانغۇنلارنىڭ بىردەك ئاۋاز قوشۇشى بىلەن مەرھۇم ئوزمىش قاغاننىڭ ئىنىسى بولمىش تېگىن③ ۋەيران بو-

① تۈبۈت — تىبەت، زاڭزۇ.
② سىر ـ تاردۇش — ئەينى دەۋردىكى بىر تائىپە.
③ تېگىن — خانزادە.

لـۇپ ، ھېچقانچە ھالى قالمىغان كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ يېڭى قاغانى بو-
لـۇپ سايلاندى . كۆپچىلىك ئۇنى ئاق كىگىزدە كۆتۈرۈپ ، ئوزمىش قا-
غـان-ئىككى يىلدىن بېرى يېنىدىن ئايرىماي بىللە ئېلىپ يۈرگەن ئالتۇن
تەختكە ئولتۇرغۇزدى . ئاقساقاللار نەدىندۇر بىر شامان ئايالنى تېپىپ
كېلىشتى . تەخت ئالدىغا گۈلخان يېقىلىپ ، ئەتراپىغا تۇغ - ئەلەملەر
تـىكلەندى . كۆپچىلىك شامانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ، چىملىق ئۈستىدە
ئۇن - تىن چىقارماي ئولتۇرۇشتى .
شامان ئايال گۈلخاننى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ ، سەكرەپ ،
ئالـلىقانداق چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ زىكىر سوقۇپ ، « ھۇم !
ھـۇم ! » دەپ تووۋلاپ ، پېرىخۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ھەر قېتىم
سىلكىنگەندە ياكى سەكرىگەندە ئۇزۇن تونىنىڭ كۆكرەك ۋە يەڭلىرىگە ،
شۇنداقلا بەلۋېغىغا ئېسىلغان قوڭغۇراق ، تەڭگە ، يارماق ۋە ھەر خىل
قاداقلار جىرىڭلاپ ، شاراقلاپ ئەتراپتىكى تاماشىبىنلارنىڭ سېھىرلەنگەن
دىـللىرىغا تېخىمۇ سىرلىق تەسىر كۆرسەتتى . گۈلخانغا يېقىن ئولتۇر-
غان بىر توپ باخشىلار داپ - دۇمباقلارنى جېنىنىڭ بارىچە گۈمبۈرلىتىپ
ئۇرۇپ ، ھە دېسە « ھۇم ! ھۇم ! » دېيىشىپ ئۇن سېلىپ ، شامانغا ماس-
لىشىپ بېرەتتى .
شامانىنىڭ ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ ، ئەسەبىيـ-
لەشمەكتە ئىدى . ئۇ ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرىنى چۇۋۇپ ، كۆزلىرىنى
چەكچەيتىپ ، قوللىرى بىلەن ئالىلقاياقلارنى كۆرسىتىپ ، بار ئاۋازى بىـ-
لەن ۋارقىراپ كەتتى :
— كۆرۈۋاتىمەن ، كۆرۈۋاتىمەن ! ئەنە ، مىڭ يىللىق ، تۈمەن
يىللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى كېلىۋاتىدۇ ! كېلىۋاتىـ-
دۇ ! مانا كەلدى ، كەلدى . ئۇلار بىزگە گەپ قىلىۋاتىدۇ . ئۇلار كۆك
تۈرك خەلقىگە ئىسەنلىك تىلەۋاتىدۇ .
بۇ يەردە توپلاشقان كۆك تۈركلەر چوڭقۇر ئېتىقاد كۈچى بىلەن
خىتاب قىلىشتى :
— ئەي ئـىستەمى قاغان ، كۆل تېگىن ، تونيوقۇقنىڭ پاك روھـ-

لىرى ! ئاھ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى ، بىزگە مەدەت بې‑رىڭلار !
ـــ بىزگە كۈچ بېرىڭلار !
ـــ بىزگە غەلىبە ئاتا قىلىڭلار !
شامان تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى . ئۇ بىر چەتتە « ھۇم ! ھۇم ! » دەپ زىكىر سوقۇپ ئولتۇرغان بىر باخشىنىڭ قولىدىكى نەيزىنى ئېلىپ ، ئۇياق ـ بۇياققا پۇلاڭلاتقىلى تۇردى .
ـــ ئەي ياۋۇز دۈشمەنلەرنىڭ روھلىرى ! ئەي قارا نىيەت پاسىق ئالۋاستىلار ! ـــ دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ ، ـــ سىلەر ھەممىڭلار كۆك تۈرك‑لەرنىڭ ئارىسىدىن كېتىڭلار . يىراق ـ يىراقلارغا كېتىڭلار ! سۇسىز چۆللەرگە ، تۈۋسىز ھاڭلارغا بېرىڭلار ! يالغۇز دەرەخلەرگە ، غالجىر ئىتلارغا بېرىڭلار ! بۇ يەرگە كەلمەڭلار ، ھەرگىز كەلمەڭلار !
ئېتىقادنىڭ قۇدرىتى بىلەن سېھىرلەنگەن كۆك تۈركلەر ئورۇنلى‑رىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شاماننى دوراپ قىلىچ ، نەيزىلىرىنى پۇلاڭلاتقىلى تۇردى . يەنە بەزىلىرى ئوقيادىن ھەر تەرەپكە ئوق ئۈزدى . پۈتۈن سورۇندىكىلەر ، جۇملىدىن بولمىش قاغانمۇ شامانغا ئوخشاش سەكرەپ ، ئاۋازلىرى بوغۇلۇپ كەتكۈچە ۋارقىراشتى :
ـــ ئەي پاسىق ئالۋاستىلار ، كېتىڭلار !
ـــ ئەي دۈشمەنلەرنىڭ ياۋۇز روھلىرى ، كېتىڭلار !
ـــ بىز سىلەرنى قوغلايمىز !
ـــ بىز سىلەرنى يوقىتىمىز !
شامان خۇددى يوقاتقان ھالدا چىرقىراپ كەتتى :
ـــ كەتتى ! قاچتى ! يامان روھلار قاچتى ! ئالۋاستىلار قاچتى ! مۇقەددەس روھلار بولمىش قاغاننى يۆلەۋاتىدۇ ... ئاڭلاۋاتىمەن ... بول‑مىش قاغان بارلىق دۈشمەنلەرنى يوقىتىدۇ . كۆك تۈركلەر مەڭگۈ يوقال‑مايدۇ ... ئاڭلاۋاتىمەن ، مۇقەددەس روھلار شۇنداق دېدى ...
شاماننىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۈس ئالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچىلىپ كەتتى ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ ، پۇت ـ قول‑

لىرى تارتىشىپ ، تىترەپ كەتتى . ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلدى ۋە گۈلخان يېنىدا دومىلاپ تىپىرلاشقا باشلىدى . باخشىلار داپ - دۇم- باقلىرىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئۇردى . كۆك تۈركلەر خۇشاللىقىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قىيقاس - چۇقان سېلىشتى ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇلغا چۈشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# كۆك تۈركلەر كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلار

شامان ئېيتقان بېشارەتلەر خاتا بولۇپ چىقتى. يېڭىدىن سايلانغان بۇلمىش قاغانغا ئەگىشىپ ماڭغان كۆك تۈركلەر ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن بولغان بىر نەچچە قېتىملىق جەڭلەردە يەنە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

ئاي دالادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق كېڭەشتە كۆك تۈركلەرنىڭ چوڭلىرى بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، بىر ـ بىرىگە يول قويماي كەسكىن مۇنازىرىلەشتى.

— ئەمدى يەنە ئۇرۇش قىلىشنىڭ پايدىسى يوق، — دېيىشتى بەزىلەر.

— ياق، ئاخىرغىچە ئۇرۇش قىلىمىز! كۆك تۈركلەر ئەزەلدىن تەسلىم بولغان ئەمەس، — دەپ ئېتىراز بىلدۈرەتتى يەنە بەزىلەر.

بۇلمىش قاغان قول ئاستىدىكىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى.

— كۆك تەڭرىگە ئىشىنەيلى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرىغا ئىشىنەيلى، ئۇلار ھامان بىزنى قوللايدۇ. كۆك بۆرىگە ئەگەشكەن خەلق مەغلۇپ بولمايدۇ، — دەپ ۋەز ئېيتتى ئۇ.

ۋەھالەنكى، يېڭى قاغاننىڭ بۇ سۆزلىرىگە تەنتەنە قىلىپ، ئاۋاز قوشىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولدى.

— ئۇيغۇر، قارلۇق، باسمىللارمۇ كۆك تەڭرىگە سىغىنىدۇ، ئۇلارمۇ كۆك بۆرىنى ئۇلۇغلايدۇ، — دېيىشتى بەزىلەر قاغاننىڭ سۆزلى-

رىگە ئىشەنمىگەن هالدا ئارسالدى بولۇپ .
ئەتىسى تېخى تاڭ يورۇماي تۈرۈپلا كۆك تۈركلەرنىڭ زور بىر قىسمى بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ ، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى هەيدەپ ، بولمىش قاغان قارارگاهىدىن كېتىپ قالدى . ئۇلار ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى باسمىل قارارگاهىغا كەلدى ۋە باسمىللارنىڭ رەھبىرى ئىلتەرىش قاغاننى ئۆزلىرىنىڭ ئالىي هۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . ئىلتەرىش قاغانمۇ ئۆزىگە ئەل بولۇپ كەلگەن بۇ كۆك تۈركلەرنى قارشى ئالدى ۋە « بۇلار بۈنىڭدىن كېيىن مېنىڭ پۇقرالىرىم بولىدۇ » دەپ جاكارلىدى .
بولمىش قاغان كۆك تۈركلەرنىڭ ئۆزىگە سادىق بولغانلىرىنى باشلاپ غەرب تەرەپكە كۆچۈپ كېتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى . ئۇ ئۆتتۈكەن تاغلىرىدىن ۋە ئورخۇن ، سېلېنگا ، توغلا دەريالىرىدىن ۋاز كېچىپ ، ئۇرۇش ئوتلىرىدىن چەتتەرەك بولغان تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا بېرىپ ماكانلىششنى كۆزلىگەنىدى .

× × ×

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي باسمىل ، ئۇيغۇر ، قارلۇق ئىتتىپاقى ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىشقا يۈزلەندى .
مىلادىيە 745 ـ يىلى ياز .
نەسىللىك ئارغىماقلارغا مىنگەن بىرمىڭ ئۇيغۇر چەۋەنداز تۈزلەڭلىك ۋە ئېدىرلىقلارنى ئارىلاپ تېز ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇلار ئېگىز ۋە كەڭ تۆپىلىككە چىققاندا توختىدى .
ــ ئاتتىن چۈشۈپ چېدىر تىكىڭلار ، مۇشۇ يەردە دەم ئالىمىز ، ــ دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ئۇلارنىڭ باشلىقى ۋە ئۆزىمۇ ئاتتىن چۈشتى .
بوتاسۇن بۇقا ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ ، باشلىقنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئىجازەت بولسا بىر گېپىم بار، — ئىنانچۇ تون باغا تارقان[1]، — دېدى ئۇ باشلىققا تەزىم قىلغاندىن كېيىن.

مەزكۇر مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئىنانچۇ تون باغا تارقان كۆزلىرىدىن قەيسەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ياش ھەم كېلىشكەن كىشى ئىدى، ئۇنىڭ بوي - بەستى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، يۇرۇش - تۇرۇشلىرىدىن ساغلاملىقى ۋە كۈچلۈكلۈكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دولقۇنسىمان بۇدۇرلىشىپ تۇرغان ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى ئۈستىدىن قىزىل تاۋار ياغلىقنى چىڭ تارتىپ چىگىۋالغان، قىسقا كىمخاپ يەكتەك ئۈستىدىن پولات قاسراقلىق ساۋۇت ۋە ئاستىغا قاپلان تېرىسىدىن تىكىلگەن چىپار شىم، قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، پۈتۈن قوشۇندىكىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى، چۈنكى باشقا جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ھالقىسىمان تۆمۈر ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيىشكەنىدى.

— خوش، نېمە گېپىڭ بار، ئەي بوتاسۇن بۇقا؟ — دەپ سورىدى مىڭبېشى ئىنانچۇ تون باغا تارقان.

— گېپىم شۇكى، شەۋكەتلىك باغا تارقان، — دېدى بوتاسۇن بۇقا، — مەنزىلىمىز يىراق ئەمەس. قۇتلۇغ بويلا ياغلاقارشادىنىڭ قارارگاھىغا ئاز قالدۇق. بۇ يەردە چېدىر تىكمەستىن يولىمىزنى داۋاملاشتۇرساق بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ، — دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان، — قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالدى. ھازىر يايلاقلار تىنچ ئەمەس، دوستىمۇ بار، دۈشمىنىمۇ بار دېگەندەك. ئەگەر كېچىدە كۈتۈلمىگەن ۋەقە بولۇپ قالسا، بۇ مۇداپىئەلىنىشكە ئەپلىك جاي ئىكەن.

— خوپ، چۈشەندىم، — دېدى بوتاسۇن بۇقا، — ئەمىسە ئېتىمنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنى چۈشۈرۈپ، چېدىر تىكىشكە تۇتۇش قىلاي.

— توختا، — دېدى باغا تارقان، — چېدىرنى باشقىلار تىكىۋەرسۇن. سەن دەرھال ئۆزۈڭ خالىغان ئون ئەسكەرنى تاللىۋېلىپ، بۇ

---

① تارقان — تارخان، بىر خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان.

ئەتراپىنى چارلاپ كەلگىن.

— باش ئۆستەڭگە، شەۋكەتلىك ئىنانچۇ تون باغا تارقان، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ۋە چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ، چارلىغۇچى ئەسكەرلەر توپلىشىپ تۇرغان جايغا يۈرۈپ كەتتى.

ئىنانچۇ تون باغا تارقان تۆپىلىكنىڭ چېتىگە كېلىپ، بوتاسۇن بۇقا باشچىلىقىدىكى بىر توپ چارلىغۇچىلار پەستىكى ئېدىرلار ئارىسىدا غايىب بولغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى. قارىغاندا، ئۇ بۇ قېتىمقى چارلاش ئىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. دەرۋەقە، بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى بار ئىدى.

ئاخىرقى كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد بىلەن باسمىللارنىڭ يېڭىدىن تەختكە چىققان قاغانى ئىلتەرىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر جىددىيلىشىپ قالغانىدى. باسمىللار ئۆزمىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى چاڭئەنگە ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلتەرىش قاغان تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ ئۆزىنى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى سورىدى. تابغاچ كاتتىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كونا دۈشمىنى بولغان كۆك تۈركلەرنىڭ ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، ئىلتەرىشنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى، دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەر جەھەتتىن ھەمكارلىشىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلتەرىشنىڭ كىبىرى ئۆسۈپ، نىيىتى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ تەڭرى ئوغلىنى، يەنى قۇدرەتلىك تاڭ پادىشاھىنى ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئارقا تىرىكى بولدى دەپ ھېسابلايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، مەغلۇپ بولغان كۆك تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىلتەرىش قاغانغا ئەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن باسمىللارنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئۇلغايدى.

«ئەمدى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى ئىلتەرىش قاغان قول ئاستىدىكىلەرگە، — ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ يېتەكچى ئورنىدا تۇرۇۋاتقان ياغلاقار ئۇرۇقىنى قىرىپ تاشلايمىز. ئاندىن قالغان

يۇقرالىرىنى ئۆزىمىزگە ئەل قىلىمىز » .
« لېكىن ، بىز ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەنغۇ . كۆك تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشتا ئۇيغۇرلار باشلامچى بولغانغۇ » دېدى ۋەزىرلەردىن بىرى .
« شۇنداق ، — دېدى ئىلتەرىش قاغان ، — كۆك تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشنى شۇلار باشلىغان . كېيىن ئۇلارغا قارلۇقلار قوشۇلدى ، ئاخىردا بىزمۇ قوشۇلدۇق . ئەمدى ئۇلار چوقۇم بىزدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ . ياغلاقار شاد هامان قاغان بولۇشنى ئويلايەۋ . شۇڭا ، بىز قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك » .
شۇ گەپ بىلەن ئىلتەرىش قاغان قارلۇق يابغۇسىغا[1] ئەلچى ئەۋەتتى . ئەمما ، قارلۇقلار ياغلاقار شاد بىلەن قارشىلىشىشنى خالىمىدى . باسمىل ئەلچىلىرى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەي قايتىپ كەتتى . قارلۇق يابغۇسى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئىشنى قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادقا مەلۇم قىلدى .
ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ، باسمىللار بىلەن ئۇرۇش قىلىش قارارىنى ماقۇللىدى . قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد ئۆز قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئىنانچۇ تون باغا تارقانني قارلۇقلار بىلەن سۆزلىشىشكە ئەۋەتتى . قارلۇق يابغۇسى باسمىللار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشتا ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .
ئىنانچۇ تون باغا تارقان بۇ سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى ياغلاقار شادقا تېزرەك يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرھال ئاتلىنىپ قايتتى . ئۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقى ئاستىدىكى بىرمىڭ قورۇقچى چەۋەندازنى باشلاپ ماڭغانىدى . بۇنداق ئېھتىيات چارىسىنىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق بولغانلىقى ئەمەلدە ئىسپاتلاندى .

---

[1] يابغۇ — قاغاندىن تۆۋەن تۇرىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانلاردىن بىرى .

باغا تارقان بوتاسۇن بۇقا باشلىق چارلىغۇچىلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ھەش - پەش دېگۈچە تېكىلىپ بولغان چاقچاقانغىنا يېڭى يەك چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ يەردە بىر ياش جەڭچى چىرايلىق بىر شۇڭقارغا ئوزۇق بېرىۋاتاتتى. باغا تارقان شۇڭقارغا قاراپ بىردەم سۈكۈتتە تۇردى.

— شۇڭقارغا ئوبدان قارا، قاچۇرۇپ قويما، — دېدى ئۇ ياش جەڭچىگە.

— قېچىپ كېتەلمەيدۇ، مەن تالاي شۇڭقارلارنى كۆندۈرگەن، — دەپ جاۋاب بەردى ياش جەڭچى ئۆزىگە ئىشەنگەن قىياپەتتە.

ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئارتۇق سۆزلىمەي چېدىرغا كىرىپ ئۆزى ئۈچۈن ھازىرلاپ قويۇلغان ئېيىق تېرىسىگە يانپاشلىدى.

«بۇ شۇڭقارنى ئۆز قولۇم بىلەن ياغلاقار شادقا تاپشۇرۇپ بېرىشىم كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئەھمىيەتلىك ئىش. بۇ شۇڭقار ئۇيغۇر - قارلۇق ئىتتىپاقلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ».

شۇنداق، قارلۇق يابغۇسى شەخسەن ئۆزى ئوۋغا چىققاندا ئىشلىتىدىغان مۇشۇ شۇڭقارنى ئۆز قولى بىلەن ئىنانچۇ تون باغا تارقانغا تۇتقۇزۇپ، قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادقا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىدى.

چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن قۇياش غەربكە قىيسىيىپ ئۇپۇق بىلەن تۇتىشاي دەپ قالغانىدى. كەچكى شەپەقنىڭ قىزىل نۇرىدا تاۋلانغان كۆك ئاسماندا پارچە - پارچە لالەرەڭ بۇلۇتلار خۇددى ئۇستا رەسسامنىڭ نادىر ئەسىرىدەك سۈرەتلىنىپ كۆرۈنەتتى. جەڭچىلەر گۈلخان يېقىپ، غىزا تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى.

شۇ ئەسنادا بوتاسۇن بۇقا باشچىلىقىدىكى چارلىغۇچىلار قايتىپ كەلدى. باغا تارقان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىنى ئاڭلاپ چېدىردىن چىقتى.

www.uyghurkitap.com

— تۆۋەندىكى ئېدىرلار ئارىسىغا باسمىل قوشۇنى كېلىپ ئورۇنلاشتى ، — دەپ مەلۇمات بەردى بوتاسۇن بۇقا تارقاننىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ .

— بولىدۇ ، سىلەر ئارام ئېلىڭلار ، — دېدى باغا تارقان ۋە بوتاسۇن بۇقىنىڭ يەلكىسىگە دوستانە رەۋىشتە يېنىك ئۇرۇپ قويدى .

چارلىغۇچىلار كەتكەندىن كېيىن باغا تارقان بارلىق يۈز بېشىلارنى ئۆز چېدىرىغا چاقىرتتى .

— تۆپىلىكنىڭ ھەممە يېرىدىكى كۆزەتچىلەر كۆچەيتىلسۇن ، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ ، — باشقا جەڭچىلەر ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ ، يېشىنمەستىن يېتىپ ئۇخلىۋالسۇن . ھەممىڭلار ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرماي ، جەڭگە تەييار ھالەتتە تۇرۇڭلار .

شۇنداق قىلىپ ، تۆپىلىككە ئورۇنلىشىۋالغان مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى « باسمىللار سۆزلىشىشكە ئادەم ئەۋەتىشى ياكى ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن » دېگەن پەرەز بىلەن كېچىچە تۆۋەندىكى ئېدىرلىقلارنى كۆزىتىپ چىقتى . لېكىن ، باسمىللاردىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى . پەقەت تاڭ يورۇغاندىن كېيىنلا ئېدىرلىقلار ئارىسىدىن باسمىل قوشۇنى سەپ تارتىپ چىقىشقا باشلىدى .

— ئاللاھازەل بەش مىڭدىن ئارتۇق چىقىدۇ ، — دەپ مۆلچەرلىدى باغا تارقان تۆپىلىكتىن ئۇلارغا قاراپ .

— قاراڭلار ، ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى كېلىۋاتىدۇ ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا قولى بىلەن پەس تەرەپنى كۆرسىتىپ .

ئوڭ ياندىن ئىزمىلىنىدىغان زەرباپ تون كىيگەن ۋە باشلىرىنى يالتىراق تاۋار ياغلىقلار بىلەن تېڭىۋالغان ئۈچ نەپەر دۆلەتمەن باسمىل تۆپىلىككە چىقىپ كەلگەندىن كېيىن ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن بېزىتىلگەن غاز بويۇن ئارغىماقلىرىدىن چۈشۈپ ، ئىنانچۇ تون باغا تارقاننىڭ ئالدىغا كېلىشتى .

— تەڭرى ياراتمىش ئېلتەرىش قاغان بىزنى سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى ، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خام سېمىز

كەلگەن مويسىپىت كىشى .

— ئىلتەرىش قاغاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ، — دېدى باغا تارقان ۋە باسمىل ئەلچىلىرىنى چېدىرغا باشلىدى .

ئەلچىلەر جەرەن ۋە قوي تېرىلىرىگە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھېلىقى خام سېمىز مويسىپىت يەنە سۆزلىدى :

— تەڭرى ياراتمىش ئىلتەرىش قاغان سىز ئىززەتلىك ئىنانچۇتون باغا تارقاننى ئوردىمىزدا مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى . ھازىر قاغانىمىزنىڭ قارارگاھىمۇ بۇ يەردىن ئانچە يىراق ئەمەس . تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ ، بىز بىلەن بىللە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز .

— ئىلتەرىش قاغانغا مېنىڭ نامىمدىن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ قويغايسىز . باشقا بىر مۇۋاپىق پەيتتە مەن خۇشاللىق بىلەن قارارگاھىڭىزلارغا بارىمەن . لېكىن ، ھازىر ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمەن . تەكلىپىڭىزلارنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىزمەن .

— بۇ ۋەزىپىڭىز بەك مۇھىممۇ ؟ — دەپ سورىدى خام سېمىز مويسىپىت . باغا تارقان ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن قانداقتۇر تەنە قىلغاندەك ئالامەتنى سەزدى .

— شۇنداق ، ۋەزىپەم بەك مۇھىم ، — دېدى ئۇ ، — رەھبىرىمىز قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد شەخسەن ئۆزى تاپشۇرغان ۋەزىپە .

— قارلۇقلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ۋەزىپىسىمۇ ؟ — باسمىل ئەلچىسى يەنە سورىدى .

— مېنى سوراق قىلىۋاتامدىغانسىز ؟ — دېدى باغا تارقان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، ھۆرمەتلىك ئىنانچۇ تون باغاتارقان ، — دېدى ئەلچى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ، — بىز سىزنى بەك چوڭ كۆرىمىز . قاغانىمىز سىزنى ئۇيغۇر ئېلىگە رەھبەر بولۇشقا تېگىشلىك دەپ ھېسابلايدۇ .

باغا تارقاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى .

— بولدى ، بەس ! — دېدى ئۇ ، — بىزنىڭ رەھبىرىمىز بار .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەن بىر دەقىقە جىم بولۇپ قالدى .
— سىز ئىلتەرىش قاغانىنى ئىپتىراپ قىلامسىز ؟ — ئورۇقراق كەلگەن يەنە بىر ئەلچى تارقاننىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ سورىدى .
باغا تارقانمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى .
— ئېتىراپ قىلىشۋاتىمىزغۇ .
— ئۇنداق بولسا ، قاغاننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ .
— سىلەرنىڭمۇ ماڭا بېسىم ئىشلىتىشىڭلارغا يول قويۇلمايدۇ .
ئەلچىلەرنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە باغا تارقانغا قارىتا « خەپ توختاپ تۇر ! » دېگەندەك ئالامەت روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . باغا تارقاننىڭ كۆزلىرىدىن بولسا ، « سەنلەردىن قورقىدىغان ئادەم مەن ئەمەس » دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى . ئەلچىلەر « ئەمدى قىلىشقۇدەك گەپ قالمىدى » دېگەندەك زۇۋان سۈرمەي چېدىردىن چىقىشتى . ھازىرغىچە ئاغزىنى ئېچىپ باقمىغان ئۈچىنچى ئەلچى چېدىرنىڭ يېنىدىكى يوغان ياغاچ قوزۇققا بىر پۇتىدىن باغلاپ قويۇلغان شۇڭقارنى كۆرسىتىپ سورىدى :
— بۇ قارلۇق يابغۇسى بەرگەن شۇڭقارمۇ ؟
— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بەردى باغا تارقان ، — بۇنى قانداق ئۇقتۇڭلار ؟
خام سېمىز ئەلچى خۇددى قارا مۇنچاقتەك كىچىككىنە دۈگىلەك كۆزلىرىنى قىسىپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويدى .
— بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ تىلىمىز بىر ، ھەممە يەردە ئۆز ئادەملىرىمىز بار ، — دېدى ئۇ .
باغا تارقان : « قارلۇقلار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئايغاقچىلىرى بار ئىكەن - دە » دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .
— بۇ شۇڭقارنى بىزگە بەرسىڭىز بوپتىكەن ، — دېدى ئىككىنچى ئەلچى باغا تارقاننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ .
ئەمدى باغا تارقان ئاچچىقىنى يوشۇرالماي قالدى .
— سىلەر بىزنىڭ غۇرۇرىمىزنى دەپسەندە قىلماقچىمۇ ؟ — دېدى

ئۇ كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ، — بۇ قارلۇقلار رەھبىرىنىڭ قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادقا ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغان سوۋغىتى . بۇ شۇڭقارغا ھېچقانداق ئادەم كۆزىنى قىزارتمىسۇن !

— ئەمما لېكىن ، بۇ شۇڭقارنى بىزگە بەرمىسىڭىز ، بىزنىڭ غۇرۇرىمىز دەپسەندە بولىدۇ ، — دېدى يەنە خام سېمىز ئەلچى ھەربىر سۆزىنى ئالاھىدە مەنىلىك چىقىرىپ .

— بىر تائىپىنىڭ باشلىقى بولغان كىشىنىڭ شۇڭقار تەقدىم قىلىشى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ، — دېدى ئىككىنچى ئەلچى .

— شۇڭقار تەقدىم قىلىش قارشى تەرەپنى قاغان ئورنىدا كۆرگەنلىك بولىدۇ ، — دېدى ئۈچىنچى ئەلچى ، — ۋەھالەنكى ، ياغلاقار شاد قاغان ئەمەس . ئەجەبا ، قارلۇقلار ئىلتەرىش قاغاننى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ - ھە ؟

باغا تارقاننىڭ سىياقىدا تەكەللۇپ ئىپادىسى پۈتۈنلەي يوقالدى . ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەلچىلەرگە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى .

— ئۆزئارا قانداق سوۋغا ئالماشتۇرۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىشى . سىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ، مەقسىتىڭلارنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن . سىلەر « بۇ شۇڭقارنى ئۇيغۇرلار بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى » دەپ ئىغۋا تارقىتىپ ، قارلۇقلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزغا زىددىيەت سالماقچى بولۇۋاتىسىلەر . بولدى ، قايتىپ كېتىڭلار ، ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش تاماملاندى .

شۇ گەپ بىلەن ئىنانچۇ تون باغا تارقان كەيىنگە بۇرۇلدى - دە ، ھېچكىمگە قارىماستىن چېدىرغا كىرىپ كەتتى . باسمىل ئەلچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ياشراق كەلگەن بىرى قېنى قىزىق ئادەم بولۇپ چىقتى . ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي شۇڭقارغا قولىنى ئۇزاتقانىدى ، چېدىر ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇل ئۇنىڭ بىلىكىدىن « كاپ » قىلىپ تۇتۇۋالدى - دە ، قاتتىق سىلكىپ ئىتتىرىۋەتتى . يەنە بىر ئەسكەر قىلىچىنى قىنىدىن « شارت » قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالدى . ئەلچىلەر تېز - تېز مېڭىپ ، تۆپە-

لىكتىن چۈشۈپ كەتتى . بۇ قېتىمقى غەيرىي دوستانە سۆھبەتنىڭ بىر تېمىسىغا ئايلانغان ھېلىقى شۇڭقار بولسا ، بەخىرامان ھالەتتە ئالدىدىكى بىر پارچە خام گۆشنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قاماللاپ ، ئىلمەك تۇمشۇقى بىلەن يۇلۇۋېلىپ ، ئالدىرىماي يۇتماقتا ئىدى .

باسمىل قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئەلچىلەرنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قول ئاستىدىكىلەرگە تۆپىلىكنى كۆرسىتىپ ، ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى . ئۈستۈبېشى پولات ـ تۆمۈر بىلەن نە-قابلانغان بەش ـ ئالتە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى پۇلاڭلى-تىپ ، چۇقان سېلىپ ، ھەيۋە قىلىپ ، تۆپىلىككە تاشلاندى .

ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئۆزىنىڭ بويلۇق جەدە ئېتىغا مىنىپ ، قىلىچىنى يالىڭاچلىدى ۋە ئۆز ئەتراپىغا يىغىلغان يۈزبېشىلىرىغا ياڭراق ئاۋازدا بۇيرۇق بەردى :

— جەڭگە تەييارلىنىڭلار !

ئۇيغۇر جەڭچىلىرى ئاللىقاچان تەييار ئىدى . باسمىللار تۆپە-لىككە يامراپ چىقىشقا باشلىدى . تۆپىلىكتىكىلەرمۇ ئاتلىرىنى دېۋىتىپ ، ئۇلارغا ئۇدۇلدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى . ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىنقى سەپلىرى توقۇنۇشتى . ئۇيغۇرلار يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتقان بولغاچقا ، ئى-گىلىگەن ئورنى جەھەتتە بەلگىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى . باغا تارقان-نىڭ مۇشۇ تۆپىلىكنى قونالغۇ قىلىشقا تاللىغانلىقى ، ھەقىقەتەنمۇ ، ئاقىلانە تەدبىر بولغانىدى . جەڭ باشلىنىش بىلەنلا باسمىللارنىڭ قۇلايسىز ئو-رۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى . تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ قى-لىچ ئۇرۇشمۇ ، نەيزە سانجىشمۇ ئەپسىز ئىدى . ئەكسىچە ، ئۇيغۇرلار ئۇلارنى راسا كېلىشتۈرۈپ ، ئەپچىللىك بىلەن قىلىچتىن ئۆتكۈزەتتى . باسمىللار چېكىندى . باغا تارقاننىڭ ئەسكەرلىرى بولسا پۇرسەتنى قول-دىن بەرمەي ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ قىستاپ كېلىۋەردى . باس-مىللارنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى ھۇجۇمچى ئەسكەرلىرى ئەمدى ئالدى ـ ئارقىغا قارىماي قالايمىقان قاچقىلى تۇردى .

— ئالغا ! توختىماي ئالغا ! — دەپ ۋارقىرايتتى ئىنانچۇ تون باغا

تارقان قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن.

ھەر قايسى يۈزبېشىلارمۇ بۇ پايدىلىق ۋەزىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئالدىراپ، ئۆز جەڭچىلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى قىرىشتا ئۈلگە كۆرسەتتى. تۆپىلىكنىڭ قاپتاللىرىدا باسمىللارنىڭ جەسەتلىرى تېز كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر قوشۇنى باغا تارقاننىڭ يول باشلىشى بىلەن باسمىللارنىڭ سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەڭ دالاغا چىقتى. باسمىللارنىڭ سەركەردىسى ئۆز قوشۇنىنىڭ سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ تۆپىلىكتە قونالغۇغا توختىغان ئۇيغۇرلارنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا تىرىپىرەن قىلىۋېتىشنى ئويلىغانىدى. بىراق، ئەھۋال ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە قاتتىق زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە باسمىللارنىڭ سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بەزىلىرى جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى قامچىلاپ قاچقىلى تۇردى، بەزىلىرى قانداق قىلىشنى بىلمەي، بىر تۇرۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان سەپداشلىرىنىڭ كەينىدىن ئىسەنكىرەپ قارىسا، يەنە بىر تۇرۇپ مىڭلىغان ئات ۋە ئادەملەرنىڭ مالىمانچىلىقى ئىچىدىن ئۆز قوماندانلىرىنى ئىزلەپ ئۇياق - بۇياققا كۆز تاشلايتتى.

بۇ چاغقىچە ئۇيغۇرلار ئىنانچۇ تون باغا تارقاننىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقى ئاستىدا جەڭ مەيدانىدىن تەرتىپلىك چېكىنىپ چىقىپ، ئاتلىرىنى خۇددى چۆل شامىلىدەك تېز چاپتۇرۇپ كەتتى. باسمىللار ئەس - ھوشىنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئۇيغۇرلار قىلىچلىرىنى قىنلىرىغا سېلىپ، ئوقيالىرىنى ئىشقا سېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىگە قارىتىپ ئاتقان ئوقلىرى قوغلىغۇچىلارنى يەنە بىر - بىرلەپ يىقىتقىلى تۇردى. باسمىللار ئاخىر ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ قوشۇنىغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قوغلاشتىن توختىدى.

قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد ئۆزىنىڭ ئازادە يېپەك چېدىرىدا ئىنانچۇ تون باغا تارقاننى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ دەھشەتلىك غەزەپكە كەلدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. چېدىر ئالدىدا قۇشچى يىگىت ھېلىقى شۇڭقارنى بىلىكىگە قوندۇرۇپ كۈتۈپ تۇرغانىدى. ياغلاقار شاد شۇڭقارنىڭ قانات-قۇيرۇقلىرىنى سىلاشتۇرۇپ قويدى.

— قارلۇقلارنىڭ يابغۇسى تەقدىم قىلغان شۇڭقار مۇشۇ، — دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان.

— ياخشى، — دېدى ياغلاقار شاد بېشىنى رازىمەنلىك بىلەن لىڭشىتىپ، — دېمەك، قارلۇقلارغا ئىشەنسەك بولىدىكەن.

ئىككى كۈندىن كېيىن قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد ئۇيغۇرلارنىڭ زور قوشۇنىنى باشلاپ باسمىللارغا يۈرۈش قىلدى.

«بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ ئويلايتتى بوتاسۇن بۇقا يۈرۈشكە ئاتلانغان توققۇز ئوغۇز قوشۇنى ئىچىدە ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ، — بىز ھەممىمىزنىڭ تىلىمىز بىر، ھەممىمىز بۆرە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرىمىز. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن سوقۇشىمىز؟ بىز بۇرۇنسىر-تاردۇشلار بىلەن ئۇرۇشقان، كېيىن كۆك تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشتۇق. مانا ئەمدى باسمىللارغا يۈرۈش قىلىۋاتىمىز. بەزىدە باشقىلار بىزگە ھۇجۇم قىلدى، بەزىدە بىز باشقىلارغا ھۇجۇم قىلدۇق. تىنچ، ئىناق بولۇپ ياشاشنى زادى ئۆگىنەلمىدۇق. بىزگە نېمە كەم؟ نېمە كېرەك؟ كۆل تېگىن، تونيوقۇق، بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، بىز خەق بۇرۇندىنلا بىر-بىرىمىزنىڭ گېپىگە كىرمەي ئۇرۇق-قەبىلە سۈرۈشتۈرۈپ، يۇرت سۈرۈشتۈرۈپ، جېدەل-ماجىرادىن خالىي بولالماي ئۆتكەنىكەنمىز. مانا ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن زېھنىمىز، كۈچىمىز تۈگىمەس ئۇرۇشلارغا سەرپ قىلىنىپ ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ. بىزمۇ تابغاچلارغا ئوخشاش چوڭ شەھەرلەرنى قۇرۇپ، كارخانا-دەستىگاھلاردا تۈرلۈك ئېسىل بۇيۇملارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، ئاشلىق ۋە مېۋە-چېۋە ئۆستۈرۈپ، تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ بېيىتساق ياخشى بولماسمىدى؟»

بوتاسۇن بۇقا ھەمىشە مۇشۇنداق خىياللار بىلەن بەند بولۇپ

ئىچى قاينايتتى . خۇسۇسەن مۇشۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە ماڭغان چاغلاردا
ئۇنىڭ خىيالىي مەنزىللەرنى كېزىشىگە يېتەرلىك ۋاقىت چىقاتتى . تۇ-
رۇپلا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى ئىنەچۈك تاينى ئەسلەپ قالدى .
« ئۇ ھازىر نەدە يۈرىدىغاندۇ ؟ ئۇ ھازىر ھاياتمىدۇ ؟ ياكى بولۇپ ئۆت-
كەن جەڭلەرنىڭ بىرىدە ... » بوتاسۇن بۇقا ئىچىدىكى بىر يەرلىرى ئې-
چىشقاندەك بولۇپ ، بېشىنى چايقىدى . ئۇ ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى
ئويلاشنى خالىمايتتى ، ئويلىيالمايتتى .

« مەن ئايالىم بىلەن ئوغلۇم قۇتادمىشنى پات - پات كۆرۈپ تۇ-
رىمەن ، — بوتاسۇن بۇقا باشقا تەرەپتىن ئويلاشقا كىرىشتى ، — ئۇلار
باشقا بىرمۇنچە ئائىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا يۈك -
تاقلىرىنى بېسىپ ، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ يۈرىدۇ .
توققۇز ئوغۇزلار ھازىرغا قەدەر ئوڭۇشلۇق جەڭ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ .
شۇڭا ، خوتۇن - بالىلارغا خەۋپ يەتمىدى . لېكىن ، كۆك تۈركلەر ئا-
رىسىدا يۈرگەن ئىنەچۈك تاينىڭ ئائىلىسى قانداق بولغاندۇ ؟ مېنىڭ
بولغۇسى كېلىنىم ئادارقىز ھازىر ئامان - ئېسەنمۇ ؟ »

— توختاڭلار ! بارگاھ قۇرۇلسۇن ! — شامالدەك ئارغىماقلارغا
مىنىشكەن چاپارمەن يىگىتلەر قوشۇنىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە چېپىپ
يۈرۈپ ، ياغلاقار شادىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى .

بوتاسۇن بۇقا خىياللىرىنى بۆلۈپ ، ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرت-
تى . تۇپتۇز يېشىل ئوتلاق تاكى ئالدى تەرەپتە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈ-
رۈپ تۇرغان ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگىچە كەڭ يېيىلغانىدى .
ئۆتۈكەن باغرىدىكى جىرالاردىن بالقىپ چۈشكەن سۈزۈك تاغ سۇلىرى-
دىن ھاسىل بولغان شوخ دەريا ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئالدىدىن ئويناقلاپ
ئېقىپ ئۆتمەكتە ئىدى . كۆك ئاسماندا پارچە - پارچە ئاق بۇلۇتلار
لەرزان لەيلەپ يۈرەتتى .

« ئىلتەرىش قاغاننىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىن كەپتۇق - تە » دەپ
ئويلىدى بوتاسۇن بۇقا ئېتىدىن چۈشۈپ . ئۇ باسمىللار ئۆتۈكەن باغ-
رىغا ، يەنى سابىق كۆك تۈرك خانلىرىنىڭ يازلىق تۇرالغۇسى بولغان

www.uyghurkitap.com

يەرگە ئۆز قارارگاھىنى قۇردى، دەپ ئاڭلىغانىدى. مانا ئەمدى توققۇز ئوغۇز خەلقىنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقىدىن چىققان ۋە شاد ئۇنۋانى بىلەن تونۇلغان رەھبىرى شۇ يەرگە قوشۇن تارتىپ كەلدى.

قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادنىڭ قوشۇنى دالاغا كەڭ يېيىلىپ بارگاھ قۇردى. چېدىرلار تىكىلدى، گۇلخانلار يېقىلىپ، قازانلار ئېسىلدى. خىللانغان نەسىللىك ئارغىماقلارغا مىنگەن چېۋەر چارلىغۇچىلار تەرەپ ـ تەرەپلەرگە چېپىپ كېتىشتى. باسمىللارنىڭ چارلىغۇچىلىرىمۇ ھېلى ئۇيانىدىن، ھېلى بۇيانىدىن پەيدا بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا كۆز يەتكۈدەك ئارىلىقتىچە كېلىپ، يەنە ئاتلىرىنى ئويناقلاتقىنىچە قۇيۇندەك ئۇچۇپ كېتىپ قالاتتى.

قاراڭغۇ چۈشتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بارگاھلىرىدا سانسىز گۇلخانلارنىڭ يالقۇنلىرى پىلىلداپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆك ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلار بىلەن قوڭۇر يەردىكى ئوت ئۇچقۇنلىرى ئاي قاراڭغۇسىدا گويا ئۆزئارا تۇتىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىكى جەڭچىلەرنىڭ ئۇيقۇسىز كۆزلىرى ئالدىدا ئاجايىپ سىرلىق مەنزىرىنى نامايان قىلاتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى جەڭچىلەردىن تارتىپ سەردارلارغىچە ھەممە ئادەم ئەتىكى كۈننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بوتاسۇن بۇقا گۇلخان ئەتراپىدىكى جەڭچىلەر قاتارىدا ئېگەرنى بېشىغا قويۇپ، سوزۇلۇپ ياتتى ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ ئۇقماي قالدى. ئىشقىلىپ، ئۇ كۆزلىرىنى ئاچقاندا تاڭ قۇياشىنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى ئۇپۇق سىزىقىنى يورۇتۇشقا باشلىغانىدى.

جەڭچىلەر جەرەن ۋە قۇلان گۆشلىرىدىن پىشۇرۇلغان كاۋاپ ھەم تالقان بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ، قىلىچ، نەيزىلىرىنى تەخ قىلىپ قويۇشتى. قىزىل قۇياش ئاسماننىڭ شەرقىي تەرىپىدىن گوياكى ھېكمەتلىك نۇر چېچىپ، ئالاھىدە بىر خىل تەنتەنە بىلەن ئۆرلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. سۇس ۋە نېپىز تۇمان پەردىسىگە ئورالغان ئۆتلۈكەن تاغلىرىنىڭ قوينىدىن كېلىۋاتقان سالقىن ھاۋا دىماغقا

ئۇرۇلۇپ، كۆكۈللەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.

— ئاتلىنىڭلار! — سانغۇنلارنىڭ بۇيرۇقلىرى بۇ تەنتەنىلىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، تەقدىر بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

جەڭچىلەر چەبدەسلىك بىلەن ئاتلىرىغا مىنىپ، قاتار ـ قاتار سەپ تارتىپ تىزىلدى. ئۆتتۇكەن تەرەپتىكى تۇمان ئىچىدىنمۇ قاتار ـ قاتار تىزىلغان باسمىل چەۋەندازلىرى چىقىشقا باشلىدى. توققۇز ئوغۇز قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھىغا تەبىئىي پاسىل بولغان تېيىز دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ، باسمىللارنىڭ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىر ـ بىرىنىڭ چىرايلىرىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك ئارىلىققا كېلىپ توختىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەپ ئالدىدا ئالتۇن رەڭلىق بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق سەلكىن شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى.

بارلىق سانغۇن، جەڭچىلەرگە ئوخشاشلا ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيگەن ئاق ساقاللىق، ئاق چاچلىق قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد ئېتىنى دېۋىتىپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقى تەكشى قىرقىلىپ، سىلىق تارالغان چىرايلىق ئاق بوز ئېتىدا ئۆزىگە ياراشقان سالاپەت بىلەن مەغرۇرانە قىياپەتتە ئولتۇراتتى. باسمىللار تەرەپتىنمۇ چار ساقاللىق ئىلتەرىش قاغان سىلىق يۈگلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان تۇم قارا ئېتىنى مىنىپ سەپ ئالدىغا چىقتى. ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئۇنلۇك سۆزلىسە ئاڭلىغۇدەك ئارىلىققا كېلىپ ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشتى.

— ئەي توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىچارە خوجايىنى، — دەپ مەسخىرە قىلىپ قاتتىق ۋارقىرىدى ئىلتەرىش قاغان، — جاھانغا پاتمىغان ئۇزمىش قاغاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ تابغاچلارغا تەقدىم قىلغان پالۋاننىڭ ئالدىغا نىغ كۆتۈرۈپ كېلىشكە قانداق پېتىندىڭ؟

— ئەي باسمىللارنىڭ يارىماس خوجايىنى، — دەپ جاۋابەن ۋارقىرىدى ياغلاقار شاد، — توققۇز ئوغۇز باتۇرلىرىنىڭ ئالدىدا شۇنچە

كۆرەڭلەپ كەتكۈدەك قانچىلىك نىمىدىڭ سەن ؟

ئىلتەرىش قاغان مۇشتىنى پۇلاڭلىتىپ يەنە ۋارقىرىدى :

— مېنىڭ كىملىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ـ ھە ؟ مەن سەددىچىن سىپىلىنىڭ شىمالىدىكى تاغ ـ دەريا ، چۆل ـ يايلاقلارنىڭ بۈيۈك قاغانى بولىمەن . بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ، ئەي ئەخمەق ياغلاقار !

ياغلاقار شادمۇ مەھكەم تۈگۈلگەن مۇشتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى :

— كىم سېنى قاغان دېدى ، ئەي كارغا كەلمەس مۇتتەھەم ؟ قاغان دېگەن مانا توققۇز ئوغۇز خەلقىنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقىدىن چىقىدۇ . بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ، تەنتەك باسمىل ؟

ئىلتەرىش قاغان قولىنى شىلتىپ ھەيۋە قىلدى :

— سېنىڭ كاللاڭنىمۇ تەڭرى ئوغلىغا ئەۋەتىپ بېرىمەن !

ياغلاقار شادمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشماي ھەيۋە قىلدى :

— تەڭرى ئوغلىغا مانا مەن سېنىڭ دۆت كاللاڭنى ئەۋەتىپ بېرىمەن !

ئەمدى ئىلتەرىش قاغاننىڭ زەردىسى قايىندى .

— بىرگە بىر چىقىدىغان باتۇرۇڭ بارمۇ ؟ — دەپ جىنىنىڭ باريچە ۋارقىرىدى ئۇ تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ .

— بىرگە بىر ! — دەپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى ياغلاقار شاد .

— مەن چىقاي ! — دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ ، ياغلاقار شادنىڭ يېنىغا كەلدى .

— ياق ، مەن چىقىمەن ! — دېدى ياغلاقار شادنىڭ ئوغلى بايانچۇر ئاتىسىنىڭ يەنە بىر يېنىغا كېلىپ .

شۇ تاپتا قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد بىر دەقىقە ئىككىلەنگەندەك بولۇپ ، ئوغلى بىلەن باغا تارقانغا نەزەر سالدى . خانزادە بايانچۇر بوي ـ بەستى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ ، تېنى چىڭ ، دىقماق كەلگەن قارا بۇرۇتلۇق ئەزىمەت ئىدى . ئۇ يىرىك بىر تارماق قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولۇپ ، بىر قاتار ئەسكىرىي يۈرۈشلەردە ئاتىسىغا ۋاكالىتەن ھەربىي ـ مەمۇرىي

ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان تەجرىبىلىك ئەرباب ئىدى. ئىنانچۇ تون باغا تارقان گەرچە ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولمىسىمۇ، ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئادىز ئۇرۇقىدىن چىققان بۇ زېھنى ئۆتكۈر تارقان كۆك تۈركلەر بىلەن ئۇرۇش باشلىنىشتىن خېلى بۇرۇن قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ قالغانىدى.

قوشۇننىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان بارلىق سانغۇنلار بۇ قېتىمقى بىرگە بىر ئېلىشىشقا كىمنىڭ چىقىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئۈنچىقماي تۇرۇشاتتى. قۇتلۇغ بويلا شاد ئوغلى بايانچۇر تەرەپكە بۇرۇلدى.

— سەن چىق، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ.

— مەنچۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى باغا تارقان.

— ماڭا ۋاكالىتەن ئوغلۇم چىقسۇن، — دېدى شاد.

بايانچۇر ۋالىلداپ تۇرغان ئەگرى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئېتىنى دېۋىتتى. قارشى تەرەپتىمۇ ئىلتەرىش قاغاننىڭ ئوغلى قىلىچىنى ئوينىتىپ چىقىپ كەلدى. شاد ئوغلى بىلەن قاغان ئوغلى ئات ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلىپ ئۇزاق ئېلىشتى. ئاخىر بايانچۇرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قىيپاش ئۇرغان قىلىچى باسمىل خانزادىسىنىڭ بېشىدىكى پولات دۇبۇلغىسىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا ئىككىنچى قېتىم يەنە چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇلغان قىلىچ ئۇنىڭ باش-كۆزىنى قىپقىزىل قانغا بويىۋەتتى. ياش باسمىل ئات ئۈستىدىن موللاقلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئىگىسىز قالغان ئات قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق كىشنەپ ئاللىقاياقلارغا قېچىپ كەتتى.

ئىلتەرىش قاغان ئوغلىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، جان ئاچچىقىدا تىپىرلاپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ئالغا! ئالغا! توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاڭلار! بىرىنىمۇ قويماڭلار! رەھىم قىلماڭلار!

قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادمۇ ئۆز قوشۇنىغا بۇيرۇق بەردى:

— ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! ئالغا!

مىڭىلىغان، ئون مىڭلىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىككى تە-
رەپتىن بىر - بىرىگە ئېتىلدى . ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭچىلىرى
« كۆك تەڭرى ! » « كۆك بۆرە ! » دەپ ئۇران تووۋلايتتى . تىلى بىر،
قېنى بىر قوۋملارنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۆزئارا كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قىلىش
ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى . ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان جەسۇر
جەڭچىلەر ۋە ئاقىل سەردارلار پولات تىغلارنىڭ ئەجەللىك زەربىسىدە
قانغا مىلىنىپ جان ئۈزدى .

توققۇز ئوغۇز قوشۇنى ئىچىدە ئىنانچۇ تون باغا تارقاننىڭ قەي-
سەرلىكى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ خۇددى كارامەت
كۆرسىتىۋاتقاندەك چەبدەسلىك بىلەن قىلىچ ئۇرۇشلىرى ئالدىدا باس-
مىللارنىڭ پولات زەنجىرلىك ساۋۇتلىرىمۇ، كۆن بىلەن قاپلانغان قالقان-
لىرىمۇ كار قىلمىدى . ئۇ ئاجايىپ پەم بىلەن قارشى تەرەپنىڭ يۈز، بو-
يۇن ياكى بىلەك، يوتىلىرىدەك نىقابلانمىغان جايلىرىغا قىلىچ ئۇراتتى ۋە
ياكى سول قولى بىلەن رەقىبىنىڭ قالقىنىنى چەتكە تارتىپ، ئوڭ قولى-
دىكى ئېغىر قىلىچىنى كۈچ بىلەن ئۇرۇپ تۆمۈر ھالقىلار بىلەن زەنجىر-
سىمان توقۇلغان ساۋۇتلىرىنى چۇۋۇپ تاشلايتتى ۋە يەنە بەزىلىرىنىڭ
ئاتلىرىنى نابۇت قىلىپ يىقىتاتتى .

باسمىللار بەرداشلىق بېرەلمەي پۈتۈن سەپ بويىچە ئۆتۈپ كەن
تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدى . ئەگەر ئۇلار شۇ چېكىنگىنىچە ئوكۇشلۇق
ھالدا تاغلارغا چىقىۋالسا، ئۇلارغا داۋاملىق زەربە بېرىش تەس بولاتتى .
شۇڭا، قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد ئۆز قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، سان-
غۇنلارغا جىددىي ۋارقىرىدى :

— تېز قوغلاڭلار ! ھۇجۇمنى كۈچەيتىڭلار !

توققۇز ئوغۇزلار تېخىمۇ تېز قوغلىدى، ھۇجۇم تېخىمۇ كۈ-
چەيدى . ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئېتىنى قارا قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ كې-
لىپ، ئارقا - ئالدىغا قارىماي قېچىپ كېتىۋاتقان ئىلتەرىش قاغانغا يېتە-
شىۋالدى . قاغاننىڭ خاس قوروقچىلىرى توققۇز ئوغۇز جەڭچىلىرىنىڭ
كەينى - كەينىدىن قىستاپ زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە ئۆلگىنى ئۆلۈپ،

قالغانلىرى تىرىپىرەن بولۇپ تارقىلىپ كەتكەنىدى. باغا تارقاننىڭ ئۇ-رۇلغان قىلىچىنى ئىلتەرىش قاغان ئۆز قىلىچى بىلەن توسۇۋالدى. ئۇلار ئىككىسى يەككمۇ يەككە قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى. ئىككىسىنىڭ ئاتلىرىمۇ ئىگىلىرىگە ئوخشاش قىنى قىزىپ تىپىرلايتتى، پىرقىرايتتى، يۇلقۇنۇپ سەكرەيتتى، ئۇنلۇك كىشنەپ بىر - بىرىگە كۆكرەكلىرى بىلەن سوقۇلاتتى. تارقان بىلەن قاغان بولسا بار كۈچى بىلەن بىر - بىرىگە ئېتىلىپ، قاتتىق كۈچىگەنلىكتىن «هە! هۇ!» دەپ ئۈن سېلىشىپ قىلىچ ئۇرۇشاتتى. ئاخىر ياش هەم كۈچلۈك باغا تارقان ئۇتۇپ چىقتى. ئىلتەرىش قاغاننىڭ ئاق ئارىلاشقان قويۇق هەم ئۇزۇن چاچلىق بېشى «چورتلا» ئۈزۈلۈپ، ئات تۇياقلىرى بىلەن تىلغىنىپ، يۇمشاقلاشقان قارا تۇپراققا چۈشۈپ كەتتى.

شۇ هامان ياش بىر ئۇيغۇر جەڭچى ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، يەردە ياتقان باشنى چېچىدىن تۇتۇپ، تەنتەنىلىك قىياپەتتە ئېگىز كۆتۈردى.

شۇنىڭدىن كېيىن جەڭمۇ تېزلا ئاياغلاشتى. باسمىل سانغۇنلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، قىلىچلىرىنى يەرگە تاشلاپ، ساداقلىرىنى بويۇنلىرىغا ئاسقان هالدا ياغلاقار شادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى.

— بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز، — دېدى ئۇلار، — بىزنى جىن - ئالۋاستىلار ئازدۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى نۇرلۇق روهلار بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتتى. بىز هەممىمىز ئەمدى ئۇيغۇر بولىمىز، سىزگە ئەل بولىمىز.

قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ دۇبۇلغىسى ئېلىۋېتىلگەن ئۇزۇن چاچلىق باشلىرىنى سىلىدى (بۇ ئۇلارنى كەچۈرگەنلىكنى بىلدۈرەتتى).

— ئەمدى مېنىڭ ئېلىم بولۇڭلار، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بىرلىكىنى بۇزماڭلار، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن هەربىر سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىتىپ.

باسمىل قوشۇنىدىكى بارلىق جەڭچىلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ

ئىتائەتمەنلىك بىلدۈردى . قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد بىلەن ئىنانچۇ تون باغا تارقان توققۇز ئوغۇز ۋە باسمىل قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئۆتۈ-كەن تاغلىرى تەرەپكە باشلاپ ماڭدى .

× × ×

يۈرۈن ئۆتۈكەن تاغلىرى كۆك تۈرك خانلىرىنىڭ تۇرالغۇسى ۋە ئاساسلىق قارارگاھى بولۇپ كەلگەنىدى . شور پېشانە ئوزمىش قاغان ئۆلتۈرۈلۈپ ، بولمىش قاغان باشچىلىقىدىكى كۆك تۈركلەر كۈنپېتىش-تىكى ئالتاي تاغلىرى تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆتۈكەندە باسمىللارنىڭ ھۆكۈمدارى ئىلتەرىش قاغان ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى قۇر-دى . مانا ئەمدى بۇ مەشھۇر تاغدا توققۇز ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمدارى قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد ماكانلاشتى .

ھەيۋەتلىك ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى رەڭگا رەڭ ياۋا گۈل-لەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇق ئوتلاقتا يېپەك چېدىرلار ۋە چوڭ ـ كىچىك كىگىز ئۆيلەر تىكىلدى . تاش ئوچاقلارغا ئوت يېقىلىپ ، چويۈن قازان ۋە مىس كورىلاردا قوي ۋە ئات گۆشلىرى قايناشقا باشلىدى .

قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد تېخى تۈزۈك ھاردۇقىنى چىقارماي تۇرۇپلا ئوتلاققا سورۇن ھازىرلاپ ، تارقان ۋە سانغۇنلارنى كېڭەشكە چاقىردى . ھەممەيلەن كىگىز ۋە گىلەملەرگە قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشتى . قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد كېڭەش ئىشتىراكچىلىرىغا بىر قۇر كۆز يۈ-گۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن سۆزلىدى :

ـــ كۆك تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلدى ، باسمىللارنىڭ ھۆكۈمران-لىقى يوقىتىلدى . بۈرۈنقى زامانلاردا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قان تۆكۈپ ، قۇربان بېرىپ بەرپا قىلغان ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆك تۈركلەر يوقاتقان-دى . بىز بۈگۈن ئەنە شۇ خانلىقىمىزنى شەرەپ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈر-دۇق . ھازىر توققۇز ئوغۇز خەلقىنى ئاساس قىلغان ، ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى يېڭى ئۇيغۇر خانلىقى بارلىققا كەلدى !

كېڭەش ئىشتىراكچىلىرى شادلىق ۋە ھاياجاندىن ئۆزىنى بېسۋالالماي قالدى . بەزىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى ، بەزىلىرى كۆزلىرىدىن ئاققان ئىسسىق ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي قالدى ، يەنە بەزىلىرى ئاسمانغا قوللىرىنى سوزۇپ خىتاب قىلىشتى :

— كۆك تەڭرى بىزنى قوللىدى ! كۆك تەڭرى بىزگە مەدەت بەردى ! مېھرىبان ئانىمىز ئۇماي بىزگە كۈچ بەردى !

ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە قول ئىشارىسى قىلىپ ، كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا ئۈندىدى :

— ئەي دانىشمەن بەگ ـ تارقانلار ! ئەي باتۇر سانغۇنلار ! — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ ، — ئۆزىمىزنىڭ خانلىقىمىز تىكلەندى ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشتى . ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ رەھبىرىمىز قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شادنى قاغان قىلىپ تىكلىشىمىز كېرەك !

كۆپچىلىك بىردەك ئاۋاز قوشتى :

— توغرا ! باغا تارقان توغرا گەپ قىلدى .

— قۇتلۇغ بويلا ياغلاقار شاد بىزگە قاغان بولسۇن !

— قېنى ، بۇرادەرلەر ، شامانىنى چاقىرايلى ، باخشىلار كەلسۇن ،

چەبدەس چاپارمەنلەر شامالدەك ئۇچۇپ بېرىپ ، بىر چاڭگا ساقاللىق شامانىنى ۋە يەنە بىر توپ باخشىلارنى باشلاپ كەلدى ( ئۇ دەۋرلەردە ھۆكۈمدارلار سەپەرگە چىققاندا ياكى ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغاندا شامان ۋە باخشىلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى ) . ھەش ـ پەش دېگۈچە گۈلخانلار يېقىلدى . قارا قوتاز ، قارا قوچقارلار بوغۇزلىنىپ ، قان ئاققۇزۇپ قۇربانلىق قىلىندى . سورۇن ئەتراپىغا تۇرلۇك لاتا ـ پۇرۇچ ۋە قوتاز قۇيرۇقىدىن ياسالغان تۇغ ـ ئەلەملەر تىكلەندى ، باخشىلار داپ ـ دۇمباقلىرىنى داراڭلاتقىلى تۇردى . ئالىيېشىل ئۇزۇن تونى ئۇستىگە چوڭ ـ كىچىك مىس قاداق ۋە كۈمۈش قوڭغۇراقلارنى ئېسىۋالغان سۈرلۈك شامان كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىدا بوش قالدۇرۇلغان مەيداندىكى گۈلخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئادەمنى ئىختىيارسىز تۇردە سۈر باستۇرىدىغان

ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناشنى باشلىدى . ئۇ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۇلخان ئەتراپىنى ئايلىنىپ ، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلايتتى :

— ئەي پاسىق سۆگەك ئالۋاستىلار ، بۇ يەردىن كېتىڭلار ، يىراققا كېتىڭلار ! چۆل - جەزىرىلەرگە بېرىڭلار ! چوڭقۇر ھاڭلارغا بېرىڭلار ! بۇ يەرگە زادى كەلمەڭلار !

شامانىنىڭ ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ، چىرايى دەھشەتلىك تۈس ئالدى . ئەمدى ئۇ ئەجدادلارنىڭ پاك روھلىرىنى چاقىرىشقا باشلىدى :

— ئەي مۇقەددەس روھلار ، تېز كېلىڭلار ! چۆلدىكى شامالدەك ئۇچۇپ كېلىڭلار ! خاسىيەتلىك كۆك بۆرىدەك يۈگۈرۈپ كېلىڭلار ! بىزگە مەدەت بېرىڭلار ! ئۇيغۇر ئېلىگە مەدەت بېرىڭلار ! قۇتلۇغ بويىلا ياغلاقار شادنى قوللاڭلار ، ئۇنى ئەزىز قىلىڭلار ، ئۇنى ھەممىدىن بۈيۈك قىلىڭلار !

مەيداننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان باخشىلار ئۇنىڭغا دوست تارتىشىپ ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا « ھۇم ! ھۇم ! » دەپ زىكىر سوقاتتى ۋە قوللىرىدىكى داپ - دۇمباقلىرىنى گۇمبۇرلىتىپ ئۇرۇشاتتى . شامان ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ، تەلۋىلەرچە تولغىنىپ ، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى . ئۇ چاچ - ساقاللىرىنى يۇلۇپ ، ياقىسىنى يىرتىپ ، يەرگە يىقىلدى ۋە دومىلاپ تىپىرلاشقا باشلىدى .

مەيداننى چۆرىدەپ ، قىستىلىشىپ تۇرغان جامائەت دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ئۇنىڭ يەنە قوپۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى .

بىر ھازادىن كېيىن شاماننىڭ تىپىرلاشلىرى بېسىقتى . ئۇ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، ئۇدۇل ئاسمانغا باقتى . ئاندىن قوللىرىغا تايىنىپ ، سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن قوپتى .

— كۆرۈۋاتىمەن ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ، — مۇقەددەس روھلار كەلدى ! مەن بايا ئۇلار بىلەن سۆزلەشتىم . ئۇلار ماڭا « ئۇيغۇر ئېلىنى قوللايمىز » دېدى ! « ياغلاقار ئۇرۇقىنى قوللايمىز ، قۇتلۇغ بويىلا شادنى قوللايمىز » دېدى !!! ئەنە ئۇلار ! ئەنە ، بىزنى قۇتلۇقلاۋاتىدۇ ،

سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ ، دەۋاتىدۇ . ئەنە ئۇلار ...

ئۆتتۆكەن يېنىدىكى بۇ كەڭ ئوتلاقتا يىغىلغان مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياجانغا تولغان كۆكرەكلىرىدىن تەنتەنىلىك چۇقان - سۈرەنلەر ئېتىلىپ چىقتى . ھەممەيلەن باخشىلارنىڭ داپ - دۇمباقلىرىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى .

بىر پەدە ئۇسسۇل ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا ئۈندەپ ، بىرقولىنى ئېگىز كۆتۈردى .

— ئەي خالايىق ، ئاڭلاڭلار ! — دېدى ئۇ ، — ھەممىمىز كۆر-دۇق ، شامان ھازىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى بىلەن سۆز-لەشتى . پاك روھلار جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ ، بىزنى قوللىدى . كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ، يەر - سۇ ئىلاھلىرىنىڭ رازىلىقى بى-لەن ، مېھرىبان ئانىمىز ئومايىنىڭ ئىللىق شاپائىتى بىلەن بىز ئۇيغۇر قە-بىلىلىرى ئۆز خانلىقىمىزنى تىكلىدۇق . ئەمدى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادىتىمىزگە ئاساسەن رەھبىرىمىز قۇتلۇغ بويىلا ياغلاقار شادنى قاغان قىلىپ ، ئاق كىگىزدە كۆتۈرەيلى !

ئون مىڭلىغان كۆكرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىققان، چاقىرىق ۋە ئۇران سادالىرى كۆك ۋە يەرنى لەرزىگە سالدى :

— ياغلاقار شاد قاغان بولسۇن !

— ياغلاقار شادنى ئاق كىگىزدە كۆتۈرەيلى !

— قاغانىمىزغا قۇتلۇق بولسۇن !

چاچ - ساقاللىرى چۇۋۇلۇپ ، چاڭگىلىشىپ كەتكەن شامان ئۈستۈبشىدىكى قاداق ۋە قوڭغۇراقلارنى جىرىڭلىتىپ ياغلاقار شادنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئەي ئۇلۇغ ئىنسان ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ، — ئەجدادلارنىڭ پاك روھلىرى سېنى قاغان قىلىپ تاللىدى . ئەمدى قاغان-لىق نام - ئۇنۋانىڭنى نېمە دەپ ئاتايمىز ؟

قۇتلۇغ بويىلا ياغلاقار شادنىڭ بۇ جەھەتتە ئاللىقاچان كۆڭلىگە

پۇكۇپ قويغان تەييارلىقى بار ئىدى . شۇڭا ، كۆپ ئويلانمايلا جاۋاب قايتۇردى :

— بىلىملىك ئادەم ياخشى قاغان بولالايدۇ . كۆك تەڭرى ماڭا مول بىلىم ئاتا قىلغاي . مېنى « بىلىمى كۆلدەك كەڭ » دېگەن مەنىدىكى نام بىلەن « كۆل بىلگە قاغان » دەپ ئاتىغايسىلەر .

شامان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋە بېشىنى كەينىگە تاشلاپ كۆك ئاسمانغا كۆز تىكتى .

— كـۆل بىلـگە قاغان ! — دەپ يەنە ئۇنـلۇك خىتاب قىلدى ئۇ ، — كـۆك تەڭرى شۇنى خالىدى ! كۆك بۆرە گۇۋاھ بولغايسەن ! مۇقەددەس روھلار ئاڭلاپ تۇرۇڭلار ! ئۇيغۇر ئېلىنىڭ رەھبىرى بۇگۈندىن ئېتىبارەن كۆل بىلگە قاغان دەپ ئاتالدى .

بۇ پەۋقۇلئاددە تەنتەنىلىك سورۇندا جەم بولغان تۇمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا تولغان ئۇران ۋە شوئارلىرى كۆك ئاسماننىڭ قەرىدە پەرۋاز قىلاتتى ، ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ قاپتاللىرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى :

— كۆل بىلگە قاغان قۇتلۇق بولسۇن !

— كۆل بىلگە قاغان ئاي ۋە كۈندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن !

قولمۇقول كۆتۈرۈپ كېلىنگەن يوغان ئاق كىگىز ئوتتۇرىدىكى مەيدانغا قويۇلۇپ كەڭ يېيىلدى . كۆپچىلىك ئاق ساقاللىق كۆل بىلگە قاغاننى يەنە تۇشمۇ تۇشتىن شۇ ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزدى . تارقان ۋە سانغۇنلار كىگىزنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈشتى ھەمدە باخشىلارنىڭ داپ - دۇمباق سادالىرى ئاستىدا يالقۇنلاپ ، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننىڭ ئەتراپىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندى .

بۇ رەسمىيەت ئادا قىلىنىپ بولغۇچە جەڭچىلەر ئالتۇن تەختنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ، گۈلخانغا يېقىن جايغا قويۇشتى . بۇ ئالتۇن تەختتە كـۆك تۈركلەرنىڭ بىر نەچچە ئەۋلاد قاغانلىرى ئولتۇرغانىدى ، كېيىن باسمىللارنىڭ ھۆكۈمدارى ئىلتەرىش قاغان ئولتۇردى . ئەنە شۇ تەۋەررۈك تەخت ئەمدى كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتتى .



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تارقان ۋە سانغۇنلار كۆل بىلگە قاغاننى شۇ ئالتۇن تەختىنىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ ئاق كىگىزدىن چۈشۈردى . ئاق ساقاللىق كۆل بىلگە قاغان سالماق قەدەملەر بىلەن كېلىپ تەختكە ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئوغلى بايانچۇر تېگىن ۋە ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى ئىنانچۇ تون باغا تارقان سەلتەنەت نىشانىسى بولغان بۇ ئالتۇن تەختنىڭ ئىككى يېنىغا ئۆتۈپ تۇردى .

لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان يالقۇنلىرى بۇ يېڭى قاغاننىڭ ئۇچىسىغا كىيىلگەن ساۋۇتنىڭ پولات قاسراقلىرىدا ئوت چاقنىتاتتى . شۇ تاپتا ئاق چاچلىرى شالاڭلاپ ، ئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بۇ تەخت ساھىبىنىڭ چىرايى ئالاھىدە ئۇلۇغۋار تۈس ئالغانىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## قەدىناسلار قايتا كۆرۈشتى

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى .

كۆل بىلگە قاغان خۇددى بۇرۇنقى كۆك تۈرك قاغانلىرىغا ئوخشاش ئۆتۈكەن تاغلىرىغا يېقىن جايغا ئۈچ چوڭ يېپەك چېدىر تىكتۈردى . ھەممىدىن چوڭراق بولغان ئوتتۇرىدىكى چېدىرنىڭ يېنىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق تىكلەندى . شۇ چېدىرنىڭ ئىچىگە غەنىيمەت ئېلىنغان ھېلىقى ئالتۇن تەخت قويۇلدى .

كۆل بىلگە قاغان شۇ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ ، ئوغلى بايانچۇر تېگىن بىلەن ئىنانچۇ تون باغا تارقاننى ئالدىغا چاقىرتتى .

— مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار ، — دېدى ئۇ تەخت ئالدىدىكى قېلىن ۋە يۇمشاق گىلەمدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان ئىككىيلەنگە قاراپ .

بايانچۇر تېگىن بىلەن باغا تارقان قاغانغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ باشلىرىنى ئەگدى .

— دېمەكچى بولغىنىم شۇكى ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى قاغان ، — ئوردا ئايغاقچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا ، بىزگە قوشۇلمىغان بىرقىسىم باسمىللار كۆنپېتىش تەرەپكە قېچىپ ، ھازىر بەشبالىق① دىيارىدا ماكانلىشىپتۇ . كۆك تۈركلەرنىڭ بىزگە قوشۇلمىغانلىرىمۇ شۇ تەرەپكە كەتتى . ئۇلار ھامان پاراكەندىچىلىك سالىدۇ . بىر كۈنى

---

① بەشبالىق — ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىنىڭ ئورنىدا بولغان شەھەر .

بولمسا بىر كۈنى كۈچ توپلاپ بىزگە قارشى ئاتلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشۇۋېلىشىغا يول قويماي، ئۆزىمىز يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى تولۇق بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك.

— توغرا! — دېدى بايانچۇر قەتئىيلىك بىلەن.

— دانا پىكىر، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى باغا تارقان.

كۆل بىلگە قاغان بۇ مەسىلىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپ، ئالتۇن تەخت ئۈستىدىن ئۇلار تەرەپكە سەل ئېڭىشىپ سۆزلىدى:

— مەن قېرىدىم، ئات ئۈستىدە ئۇزاق ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. شۇڭا، كۈنپېتىش تەرەپكە يۈرۈش قىلىدىغان زور قوشۇنغا ئوغلۇم بايانچۇر قوماندان بولسا دەيمەن.

— باش ئۈستىگە، قاغان ئاتا، — دېدى بايانچۇر تېگىن.

— خوپ، شۇنداق بولسۇن، — دەپ قوشۇلدى باغا تارقانمۇ.

قاغان ئۇلاردىن رازى بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئەمدى يەنە بىر گەپ بار، — دېدى ئۇ، — بايانچۇر كۈنپېتىش تەرەپلەرگە بېرىپ باقمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭغا كۆزى پىشقان، تەجرىبىلىك بىر يول باشلىغۇچى كېرەك. بۇ ئىشقا كىمنى تاللىساق بولار؟

— بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭ، بۈيۈك قاغانىم، — دېدى باغا تارقان، — بىزنىڭ بۇ يەردىكى قوشۇنىمىزدا بوتاسۇن بۇقا ئىسىملىك بىر كارۋانچى بار. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا كۆك تۈرك ئوردىسىنىڭ ۋە سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرىنى توشۇپ، چاڭئەن، لوياڭلاردىن تارتىپ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغىچە ھەممە يەرگە كۆپ قېتىم بارغان. شۇنى يول باشلىغۇچى قىلساق بولىدۇ.

— ئۇ ئىشەنچلىك ئادەممۇ؟ — قاغان سوئال نەزىرى بىلەن تارقانغا قارىدى.

— ئىشەنچلىك. كۆك تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن ئۇ بارلىق مال-مۈلكىنى، ھەتتا شۇنچە كۆپ ئات-ھارۋىلىرىنىمۇ

تاشلاپ ، خوتۇن ـ بالىسى بىلەن بىز تەرەپكە قېچىپ كەلگەن . شۇنىڭ-
دىن بۇيان ئۇ مېنىڭ قوشۇنۇمدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ . جەڭلەردە پىدا-
كارلىق ۋە باتۇرلۇقىنى كۆرسەتتى .

كۆل بىلگە قاغان بېشىنى لىڭشىتتى ۋە :

ــ ھىم ، ئەمىسە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي ، ــ دېدى .

ئىنانچۇ تون باغا تارقان چېدىردىن چىقىپ ، پاش بىر جەڭچىگە
بوتاسۇن بۇقىنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ئۇزاق ئۆتمەي بوتاسۇن
بۇقا كىرىپ ، چېدىر ئىچىدىكى ئۇلۇغلارغا تەزىم بەجا كەلتۈردى ، ئان-
دىن قاغاننىڭ ئىجازىتى بىلەن پەگادا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .

ــ سىنى كارۋانچىلىق قىلىپ كۆپ يەرلەرگە بارغان دەپ ئاڭلى-
دىم ، ــ دېدى قاغان ئۇنىڭغا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ .

ــ شۇنداق ، بۈيۈك قاغانىم .

ــ ئالتاي تەرەپلەرگىمۇ بارغانمۇ سەن ؟

ــ شۇنداق ، بۈيۈك قاغانىم . ئۇنىڭ نېرىسىدىكى يەرلەرگىمۇ
بارغان .

ــ ئوغلۇم بايانچۇر تېگىن شۇ ياقلارغا قوشۇن تارتىپ بارماقچى .
سەن ئۇنىڭغا يول باشلىغۇچى بولالامسەن ؟

ــ باش ئۈستىگە ، بۈيۈك قاغانىم . بايانچۇر تېگىنگە جان پىدا-
لىق بىلەن خىزمەت قىلىمەن .

قاغان ئۇنىڭغا تېخىچە سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ ،
بىردەم سۈكۈت قىلدى .

ــ سېنىڭ قانداق تەلەپلىرىڭ بار ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ .

ــ ھېچقانداق تەلىپىم يوق .

ــ ماڭا دەيدىغان گەپ ـ سۆزلىرىڭمۇ يوقمۇ ؟

ئەمدى بوتاسۇن بۇقا گەپ قىلالماي بىر پەس جىمىپ قالدى .

ــ قانداق گېپىڭ بولسا تارتىنماي سۆزلەۋەر ، ــ دېدى قاغان
ئۇنىڭ بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ .

ــ ئۇزاقتىن بېرى بۈيۈك قاغانىم بىلەن كۆرۈشۈپ ، كۆڭلۈم-

دىكى بىر گەپنى دەپ بېقىشنى ئويلاپ يۈرگەنىدىم، — دېدى بوتاسۇن بۇقا.

— سۆزلە.

— سۆزۈم شۇكى، — بوتاسۇن بۇقا سەل قورۇنۇپ سۆزىنى قانداق باشلاشنى بىلمەي قالدى، — دېمەكچىمەنكى ... ھە، مەن دانىشمەن ۋەزىر ئەمەس، ئوردا ئەمەلدارى ئەمەس ... لېكىن شۇنداقتىمۇ، خانلىقىمىزغا پايدىسى بولامدىكىن دەپ بىر مەسلىھەت بېرىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم ...

— ياخشى گەپ، دادىل سۆزلە.

— مەن ئويلايمەنكى، بىزمۇ تابىغاچلارغا ئوخشاش سېپىل سوقۇپ، شەھەر بىنا قىلغان بولساق ياخشى بولاتتى.

قاغان بۇ ھارۋىكەشنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىشىنى زادى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ قالدى.

— نېمە؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — شەھەر دەمسىنا؟ شەھەرنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى؟

— شەھەرنىڭ پايدىسى كۆپ، بۈيۈك قاغانىم. شەھەر ئېگىز ھەم مۇستەھكەم سېپىللار بىلەن قورشالغان بولغاچقا، دۈشمەنلەر خالىغانچە ئۇسۇپ كىرەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۇياقتىن بۇياققا كۆچۈپ يۈرمەي، ئىسسىق ئۆيلەردە ياشايدىغان بولىدۇ. ھۈنەرۋەن، سودىگەرلەر دۇكان ئېچىپ، تۇرمۇش ئاۋاتلىشىدۇ. شەھەر ئىچىدە ھەم شەھەر سىرتىدا باغۋەنچىلىك، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرساق يېمەك-ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان بولىمىز.

— قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنسەن، — دېدى قاغان ۋە كۈلۈپ كەتتى، — بىز سېپىل سوقمىساقمۇ قايسى دۈشمەن بىزگە تەڭ كېلەلەيدۇ؟ تار ئۆيلەردە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياشىغاندىن كۆرە، كەڭ يايلاقلاردا ئات چاپتۇرۇپ ياشىغان ياخشى ئەمەسمۇ! تاغ-دالالاردا كۆچۈپ يۈرگەنىنىڭ نېمە يامىنى بار؟ ھۈنەرۋەنلىرىمىز دالالاردا يۈرۈپمۇ

www.uyghurkitap.com

قىلىچ ـ نەيزىلەرنى ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلارنى ياساۋاتىدىغۇ . سوغدى سودىگەرلەر بىز نەدە بولساق ، كەينىمىزدىن ئىزلەپ بېرىپ ماللىرىنى سېتىۋاتىدىغۇ . بىز گۆش يەيمىز ، سۈت ـ قىمىز ئىچىمىز ، كۆكتات ، مېۋىلەرنى ئازراق يېسەك نېمە بوپتۇ ؟ ياق ، بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى ، ھارۋىكەش . بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمە .

بوتاسۇن بۇقىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى .

— خوپ ، بۈيۈك قاغانىم ، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا .

— لېكىن ، گەپلىرىڭىزدىن قارىغاندا سەممىي ئادەم ئىكەنسەن ، — دېدى قاغان يەنە ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ، تەجرىبىلىك كارۋانچى ئىكەنسەن . شۇڭا ، دەرھال تەييارلىقىڭنى پۈتتۈر . بايانچۇر بىلەن يۈرۈشكە چىقىسەن .

— باش ئۈستىگە ، بۈيۈك قاغانىم .

× × ×

بايانچۇر تېگىن قوماندانلىقىدىكى ئون مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ كەڭ دالادا كېتىۋاتقىنىغا يەتتە ـ سەككىز كۈن بولۇپ قالغانىدى . ياز كۈنلىرى كېلىپ قالغان بولۇپ ، يايلاقلاردا ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسۈپ كەتكەنىدى . كۈنلەر ئۇزارغان ، ھاۋا تېخى ئانچە قىزىپ كەتمىگەن چاغلار بولغاچقا ، قوشۇننىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى تېز بولماقتا ئىدى .

بوتاسۇن بۇقا قوشۇننىڭ ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭغا بۇ كارۋان يوللىرىدىكى ھەممە تاغ ـ دەريالار ، ھەربىر ئوي ـ دۆڭمۇ ئوبداق تونۇشلۇق ئىدى . ئۇ ئۆزىمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن سەپەرلەردە يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ ئىلگىرى كۆك تۈرك ئوردىسىنىڭ ، سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ۋە يەنە باشقا تائىپە كىشىلىرىنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى ئۇياق ـ بۇياقلارغا توشۇپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . ئاشۇ داڭقى چىققان ھارۋىكەش مانا ئەمدى ئۆز قوشۇنىغا ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇ-

نىغا يول باشلاپ كېتىۋاتماقتا. شۇنى ئويلىسا، بوتاسۇن بۇقا پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ، كۆڭلى يايراپ كېتەتتى.

«يەنە ئىككى-ئۈچ يىلدىن كېيىن ئوغلۇم قۇتادمىشنى سەپەر ۋە يۈرۈشلەرگە بىللە ئېلىپ چىقىپ، كارۋانچىلىق كەسپىنى ئۆگىتىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇنىڭغا ھەر قايسى تائىپىلەر ياشايدىغان يەرلەرنى، چۆللەرنى ۋە بوستانلىقلارنى، شەھەرلەرنى ۋە يېزا-قىشلاقلارنى كۆرسىتىمەن. ئۇمۇ بۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكىنى كۆرۈپ ئەقىل تاپسۇن.»

بوتاسۇن بۇقا ئوغلى قۇتادمىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. «ئەگەر مەن ئۆز ئۆمرۈمدە ئۇيغۇر يايلاقلىرىدا شەھەر قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرەلمىسەم، بۇ ئارزۇيۇمنى قۇتادمىشقا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرىمەن» دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە.

ھالبۇكى، قۇتادمىش تېخى كىچىك. بوتاسۇن بۇقىنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇن تۇغۇلغان ئىككى پەرزەنتىنى كۆك تەڭرى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى. پەقەت مۇشۇ قۇتادمىشلا ئەي بولۇپ، قاتارغا قوشۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بوتاسۇن بۇقا بۇ يالغۇز ئوغلىدىن دائىم ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. ئۇ ئۆيدە بولغان چاغلىرىدا قۇتادمىشنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. سىرتلارغا چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىرىدا ئايالىغا ئۇنى ياخشى بېقىشنى يېنىش-يېنىشلاپ تاپىلايتتى.

ئۇلار بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جان كۆك تۈركلەر ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ، توققۇز ئوغۇز قوشۇنىغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كۆيۈمچان ھارۋىكەش ئايالى بىلەن ئوغلىنى ئورخۇن دەرياسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى يىراق يەرلەرگە، يەنى كۆك تۈرك ۋە باسمىللارنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان سېلىنگا ۋادىسىغا كۆچۈرۈلگەن باشقا ئۇيغۇر ئائىلىلىرى توپىغا قوشۇپ قويدى. باسمىللار تارمار قىلىنغاندىن كېيىن قۇتادمىش ئانىسى بىلەن بىللە يەنە ئۆتۈكەن باغرىغا قايتىپ كېلىپ، ئاتىسى بىلەن جەم بولدى.

« مانا ئەمدى يەنە ئايرىلدۇق » دەپ ئويلىدى بوتاسۇن بۇقا يا- يانسىز دالادا كېتىۋېتىپ.

ئۇشتۇمتۇت ئالدى تەرەپتىكى دۆڭلۈكنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن بىر توپ چەۋەندازلار ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى.

— بىزنىڭ چارلىغۇچىلار، — دېدى بوتاسۇن بۇقىغا يانداشىپ كېلىۋاتقان بايانچۇر تېگىن ئالىقىنى بىلەن ئاپتاپنى توسۇغان ھالدا شۇ ياققا قاراپ.

چارلىغۇچىلار باشلىقى شەيتاندەك ئويناقلاپ تۇرغان غاز بويۇن ئارغىماق ئېتىنى بايانچۇر تېگىن بىلەن بوتاسۇن بۇقىنىڭ ئالدىدا توختاتتى.

— باسمىللار بىزگە تەسلىم بولۇپ بۇ ياققا كۆچۈپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇمات بەردى ئۇ.

بۇ بىر كۈتۈلمىگەن خەۋەر بولدى. بايانچۇر تېگىن باسمىللار بىلەن بۇنداق تېز ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئىلتەرىش قاغان قازا تېپىپ، ئۇنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدىكى باسمىللار ئۇيغۇرلارغا ئەل بولغاندىن كېيىن ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرەپلىرىدىكى باسمىللار تەڭرىتاغنىڭ غەربىي ئۇچى يېنىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كەتكەنىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى بوتاسۇن بۇقا بايانچۇر تېگىندىن، — ئۇلارنى مۇشۇ يەردە كۈتەمدۇق؟

— ياق، — دېدى تېگىن، — سەپەر ئۈستىدە توختاپ قېلىش ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارايلى.

قوشۇن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. قۇياش غەربكە قىيسىيىپ، ئۇپۇقنى قىزارتىشقا باشلىغان مەزگىلدە، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان باسمىللار كۆرۈندى. مىڭلىغان ئات - ئۇلاغ، قاتار تىزىلىپ ماڭغان ئېگىز چاقلىق كۆتەك ھارۋىلار ... قىلىچ ئاسقان، نەيزە تۇتقان ياش جەڭچىلەر ئاتلارغا مىنىشكەن، بوۋاي - مومايلار، ئايال‍لار ۋە بال‍لار ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشقان.

باسمىللار ئۇيغۇر قوشۇنىغا يېقىن كەلگەندىن كېيىن توختىدى . توققۇز نەپەر ئاقساقال هارۋىلاردىن چۈشۈپ ، بايانچۇر تېگىننىڭ ئالدىغا كەلدى . توققۇز ئادەمنىڭ كەلگەنلىكى قارشى تەرەپكە كۆرسىتىلگەن ئەڭ ئالىي هۆرمەت ئىپادىسى ئىدى .

— جىن ـ ئالۋاستىلار بىزنى ئازدۇرۇپتۇ . گۇناهىمىزنى تونۇدۇق ، — دېدى ئۇلارنىڭ چوڭى تىزلىنىپ ۋە باش ئېگىپ ، — بىز ئەمدى سىلەرگە ئەل بولىمىز ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سادىق پۇقرالىرى بولىمىز :

— پاك روهلار سىلەرنى هەق يولغا باشلاپتۇ ، — دېدى بايانچۇر تېگىن ، — كۆل بىلگە قاغان سىلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ . ئۇنىڭ هۇزۇرىغا بېرىڭلار .

ئوتلاققا كىگىز ، گىلەملەر سېلىنىپ ، داستىخان تارتىلدى . قويلار سويۇلۇپ ، قازانلار ئېسىلدى . بايانچۇر تېگىن باسمىللارنىڭ چوڭلىرىنى مېهمان قىلدى ، ئۇلاردىن هال ـ ئەهۋال سورىدى .

باسمىللارنىڭ يولباشچىسى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى :

— بىز ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن چېكىنىپ ، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن بىزنىڭ ئاقساقىلىمىز بەشبالىق شەهرىگە ئورۇنلاشتى . لېكىن كۆپ ئۆتمەي بىزگە قارلۇقلار هۇجۇم قىلدى . بىزنىڭ ئاقساقال ئۆز جەمەتى ۋە يېقىنلىرىنى باشلاپ تابغاچلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى . بىز ئۇنىڭغا ئەگەشمەي ، بۇياققا قايتىپ كېلىشنى قارار قىلدۇق .

— مەرهابا ، قېرىنداشلار ، مەرهابا ، — دېدى بايانچۇر تېگىن خۇشال بولۇپ ۋە ئۇلارنى مەي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى .

شۇنداق قىلىپ ، بايانچۇر تېگىن قوشۇنى بىلەن باسمىللار بۇ كەڭ دالادا بىرلىكتە بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەتىسى تاڭ سەهەردە خوشلىشىپ ، هەر قايسىسى ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى : باسمىللار ئۆتۈكەن تەرەپكە ، ئۇيغۇرلار داۋاملىق غەربكە .

— باسمىللارنىڭ ئىشى تىنچلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدى ،

ئەمدى نەگە بارىمىز ؟ ــ دەپ سورىدى بوتاسۇن بۇقا ئات ئۈستىدە يا
يانچۇر تېگىنگە ياندىشىپ كېتىۋېتىپ .
ــ ئەمدى ئالتايدىكى كۆك تۈركلەرگە يۈرۈش قىلىمىز ، ــ دەپ
جاۋاب بەردى تېگىن .
ــ ھە ، ئۇنداق بولسا ، شىمال تەرەپكىرەك بۇرۇلۇپ ، ئەنە ئاۋۇ
ئېدىرلارنى كېسىپ ئۆتەيلى .
قوشۇن ئالتاي دىيارىغا يېقىنلاشقانسېرى ، ياز قۇياشى كۆيدۈرۈپ
تۇرغان ئىسسىق دالا ھاۋاسىغا سالقىن تاغ ھاۋاسى سىڭىپ كىرىشكە
باشلىدى . ھەر ئىككى كۈندە دېگۈدەك ھاۋا گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چې-
قىپ ، شارىلداپ يامغۇر يېغىپ كېتەتتى . لېكىن ، تاغلىق جايلاردا بولى-
دىغان بۇنداق يېغىنلار تېز باشلىنىپ ، تېز توختايتتى - دە ، بىردەمدىلا
ئاسماننىڭ تىنىق كۆك يۈزى ئېچىلىپ ، قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى گۈل
ۋە يـاپـراقلاردىكى شەبنەملەردە خۇددى ھېكمەتلىك جاۋاھىرلاردەك چاق-
نـاپ ، يايلاقنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە دىللارنى مەھلىيا قىلىدىغان يېڭى
گۈزەللىك بەخش ئېتەتتى .
بوتاسۇن بۇقا ئۆزىگە باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ خۇددى ئاي ۋە
كۈندەك تونۇشلۇق بولغان بۇ دالا مەنزىرىسىگە قاراپ كېتىۋېتىپ ، ئىخ-
تىيارسىز تۈردە ئۆزىنىڭ كىچىككىدىن بىللە ئويناپ ئۆسكەن قەدىناس
بـۇرادىرى ئىنەچۇك تاينى ئەسلەپ قالاتتى . « ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمى-
گەنگە توپتوغرا ئىككى يىل بولۇپ قاپتۇ . ئۇ ھازىر ھاياتمىدۇ ؟ ھايات
بولسا نەلەردە يۈرىدىغاندۇ ؟ كۆك تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن
كۆك تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلدى ، ئاز بىر
قـىسمى سەددىچىن سېپىلىدىن كىرىپ ، تابغاچلار ياشايدىغان يەرلەرگە
كۆچۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ يەنە خېلى زور بىر قىسمى ئالتاي ئەتراپلىرىغا
كېتىپ قالدى . ئىنەچۇك تاي ئۇيغۇرلارغا ئەل بولغان كۆك تۈركلەرنىڭ
ئىچىدىن تېپىلمىدى . بوتاسۇن بۇقا ئۇنى كۆپ ئىزلىدى ، كۆپ سۈ-
رۈشتۈردى ، لېكىن ھېچ يەردىن ۋە ھېچكىمدىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالال-
مىدى . دېمەك ، ئۇ بىر بولسا تابغاچلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى ، يەنە بىر

بولسا هازىر ئالتايدا ، ئەگەر ئۆلۈپ كەتمىگەنلا بولسا ...
بوتاسۇن بۇقا ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولاتتى . « شۇنداق قىلىپ ، بىز ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەن بولۇپ قالدۇقمۇ ؟ — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى ، — مۇبادا ئۇ هازىر ئالتايدىكى تۈركلەرنىڭ ئىچىدە بولسا ، بىز بىلەن يەنە سوقۇشامدۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئۇچرىشىپ قالسام قانداق قىلىشىم كېرەك ؟ دوستلۇقىمىزنىڭ يۈز - خاتىرىنى قىلىپ ئۇنى ئاياپ قويۇشۇم كېرەكمۇ ؟ ئۇ مېنى ئاياپ قويامدۇ ؟ ياق ، قانداقلا بولمىسۇن ، بۇ ئىشتا كۆڭۈلچەكلىك قىلىشقا بولمايدۇ . مەن ئۆز خانلىقىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كېتىۋاتىمەن . بۇ مۇقەددەس ئىش دەخلىسىزدۇر . ئۇ هەرقانداق شەخسىي دوستلۇق ، هەر قانداق ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مېھرىدىنمۇ ئۈستۈن » .
بوتاسۇن بۇقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرى ئېنىق ، ئىرادىسى مۇستەھكەم ئىدى . لېكىن ، ئىنەچۈك تايىنى ئويلىسىلا ، كۆڭلى يېرىم بولاتتى . ھەي تەقدىر ! ئادەمنىڭ تەقدىرى نېمىدېگەن مۇرەككەپ !
— قاراڭلار ، چارلىغۇچىلار قايتىپ كەلدى ، — بىر جەڭچىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىشى بوتاسۇن بۇقىنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى .
— ئالدىمىزدىكى تاغدا قارلۇقلار بار ئىكەن ، — دەپ مەلۇمات بەردى چارلىغۇچىلار باشلىقى بايانچۇر تېگىننىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ .
— ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈڭلارمۇ ؟ — سورىدى بايانچۇر .
— كۆرۈشتۇق . ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ .
تېگىن قوشۇننى دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى . شۇ ئەسنادا قارلۇقلارنىڭ ئۈچ نەپەر ۋەكىلىمۇ ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ يېتىپ كەلدى . بايانچۇر ئاتتىن چۈشۈپ ، ئۇلار بىلەن سالاملاشتى . قارلۇقلار ئوتلاقتا سېلىنغان گېلەمگە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ چوڭى سۆزىنى باشلىدى :
— كۆك تۈركلەر بۇ ئەتراپقا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاقسا-

قاللىرى بولمىش بىلەن بىرلىكتە بەشبالىق شەھىرىگە ئورۇنلاشتى. ئۇلار بۇ ئەتراپتىكى ئورۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ تۆرىلىرىنى يىغىنغا چاقىرىپ، ئۇيغۇر ـ قارلۇقلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشنى چاقىرىق قىلدى. بىر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدۇق. بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئالتايدىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر ۋە بەشبالىقنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئۇلار بىلەن بىرلىشىۋالدى. شۇڭا، ئەھۋال مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

ــ ئۇنداق بولسا، بىزمۇ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلايلى، ــ دېدى بايانچۇر تېگىن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن قارلۇق قوشۇنى ئالتاي تاغلىرىنى يانداپ ئۆتۈپ، بەشبالىق شەھىرىگە ئىككى ياندىن قىستاپ ھۇجۇم قىلدى. بىرىنچى قېتىملىق جەڭدىن كېيىن ئالتايلىق ئورۇق ـ قەبىلىلەر كۆك تۈركلەردىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆز ئاۋۇللىرىغا قايتىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىملىق جەڭدە كۆك تۈركلەر قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بولمىش قاغان جەڭدە ئۆلدى. بارلىق كۆك تۈركلەر شەھەرنى تاشلاپ قاچتى.

كۆك تۈركلەر گەرچە قېچىۋاتقان بولسىمۇ، ئىنتايىن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار ئۇچقۇر ئارغىماقلارغا مىنگەن زەرىبدار قىسىملىرىنى چىقىرىپ، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ چېكىنىش يوللىرىنى قوغدايتتى. ئۇيغۇر ۋە قارلۇق قوشۇنلىرىغا ھېلى ئۇياقتىن، ھېلى بۇياقتىن ھۇجۇم قىلىپ، قارشى تەرەپ قوغلىسا، يەنە دەرھال تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كېتىپ، قوغلىغۇچىلارنى خېلى ئاۋارە قىلدى. كۆك تۈركلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭى ئۇچىنچى كۈنگە قەدەم قويغاندا، قارلۇقلار ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان ئالتاي ئەتراپىدىكى جايلاردىن يىراقلاپ كېتىشنى خالىماي كەينىگە يېنىپ كەتتى.

بايانچۇر تېگىننىڭ قوشۇنى قوغلاپ زەربە بېرىشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن، كۆك تۈركلەرنىڭ قېچىشى بارغانسېرى تېزلىشىپ، ئۇلارنى قوغلاپ يېتىش تەس بولۇپ قالدى. بۇ چەكسىز چۆللەر، ھې-

سابىسىز ئېدىرلار ۋە چوڭ - كىچىك تاغلار ئارىسىدا ئۆلارنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىنى، قايسى تەرەپكە ماڭغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار جەڭ بولۇپ بەشىنچى كۈنىگە كەلگەندە بەئەينى چۆلدىكى ئېرىتقۇلاردەك جىمجىتلا غايىب بولدى.

بايانچۇر تېگىن قىلىچىنى زەردى بىلەن قىنىغا سېلىپ، ئەلەملىك ئاھاڭدا خىتاب قىلدى:

— ھەي ئىسىت! ئاخىر تۇتالمىدۇق - تە!

ئۇيغۇر قوشۇنى كەينىگە ياندى.

— ئەمدى نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى بوتاسۇن بۇقا.

— ئامال يوق، ئەمدى قايتىمىز. ئۆتۈكەنگە، — دەپ جاۋاب بەردى تېگىن، — لېكىن ئالدى بىلەن بەشبالىقتا بىر نەچچە كۈن دەم ئالايلى.

قوشۇن بەشبالىقنىڭ ئۆزىگە كىرمىدى، بەلكى كۆچمەن خەلق-لەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا چېدىر تى-كىپ ئورۇنلاشتى. شەھەر ئىچىگە پەقەت ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىك-لەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشتى. شۇ تەرىقىدە ئۈچ كۈن ئۆتتى. جەڭچىلەر ئاتلىرىنى ئوبدان ئوتلىتىپ، يۇيۇپ - تاراپ، ئۆزلىرىمۇ ھاردۇق چىقىرىپ، قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىشقا تەييار بولۇشتى.

بايانچۇر تېگىن قول ئاستىدىكى مەسئۇلىيەتچىلەرنى يىغىپ باش قوشتى.

— ئەتە سەھەردە يولغا چىقايلى، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن بار-لىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ تەخ بولۇڭلار.

— باش ئۈستىگە، — مەسئۇلىيەتچىلەر تېگىنگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئۆز قىسىملىرىغا تارقىلىپ كېتىشتى.

شۇ ئەسنادا بىر چارلىغۇچى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلدى - دە، قولى بىلەن شەرقىي جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىپ مەلۇمات بەردى:

— بايانچۇر تېگىنگە مەلۇم بولسۇنكى، ئاۋۇ تەرەپتىن بىر بۆلۈك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆك تۆركلەر كېلىۋاتىدۇ.

— كۆك تۆركلەر؟ — بايانچۇر تېگىن دەرهال ياندۇرۇپ سورىدى، — قانچىلىك ئادەم؟ قانداق كېلىۋاتىدۇ؟

— ئادەم سانى ئىككى - ئۈچ مىڭغا يېتىدۇ. بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى هارۋىلاردا، ئاياللار - بالىلارمۇ، قېرى - چۆرىلەرمۇ بار. ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنغا ئوخشىمايدۇ.

بايانچۇر مىڭبېشىلاردىن بىرىنى چاقىرىپ، كېلىۋاتقان كۆك تۆركلەرنىڭ ئالدىغا چىقىشقا بۇيرۇدى.

هايال بولماي شۇ كۆك تۆركلەر ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلدى. دېگەندەك، بۇلارنى ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇن دېگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش بىجىرىم جەڭچىلەرمۇ، ئەمەلدار سۇپەت ئاقساقاللارمۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن هېچقانداق جەڭگىۋارلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئادەملەرنىڭ هەرىكىتى سۇس، چىرايلىرى سولغۇن، ئات - ئۇلاغلىرى ئورۇقلاپ هالى قالمىغان، هەتتا هارۋىلىرىمۇ كونىراپ ئەبجىقى چىقىشقا باشلىغان...

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مويسىپىت ئاپئاق ساقىلىنى تىترىتىپ ۋە هاسا تايىقىغا تايىنىپ هارۋىدىن چۈشتى - دە، بايانچۇر تېگىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى.

— سىلەرگە ئەل بولايلى دەپ قايتىپ كەلدۇق، — دېدى ئۇ، — گۇناهىمىزدىن ئۆتۈپ، بىزنى قوبۇل قىلغايسىلەر. يۇرت - ماكانىمىزدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇشنى خالىمايمىز. كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن يەرلەرنى سېغىندۇق.

بايانچۇر تېگىن مويسىپىتنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۆز چېدىرىغا تەكلىپ قىلدى. تېگىن چېدىرغا كىرىپ كېتىۋاتقاچ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى:

— مېهمانلارنى ئوبداق كۈتۈڭلار، قورسىقىنى تويغۇزۇڭلار.

قوي، قوتازلار بوغۇزلاندى. تاش ئوچاقلارغا ئوت يېقىلىپ،

داش قازانلار ئېسىلدى . كۆك تۇركلەرمۇ ئات ـ هارۋىلىرىدىن چۈشۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلىرىنى تىكىشكە باشلىدى .

بـوتاسۇن بۇقا كۆك تۇركلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن سوراشتۇرغىلى تۇردى :

ـــ ئىنەچۇك تاينى تونۇمسىلەر ؟ ئاراڭلاردا ئىنەچۇك تاي ئىسمـ لىك ئادەم بارمۇ ؟

ـــ بار ، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭغا هارۋىدىن يۈك ـ تاقلـ رىنى چۈشۈرۈۋاتقان بىر ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ۋە قولى بىلەن نېرىقى بىر چەتنى كۆرسەتتى ، ـــ ئەنە ئاۋۇ يەردە .

بوتاسۇن بۇقا ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە ماڭدى .

يان ياغاچلىرى سۇنۇپ كەتكەن بىر كونا هارۋىنىڭ يېنىغا چەتـ لىرى تىتىلىپ ، كىرلىشىپ كەتكەن تەگلىمات سېلىنغان بولۇپ ، ئىنەـ چـۇك تاي شۇ تەگلىمات ئۈستىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى . ئۇـ نـىڭ ئايالى هارۋىدىن بوپا ـ تۇگۇنلىرىنى چۈشۈرۈۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ قىزى ئادارقىز تېخى هارۋىدىن چۈشمىگەنىدى .

بوتاسۇن بۇقا نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى بۇ قەدىناس بۇرادەرلـ رىـنى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا بولغانىدى . ئەمدى ئۇنى ئۆز ئالدىدا كۆرگەندە ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ، بىر ئەسناغىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى . شۇ ئارىدا ئىنەچۇك تاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى كۆردى . ئۇمۇ ئوخشاشلا زوۋان سۇرمەستىن ، غەمكىن كۆزلىرى بىلەن بوتاسۇن بۇقىغا تىكىلىپ قارىدى .

ـــ قۇت بولسۇن[1] ، ئىنەچۇك تاي ، ـــ دېدى بوتاسۇن بۇقا ئۇـ نىڭغا بېشىنى ئېگىپ ، ئاندىن هارۋا تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئايالى ۋە قىزىغىمۇ ئېگىلدى ، ـــ سىلەرگىمۇ قۇت بولسۇن ، قېرىنداشلار.

ئىنەچۇك تاينىڭ ئايالى خۇددى ئۇۋۇچىنىڭ قولىغا چۈشكەن كېـ يىكتەك قورقۇپ كەتكەن قىياپەتتە ئۆز ئائىلىسىنىڭ كونا دوستىغا قاراپ

---

① قۇت بولسۇن ـــ قەدىمكى تۇركىي تىللاردا « بەخت يار بولسۇن » دېگەن مەنىدە .

گەپ قىلماقچى بولدىيۇ ، ھېچنېمە دېيەلمەي كۆلۈمسىرەشكە تىرىشىپ ، يېپەك رومال چىگىلگەن بېشىنى ئىتتىك ـ ئىتتىك لىڭشىتىپ قويدى ، ئادارقىز بولسا ، ئەكسىچە شادلىنىپ :

— بوتاسۇن تاغا ! — دەپ توۋلىدى ۋە ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى .

— پاھ ، مېنىڭ قىزىم چوڭ بولۇپ كېتىپتىغۇ ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ۋە ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ، ماڭلىيىغا سۆيۈپ قويدى .

ئىنەچۈك تاي قولاشمىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن ئورنىدىن تەستە قوپتى .

— قۇت بولسۇن ، بوتاسۇن بۇقا .

ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ، ئاندىن تەگلىماتقا ئولتۇرۇشتى .

— ھەر نېمە بولسا ئامان ـ ئېسەن تۇرۇپسىلەر ، ساق ـ سالامەت كۆرۈشتۇق ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا .

— شۇنداق ، — دېدى ئىنەچۈك تاي ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى ، — ئۆي ئىچىڭ تىنچلىقمۇ ؟ قۇتادمىش ياخشى تۇردىمۇ ؟

ئۇلار ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن يەنە جىمىپ قالدى .

— سىلەر ئاخىر يەڭدىڭلار ، — دېدى ئىنەچۈك تاي خورسىنغان ئاھاڭدا .

— « سىلەر » دېگىنىڭ نېمىسى ؟ — دېدى بوتاسۇن بۇقا ، — بىز ھەممىمىز تاغ ۋە يايلاقلاردا بىللە ياشاپ ئۆتكەن خەلققۇ . ھۆكۈمدارلار ئالماشتى شۇ . بۇ گەپنى قويۇپ ، ئۆزۈڭلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسەڭچۇ . قانداق بولۇپ بۇياققا قايتىپ كەلدىڭلار ؟ باشقىلار قاياققا كەتتى ؟

— ماقۇل سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى ئىنەچۈك تاي يەنە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ ، — بولمىش قاغان ئۆلگەندىن كېيىن چوڭلىرىمىزنىڭ ئى-

چىدە پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلدى . بەزىلەر ئۇرۇشنى توختىتىپ ، ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەل بولۇشنى لايىق تاپتى . يەنە بەزىلەر تابغاچلارغا ئەل بولۇشنى ، كېيىن قايتا كۈچ توپلاپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى . ئاقساقاللار تالاش - تارتىش قىلىپ ، ئاخىر تابغاچلارغا ئەل بولۇش قارارىغا كېلىشتى . مەن بەك قىينالدىم ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلەردىن زادى كەتكۈم كەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ماڭا ئوخشاش كۆز قاراشتىكىلەر بىرلىشىپ قايتىپ كەلدۇق .

— ياخشى قىپسىلەر ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ، — يەنە ئۆزىمىزنىڭ ئورخۇن بويلىرىدىكى ياىلاقلىرىمىزغا قايتىپ بېرىپ بىللە ياشايمىز .

بۇ چاغدا ئادارقىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ، تەڭلىماتقا تىزلىنىپ ئولتۇردى .

— بوتاسۇن تاغا ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ زىل ۋە جاراڭلىق ئاۋازىدا ، — قۇتادمىش ئاكام نەدە ؟ ئۇ سىز بىلەن بۇ يەرگە كەلمىدىمۇ ؟

بوتاسۇن بۇقا ئۇنىڭ چۈچۈك سۆزلىرىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كەتتى .

— ياق ، ئۇ بۇ يەرگە كەلمىدى . ئۇنى كۆرگۈڭىز كەلدىمۇ ، ئاپئاق قىزىم ؟

— ھەئە ، بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى .

ئىنەچۈك ئاپىنىڭ ئايالىمۇ ئەمدى بوپتا - تۈگۈنلىرىنى قويۇپ ، ئۇلارغا يېقىن كەلدى . ئۇنىڭ بايىقى ھودۇقۇشلىرى بېسىلغانىدى .

— ئادارقىز دائىم قۇتادمىشنىڭ گېپىنى قىلىدۇ ، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ ، — ئۇ دائىم « قۇتادمىش ئاكاملار نېمە ئۈچۈن بۇ ياققا كەلمەيدۇ ؟ بىز قاچان قۇتادمىش ئاكاملارنىڭ يېنىغا كېتىمىز ؟ » دەپلا يۈرىدۇ .

— مانا ئەمدى قۇتادمىش ئاكىڭىزنىڭ يېنىغا بارىمىز ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا قىزچاقنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، — سىلەر يەنە بۇرۇنقىدەك بىللە ئويناپدىغان بولىسىلەر .

ئادارقىز خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىپ كەتتى . ئاندىن ئۇ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە يەنە هارۋىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەكلەرنى يىغىشتۇرغىلى ماڭدى .

ــ قارا ، ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى ، ــ دېدى بوتا-سۇن بۇقا .

ــ شۇنداق ، ــ دەپ قويدى ئىنەچۈك تاي .

ــ بىز قۇدا بولۇشقا كېلىشكەن ، ئۇنتۇمىغانسەن ؟

ــ ئەلۋەتتە ، ئۇنتۇمىدىم .

ئۇلار ئىككىسى شوخ ، جۇشقۇن كۈلۈشۈپ كەتتى .

ئەتىسى سەھەردە بايانچۇر تېگىنىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئەل بولغان كۆك تۈركلەر بىرلىكتە سەپەرگە چىقتى . هەيۋەتلىك ئۆتۈكەن تاغلىرى ، تىنىق ئورخۇن ، تۇغلا ، سېلېنگا دەريالىرى ، شۇنچە گۈزەل ، سۆيۈملۈك يايلاقلار كەڭ قۇچاق ئېچىپ ئۇلارنى كۈتمەكتە ئىدى .



www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

## ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان

ئاق ساقاللىق كۆل بىلگە قاغان بىتاپ بولۇپ يېتىپ قېلىپ ، قى-
شچە ئوڭشىلالمىدى . ئەتىياز كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئې-
غىرلىشىپ كەتتى . بايانچۇر تېگىن ، ئىنانچۇ تون باغا تارقان ۋە باشقا
يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ھەر تەرەپتىن ئىزلەپ يۈرۈپ ئۇيغۇر ،
تابغاچ ، سوغدى تېۋىپلىرىنى تېپىپ كېلىشتى ؛ باخشى ، پېرىخۇنلارنى
چاقىرىپ جىنلارنى قوغلاش ، مۇقەددەس روھلاردىن شىپالىق تىلەش
ئۇدۇملىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتى . ئەمما ، قاغاننىڭ ئەھۋالى كۈندىن -
كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋەردى . قار - مۇزلار ئېرىپ ، ھاۋا ئىللىپ قالغان
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ خاس مەھرىمىنى يېنىغا چاقىردى .

— تېز بېرىپ باغا تارقانغا خەۋەر قىل ، توققۇز بۇيرۇقنىڭ ①
ھەممىسى كەلسۇن ... بايانچۇرمۇ كەلسۇن ، — دېدى ئۇ .

بايانچۇر تېگىن كېچىچە ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولۇپ ، تاڭ
ئاتقاندا ئۆز چېدىرىغا چىقىپ ئۇخلاپ قالغانىدى . مەھرەم ئۇنى ئويغى-
تىپ ، قاغان ئەمرىنى ئاگلاتقاندىن كېيىن ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇردى -
دە ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قاغان چېدىرىغا كىردى . كۆل بىلگە
قاغان ئورۇقلاپ ، قاقشال بولۇپ قالغان قولىنى ئاران مىدىرلىتىپ ، ئۇ-
نىڭغا يېقىن كېلىشنى ئىشارەت قىلدى . بايانچۇر تېگىن گېلەمگە ئاستا
دەسسەپ كېلىپ ، ئاتىسى ياتقان كاتنىڭ چېتىگە ئولتۇردى . ئۇنىڭغىچە
ئىنانچۇ تون باغا تارقان باشلىق توققۇز بۇيرۇق قاغان چېدىرىغا

① بۇيرۇق — ۋەزىر ( قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ) .

www.uyghurkitap.com

كىرىپ، گېلەم ئۈستىگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

كۆل بىلگە قاغان مەھرەم ۋە ئوغلى بايانچۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاستا قوزغىلىپ، توزغاق بىلەن چىك تولدۇرۇلغان يوغان مەخمەل تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى ئۇ زەئىپلەشكەن ئاۋازى بىلەن، — ئەرۋاھلار مېنى چاقىرىپ كەلدى ... چۈشۈمدە كۆردۈم. ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى. تېنىم قوڭغۇر يەردە چىرىپ تۈگەيدۇ، روھىم ئەرشكە چىقىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك روھلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. روھىم تېنىمدىن ئايرىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغلۇم بايانچۇر مېنىڭ ئورنۇمدا قاغان بولسۇن. ئەي دانىشمەن بۇيرۇقلىرىم، ئۇنى قەدىرلەڭلار، ئىززەتلەڭلار. ئۇنى ئاق كىگىزدە كۆتۈرۈپ، ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇزۇڭلار.

— باش ئۈستىگە، — دەپ جاۋاب بېرىشتى بۇيرۇقلار، — ھۆكۈمدارىمىز كۆل بىلگە قاغاننىڭ ۋەسىيىتىنى ئەينەن ئىجرا قىلىمىز.

كۆل بىلگە قاغان ئۆز ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغان بۇيرۇقلارغا بىرقۇر قاراپ چىقىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قۇلاق سېلىڭلار، سىلەر مەن بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىسسىقتىمۇ، سوغۇقتىمۇ بىللە بولدۇڭلار، جەڭ مەيدانلىرىدا باھادىر سانغۇن، ئەلنى سوراش ئىشلىرىدا دانىشمەن مەسلىھەتچى بولدۇڭلار. بايانچۇر قاغان بولغاندىن كېيىن سىلەر داۋاملىق بۇيرۇق بولىسىلەر. ئىنانچۇ تون باغا تارقان يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇلۇغ بۇيرۇق① بولسۇن. ئۇنى قەدىرلەڭلار، ئىززەتلەڭلار. سىلەر ئىتتىپاق بولساڭلار، خانلىقىمىز روناق تاپىدۇ.

بۇيرۇقلار بىر ئېغىزدىن قەسەم قىلىشتى:

— ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمىز، بۈيۈك ھۆكۈمدارىمىز. ئۆيۈلتاشتەك ئىتتىپاق بولۇپ، بايانچۇر تېگىننى قوغدايمىز! ئىنانچۇ تون باغا تارقاننى ئىززەتلەيمىز!

---

① ئۇلۇغ بۇيرۇق — باش ۋەزىر.

كۆل بىلگە قاغان «مېنىڭ دەيدىغانلىرىم تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ، يەنە كات ئۈستىگە ئاستا سوزۇلۇپ ياتتى.

— بولدى، ئەمدى قايتىڭلار، — دېدى ئۇ تېخىمۇ بەكرەك زەئىپلەشكەن ئاۋازدا ۋە گويا خوشلىشىش ئىشارىسى قىلغاندەك بىر قولىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىتىپ قويدى.

بۇيرۇقلار ئېگىلگىنىچە چىقىپ كەتتى.

بۇ مىلادىيە 747 - يىلى بولغان ئىش. كەڭ يايلاقلار ئەمدىلا يېشىل رەڭگە كىرىشكە باشلىغان ئىللىق كۆكلەم كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تارىختا مەشھۇر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى كۆل بىلگە قاغان مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمۇپ، ئەسىرلەر مۇقەددەم ئەرشكە چىقىپ كەتكەن ئەجدادلىرىغا قوشۇلدى.

قاغانىنىڭ تۇرالغۇسى ماتەم قايغۇسىغا تولدى. كۆل بىلگە قاغانىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئوردىدىكى ئەمەلدار، مەھرەملەر ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغلاشتى. ئات، كالا، قويلار بوغۇزلىنىپ، نەزىر قىلىندى ۋە قاغانىنىڭ جەستى ياتقۇزۇلغان ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئەتراپىغا تىزىپ قويۇلدى. شامان ۋە باخشىلار گۈلخانلار ئەتراپىدا پىرە ئويناپ، داپ - دۇمباقلىرىنى داراڭلىتىپ، جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاشتى، پاك روھلارنى چاقىرىشتى.

شۇ تەرىقىدە يەتتە كۈن ئۆتكەندە بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقان كۆل بىلگە قاغاننى ئاق كىگىز بىلەن كۆتۈرۈپ، يوغان ياغاچ ساندۇققا ياتقۇزۇشتى. توققۇز بۇيرۇق مېيىت ساندۇقىنى مۈرىلىرىگە ئېلىپ كۆتۈرۈشتى.

كەڭ تۈزلەڭلىكتە خېلى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر دۆڭ بولۇپ، يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. دۆڭنىڭ چوققىسىغا گۆر كولانغانىدى. شامانىنىڭ يول باشلىشى بىلەن توققۇز بۇيرۇق مېيىت ساندۇقىنى شۇ چوققىغا ئېلىپ چىقىشتى. مېيىتنى ئۇزاتقۇچىلار كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، داد - پەرياد سېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۆپىلىشىپ كېلىشتى. ھازىدارلارنىڭ يىغىسى، شامان

ۋە باخشىلارنىڭ زىكىر سوقۇشى ۋە دۇمباق سادالىرى ئىچىدە مېيىت ساندۇقى گۆرگە چۈشۈرۈلۈپ، قولمۇقول كۆمۈلدى، قەبرە تۈرگۈزۈلدى. قەبرە ئەتراپىغا ئادەم شەكلىگە كەلتۈرۈپ يونۇپ ياسالغان بىر نەچچە تاش بالبال① تىك قىلىپ ئورنىتىلدى.

يەتتە كۈن ھازا تۇتۇلغاندىن كېيىن مەرھۇم قاغاننىڭ ئۆتۈكەن باغرىدىكى قارارگاھىدا ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تۆرىلىرى جەم بولدى. شامان، باخشىلار تەكلىپ قىلىندى. گۈلخانلار يېقىلدى. توققۇز بۇيرۇق بايانچۇر تېگىننى ئاق كىگىزدە كۆتۈرۈپ، گۈلخان ئەتراپىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇردى. ئاندىن ئۇنى ئېگىز تىكلەنگەن بۆرە بايرىقىنىڭ يېنىدىكى ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇزدى. بايانچۇرنىڭ خانىشى تەختىنىڭ ئوڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى، ئۈچ ئوغلى سول تەرەپتىن ئورۇن ئالدى.

— بۈيۈك بايانچۇر قاغان قۇت بولسۇن! — دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان تەخت ئالدىدا تىز پۈكۈپ.

— قۇت بولسۇن! — توققۇز بۇيرۇق ئاۋاز قوشتى.

بايانچۇر ئۇچىسىغا قاغانلارغا خاس قىزىل تاۋار تون كىيگەنىدى. بېشىغا چىگىلگەن قىزىل تاۋار ياغلىقنىڭ تېگىدىن ئۇنىڭ ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى يەلكىلىرىگە چېچىلىپ تۇراتتى.

— قاغانلىق نام-ئاتىقىڭىزنى نېمە دەپ ئاتايمىز، بۈيۈك قاغانىم؟ — دەپ سورىدى باغا تارقان.

بايانچۇر ئالتۇن تەختتە قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ئالدىدا ئىتائەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشقان توققۇز بۇيرۇققا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئالىي ھۆكۈمدارلارغا خاس ئۇلۇغۋارلىق ۋە ھايات-ماماتلىق ئۇرۇشلاردا چېنىققان ئەزىمەتلەرگە خاس قەيسەرلىك ئالامەتلىرى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— بۈگۈندىن كېيىن مېنىڭ ھۆكۈمدارلىق نام-ئاتىقىم ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان دەپ ئاتالسۇن، بالىلىرىمنىڭ ئانىسى ئەل بىلگە

① بالبال — قەبرە ئالدىغا تىكلىنىدىغان تاش ھەيكەل.

قاتۇن① دەپ ئاتالسۇن ، ــــ دېدى ئۇ ھەممە ئادەم تولۇق ئاڭلىغۇدەك ياڭراق ئاۋازدا .

ھەممەيلەن قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى :

ــــ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان قۇت بولسۇن !

ــــ ئەل بىلگە قاتۇن قۇت بولسۇن !

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغىنىچە غالىبانە قىياپەتتە بىر قولىنى يۇقىرى كۆتۈردى . كۆپچىلىك جىم بولۇپ ، ئۇنىڭغا كۆز تىكتى . قاغان يەنە شۇنداقلا ئالاھىدە تەنتەنىلىك ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى :

ــــ كۆك تەڭرى بىزنى ئەزىز قىلدى ! كۆك بۆرە بىزنى غالىبلار يولىغا باشلىدى ! قۇياشتەك نۇرلۇق ئوماي ئانىمىز بىزنى بالا - قازادىن يىراق قىلدى ! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر بۇدۇنى② يوقالمايدۇ ، مەڭگۈ بۇدۇن بولۇپ ياشايدۇ . تۆپىمىزدە كۆك تەڭرى ، ئاستىمىزدا قوڭۇر يەر بىزنى قوللايدۇ .

كەڭ دالاغا كىگىزلەر سېلىنىپ ، داستىخان تارتىلدى . قاغان ، قاتۇن ۋە تېگىنلەر سورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى . ئاندىن باشقىلارمۇ داستىخاننى چۆرىدەپ ئورۇن ئېلىشتى . كۆپچىلىك بىرلىكتە ئوچۇق دالالاردا قاپقانغا چۈشكەن جەرەنلەر ، ئېگىز تاغ - ئورمانلاردا ئوۋلاپ كېلىنگەن بۇغا - ماراللارنىڭ گۆشلىرىنى ، دەريا - كۆللەردىن تۇتۇپ كېلىنگەن غاز - ئۆردەكلەرنىڭ كاۋاپلىرىنى يەپ ، چاڭئەن ، لوياڭلاردىن كەلتۈرۈلگەن ئېسىل شارابلارنى ئىچىشتى . شىر كەيپ بولغان جەڭچىلەر شوخ ، جۇشقۇن ناخشىلارنى ئېيتىشتى . نۇرلۇق كۆزلىرىدە سۆيگۈ ئوتى يېنىپ تۇرغان يىگىت - قىزلار بىر - بىرىنى تارتىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى ...

يېڭى قاغانىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمى مىسلىسىز شاد - خۇراملىق بايرام تۈسىنى ئالدى .

---

① قاتۇن ــــ خانىش ( قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ) .

② بۇدۇن ــــ خەلق ( قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× × ×

ئۆتـۈكەن تاغلىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى تەز دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا خۇددى كۆك تۈرك دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا بۈيۈك قاغاننىڭ يوغان ـ يوغان ئۈچ چېدىرى تىكىلگەنىدى . ھەر قايسى بۈيرۇقلارنىڭ چېدىرلىرى ۋە بىر قىسىم قارا بۇدۇنلارنىڭ① كىگىز ئۆيلىرىمۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بىردىن ـ ئىككىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇدۇم بويىچە بارلىق چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى كۈنچىقىش تەرەپكە قارىتىلغان بولۇپ ، ئىشىك بېشىغا بۇزكۇت قاناتلىرىنىڭ چوڭ پەيلىرى قاداپ قويۇلغانىدى . ئەتراپتىكى قويۇق ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان تۈزلەڭ ۋە ئېدىرلاردا ئات ۋە كاللار ئوتلاپ يۈرەتتى . بەزەن ئەركەكلەر ئاتلىرىنى مىنىپ ، ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈپ تۇراتتى . ئاياللار تاش ئوچاقلارغا ئېسىلغان قازان ۋە كورىلاردا غىزا تەييارلىماقتا ، كىچىك باللار موزايلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ ، ئىتلار بىلەن قوغلىشىپ ئويناشماقتا ئىدى .

بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئىككى مەھرەمنىڭ ھەمراھلىقىدا سول تەرەپتىكى چېدىردىن چىقىپ ، ئوتتۇردىكى ئەڭ چوڭ چېدىرغا كىردى ۋە ئىشىككە ئۇدۇل قويۇلغان ئالتۇن تەختكە ئولتۇردى .

— ئۈچ ئوغلۇمنىڭ ھەممىسى كىرسۇن ، — دېدى ئۇ بىر مەھرەمگە قاراپ .

— خوپ ، بۈيۈك قاغانىم .

— ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقانمۇ كىرسۇن ، — دېدى ئۇ يەنە بىر مەھرەمگە .

— خوپ ، بۈيۈك قاغانىم .

ھەر ئىككى مەھرەم چىقىپ كەتتى . ھايال بولماي چاقىرىلغانلار قاغان چېدىرىغا كىرىپ ، تەخت ئالدىدا تىز چۆكتى .

— ئولتۇرۇڭلار ، — دېدى قاغان قول ئىشارىسى بىلەن گېلەمنى

① قارا بۇدۇن — ئاۋام خەلق ( قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ) .

كۆرسىتىپ .

ئۈچ خانزادە ۋە ئۇلۇغ بۇيرۇق قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشتى .

— ھەممىڭلارغا مەلۇم ، — دەپ سۆزلىدى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ، — بىزنىڭ بۇ يېقىندىن قۇرۇلغان خانلىقىمىزغا قارىتىلغان ئاغدۇرمىچىلىقلار ۋە پاراكەندىچىلىكلەر تېخىچە بېسىقمايۋاتىدۇ . بۇرۇن بىزنىڭ ئوردىمىزدا خىزمەت قىلغان تاي بىلگە تۇتۇق تەخت تالىشىپ ئىسيان كۆتۈردى . يەنە بىر قاتار ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلدى .

— بىزگە ھەممىدىن بەكرەك دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلار كۈنچىقىشتىكى قىتانلار ، — دېدى چوڭ خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ ، — قاغان ئاتا ، ماڭا ئىجازەت بېرىڭ ، مەن قوشۇن تارتىپ ، ئۇ قىتان دېگەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىمەن !

بۇ گەپلەرنى دېگەندە ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق قەھرى - غەزەپلىك تۈس ئالدىكى ، خۇددى ھازىرلا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ چىقىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى .

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ بۇ چوڭ ئوغلى ئادەتتە كەم سۆز ، ئېغىر - بېسىق بولسىمۇ ، جەڭ ئىشلىرىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قاپلاندەك يىگىت ئىدى . شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى ، بوي - بەستى ئانچە قامەتلىك بولمىغان بۇ خانزادە يات - ياتلا مەي - شارابنى ئارتۇقچە ئىچىۋېلىپ ماجىرا چىقىراتتى . بىر بولسا ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قوشۇن تارتىپ ، يات قەبىلە ياكى ئۇرۇقلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ كېلەتتى ؛ يەنە بىر بولسا ، توسۇن ئاتقا يۈگەنسىز مىنىپ ياكى قۇترىغان قوتاز ۋە بۇقىلار بىلەن ئېلىشىپ ، يۈز - كۆزىنى يارا قىلىپ ، نەچچە كۈنگىچە ئاقساقلاپ يۈرەتتى .

بايانچۇر قاغان بەزىدە ئۆزىنىڭ بۇ تۇنجى ئوغلىغا قاراپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى . « ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ! » دەيتتى ئۇ يېقىنلىرىغا . لېكىن ، بەزىدە بېشىنى ئەلەم بىلەن چايقاپ ھەسرەتلىنەتتى ۋە : « بۇ كاساپەت بېشىمغا بالا تېپىپ بەردى . يات ئۇرۇق ، چەت قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى نارازىلىق بىلدۈرۈپ ، كۆڭلۈمنى پاراكەندە قى-

لىشۋاتىدۇ » دەپ زارلىناتتى.

چوڭ خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ قىتانلارغا قوشۇن تارتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئالتۇن تەختتە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان قاغان ئۇنىڭغا سىنچىلاپ بىر قارىۋالدى. بۇ قاراشتىن قاغانىنىڭ « ئۇ يەنە شاراب ئىچىۋالدىمۇ، قانداق؟ » دېگەن گۇمانىنى سەزگىلى بولاتتى. ياق، بۇگۈن قۇتلۇغ يابغۇ شاراب ئىچمىگەنىدى. قاغان ئۇنىڭ ئىچمىگەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

— يارايسەن، ئوغلۇم! — دېدى ئۇ، — سەن قىتانلارنىڭ دەككىسىنى بېرەلەيسەن، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

ئىككىنچى خانزادە ئىدىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقان سۆز قىلدى:

— ھازىر كۆنچىقىشتىن قىتانلار، كۈنپېتىشتىن ئاسىي قارلۇقلار قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. ئاكام قىتانلارغا يۈرۈش قىلسا، مەن قارلۇقلارغا قارشى چىقاي.

— يارايسەن، ئوغلۇم! — دېدى بايانچۇر قاغان ئۇنىڭغىمۇ دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ.

ئىدىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقان ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا ھېرىسمەنلىكى بىلەن قېرىنداشلىرى ئىچىدىمۇ ۋە ئومۇمەن ئوردا ئىچىدىمۇ ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. قاغانىنىڭ تۈرلۈك يازما بۇيرۇق ۋە يارلىقلىرىنى، يىراق جايلارغا، چەت ئەللەرگە ئەۋەتىدىغان مەكتۇپلىرىنى دەل مۇشۇ ئىككىنچى خانزادە يازاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئۇنىڭ نام شەرىپىگە « بىلگە » دېگەن ئاتاقنى قوشۇپ ئېيتىشقا ئەمر قىلغانىدى.

بۇ خانزادە بىر قارىماققا ياۋاش، مۇلايىم، كەمتەر كۆرۈنەتتى. ئادەتتىكى تالاش - تارتىشلاردا بەك قىزىپ كەتمەي، چوڭلارغا يول قوياتتى. نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇ باشقىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ۋە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاتىسى بايانچۇردىن باشقا ھېچكىم دېگۈدەك تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئادەتتە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيدىغان، مۇرەسسەچىلىككە

مايىل يۇمشاق تەبىئەتلىك تارقان بولغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر يۇرۇش تەۋرەنمەس كۆز قاراشلىرى بار ئىدى . ئۇ بىرەر ئىشتا توغرا يولنى ۋە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشىنى تىكلىۋالغۇچە مەسىلىنىڭ باش - ئاخىرىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تۈرلۈك پىكىرلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلايتتى ، مەسلىھەتلىشەتتى . ئەمما ، ئۆزى توغرا دەپ تونۇغان يولنى تاللىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئېگىلمەس ئىرادە بىلەن قوغدايتتى ، ئۇنى ئۆز ئىرادىسىدىن ھېچقانداق ئادەم تايدۇرالمايتتى . ئۇ خانلىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارنى تەھلىل قىلغاندا شەيئىلەرنىڭ ئۆتمۈشى ، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى ئىنچىكە ۋە پۇختا ئويلىشىپ تەپەككۇر قىلاتتى . ئوردا دانىشمەنلىرى قىسمەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ باقسىمۇ ، لېكىن قۇتلۇغ بىلگە تارقاننىڭ ئاساس ۋە دەلىللىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جىمىپ قالاتتى - دە ، باش قاتۇرۇپ ئويلاپ بېقىپ ئۇنىڭغا قايىل بولاتتى .

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ بۇ ئوغلىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى . « ئىدىگەن ياراملىق ھۆكۈمدار بولىدۇ » دەيتتى ئۇ بۇيرۇقلارغا . بۇيرۇقلارمۇ ئىدىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقاننى چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى .

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ، بۇ ئىككىنچى خانزادە قارلۇقلارغا قارشى چىقىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، بايانچۇر قاغان ھېچ ئىككىلەنمەيلا رازىلىق بىلدۈردى .

ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقان سۆز ئالدى :

— ھازىر يەنە قىرغىز ، چىگىل ، تاتار① قەبىلىلىرىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقتى . سىر - تاردۇشلارمۇ سىلىق تۆلەشتىن باش تارتىۋاتىدۇ . تابغاچلار ئارىسىغا قېچىپ كەتكەن كۆك تۈركلەر چەت - ياقا يەرلىرىمىزگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئەھۋال مۇرەككەپ ، مەسىلە ئېغىر . شۇڭا ، ئەلنى تىنجىتىش ئۈچۈن كۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، ھەممىمىز ئاتلىنىپ چىقىشىمىز كېرەك . ئەڭ ئالدى بىلەن باش

① تاتار — موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى ( ھازىرقى تاتار مىللىتى ئەمەس ) .

www.uyghurkitap.com

ئىسيانكار تاي بىلگە تۇتۇقنى يوقىتىشىمىز كېرەك .

— تـوغرا ، ھەممىمىز بىراقلا چىقايلى ! — دېيىشتى توققۇز بۇيرۇق ، — ھازىر بىر ـ ئىككى سانغۇن ، تارقانلارنىڭ چىقىشى بىلەنلا ئەلنى تۈزەپ كەتكىلى بولمايدۇ .

— شۇنداق ، — ئەل ئەتمىش بىلگەن قاغان بۇيرۇقلارنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلدى ، — ھازىر ئەھۋالىمىز چاتاق . كۈنچىقىشتا قىتانلار بىلەن تاتارلار ، كۈنپېتىشتا قارلۇقلار بىلەن چىگىللەر ، شىمالدا قىرغىزلار ، جەنۇبتا كۆك تۈركلەر نىيىتىنى بۇزۇپ چىقىشتى . ئۇلار بىزنى « كۆك تۈركلەر ۋە باسمىللار بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلىپ ھالسىرىدى ، ئەمدى ئۇلارنى يىقىتىش ئاسان » دەپ ئويلاۋاتىدۇ . لېكىن ، ئۇلار بىزنىڭ كۈچىمىزنى خاتا مۆلچەرلىدى . بىز ئۇلارغا ئۆزىمىزنى يەنە بىر قېتىم تونۇتۇپ قويايلى .

— قـاغان ئاتا ، پەرمان چۈشۈرۈڭ ، مەن ھازىرلا ئاتلىناي ! — دەپ خىتاب قىلدى چوڭ خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ .

— قـاغان ئاتا ، مەن تەييار ! — دېدى ئىككىنچى خانزادە ئىددىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقان .

— قاغان ئاتا ، مەنمۇ بار ! — دەپ ھەممىدىن ئۈنلۈكرەك خىتاب قىلدى كەنجى خانزادە ئالپ ئۇلۇغ تۇتۇق ياغلاقار مەيدىسىگە مۇشتلاپ .

— بىز ھەممىمىز تەييار ! — دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاۋاز قوشتى بۇيرۇقلار .

قاغان بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ، كۆپچىلىكنى جىم بولۇشقا ئۈندىدى .

— سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار ، — دېدى ئۇ رەسمىي بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن ، — يېڭى قۇرۇلغان خانلىقىمىز ئېغىر تەھدىت ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ . شۇڭا ، توققۇز بۇيرۇقلىرىم ئېيتقاندەك ، ھەممىمىز بىرلىكتە ئىسيانچىلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشىمىز كېرەك . ئوغلۇم ئالپ ئۇلۇغ تۇتۇق ياغلاقار كەنجى خانزادە بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاتا ئۆيىگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ ، ئۆتۈكەن تاغلىرى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ئارىلى-

قىدىكى مۇقەددەس جايلارنى باشقۇرۇپ مۇشۇ يەرلەردە قالدۇ. قالغانلىرىمىز كۆچنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئالدى بىلەن قىتانلار ۋە تاتارلارنى باستۇرىمىز. ئاندىن، بىزگە ئەل بولۇشتىن باش تارتقان باشقا قەبىلەلەرنى نۆۋەت بىلەن تىنجىتىمىز.

— باش ئۈستىگە، قاغان ئاتا.

— باش ئۈستىگە، بۈيۈك قاغان.

× × ×

قاغان چېدىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشتە ئەنە شۇنداق قارار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان توققۇز ئوغۇز خەلقىنىڭ زور قوشۇنىغا بىۋاسىتە ئۆزى باش قوماندان بولۇپ، ئىككى ئوغلى ۋە توققۇز بۇيرۇقنىڭ ھەمراھلىقىدا يۈرۈشكە ئاتلاندى.

بۆكەگۈك دېگەن يەرگە كەلگەندە باش ئىسيانكار تاي بىلگە تۇتۇق قوشۇنى قىتان ۋە تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ، قاغان قوشۇنىغا بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلدى. ئىككى كۈنلۈك جەڭ نەتىجىسىدە توققۇز ئوغۇز قوشۇنى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. قىتان ۋە تاتارلار قاچتى. لېكىن، ئىسيانكار ئۇيغۇر قوشۇنى بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە قاغان قوشۇنىغا قايتا ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىرغىنچىلىق جېڭىدە ئىسيانچىلار ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىدى. باش ئىسيانكار تاي بىلگە تۇتۇق ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئىسيانغا قاتناشقان ئادەتتىكى پۇقرالارغا كەڭچىلىك قىلىندى ۋە ئۇلار ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ قوشۇنىغا قوشۇۋېلىندى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، سېلېنگا دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر جايدا توققۇز ئوغۇز قوشۇنى قىتانلار ۋە تاتارلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن يەنە توقۇنۇشتى. ئۇيغۇرلار ئۇلارنى قوغلاپ، سېلېنگا دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە قىستاپ كەلدى. قىتانلار بىلەن تاتارلار ئەھۋالىنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلدى

ھەمدە ھەر قايسسى ئۆز يوللىرىغا قاراپ چېكىندى . ئاخىر ، قىتانلار ئا-
مان - ئېسەن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى . تاتارلارنىڭ تەخمىنەن يېرىمى
ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانغا ئەل بولدى ، قالغان يېرىمى پىتىراپ ، ھەر
جايلارغا تارقىلىپ كەتتى .

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئۆزىگە ئەل بولغان ئۇيغۇر ۋە تاتار
ئىنسىيانچىلىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى يىغىپ نۇتۇق سۆز-
لىدى :

— سىلەر ، ئەي مېنىڭ پۇقرالىرىم ، قارا كۆڭۈل ئىنسىيانچىلارغا
ئەگىشىپ ، ئۆلۈم ۋە ئاپەت يولىغا ماڭدىڭلار . لېكىن ، ئاداشقانلىق ئەيىب
ئەمەس ، گۇناھىنى تونۇش ساۋاب . كېلىڭلار ، ماڭا قوشۇلۇڭلار ، بىز
يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆم - ئىناق بولۇپ ، خاتىرجەم ياشايلى .

ۋەھالەنكى ، 750 - يىلى كىرىشى بىلەنلا پاراكەندىچىلىكلەر يەنە
باشلاندى . شۇ يىلى ئەتىيازدا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان يېنسەي دەريا-
سىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا چىك قەبىلىسىنى تارمار قىلدى . شۇ يىلى كۈزدە
ئۇ يەنە تاتارلارنىڭ قالدۇقلىرىنى بويسۇندۇردى .

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتكەندە قىرغىزلار چىكلەر بىلەن بىرلە-
شىپ ، توققۇز ئوغۇزلارغا قارشى ئاتلىنىپ چىقتى . دەل شۇ چاغدا ئالتاي
ئەتراپلىرىدىكى قارلۇقلارمۇ چىك ۋە قىرغىزلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن
جەڭگە ئاتلاندى . ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان مىڭ كىشىلىك بىر كىچىك
قوشۇننى ئەۋەتىپ چىكلەرنى تىنجىتتى . قاغاننىڭ يەنە بىر تارماق قو-
شۇنى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى . توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئا-
ساسلىق قوشۇنى قاغاننىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا ئېرتىش دەرياسىنى
كېسىپ ئۆتۈپ ، قارلۇقلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى .

مىلادىيە 753 - يىلى قارلۇقلار باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ يەنە بىر
قېتىم ئىسيان كۆتۈردى . ئۇيغۇر قوشۇنى ئۇلارنى يەنە بىرقېتىم مەغلۇپ
قىلدى ھەمدە سائۇر ۋە تارباغاتايدىكى قارلۇق يايلاقلىرىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈپ ، خانلىقنىڭ چېگرىلىرىنى پەچەنەكلەرنىڭ① يەرلىرىگىچە

① پەچەنەك — ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن بىرى .

تۇتاشتۇردى .

× × ×

مەخمەلدەك يۇمران ئوت ـ چۆپلەر قاپلاپ كەتكەن تۇپتۈز يايلاقتا ئىككى چەۋەنداز يانمۇيان كەلمەكتە ئىدى . ئۇلار قانداقتۇر چوڭقۇر خىيالغا بېرىلىپ كەتتىمۇ ياكى ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىنى ھـەۋەس بىلەن تاماشا قىلىۋاتامدۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇلار ئۇياققا ـ بۇياققا قا- رىـغـاچ سۈكۈت ئىچىدە كەلمەكتە ئىدى . ئاتلىرىمۇ خۇددى ئۇلارغا ماسلاشماقچى بولغاندەك يۇمران كوكاتلارنى قېلىن كالپۇكلىرى بىلەن يـالماپ ئوتلىغاچ ئالدىرىماي ، ئاستا قەدەم تاشلايتتى . ئاتلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا خۇددى ئاق قۇلاردەك ئاپئاق ۋە بويۇنلىرى ئۇزۇن بولۇپ ، يــىـراقتىن قارىغاندىلا ئۇلارنىڭ ئېسىل نەسىللىك ئارغىماقلاردىن ئىكەن- لىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . چەۋەندازلار قىممەت باھالىق تاۋاردىن قىسقا يەكتەك ، قاپلان تېرىسىدىن شىم ، سېرىق گۈللۈك قارا ئۆتۈك كىيگەن ۋە ئۇزۇن چاچلىرى ئۈستىدىن قىزىل تاۋار ياغلىق چىگىۋالغان بولۇپ ، بـىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارلار تەبىقىسىنىڭ ئەزالىرى ئىكەن- لىكىنى بىلگىلى بولاتتى .

ئۇلار ئاتـلىرىنىڭ رىتىملىق ئاستا مېڭىشىنى ئۆزگەرتمەي بىر كەڭرى تۆپىلىككە چىقتى . تاقىر تۆپىلىكتە چوقچىيىپ تۇرغان بىر تاش تـۇۋرۇك ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . چەۋەندازلار شۇ تاشنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتلىرىنى توختاتتى . بۇ ئادەم بويى ئېگىزلىكىدىكى تۆت قىرلىق سىلىقلانغان تاش ئابىدە بولۇپ ، باشتىن ـ ئاخىرغىچە رەتلىك قۇرمۇقۇر خەتلەر چېكىلگەنىدى . بۇ مۇشۇ يايلاقلاردا ياشايدىغان خەلقلەر ئەۋلادتـىن ئەۋلادقىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئورخۇن ـ يېنىسەي تۈرك يېزىقى ئىدى .

ـــ مانا بۇ « بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى » ، ـــ دېدى چاچ ۋە سا- قاللىرىغا ئاق سانجىلىشقا باشلىغان سالاپەتلىك چەۋەنداز .

بۇ چەۋەنداز بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگەن قاغان ئىدى.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىغان تەرىزدە بېشىنى لىڭشىتتى قارا بۇرۇتلۇق ياش چەۋەنداز.

بۇ — بايانچۇرنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئىدىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقان ئىدى.

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بەجايىكى زامانلار ھېكمەتلىرىنى ئاختۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك بۇ مەڭگۈ تاشقا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— ئوغلۇم، ئىككىمىز نۇرغۇن مەڭگۈ تاشلارنى تاۋاپ قىلىپ كۆرۈپ چىقتۇق. ئىستەمى قاغان، كۆل تېگىن، تونيوقۇق مەڭگۈ تاشلىرىنى كۆردۇق. ئۇلار ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ئىش ئىزلىرىدىن خاتىرە قالدۇرغان. كۆردۇڭمۇ، ئوغلۇم، شۇنچە كۆپ دەۋرلەر ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ مەڭگۈ تاشلار قاغانلار ۋە قەھرىمانلارنىڭ ناملىرىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈپ ساقلاپ كەلمەكتە.

— دانا گەپ قىلدىڭىز، قاغان ئاتا، — دېدى بىلگە تارقان، — قىلىچ، نەيزە بىلەن تىكلەنگەن شان-شەرەپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. لېكىن، قەلەم بىلەن يېزىلغان پۈتۈك ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ.

— توغرا دەيسەن، ئوغلۇم ئىدىگەن، — دېدى قاغان، — ئەمدى بىزمۇ مەڭگۈ تاش تىكلەپ، خانلىقىمىزنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

— يازايلى، قاغان ئاتا، ئۆز ئابىدىمىزنى تىكلەيلى.

— مەن كۆڭلۈمگە پۈككەنلىرىمنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي. سەن شۇلارنى رەتلەپ، ئوبدان بىر پۈتۈك يېزىپ چىققىن.

— باش ئۈستىگە، قاغان ئاتا.

ئىككى چەۋەنداز ئاق ئارغىماقلىرىنى يانمۇيان ماڭغۇزۇپ، شۇ ئەتراپتىكى جايلارنى ئۇزاق ئايلاندى. قاغان مەڭگۈ تاشقا يېزىشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى ئوغلىغا ئەستايىدىللىق بىلەن تەپسىلىي سۆزلەپ

بەردى .

× × ×

ئىدىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقان ئۆز چېدىرىدا تەنها ئولتۇرۇپ ئۇزاقىچە ئويلاندى . ئۇ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان شەرىپىگە ئورنىتىلماقچى بولغان مەڭگۈ تاشقا قايسى مەزمۇنلارنى يېزىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ، تەپەككۇر ئۈنچىلىرىنى چوڭ ۋەقەلەر يىپىغا بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ تىزماقتا ئىدى .

ئۇ تۆت بۇرجەك قىلىپ كېسىپ تەييارلاپ قويۇلغان ئاق يىپەك رەختنى ئېلىپ ، ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە يايدى . « ئالدى بىلەن ئاتامنىڭ ئېيتقانلىرىنى يازاي » دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە يۇڭ قەلەمنى قارا سىياھقا چىلاپ ، ئاق رەختكە ئورخۇن تۈرك يېزىقىنىڭ ھەرپ بەلگىلىرىنى رەتلىك يېزىشقا باشلىدى :

« مەن تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن ، قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرى بىلەن ئاتىلىپ ، ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە ، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم ... »

بىلگە تارقان يەنە بىر ئاز ئويلىۋالغاندىن كېيىن يېزىشنى داۋاملاشتۇردى :

« ... مىڭ يىللىق ، تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكۈمنى ، تامغامنى شۇ يەردە سىلىق تاشقا ئويدۇردۇم . يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى ، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم ، تۈزۈملىرىمنى تىكلىدىم . ئالدىمدا كۈنچىقىشتىكى خەلقلەر ، ئارقامدا ئاي چىقىشتىكى خەلقلەر ، تۆت تەرەپتىكى خەلقلەر ماڭا قوشۇلدى ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلىرىنى ماڭا بەردى » .

ئىدىگەن قۇتلۇغ تارقان پۈتۈكنىڭ ھەربىر سۆز ، جۈملىلىرىنى پۇختا ئويلاپ ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يازماقتا ئىدى :

« تەگرى ياراتمىش ئەل بىلگە قاغانىم ئەل ئىچىدىكى يارلىق قە-
بىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى » .

شۇ جۈملىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن قۇتلۇغ بىلگە تارقان قە-
لەمنى شىرەگە قويدى ۋە خىيالچان كۆزلىرى بىلەن بەلگىسىز بىر نۇقتىغا
تىكىلىپ ئۇزاققىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخى يې-
قىندىلا بولۇپ ئۆتكەن جەڭ مەنزىرىلىرى سۈرەتلىنىپ كۆرۈنۈشكە باش-
لىدى .

قايسى زامانلاردىن باشلانغان ئىدىكىن ، ئىشقىلىپ ، بۇ كەڭ
يايلاقلار ۋە ئېگىز تاغلارنى ماكان قىلغان ھەر قايسى ئۇرۇقلار ، قەبىلىلەر
ئوتلاق تالىشىپ ، ئۇستۇنلۇك تالىشىپ ، ئۆزئارا جېدەللىشىپ ، كىچىك
كۆلەمدىكى جەڭلەر ۋە كەڭ دائىرىدىكى ئۇرۇشلاردىن خالىي بولالماي
كەلدى . مانا ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ . قايسىكى بىر ئۇرۇق ياكى
قەبىلە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقسا ، باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر دەرھال ئۇ-
نىڭغا ئۆكتە قوپىدۇ ، بىرلىششنى خالىمايدۇ ، بۆلۈنۈپ چىقىپ ئۆزىنىڭ
كىچىك ئائىلىسىنى قۇرۇشقا تىرىشىدۇ . « يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىق-
ماس » دېگەن تەمسىلنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ ، لېكىن ئۆز ئەمەلىيىتىدە
بۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ . « كۆچ ئۆملۈكتە » دېگەن ھەقىقەتنى ھەممە
قەبىلىنىڭ دانىشمەنلىرى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ ، لېكىن يەنە « سەن ئۇ
تاغلىق ، مەن بۇ تاغلىق » دەپ بىر ـ بىرىگە قىيا باقىدۇ .

« بۇنداق ئىناقسىزلىق گۇناھلىرى قايسى زامانلاردىن باشلانغان ؟
بۇنى بىلمەيمەن ، — دەپ ئويلىدى ئىدىكەن بىلگە تارقان ، — ئىشقى-
لىپ ، مەن ئۆزۈمنى بىلگەندىن تارتىپ مۇشۇنداق جېدەل ـ ماجىرالار
بېسىقماي كېلىۋاتىدۇ . مانا ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قاغانلىرى ياغلاقار ئۇرۇقى-
دىن چىققانىدى ، باشقا ئۇرۇقلار چىدىماي قالدى . توققۇز ئوغۇز خەلقى
خانلىقىنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىپ ، ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتكەنىدى ،
باشقا قەبىلىلەر نوچىلىق تالىشىپ ، تىغ كۆتۈرۈپ چىقىشتى ، ھەتتا كۆك
تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشلاردا بىز بىلەن بىر-
لەشكەن باسمىل ، قارلۇق قەبىلىلىرىمۇ ياخشى كۆڭلەرگە ئېرىشكەندە

بىزگە دۈشمەن بولدى. ئۇلارغا نېمە كەم؟ ئۇلار يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆزلىرىنىڭ يايلاق، تاغلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتۈۋېرىدىغۇ. توققۇز ئوغۇزلار بىلەن باسمىل، قارلۇق، كۆك تۈركلەرنىڭ ئوخشايدىغان نەرى بار؟ مۇشۇنداق ئىناقسىزلىقلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟»

ئىدىكەن تارقان ئويلىغانسېرى ئىچى قايناپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ شىرە يېنىدىن قوپۇپ، چېدىر ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ كەتتى.

«بۇنداق ئازازچىلىق، ئۆچمەنلىككەلەر قاچان تۈگەيدۇ؟ بۇنداق بولىۋەرسە، ئاخىرقى ھېسابتا ھېچقانداق قەبىلە، ھېچقانداق خەلقمۇ پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. قاچانمۇ ئىنسانلار ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ئۇرۇقلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىپ، ئىناق، ئىتتىپاق تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ھەقىقىي بەختلىك كۈنلەردە ياشايدىغان بولار؟»

ئىدىكەن بىلگە تارقان بۇ ئېغىر خىياللاردىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى-دە، قايتا شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. پۈتۈكنى يېزىپ تاماملاش كېرەك. ئۇ قولىغا قەلەمنى ئالدى.

«ئەمدى خانلىقىمىزنىڭ ئۇلۇغ بۇيرۇقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ يازاي. ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تىكلىگەن بۇرۇنقى خانلىقلارنىڭ تارىخىي بايانلىرىنى يېزىش كېرەك».

شىرە ئۈستىگە يېيىلغان ئاق يىپەك رەختكە قارا سىياھ بىلەن يېزىلىۋاتقان ھەرپ شەكىللىرى كەينى-كەينىدىن رەتلىك تىزىلىپ كۆپىيىۋەردى.

پۈتۈك يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن بىلگە تارقان چاپارمەننى چاقىردى.

— تاشچى ۋە ئويمىچىلاردىن ئەڭ ئۇستىلىرىنى چاقىرىپ كەل، — دېدى تارقان.

— باش ئۈستىگە، بىلگە تارقان.

تاشچى بىلەن ئويمىچى كېلىپ، تارقانغا تەزىم قىلدى.

www.uyghurkitap.com

— مەڭگۈ تاش ياساش كېرەك ، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى تارقان .

— خوپ ، — دېدى پېشقەدەم تاشچى ئۇستا ، — مەن ھەر خىل تاش پۈتۈكلەرنى كۆپ ياسىغان . تاش چوقۇش ھەم تاشنى سىلىقلاش ھۈنىرى مېنىڭ ئاتا كەسپىم .

— سىلىق تاش ئۈستىگە خەت چېكىشمۇ مېنىڭ ئاتا كەسپىم ، — دېدى ئويمىچى ئۇستا .

— ياخشى ، ئەمىسە دەرھال ئىشنى باشلاڭلار .

ئىش دەرھال باشلاندى ۋە بىر نەچچە كۈندىلا تاماملاندى .

تىنىق كۆك ئاسمانىدا ئالتۇن قۇياش ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈپ تۇراتتى . كۆكلەم پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ ، تاغ ـ دالالار يېشىللىققا ئورالغان ، ياۋا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىغانىدى . چوڭ ـ كىچىك ۋە رەڭمۇرەڭ كېپىنەكلەر ۋە يىڭناغۇچ ، بوغۇنلار گۈل ـ گىياھلار ئۈستىدە ئويناشماقتا ئىدى .

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك خانىشى ئەل بىلگە قاتۇن ، خانزادىلەر ۋە ئۇلۇغ بۇيرۇقلار تۆت مىڭ نۆكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ياپيېشىل تۆپىلىككە چىقىپ كەلدى . ئاندىن قۇللار ۋە چاكارلار شامان ۋە باخشىلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر توپ ئات ۋە قويلارنى شۇ تۆپىلىككە ھەيدەپ چىقىشتى . ھېلىقى مەڭگۈ تاش تۆپىلىكنىڭ ئەڭ ئېگىز جايىغا تىكلەپ قويۇلدى . ئۇنىڭ ئەتراپىغا گۈلخانىلار يېقىلدى . ئات ۋە قويلار بوغۇزلاندى . شامان ۋە باخشىلار مەڭگۈ تاش ۋە گۈلخانىلارنى ئايلىنىپ ، جىن قوغلاش ئۇسسۇللىرىنى ئويناشتى .

تەڭرى ياراتمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ۋە ئەل بىلگە قاتۇن شەرىپىگە بەرپا قىلىنغان مەڭگۈ تاش ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە شۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ ئەسىرلەر ، دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى .

ئارىدىن 1200 يىل ئۆتۈپ ، تارىخ چاقى ئايلىنىپ ، 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ مەڭگۈ تاش دەۋرىمىزدىكى ئالىملار تەرىپىدىن شەرتلىك ھالدا « تېرخىن[①] مەڭگۈ تېشى » دەپ ئاتالدى .

① تېرخىن — شۇ مەڭگۈ تاش ئورنىتىلغان جايغا يېقىن بولغان بىر دەريانىڭ نامى ، ھازىرقى موڭغۇلىيىدە .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

## قۇتادمىش ، ئادارقىز ۋە ئايتولۇنىڭ قىسمىتى

## بۆرە بايرىقى لەپىلدىمەكتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

## ئۆتۈكەندە پەيدا بولغان قارا كۆلەڭگە

بۇ كەڭ دالا بىلەن ئۇدۇل جەنۇبقا ماڭسا ، دۇنياغا مەشھۇر سەددىچىن سېپىلغا بارغىلى بولىدۇ . بۇ يولدا ئېدىرلىق ۋە دۆڭلۈكلەر ناھايىتى كۆپ . ئەنە شۇنداق دۆڭلەرنىڭ بىرىگە يىگىرمىدىن ئارتۇق چەۋەنداز ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ چىقىپ كەلدى . ئۇلار يىراق جايلارغا قاتنايدىغان سودىگەرلەرگە ئوخشىمايتتى ، چۈنكى بۇ كارۋان ئەمەس ، بىر توپ ئاتلىقلار ئىدى . ئۇلار قاغاننىڭ ياكى باشقا بىرەر بەگنىڭ چېرىكلىرىمۇ ئەمەس ، چۈنكى چەۋەندازلاردىن بىرەرسىمۇ ساۋۇت ياكى دۇبۇلغا كىيىشمىگەن ، بەلكى ھەممىسى يۇڭى تېشىغا قىلىپ تىكىلگەن قوي تېرىسىدىن كېپىنەك تون يېپىنچاقلاشقانىدى . بۇنداق قېلىن كېپىنەك تونلار ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندا بەك ئەسقاتىدۇ ، كۈندۈزى چاپاننىڭ ئورنىدا ، كېچىسى يوتقان ـ كۆرپىنىڭ ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ ياكى بوران ، يامغۇردا قالغاندا پاناھلىنىدىغان يېپىنچا بولىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ چەۋەندازلار دۆڭ ئۈستىدە ئاتلىرىنى توختىتىپ ، جەنۇب تەرەپكە ئۇزاق تىكىلىپ قاراشتى .

— ئەنە ، قاراڭلار ، كېلىۋاتىدۇ ! — دەپ تەقەززالىق بىلەن ۋارقىرىدى ياش بىر چەۋەنداز قولى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ .

ئېيتقاندەك ، ئۇپۇققا تاقاشقان دالانىڭ جەنۇبىي چېكىدە ئات ۋە تۆگىلەردىن تەركىب تاپقان كىچىكرەك بىر كارۋاننىڭ قارىسى كۆرۈندى . چەۋەندازلار خۇشال بولۇپ ، ئۆزلىرىنى بېسىۋالالماي قالدى .

— مانا ، مال ـ دۇنيا كەلدى ! بايلىق كەلدى !

— ئەمدى باي بولىدىغان بولدۇق !

يالىڭاچلانغان قىلىچلار ئاپتاپتا يالتىراپ كەتتى . چەۋەندازلار ئىچىدىن قارا بۇرۇتلۇق ، چىرايى سۇرلۇك ۋە قامەتلىك بىر يىگىت ئېتىنى دېۋىتىپ توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، بۇيرۇق ئاھاڭىدا خىتاب قىلدى :

— توختاڭلار ، ئالدىرىماڭلار !

بۇيرۇق بەرگەن بۇ يىگىت مۇشۇ توپنىڭ ئاتامانى ئىكەنلىكى بىر قاراشتىلا روشەن بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايى ، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى ھەممىدىن مەغرۇر ئىدى . ئۇنىڭ مىنگەن ئالا ئېتىمۇ باشقا چەۋەندازلارنىڭ ئاتلىرىدىن قاۋۇل ھەم ئېسىل ئىدى . توپتىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ ، ۋارقىراشلىرىنى توختاتتى ۋە قىلىچلىرىنى قايتىدىن قىنلىرىغا سالدى .

— ماقۇل ، ئالدىرىمايلى . ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟

— بۇ كارۋاننى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىنىمىزغا ئىككى كۈن بولدى . ئەمدى نېمە قىلىمىز ؟ تېز گەپ قىلمامسەن .

— تېزرەك بۇيرۇق بەرگىن ، ماسمادار ، — توپتىكى چەۋەندازلار ھەر تەرەپتىن چۇقان سېلىشتى .

ماسمادار ئىسىملىك ئاشۇ ياش ئاتامان بۇ تەرەپكە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كارۋاندىن كۆزىنى ئۈزمەي ، ئۆزىگە يارىشىپ تۇرغان قارا بۇرۇتىنى قولىنىڭ ئۇچى بىلەن سىلاپ تولغاشتۇرۇپ قويدى .

— قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن ، — دېدى چەتتە تۇرغان چەۋەندازلاردىن بىرى ئاتامانغا قاراپ .

باشقا چەۋەندازلارمۇ « شۇنداق » دېگەن مەنىدە باشلىرىنى ئىرغىتىپ قويۇشتى . ئۇلار ئاتامان ماسمادارنىڭ بىرەر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن بۇرۇتىنى مۇشۇنداق سىلاپ قويىدىغان ئادىتىنى بىلەتتى .

— پەسكە قايتىپ چۈشەيلى ، — دېدى ماسمادار ، — كارۋان يېقىن كەلگۈچە يوشۇرۇنۇپ تۇرايلى .

چەۋەندازلار بۇ دۆڭگە قانداق تېز چىققان بولسا يەنە شۇنداق

www.uyghurkitap.com

تېزلىكتە پەستكە چۈشۈپ كەتتى .

ھېلىقى كارۋان تۆگىلەرنىڭ سالماق قەدەم ئېلىشلىرى بىلەن ئاستا ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى . ماسمادار ئۆزىنىڭ بويلۇق ئالا ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، ئالدى تەرەپتىكى قويۇق ئۆسكەن چاتقاللار ئىچىگە كىرىپ ، كارۋاننى كۆزەتكىلى تۇردى .

ـــ ئۇن تۆگە ، ئۇن چەۋەنداز ، ـــ دەپ سانىدى ماسمادار .

كارۋان يېقىنلا كېلىپ قالدى . تۆگىلەردىكى ھەربىر تېڭىق ۋە ھەتتا چەۋەندازلارنىڭ پىژغىرىم ئاپتاپتا تەرلىشىپ كەتكەن ھارغىن چىرايلىرىمۇ بۇ يەردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . « چوڭ كارۋان ئەمەس ئىكەن ، ھۇجۇم قىلساق بولغۇدەك » دەپ ئويلىدى ماسمادار . ئەگەر بۇ قېتىم ـ ئەللىك چەۋەنداز قوغداپ ماڭىدىغان چوڭ كارۋان بولسا ، ئەلۋەتتە تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا بولمايتتى .

ماسمادار يۈگۈرۈپ قايتىپ كېلىپ ، ئالا ئېتىغا سەكرەپ مىندى ۋە « ئالغا ! » دېگەن بۇيرۇقنى ئىپادىلەپ ، ئوڭ قولىنى ئالدىغا قارىتىپ كەسكىن شىلتىدى . چەۋەندازلار دەرھال ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، ئۆزلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان دۆڭنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كارۋانغا ھۇجۇم قىلدى .

كارۋان ئەھلى ئۇلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ۋە ئاتلىرىنى ئارقىغا بۇراپ قاچقىلى تۇردى . ماسمادارنىڭ چەۋەندازلىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلارنى قوغلاپ يەتتى . كارۋانچىلارنىڭ بەزىلىرى جان ئاچچىقىدا قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى ، بەزىلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، يەرگە باش ئۇرۇپ « بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز » دەپ يالۋۇرۇشتى .

ماسمادار بىر چەتتە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان چار ساقاللىق سوغدى سودىگەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىنى توختاتتى .

ـــ بۇ كارۋان سېنىڭمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ .

ـــ شۇنداق ... مېنىڭ ، ـــ دېدى چىرايى تاتىرىپ كەتكەن سودىگەر .

ـــ جانغا تۇرامسەن ، مالغىمۇ ؟ ـــ يەنە سورىدى ماسمادار .

— مېنى ئۆلتۈرمىگىن ... مېلىمنى ئال .

ماسمادارنىڭ چەۋەندازلىرى ھەر ياقلارغا قىچىپ چىچىلىپ كەت-كەن تۆگىلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر يەرگە يىغىشتى ۋە خۇشاللىقىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئاتامانىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتتى .

ماسمادار سودىگەرنى مازاق قىلىپ كۈلدى .

— ماقۇل ئەمىسە ، خوجايىن ، — دېدى ئۇ ، — ساڭا جان كې-رەك ، ماڭا مال . بۇنچىلىك مالنى سەن يەنە تېپىۋالىسەن ، لېكىن بىزنىڭ تاغلىرىمىزدا بۇنداق ياخشى نەرسىلەرنى ئاسان تاپقىلى بولمايدۇ . گې-پىمدە تۇرۇپ سېنى ئۆلتۈرمىدىم . كېيىنكى قېتىمدا بۇ يەرلەرگە تېخىمۇ كۆپ ماللارنى ئەكەلگىن .

بۇلاڭچى چەۋەندازلار قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى .

— ئەمدى بۇ يەردىن كېتىڭلار ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ماسمادار سودىگەرگە .

سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاتلىرىغا مىنىپ ، يەنە جەنۇب تە-رەپكە قايتىپ مېڭىشتى .

— ئۇلار نەگە بارىدۇ ؟ — دەپ سورىدى ماسمادارنىڭ قاراقچى-لىرىدىن بىرى .

— سوغدىلارنىڭ سودىگەرلىرى تابغاچلارنىڭ شەھەرلىرىدە تۇ-رىدۇ ئەمەسمۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىككىنچى بىر قاراقچى .

ماسمادار ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلدى :

— ماڭايلى ، تۆگىلەرنى ھەيدەڭلار .

قاراقچىلار ئولجىغا چۈشكەن ئون تۆگىنى ھەيدەپ شىمال تە-رەپكە يول ئالدى .

شۇ مېڭىشتا يەتتە - سەككىز كۈن ئۆتكەندە ئۇلار تاغ سۇلىرى شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان چىمەنزار يايلاققا كېلىپ قالدى . تەتۈر ئۆرۈل-گەن قوي تېرىسىدىن جىلتكە كىيگەن بىر ياشانغان يىلقىچى يىگىرمە - ئوتتۇزچە ئاتنى ئوتلاتقاچ ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى . يوغان بىر قارا ئىت يىلقىچىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ، ئويناقلاپ كېتىۋاتاتتى . نەچچە كۈندىن

بىرى ئادەمزات كۆرمەي كېلىۋاتقان قاراقچىلار بۇ كۆكۈللۈك مەنزىرىگە قاراپ توختاپ قېلىشتى .
— بۇ قېرىنىڭ ئاتلىرى ياخشىكەن ، — دېدى قاراقچىلاردىن بىرى .
— شۇنداق ، ياخشىكەن ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ماسمادار ، — بۇ ئاتلارنى سوغدى سودىگەرلەرگە بەرسەك نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرگە ئېگىشكىلى بولىدۇ .
— توغرا ، ياخشى گەپ ! — قاراقچىلار خۇشال بولۇشۇپ كەتتى .
— قېنى ئەمىسە ، بۇ ئاتلارمۇ بىزنىڭ بولدى . ھەيدەپ مېڭىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بەردى ماسمادار .
قاراقچىلار قالايمىقان ۋارقىراشقان ھالدا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ، يىلقىلارنى ئۆزلىرى ماڭىدىغان تەرەپكە ھەيدىگىلى تۇردى . يىلقىچى غەزەپكە كېلىپ :
— ھاي ئىنساپسىز قاراقچىلار ، توختاش ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئات سېلىپ كەلدى .
ماسمادار ئۇنى قامچىسى بىلەن ئىككى - ئۈچنى ئۇرۇپ ، يەرگە يىقىتىۋەتتى ھەمدە ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىككى قاراقچىغا قاراپ ۋارقىرىدى :
— باغلاڭلار بۇ قېرىنى !
شۇ ئارىدا يىلقىچىنىڭ ھېلىقى قارا ئىتى قاتتىق قاۋاپ ئېتىلىپ كەلگەنىدى ، ماسمادار ئۇنى ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن بىرنى چېپىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى . قاراقچىلار ئاتتىن چۈشۈپ ، يىلقىچىنى قىل ئارقان بىلەن باغلاشتى .
— ئۇنى بۇنداقلا تاشلاپ كەتسەك بولمايدۇ ، — دېدى قاراقچىلاردىن بىرى ، — بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئۇرۇقداشلىرى بىلىپ قالسا كەينىمىزگە چۈشۈپ قوغلايدۇ .
— بۇ گېپىڭمۇ توغرا ، — دېدى ماسمادار ، — ئەمىسە ئۇنى

دەرياغا تاشلىنىۋېتىڭلار .

قاراقچىلار چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن يىلقىچىنى سۆرەپ كېلىپ ، شىددەتلىك ئېقىۋاتقان كىچىك دەرياغا تاشلىۋېتىشتى .

قاراقچىلار يېڭىدىن ئولجا ئېلىنغان يىلقىلارنى ۋە ئىلگىرىكى ئون تۆگىنى ھەيدەپ ۋارقىرىشىپ ، كۆلۈشۈپ يولىغا راۋان بولۇشتى .

بۇ قاراقچىلار ئۆز ئاتامانى نەگە باشلىسا ، شۇ يەرگە كېتىۋېرىشكە ، نېمىنى بۇيرۇسا ، شۇنى قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەنىدى . نەگە بارىمىز ، نېمە قىلىمىز دەپ سوراشمايتتى . بۇنداق بولۇشتا بىرىنچى سەۋەب : ئۇلار ماسمادارغا يېقىندىن ئەگەشسە پايدا كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ; ئىككىنچى سەۋەب ، ئۇلار بۇ قارام ۋە ئۆز سۆزلۈك ئاتاماندىن قورقاتتى . ئەگەر كىمدە كىم ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنمىسا ، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ماسمادار ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى . ئۆزگىنىڭمۇ ھەم ئۆز ئادەملىرىنىڭمۇ يۈرەكلىرىگە قورقۇنچ سېلىپ يۈرىدىغان بۇ قارام ۋە باشباشتاق ئاتـامان ئادەتتە ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ۋاقتى كەلمىگۈچە ئاشكارىلىمايتتى . قاراقچىلارمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى . ئۇلار ئۆز ئىختىيارلىرىنى ئەنە شۇ قارا بۇرۇتلۇق ، قاپقى يامان يولباشچىسىغا تاپشۇرغاندى . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ، ئۇلار بۇ قېتىم ماسمادارنىڭ ئۆزلۈكىدىن سۆزلەپ كەتكىنىگە قاراپ ھەيرانلىق ھېس قىلىشتى .

ئۇلار تـۈپتۈز دالادا قونالغۇغا توختىغانىدى . تۆگىلەر چۆكتۈرۈلۈپ ، ئاتلارنىڭ ئالدى پۇتلىرىغا چۇشەك سېلىندى ، گۈلخان يېقىلدى . كـىگىز ۋە پالاسلار يېيىلىپ ، ھەممەيلەن گۈلخان ئەتراپىدا يانپاشلاشتى .

— بـىز ئەمدى ئۆتۈكەن تاغلىرىغا بېرىپ ماكانلىشىمىز ، — دېدى ماسمادار يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا قاراپ ئولتۇرۇپ .

قاراقچىلار ئۈن ـ تىن چىقارماستىن ئۇنىڭغا تىكىلىشتى . ئۇلار ئاتامانىنىڭ داۋاملىق سۆزلىشىگە تەقەززا ئىدى . ئەتراپ شۇنداق جىمجىت ئىدىكى ، ھەتتا ئاسماندىكى يېرىم ئاي ۋە يورۇق يۇلتۇزلارمۇ يەر يۈزىدە نېمە ئىش ، نېمە گەپلەر بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە يەنە قانداق جىنايەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ زارىقىپ تىڭشاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— بىز ھەممىمىز يىراق چەت جايلاردىن تېرىلىپ مۇشۇ يەرلەرگىچە كەلدۇق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ماسمادار، — ئۆتكەن ئەتراپلىرىدىكى كىشىلەر بىزنى تونۇمايدۇ. ھەممىمىز ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن، ئات - تۆگە دېگەندەك مال - مۈلۈكلەرگە ئىگە بولدۇق. ئەمدى شۇ بايلىقىمىزنى دەسمايە قىلىپ كىگىز ئۆيلەردە تىنچ ياشايلى. مەن ئەمدى بايلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، تۈزۈكرەك بىرەر ئادەمنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئائىلە تۇرمۇشىدىن ھۇزۇرلىناي دەيمەن.

— لېكىن بۇ بايلىقىمىزنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى بىر چوقۇر قاراقچى.

ئاتامان جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ ئوت يالقۇنلىرىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدە قانداقتۇر تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىپادە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ خىيال سۈرۈۋاتامدۇ؟ مۈگدەپ قالدىمۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

ئۇزۇن ساقىلى چىگىشلىشىپ كەتكەن كۆرۈمسىز بىر قاراقچى ھېلىقى چوقۇرنىڭ سوئالىغا جاۋاب قايتۇردى:

— ھەي نادان چوقۇر، بايلىقىمىزنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە دالالارنى كېزىپ، كارۋانلارنىڭ ئىزىغا چۈشىمەمدۇق، چەت - ياقا جايلاردىكى يىلقىلارغا تېگىش قىلمامدۇق. شۇمۇ سورايدىغان گەپمۇ؟

باشقا قاراقچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سۆزلىگىلى تۇردى:

— ھەي بۇرادەرلەر، چۆل - جەزىرىلەردە تېنەپ يۈرۈپ چارچاپتۇق. ئەمدى بىزمۇ خەققە ئوخشاش كىگىز ئۆيلەرنى تىكىپ، يىلقا بېقىپ قىمىز ئىچىپ، راسا بىر ھۇزۇرلىنىپ باقايلىچۇ!

— مېنىڭ ئايال كىشى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ باققۇم بار. ھەممە ئىشلارنى بىر چەتتە قويۇپ تۇرۇپ بىر خوتۇن ئالاي دەيمەن.

— قىمىز ئىچىپ تويسەن، خوتۇندىنمۇ زېرىكسەن. يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ كەڭ دالالاردىكى ئەركىن ھاياتىمىز ياخشى.

— توغرا دەيسەن. بىر ئۆينىڭ قۇلى بولۇپ ياشاش ئەزىمەتنىڭ

ئىشى ئەمەس .

— ھەي ئاغىنىلەر ، ئۇنداقمۇ دەيسىلەر ، بۇنداقمۇ دەيسىلەر ، لې-كىن ھەر كىمنىڭ كۆڭلى باشقا . تال - سۆگەتلەر ئاپتاپنى خالايدۇ ، ئارچا - قارىغايلار قار - مۇزنى .

— ھەي بولدى ، ئۇخلايلى .

ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئۇلار يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى . ئۆ-تۈكەن تاغلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشماقتا ئىدى .

× × ×

— قۇت بولسۇن ، ئىنەچۈك تاي .

— قۇت بولسۇن ، بوتاسۇن بۇقا .

ئىككى قەدىناس دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

— كەل ، بوتاسۇن بۇقا ، ئولتۇرغىن .

ئىككىيلەن چېدىر ئالدىدىكى قويۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە سېلىنغان تەكلىماتقا ئولتۇرۇشتى . ئۇلار خۇددى ياش چاغلى-رىدىكىگە ئوخشاشلا ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشىپ تۇراتتى . بۇ قې-تىم بوتاسۇن بۇقا ئىنەچۈك تاينى يوقلاپ كەلگەنىدى . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قېرىشقا باشلىغانىدى . چاچلىرى شالاڭلاپ ، ساقال - بۇرۇتلى-رىغا ئاق ئارىلاشقان ، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا قورۇق چۈشكەن ۋە كۆزلىرىنىڭمۇ ئىلگىرىكىدەك شوخ چاقناشلىرى يوقالغانىدى . ئوخشىماي-دىغان يېرى شۇكى ، ئىنەچۈك تاي بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ بەكرەك سەمرىپ كەتكەن ، بوتاسۇن بۇقا ئەكسىچە ، ئورۇقلاپ ، چىرايى سۇلغۇن كۆرۈنەتتى .

— سالامەتلىكىم ياخشى بولماي قېلىۋاتىدۇ ، بۇرادەر ئىنەچۈك تاي . كۈندىن - كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن .

— قارا پاقلاننىڭ گۆشىنى يەپ ، شورپىسىنى ئىچىپ بەرگىن ، بوتاسۇن بۇقا . كەپتەر ، قۇشقاچلارنىمۇ كاۋاپ قىلىپ يېگىن .

uyghurkitap.com

— يېدىم ، بۇرادەر ، ئاڭلىغانىنىڭ ھەممىنى قىلىپ باقتىم . بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ قېنىنىمۇ ئىچىپ باقتىم ، كۆك قوچقارنىڭ تېرىسىگە يۆگى-نىپ باقتىم ، ئېيىق ، غاز مايلىرىدا ئۇگىلىرىمنى مايلاپ باقتىم .

— شامانىنى چاقىرىپ مەسلىھىتىنى ئالغىن ، قارا قوچقارنى بو-غۇزلاپ قان ئاققۇزۇپ قۇربانلىق قىلغىن . باخشىلار پېرە ئويناپ ، جىن-ئالۋاستىلارنى قوغلىسۇن .

— ئۇنىمۇ قىلدىم ، يەنە قىلاي دەۋاتىمەن .

ئىنەچۈك تاي چېدىر تەرەپكە بۇرۇلدى .

ئادارقىز يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى .

— قۇت بولسۇن ، بوتاسۇن تاغا .

— قۇت بولسۇن ، قىزىم .

ئادارقىز ئىككى ھېجىر ۋە ياغاچ چۆمۈچنى داستىخانغا قويدى ، ئاندىن قىمىز تولدۇرۇلغان كىچىكرەك بىر تورسۇقنى ئاتىسىنىڭ يېنىغا قويۇپ يەنە چېدىرغا كىرىپ كەتتى .

— بۇ يالغۇز بالام ئەقىللىق ، ئىنساپلىق قىز بولدى ، — دېدى ئىنەچۈك تاي ، — ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆيدىكى ھەممە ئىشنى قولىغا ئالدى . مېنىڭ ھالىمدىن ئوبدان خەۋەر ئالدۇ .

بوتاسۇن بۇقا چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى .

— قېرىپ قالغاندا بويتاقچىلىق ئادەمگە تەس كېلىدىكەن . مانا مەنمۇ ئىككى يىلدىن بۇيان يالغۇز ئۆتتۈۋاتىمەنغۇ ، — دېدى ئۇ غەمكىن-لىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ .

ئىنەچۈك تاي تورسۇقتىكى قىمىزنى ياغاچ چۆمۈچ بىلەن خېلى ئۇزاق چايقىغاندىن كېيىن ئىككى ھېجىرغا تولدۇرۇپ قۇيدى . ئىككىي-لەن قىمىزنى ئالدىرىماي ئوتلاشقا باشلىدى .

— بالىلىرىمىز چوڭ بولۇپ قالدى ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ، — بىزنىڭ قۇتادمىشمۇ ياخشى يىگىت بولۇپ چىقتى .

— شۇنداق ، قۇتادمىش ياخشى بالا بولدى ، — دېدى ئىنەچۈك تايمۇ تەستىقلىغان تەرىزدە بېشىنى لىڭشىتىپ .

شۇ ئەسنادا تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق ئادەم كۆرۈندى . بۇ ئادەم ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلمەكتە ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىككى بوۋاينىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى . ئۇلار سۈكۈت ئىچىدە شۇ يىگانە چەۋەندازغا كۆز تىكتى .

بۇ چەۋەنداز سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان قارا بۇرۇتلۇق ياش كىشى ئىدى . ئۇ قىمىز ئىچىشىپ ئولتۇرغان مويسىپىتلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بويلۇق ئالا ئېتىدىن چۈشۈپ سالام بەردى :

— قۇت بولسۇن ، ھۆرمەتلىك تاغىلار .

— قۇت بولسۇن ، پالۋان يىگىت ، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئىنەچۈك تاي ، — قېنى ، ئولتۇر ، مېھمان بولغىن .

ياش چەۋەنداز چېدىرغا يېقىن جايدىكى مەخسۇس ئات باغلاش ئۈچۈن يەرگە قېقىپ قويۇلغان تۆمۈر قوزۇققا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى باغلاپ قويۇپ ، تەگلىماتقا ئولتۇردى . ئۈچەيلەن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى .

— مېنىڭ ئىسمىم ماسمادار ، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ياش چەۋەنداز ، — بۇ يەرگە تېخى يېقىندىلا كۆچۈپ كەلدىم ، تاغ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمەن .

ماسمادار ئاخىرقى سۆزلىرىنى قىلغاندا يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆتۈكەن تاغلىرىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى .

ئىنەچۈك تاي چېدىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ توۋلىدى :

— ئادارقىز ، يەنە بىر چىنە بەرگىن ، مېھمان كەلدى .

ئادارقىز چېدىردىن چىقىپ ، ماسمادارغا ئېگىلىپ سالام بەردى ۋە قولىدىكى ھېجىرنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويدى . ماسمادار قىز قايتىپ چېدىرغا كىرىپ كەتكۈچە كەينىدىن زەن سېلىپ قارىۋالدى . ئىنەچۈك تاي قىمىز قۇيۇلغان ھېجىرنى قوش قوللاپ مېھمانغا سۇندى . ماسمادار خۇددى باياۋاندا چاڭقاپ كەتكەن مۇساپىردەك قىمىزنى توختاتماستىن گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى ـ دە ، ھېجىرنى ساھىبخانىغا قايتۇرۇپ بەردى . ئىنەچۈك تاي ھېجىرغا يەنە قىمىز قۇيۇپ بەردى . ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن مېھماننىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەستىن ، ئۇنى قىمىز ئىچىشكە

زورلايتتى . قائىدە بويىچە ماسمادار بۇ ھەقتە ئۆزى سۆزلىدى .

ــــ مەن بۇ يەرگە كۈنچىقىش تەرەپتىن كۆچۈپ كەلدىم ، ــــ دېدى ئۇ ، ــــ قىتالارغا يېقىن جايلاردىكى يايلاقتا ياشايتتۇق . بىر ياقتىن قىتالار ، يەنە بىر ياقتىن تابغاچ ئېلىدە پاناھلىنىۋاتقان كۆك تۈركلەر ھە دېسىلا باستۇرۇپ كېلىپ ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ بىزگە كۈن بەرمىدى . شۇنىڭ بىلەن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يايلاقنى تاشلاپ ، ئۆتۈكەن تاغلىرىدا ماكان تۇتتۇم . ئاز ـ تولا يىلقا ـ چارۋام بار ، ئوتتۇزدەك چاكار ـ قورۇقچىلىرىم بار . ۋاقتىڭلار يەتسە مېھمان بولۇپ بېرىڭلار . خىزمىتىڭلاردا بولىمەن .

ــــ تەشەككۈر ، قەدىرلىك مېھمان ، ــــ دېدى ئىنەچۈك تاي ، ــــ پۇرسەت بولسا ، ئەلۋەتتە كۆرۈشۈپ تۇرىمىز .

ــــ چوقۇم بېرىڭلار . سىلەرنى چىن كۆڭلۈمدىن تەكلىپ قىلىۋاتىمەن . ئۆي ئىچىدىكى ھەممىڭلار بېرىڭلار ، بىزنىڭ ھوزۇرىمىزدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ كېلىڭلار .

ــــ تەشەككۈر ، قەدىرلىك مېھمان ، تەشەككۈر .

ئۈچىيلەن ئالدىرىماي قىمىز ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . ماسمادار ئىككى مويسىپىتتا تۇيدۇرماستىن بىرنەچچە قېتىم چېدىر ئىشىكىگە مىختەك قادىلىپ قارىۋالدى .

بىر ئەسنادىن كېيىن چېدىر ئىچىدىن ئادارقىز چىقتى ، قىز ئەمەس گوياكى نۇرلۇق ئاي چىقتى . ماسمادارنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشكەنلىكى بىكار ئەمەس ئىدى . ئادارقىز يوتىلىرىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈدەك ئۇزۇنلۇقتىكى بېغىررەڭ مەخمەل چاپان ، ھال رەڭ تاۋار ئىشتان ۋە قونچىلىرىغا گۈل چېكىلگەن قىزغۇچ ـ سېرىق ئۆتۈك كىيگەنىدى . چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن بولۇپ ، ئۈستىدىن چاققانغىنا ھال رەڭ تاۋار ياغلىق چىگىۋالغانىدى . ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىمۇ خۇددى ئاشۇ ھال رەڭ تاۋاردەك سۇزۇك بولۇپ ، قېنىق قىزىل لەۋلىرى ھەم سىزىپ قويغاندەك قاش ـ كۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ، ئومايدەك پاك رۇخسارنى تەشكىل قىلاتتى .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئاتا، مەن چاتقاللىقتا بېرىپ قارىغات تېرىپ كېلەي، — دېدى قىز ۋە قولىدىكى كىچىكرەك بوز خالتىنى يېنىككىنە پۇلاڭلىتىپ قويدى.

— ماقۇل، قىزىم، بېرىپ ئويناپ كەلگىن، — دېدى ئىنەچۈك تاي.

ئادارقىز يېنىك قەدەملەر بىلەن ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ يىراقلاشتى. ماسمادار قىزىنىڭ تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بەدىنىنىڭ ھەربىر چامدىغاندىكى ھەرىكەتلىنىشلىرىگە يوشۇرۇن ھەۋەس ۋە يەنە مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئارىلاشقان نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇردى. ئىككى مويسىپىت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى بۇ خىل غەيرىي ئالامەتلەرنى سەزمىگەن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى. ئادارقىزنىڭ بېغىر رەڭ ۋە ھال رەڭ تاۋارلارغا پۈركەنگەن زىلۋا بويى ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى يېشىل دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىب بولدى.

«ئۇنىڭ قارىغات تەرگىلى بارىمەن دېگىنى يالغان، — دەپ ئويلىدى ماسمادار، — قارىغات تەرگىلى بارسا ئۇنداق ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ، ياسىنىپ بارامتى».

شۇ تاپتا ئىككى مويسىپىتنىڭ ئۆزئارا نېرى - بېرىدىن قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرى بۇ ياش قاراقچىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرالماي قالدى ۋە ئالدىدىكى قىمىز تولدۇرۇلغان ھېجىرنى ئېلىپ بىر كۆتۈرۈۋشتىلا توختاتماي ئىچىۋەتتى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

— قىزغىن كۈتۈۋالغىنىڭىزغا رەھمەت، مۆھتەرەم ساھىبخانا، — دېدى ئۇ ئىنەچۈك تايغا ئېگىلىپ، — مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىم بار. مەن خوشلىشاي. ئامان بولۇڭلار.

— يول بولسۇن، قەدىرلىك مېھمان. ۋاقتىڭ يەتسە يەنە كېلىپ تۇرغىن.

ماسمادار ھەر دائىمقىدەك مەغرۇر قەدەملەر بىلەن كېلىپ ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى يەشتى ۋە بىر سەكرەپلا ئېگەرگە ئەپچىللىك بىلەن مىنىۋالدى. بويلۇق ئالا ئات شۇ ھامان ئىرغىپ قوزغالدى - دە، تۇياقلىرى

ئاستىدىن يۇمشاق قارا تۇپراقنى چاچرىتىپ چىپىپ كەتتى. ماسمادار بايا ئادارقىز كەتكەن دۆڭ تەرەپكە ماڭمىدى، بەلكى شۇ دۆڭنى يانداپ ئۆتۈپ، ئېتىنىڭ بېشىنى نېرىدىكى ئېدىرلىققا بۇرىدى. ئۇ ئارقىغا قايرىلىپ قارىدى. ئىنەچۇك تاي بىلەن بوتاسۇن بۇقا تېخىچە ئۆز جايلىرىدا ئولتۇراتتى. ماسمادار ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئېدىرلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئېتىنىڭ بېشىنى ئادار قىز كەتكەن تەرەپكە بۇرىدى.

«ئۇ قارىقات تەرمەيدۇ، — دېدى قاراقچى ئۆز ئىچىدە، — ياق، ئۇ چوقۇم بىر ئەر كىشى بىلەن كۆرۈشكىلى كەتتى».

ماسمادار ئەمدى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئېھتىيات بىلەن ئەتراپىنى كۆزىتىپ ئاستا ماڭدى. «ئۇ ئەنە ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن». شۇ دۆڭگە يېقىن جايلاردا چىرمىشىپ ئۆسۈپ كەتكەن چاتقاللار كۆرۈنەتتى.

«بۇ يەردە راستتىنلا قارىقات چاتقاللىرى بار ئىكەن، — دەپ يەنە ئويلىدى ماسمادار، — ئۇ راستتىنلا قارىقات ئۈزۈۋاتامدۇ يا؟ نېمە بولسىمۇ ئېھتىيات قىلىش كېرەك».

ئۇ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى چەتتىكى بىر قارىقات شېخىغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى ئۇياق - بۇياققا قارىغاچ چاتقاللىققا ئىچكىرىلەپ كىردى. ماسمادار كۆپ ئىزلەپ ئاۋارە بولمىدى. سۆزلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئويلىغىنىمدەك چىقتى، — دېدى قاراقچى ئۆز ئىچىدە، — بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ ئاۋازى!» ئۇ ئەمدى چاتقاللار ئارىسىدا چوك - چوك چامداپ شۇ ئاۋاز چىققان يەرگە كەلدى. ئادارقىز ياش بىر يىگىت بىلەن يېقىن تۇرۇپ سۆزلەشمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغان ماسمادارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. كېيىن ئادارقىز ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— ھە، ھۆرمەتلىك مېھمان، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ سىزگە نېمە كېرەك؟

ماسمادار باشتا قىزغا، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ياش يىگىتكە تىكىلىپ قارىدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئايىمقىز؟ — دېدى ئۇ تەنە قىلغان ئاھاڭدا، — ئاتىڭىزغا مۇشۇنداق يالغان گەپ قىلىسىڭىز بولامدۇ؟ ئاتىڭىزغا قارىغاندا تېرىشىپ بېرىدىغان ھەمراھىم بار دېمىگەنىدىڭىز.

ياش يىگىت ئەجەبلەنگەن ھالدا سوئال نەزىرى بىلەن ئادارقىزغا قارىدى.

— بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن مېھمان، — دەپ چۈشەندۈردى ئادارقىز ۋە ماسمادارغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ مېنىڭ دوستۇم ... سۆيگىنىم قۇتادمىش. بىزنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ھۆرمەتلىك مېھمان، ئاتام بۇ ئىشنى بىلىدۇ. بايا سىز بىلەن قىمىز ئىچىشىپ تونۇشقان بوتاسۇن تاغام مانا مۇشۇ قۇتادمىشنىڭ ئاتىسى بولىدۇ.

— ئادارقىز توغرا ئېيتتى، — دېدى قۇتادمىش ماسمادارغا دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — ئىنەچۈك تاغامنىڭ مېھمىنى ئىكەنسىز. بىزنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، بىز يېقىندا توي قىلىمىز.

ماسمادار زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ گويا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇجۇقۇپ كەتكەندەك بولدى ۋە باشتا ئادارقىزغا، ئاندىن قۇتادمىشقا تىكىلىپ - قادىلىپ قارىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىدىن مېھمانلارغا خاس تۈزۈت ۋە دوستانىلىك ئالامەتلىرى زىنھار كۆرۈنمەيتتى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئوڭ قولى ئىختىيارسىز تۈردە كەڭ تاسما كەمەرگە ئېسىلغان خەنجەرنىڭ دەستىسىنى سىقىملاپ تۇتتى. قۇتادمىش بىلەن ئادارقىز ئۇنىڭغا قاراپ تېخىمۇ ئەجەبلەندى ۋە نېمە دېيىشنى، قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

ماسمادار كەينىگە كەسكىن بۇرۇلدى - دە، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ يىراقلاشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ تېز چېپىپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ تۇياق تىۋىشلىرى ئاڭلاندى.

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — چۈشەنمەستىن سورىدى

قۇتادمىش .

— ۋاي تاڭەي ، — دېدى ئادارقىز لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ ، — ئەجەب غەلىتە خۇيى بار ئادەمكەنغۇ ! بولدى ، ئۇنى قويغىنا ، ئۆزىمىزنىڭ گېپىمىزگە كېلەيلى ، بايا نېمە دەۋاتقانىدىڭ ؟

قۇتادمىش قىزنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىسىپ تۇتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۆيگۈ تەشنالىقى بىلەن تويماي ، قانماي تىكىلىپ قارىدى . يىگىتنىڭ شۇ تاپتىكى پەقەت ئاشىقلاردىلا بولىدىغان مەجنۇن سۈپەت كۆرۈنۈشىدىن قىزنىڭ ئاشۇ بولاقتەك ئوقچۇپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كىرىپ ، ئۆزىنىڭ شوخ سوقۇپ تۇر-غان يالقۇنلۇق يۈرىكىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە قوشۇۋەتكۈسى باردەك تۇ-يۇلاتتى . ئادارقىزمۇ ئۈنچىقماستىن ، سۆيگۈ ھارارىتىنىڭ لەززىتىگە بېرى-لىپ ، سۆيگەن يىگىتىگە نۇرلۇق كۆزلىرىنى تىكتى .

قۇتادمىش بوي - بەستى راسا كېلىشكەن بەرنا يىگىت بولۇپ ئۆسكەنىدى . ئۇ قارا قاشلىق ، قاڭشارلىق ، بۇرۇتى يېڭى ئۆسكەن ماي-سىدەك خەت تارتقان ، ئۆتكۈر كۆزلىرىگە مۇھەببەتنىڭ ئۇللىقلىقى گو-ياكى باھارنىڭ تەپتىنى قوشقان ، مۇرىلىرى كەڭ ، كۆكرىكى كۆتۈرۈ-لۈپ چىققان بولۇپ ، ئادارقىزنىڭ نەزىرىدە بەئەينى بەخت ئاتا قىلغۇچى يورۇقلۇق ئىلاھى بولۇپ قالغانىدى .

— ئاھ قۇتادمىش ...

— ئادارقىز ...

پىچىرلاشلار ، ئوتلۇق تىنىقلار ...

— قاچان يولغا چىقماقچى بولۇۋاتىسەن ؟ — ئادارقىز گوياكى باھارنىڭ تاشقىن سۇلىرىدەك ئۆركەشلەپ تۇرغان ھېسسىياتىنى بېسىۋې-لىپ سورىدى .

قۇتادمىشمۇ مىسلىسىز راھەت - پاراغەتلىك روھىي دۇنيادىن مەۋجۇدىيەت دۇنياسىغا تەستە قايتىپ كەلدى .

— مۇشۇ بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە ماڭىمەن ، — دېدى ئۇ .

— شۇ سەپەرگە چىقمىساڭ زادى بولماسمۇ ؟ — ئادارقىز يەنە

سوريدى .

ـــ بولــمايــدۇ ، ئادارقىز . قۇرۇق قول بىــلەن توي قىلغىلى بولـ
مايدۇ ـ دە . چاڭئەن بازارلىرىدا ئازراق سودا قىلىپ ، تويلۇققا يەتكۈدەك
مال تېپىپ كېلىشىم كېرەك .

ئادارقىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى .

ـــ ئەسلى ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولاتتى . شۇ ئاتامنىڭ
گېپى بىلەن مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ ـ دە ...

قۇتادمىشمۇ يېنىككىنە بىر تىنىۋالدى .

ـــ ئاتاڭنى رازى قىلمىساق بولمايدۇ ، ئادارقىز . قۇرۇق قول بىـ
لەن سېنى سوراشقا بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ .

ئۇلار ئىككىسى يەنە ئۇزاق مۇڭداشتى . ئىككىيلەن بىرلىكتە چاتـ
قالنىڭ تىكەنلىك شاخلىرىدىن قارىقات ئۈزۈپ ، ئادارقىزنىڭ قولىدىكى
ھېلىقى كىچىككىنە بۆز خالتىغا سېلىشتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## ئوغۇل بالا سەپەردە چېنىقىشى كېرەك

مىلادىيە 754 ــ يىلى ياز .

بوتاسۇن بۇقا ئوغلى قۇتادمىشنى ئۆز يېنىغا چاقىردى . قۇتادمىش بىر يېنىغا ئوقيا سېلىنغان ساداقنى ئاسقان ھالدا ئاتتىن چۈشتى ۋە ئېگەرنىڭ ئارقىسىغا ئارتىلغان جانسىز كېيىكنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ، كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا تاشلىدى . ئۇ تېخى تاڭ يورۇماستا تاغقا چىقىپ كېتىپ ، مۇشۇ كېيىكنى ئوۋلاپ كەلگەنىدى . ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىشتىن بۇرۇن قانچىلىك ۋاقىت بولىدىكىن دېگەندەك قىلىپ شەرق تەرەپكە قاراپ قويدى . قۇياش ئېدىرلار تۆپىسىدىن ئەمدىلا ئۆرلەپ چىققان بولۇپ ، گۈل ـ گىياھلار ياپراقلىرىدىكى شەبنەملەر تېخى قۇرۇمىغانىدى .

قۇتادمىش كىگىز ئۆيگە كىرگەندە ئاتىسى بوتاسۇن بۇقا قات ـ قات سېلىنغان كالا ۋە قوي تېرىلىرىنىڭ ئۈستىدە جەينىكى بىلەن يۆلەنگەن تەكىيىگە تايانغان ھالدا قىيسىيىپ ئولتۇراتتى . ئۇ يالاڭۇاش بولۇپ ، ئاقارغان ئۇزۇن چاچلىرى پاخپىيىپ ۋە قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بىقىنىدىن ئىزمىلىنىدىغان ، كونىراپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن تاۋار چاپىنىنىڭ ياقىسى ئېچىۋېتىلگەن ، چىرايى سۇلغۇن كۆرۈنەتتى .

ــ كەل ، ئولتۇرغىن ، قۇتادمىش ، ــ دېدى ئۇ خىرقىرىغان بوش ئاۋازدا .

قۇتادمىش يېقىن كېلىپ ، كىگىزگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .

ــ كېيىك ئوۋلاپ كەلدىم ، ــ دېدى ئۇ ئاتىسىغا قاراپ ، ــ ھازىرلا سويۇپ كاۋاپ قىلاي . كېيىك گۆشى سىزگە پايدا قىلىدۇ .

— توختاپ تۇر ، — دېدى بوتاسۇن بۇقا ، — ئاۋۋال گېپىمگە قۇلاق سال . سوغدى سودىگەرلىرىدىن بىر تونۇشۇم بار . ئۇ سېنى ئۆز كارۋىنىغا قوشۇۋېلىشقا ماقۇل بولدى . شۇڭا ، تەييارلىقىڭنى پۇتتۇرۇۋال .

— لېكىن ئاتا ، سىز ...

— بولدى ، ئارتۇق گەپ قىلما ، شۇلار بىلەن يولغا چىقىسەن . تەييارلاپ قويغان ئات ۋە ئېگەر - جابدۇقلارنى چاڭئەنگە ئاپىرىپ سېتىپ ، ئوبدانراق يىپەك رەختلەردىن ئېلىپ كەلگىن . كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئىنەچۇڭ تايغا تويلۇق تاپشۇرۇپ ، ئادارقىز بىلەن ئىككىڭلارنىڭ تويۇڭلارنى قىلىۋېتەي .

— ئاتا ، بىزدە ئاران ئون ئات بار . بۇنىڭغا قانچىلىك مال تېگىشكىلى بولار ؟

— قانچىلىك بولسىمۇ ئېلىپ كەلگىن . سەن قايتىپ كەلگۈچە مەن بۇ يەردىكى هارۋىلىرىمىزنى يەنە بىر نەچچە ئاتقا تېگىشىپ قويىمەن . ئەمدى هارۋىلارنىڭ بىزگە كېرىكى يوق . سەن هارۋىكەشلىك قىلىشنى خالىمايدىكەنسەن .

— كۆپرەك مېلىمىز ، دەسمايىمىز بولسا ، ئاشۇ سوغدىلاردەك سودىگەر بولسام دەيمەن ، ئاتا .

— ئۇمۇ بولۇپ قالار ، ئوغلۇم . سەن باشتا چاڭئەنگە بىر بېرىپ كۆرۈپ كەلگىن . « كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلەر » دېگەن گەپ بار . ئوغۇل بالا سەپەردە چېنىقىشى كېرەك .

— ماقۇل ئەمسە ، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلاي .

بوتاسۇن بۇقا ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىپ ، كۆرۈنەرلىك تېتىكلىشىپ قالدى . ئۇ ئەمدى تەكىيىگە تايانماستىن ، چاژا قۇرۇپ تىك ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە باشقىچە بىرخىل جانلىنىش ئىپادىسى كۆرۈندى .

— ماڭا قارا ، قۇتادمىش ، — دېدى ئۇ روهلانغان تەلەپپۇزدا ، — مەن ئىلگىرى شەهەر قۇرۇش توغرىسىدا كۆپ ئويلانغان .

كۆك تۇركلەر دەۋرىدە مەن بۇ ئويلىرىمنى ئوزمىش قاغانغا ئېيتقانىدىم. ئۇ مېنى تىڭلاپ قوغلاپ چىقاردى. كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تىكلەنگەندە كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئالدىغا كىرىپمۇ يەنە شۇ ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم. ئۇ مېنى قورقۇتمىغان بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى گەپلىرىمنى ئاڭلاشنى خالىمىدى. ئەل - يۇرت ئىچىدە بەزىلەر مېنى مازاق قىلىشتى، بەزىلەر بولسا «ئاتا - بوۋىلىرىمىز قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىمەن دەۋاتىسەن، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى بۇزماقچى بولدۇڭ» دېيىشىپ مېنى ئەيىبلەشتى، ھەتتا بەزىلەر مېنى «خائىن، مۇناپىق» دەپ دۈشمەنلىك كۆزىدە قارايدىغان بولۇپ كەتتى. تاكى ھازىرغىچە شۇ سەۋەبتىن بىرمۇنچە كىشىلەر مېنى ئۆچ كۆرىدۇ.

— مەنغۇ شەھەرلەرنى كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى قۇتادمىش، — شۇنداقتىمۇ، سېپىل سوقۇپ، مۇستەھكەم ئۆيلەرنى سالسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار دەپ ئويلايمەن.

بوتاسۇن بۇقا تېخىمۇ جانلىنىپ، خۇددى بىرسى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقاندەك قىزىپ كەتتى.

— بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن گەپلەرگە مەن قايىل بولمايمەن، لېكىن كۆڭلۈمدىكى شۇ ئىشلارنى قىلالمىدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىلالمايدىغان ئوخشايمەن. قېرىدىم. كۈچ - ماغدۇرۇم يىلدىن - يىلغا خوراپ كېتىۋاتىدۇ. ئوغلۇم قۇتادمىش، مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم يادىڭدا بولسۇن. چاكىئەنگە بارساڭ شەھەرنىڭ نەقەدەر ياخشى بولىدىغانلىقىنى كۆرىسەن. ئىمكانىيەت بولسا، سېپىل سوقۇپ، خىش - كېسەكلەردە ئۆي سېلىش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالغىن. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزمۇ ئازادە كېسەك ئۆيلەردە ئولتۇرسا قانداق ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرسە جاھىللىقنى تاشلاپ، بىزنىڭ تەشەببۇسلىرىمىزغا قوشۇلىدۇ.

قۇتادمىش بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن، ئاتا.

— ھە بولدى. ئەمدى يولغا تەييارلىق قىلغىن، بالام.

قۇتادمىش ئاتىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئېتىغا مىندى - دە، ئانچە يىراق بولمىغان قارىغايلىق تاغدىن ئۆتۈپ ئىنەچۇك تايىنىڭ كىگىز ئۆيى جايلاشقان ئوتلاققا باردى ۋە سۈزمىدىن قۇرت ياساپ، تاۋاق ۋە تەڭنىلەرگە تىزىۋاتقان ئادارقىزنى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى.

ئۇلار ئىككىسى تاغ گۈللىرى قاپلاپ كەتكەن خىلۋەت بىر جايدىكى دۆڭنىڭ تۇۋىدە ئولتۇرۇپ سۆزلەشتى. قۇتادمىش ئەتە سەھەردە يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سۆيۈملۈك قىز بىلەن خوشلاشتى. ئادارقىز ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ، يالۋۇرغان سىياقتا مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەسلى شۇ يەرگە بارمىساڭمۇ بولاتتى، قۇتادمىش. بارساڭمۇ كېچىكمەي قايتىپ كەلگىن ... تېز قايتىپ كەلگىن، تېز ...

— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمەن، ئادارقىز. ئىشلىرىمنى تۈگىتىپلا دەرھال قايتىمەن. تېز قايتىپ كېلىشكە سەندىن بەكرەك ئالدىرايمەن.

ئاخىرقى سۆزلەرنى قۇتادمىش كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى، لېكىن ئادارقىز كۈلمىدى. ئۇ بەكلا پەرىشان ئىدى.

— سېنىڭ كېتىدىغانلىقىڭنى ئويلىساملا كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئاخشام كېچىچە قارا بېسىپ ئۇخلىيالمىدىم، بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى قاپىقىم تارتىۋاتىدۇ.

— ھېچقىسى يوق، ئادارقىز، خاتىرجەم بول، كۆڭلۈڭنى توق تۇت. مەن قايتىپ كەلگەندە ئىككىمىز يەنە خۇشال - خۇرام كۆرۈشىمىز. ھېچنېمە بولمايدۇ. سوغدى سودىگەرلىرى ھەمىشە ئۇزۇن سەپەرلەردە كۈن ئۆتكۈزىدىغۇ. مەنمۇ شۇلاردەك سودىگەر بولاي دەيمەن. كېيىن ئىككىمىزنىڭ كۈنىمىز باياشاتچىلىقتا ئۆتىدۇ. مېنىڭ ئاتاممۇ ئۆمۈربويى ھارۋىكەشلىك قىلىپ بارمىغان يېرى قالمىدى، ھېچنېمە بولمىدىغۇ.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنى خۇپىيانە كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى سەزمىدى. بۇ ئۈچىنچى ئادەم خېلى بۇرۇنلا قۇتادمىشنىڭ كەينىدىن ماراپ كەلگەندى. ئۇ ئېتىنى ئېدىرلىقتىكى بىر چاتقاللىققا يوشۇرۇپ

قويۇپ ، ئۆزى يىگىت بىلەن قىز ئولتۇرغان يەردىكى دۆڭنىڭ كەينىگە ئوغرىلىقچە كېلىپ مۆكۈنۈۋالغانىدى . ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشاپ باققان بولسىمۇ ، قۇتادمىش بىلەن ئادارقىزنىڭ تۇتۇق ئاۋازىنىلا ئاڭلىيالىدى ، ئەمما ئۇلارنىڭ زادى نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى بەجايىكى بۆكەنگە ئېتىلماقچى بولۇپ تۇرغان قاپلاننىڭ كۆزلىرىدەك دەھشەتلىك چاقناپ كەتتى ، ئوڭ قولى كەڭ تاسما كەمەرگە ئېسىلغان پولات خەنجەرنى چىڭ سىقىملاپ غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئالدى . ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى . لېكىن ئۇ بىردەمدىن كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ ، خەنجەرنى غىلاپقا سالدى .

شۇ ئەسنادا قۇتادمىش بىلەن ئادارقىز ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇشتى . ھېلىقى ئۇچىنچى ئادەم « ئۇلار ئەمدى نېمە قىلىدىكىن ؟ » دېگەندەك قىلىپ تېخىمۇ جىددىيلەشتى ۋە ئىختىيارسىز تۇردە بويىنىنى سوزۇپ قارىدى . يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىگە يېپىشتى ، قۇچاقلاشتى . ئاندىن قۇتادمىش ئېتىغا مىنىپ تاغ تەرەپكە يول ئالدى . ئادارقىز ئۆز ئۆيىگە قايتتى . ھېلىقى ئۇچىنچى ئادەممۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېتىغا مىندى - دە ، قۇتادمىشنىڭ كەينىگە چۈشتى .

قۇتادمىش ئېتىنى يورغىلىتىپ ئېدىرلار ئارىسىدىن ئۆتتى ۋە ئۆز ئۆيى بىلەن ئادارقىزنىڭ ئۆيىنى ئايرىپ تۇرغان قارىغايلىق تاغنىڭ باغرىغا يېقىنلاشتى . تۇساتتىن ئۇ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق تىۋىشلىرىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى .

— ھە ، بۇ سىز ئىكەنسىزغۇ ، — دېدى قۇتادمىش دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ ۋە ئېتىنى توختاتتى .

ھېلىقى ئۇچىنچى ئادەممۇ يېقىن كېلىپ توختىدى .

— قۇت بولسۇن ، — قۇتادمىش بېشىنى ئېگىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى .

ھېلىقى ئادەم سالامغا سالام قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا سوغۇق كۈلۈپ قويدى ۋە :

— مېنى تونۇدۇڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

قۇتادمىش ئەجەبلەنگەن ۋە ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. قارا بۇرۇتلۇق، قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق دوستانە كەيپىيات كۆرۈنمەيتتى. قۇتادمىش كىشىلەرنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسىنى كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەنىدى. بۇ كەڭرى يايلاقلاردا، ئېگىز تاغلاردا مال بېقىپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان، بوش ۋاقىتلىرىدا ئوقيا ئېتىپ ئوۋچىلىق قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالسا ئۆزئارا قىزغىن، دوستانە مۇئامىلىدە بولىدۇ، بىرەر ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆرسە تونۇيدىغان - تونۇمايدىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ، ھارغان - ئاچقان يولۇچىلار كېلىپ قالسا ئۆيىگە باشلاپ، نېمىسى بولسا شۇنىڭ بىلەن مېھمان قىلىدۇ، خۇشال بولسىمۇ، خاپا بولسىمۇ ئىچىدىكىنى يوشۇرماي تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن دەۋېرىدۇ. قۇتادمىش ئەنە شۇنداق ھالال ياشايدىغان مېھرىبان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. ئۇ يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇنداق كىنايىلىك سوغۇق كۆلۈشلىرىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە رەنجىگەن بولسىمۇ، «قارىماققا مەندىن بىر نەچچە ياش چوڭدەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ، يەنىلا ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلدى ۋە ئۇنىڭ بايىقى سوئالىغا ئەدەپ بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— تونۇدۇم. سىز ئىنەچۈك تاغامنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغانىكەنسىز.

— گېپىڭ توغرا بولمىدى، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — مەنغۇ ئىنەچۈك تايىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان، لېكىن سېنى مەن ئۇ يەردە كۆرمىگەن. بىز سېنىڭ بىلەن ھېلىقى چاتقاللىقتا كۆرۈشكەن، سەن ئىنەچۈك تايىنىڭ قىزىنى ئالداپ ئاپىرىۋالغان چاتقاللىقتا.

ئەمدى قۇتادمىشنىڭ قېنى قىزىشقا باشلىدى.

— ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل، — دېدى ئۇ ئەمدى يۈز - خاتىر قىلماستىن، — ئادارقىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى تىلغا ئېلىشقا ھەققىڭ يوق!

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن ، — دېدى ھېلىقى ئادەم تەنە قىلغان ئاھاڭدا ، — بىلىپ قوي ، مەن ماسىمادار . مېنىڭ ئىسمىمنى ئاڭلىسا قوتازنى كۆتۈرۈپ باسىدىغان پالۋانلارمۇ تىترەپ كېتىدۇ .

— سەنمۇ بىلىپ قوي ، — دېدى قۇتادمىش ، — مەنمۇ قوتازنى كۆتۈرۈپ باسىدىغان پالۋانلار يولسىزلىق قىلسا باش ئېگىپ تۇرمايمەن . لېكىن ، بۈگۈن مەن ھېچكىم بىلەن جېدەللىشىشنى خالىمايمەن ، چۈنكى ئەتە سەھەردە ئۇزۇن سەپەرگە چىقىمەن .

ماسىمادار ئۈپچۈرىسىگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ « ھېچكىم يوق ئىكەن ، بۈنى مۇشۇ يەردىلا جايلىۋېتەي » دېگەن ئويىنى كۆڭلىگە پۈككەندى ، بىراق قۇتادمىشنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قارارىنى ئۆزگەرتىپ ھورىنى بېسىۋالدى . ئۇنىڭ بايىقى قوپاللىقى ئۆزگەردى .

— سەپەرگە چىقىمەن دەمسەن ؟ — دېدى ئۇ سەل مۇلايىملاشقان ئاۋازدا ، — نەگە بارىسەن ؟ نېمە ئىش بىلەن ؟

— چاگىئەنگە تىجارەت ئىشى بىلەن بارىمەن .

— ھە مۇنداق دېگىن . ياخشى ئىش ئېكەن .

— خەير ـ خوش ، ماسىمادار .

— خوش ، قۇتادمىش .

قۇتادمىش ئېتىنى دېۋىتىپ ، ئۆز يولىغا ماڭدى . ماسىمادار بىر ئەسناغىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى . ئاندىن بىر قارارغا كەلدى بولغاي ، ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۆكچىلىرىنى ئېتىنىڭ بىقىنلىرىغا قاتتىق نىقتىدى . ئالا ئات چاپچىپ قوزغالدى ـ دە ، قۇيۇندەك ئۇچۇپ كەتتى . ماسىمادارمۇ ئۆز تۇرالغۇسى تەرەپكە يول ئالدى .

ئېيتقاندەك ، ئەتىسى ئەتىگەندە قۇتادمىش تاغار ، تۈگۈن ۋە تورسۇقلار ئارتىلغان توققۇز ئاتنى ئالدىغا سېلىپ تۇرالغۇسىدىن ئايرىلدى . جەنۇبقا ماڭىدىغان كارۋان يولىغا كەلگەندە ئۇ چوڭ بىر سودا كارۋىنىغا قوشۇلدى . ئات ۋە تۆگىلەر سەپ تارتىپ تىزىلغان ھالدا ئۆ-

تۈكەن تاغلىرىدىن يىراقلىشىپ ، كەڭ دالاغا ئىچكىرىلەپ ماڭدى . كارۋان ئىگىسى ياشانغان سوغدى سودىگەر ، يانلىرىغا قىلىچ ـ خەنجەرلەرنى ئاسقان ئون نەچچە قورۇقچى چەۋەنداز ۋە خۇددى شۇنداقلا قىلىچ ، خەنجەر بىلەن قوراللانغان قۇتادمىش كارۋان ئەھلىنى تەشكىل قىلاتتى . ھالبۇكى ، ئۇلاردىن ھېچكىم كارۋاننى يىراقتىن خۇپپىيانە پايلاپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنى بايقىمىدى .

ئۇ پايلاقچى يەنىلا ئاشۇ ماسمادار ئىدى . ئۇ تاكى كارۋان ئۇپۇق سىزىقىغا يېقىنلاشقۇچە ئۈندىمەي قاراپ تۇردى . ئاندىن ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى .

بۇ قاراقچىلار ئاتامانى ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قول ئاستىدىكى يىگىرمە نەچچە ئاتارمەن ـ چاپارمەننى ئالدىغا چاقىردى .

— نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ تەييار بولۇڭلار ، ئەتە سەپەرگە چىقىمىز ، — دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ .

سەرگەردانلىق ھاياتىغا ئادەتلىنىپ كەتكەن كاللىكېسەرلەر بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتى .

— ۋاھ ئەمدى يايرايدىغان بولدۇق !

— كالا بېقىپ ، سۈت ساغىدىغان خوتۇنلاردەك بىكار ئولتۇرۇپ پۇت ـ قوللىرىمىزمۇ بوشاپ كەتكىلى تۇرغانىدى . ئەمدى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان بولدۇق !

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەر تاڭدا قۇياشقا ئىلتىجا قىلىپ ، كۆك تەڭرىدىن بىزنى كەڭ دالاغا قايتۇرۇشنى تىلىگەنلىكىمىز بىكار كەتمەپتۇ .

— ياشىسۇن كەڭ دالا !

— ياشىسۇن چۆلدىكى بوران !

قاراقچىلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى ، شادلىقىنى نامايان قىلىپ بىر ـ بىرلىرىنى مۇشتلاشتى ، مەيدىلىرىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ ، قان ھىدىنى ئالغان يىرتقۇچلاردەك ۋارقىراپ ـ ھۇۋلاپ تەلۋىلەشتى .

ماسمادار ئەكسىچە ، لام ـ مىم دېمەستىن ئۇلارغا خىيالچان كۆز-

لىرى بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئاق كىگىز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى . ئۇ ئېيىق ۋە تۈلكە تېرىلىرى سېلىنغان كات ئۈستىگە ئولتۇرۇپ باقتى ، يېتىپ باقتى ، بىراق ئولتۇرغۇسىمۇ ، ياتقۇسىمۇ كەلمەيتتى . يەنە ئۆرە قوپۇپ كىگىز ئۆي ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىغا بىردەم قۇتادمىش ، بىردەم ئادارقىز كېلىۋالاتتى .

« ئادارقىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇتادمىشنى يوقىتىشىم كېرەك » دەپ ئويلايتتى ئۇ .

ماسادار ئادارقىزنى بىر كۆرۈشتىلا ئاشىق بولغانىدى . ئۇ ئەمدى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ ، جىنايەتلىك ئۆتمۈشتىن قول ئۈزۈپ ، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىستىكى بىلەن مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى . ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى بۇلاپ ـ تالاپ توپلىغان مال ـ دۇنياسى بىلەن توقچىلىق ، باياشاتچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ ئات ، كالا ، قويلىرى بار . ئۇ خۇددى چوڭ بايلاردەك ئاق كىگىز ئۆي سېلىۋالدى . ئۇمۇمەن ، ھەممە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ھېچكىمدىن قېلىشقۇچىلىكى يوق . پەقەت بىرلا مەسىلە ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ تۇراتتى ، يەنى ئۇ ئۆزىگە تۈزۈك كېرەك بىر لايىق تاپالماي يۈرەتتى . ئۇ تاسادىپىي ئىنەچۈك تايىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ ، ئۆز بەختىنى تاپقاندەك بولغانىدى . ئەپسۇس ! ئۇنىڭ بەخت يولىدا قۇتادمىش ئىسىملىك رەقىب توسالغۇ بولدى .

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ماسادار خۇددى ھېرىپ كەتكەن ئادەمدەك چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ تەڭلىماتقا ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا خۇددى شامانلار ئېيتقاندەك ياخشى روھلار بىلەن يامان روھلار ئۆزئارا كۈرەش قىلماقتا ئىدى .

« ئادارقىز ماڭا يېقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قۇتادمىشنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەكمۇ ؟ » ماسادار ئۆزىگە ئۆزى سوئال قوياتتى . « بۇ ئىشتا قۇتادمىشنىڭ نېمە گۇناھى بار ؟ ئەگەر ئادارقىز ماڭا ئۇنىمىسا باشقا بىر قىز تاپسام بولمامدۇ ؟ »

ماسمادار قانچە ئويلىسىمۇ نەتىجىسى بىرلا بولۇپ چىقاتتى. ئادار-قىزدىن باشقىسى بولمايدۇ. ئۇ جەزمەن ئادارقىزنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك! لېكىن، ئادارقىز قۇتادمىشتىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ. بۇنى ماس-مادار چۈشىنىپ بولدى، بىلىپ بولدى. دېمەك، قۇتادمىشنىڭ يوقىلىشى شەرت.

« ئۇنى بۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋەتسەم ھەممە خەقنىڭ مەندىن گۇمان قىلىشى تۇرغان گەپ، چۈنكى مەن بۇ يەرگە مۇساپىر، — دەپ مۇلا-ھىزە قىلاتتى ماسمادار، — ئۇنىڭ ئۆزۈن سەپەرگە چىققىنى بەك ياخشى بولدى. ئەگەر كارۋان بۇ يەردىن يىراق يەردە ھۇجۇمغا ئۇچرىسا ھېچ-كىم مەندىن گۇمان قىلمايدۇ ».

ماسمادار ئورنىدىن تۇردى ۋە يەنە بېشى قاتقان ھالدا ئۇياق-بۇ-ياققا ماڭغىلى تۇردى. ئۇ ئەسلى ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىنى ئۆزى باشلاپ بېرىپ، ئادەمزاتسىز چۆلگە بارغاندا قۇتادمىشنى ئۆز قولى بىلەن جايلە-ۋېتىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن ھازىر ئۇ بۇ قارارىدىن ياندى. « ئەگەر ئۇنداق قىلسام بۇ يەردىكىلەر بەرىبىر مەندىن گۇمانلىنىدۇ. ئەمسە قانداق قىلىش كېرەك؟ »

ماسمادار ئاق كىگىز ئۆيدىن سىرتقا چىقتى ۋە قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى يەنە چاقىردى.

— بۇياققا كېلىڭلار، تېز بولۇڭلار!

ئاتامانىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا كۆنۈپ كەتكەن قاراقچىلار دەرھال تە-رەپ-تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، — دېدى ئاتامان ئۆزى ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن، — ئەتە ئەتىگەندە سىلەر سەپەرگە چىقىسىلەر، مەن بۇ يەردە قالىمەن. بۈگۈن يۈرۈپ كەتكەن ھېلىقى سودا كارۋىنىنى كۆرگەنسىلەر؟ شۇ كارۋاننى قوغلاپ يېتىپ ھېلىقى قۇتادمىش دېگەننىڭ جېنىنى ئالىسىلەر. ئۇنى تونۇمسىلەر؟

— تونۇيمىز. ئۇ تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مۇشۇ ئورماندا ئوۋ قىلىپ قايتىپ كېتىۋاتقاندا ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ قويغانىدى.

ڭىز ، — دېدى قاراقچىلاردىن بىرى .

— ئۇنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي جايلىۋېتىشنىڭ ئامالى بارمۇ دەپ بىز بىلەن مەسلىھەتلەشكەنىدىڭىز ، — دېدى يەنە بىر قاراقچى .

— شۇنداق ، — دەپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ماسمادار ، — ئۇنى بۇ يەردىن يىراققا بارغاندا ، ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيدىغان چۆلگە بارغاندا جايلىۋېتىڭلار . ئۇنى كىم ئۆلتۈرۈۋەتسە شۇنىڭغا چوڭ مۇكاپات بېرىمەن .

ماسمادارنىڭ مۇددىئاسى ۋە قاراقچىلارغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى ئېنىق بولدى . ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن يىگىرمە نەچچە قاراقچى يانلىرىغا قىلىچ ۋە ساداقلىرىنى ئېسىپ ، خىللانغان ئارغىماقلارغا مىنىشتى - دە ، بىر كۈن بۇرۇن يولغا چىققان كارۋاننىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ماڭدى . ماسمادار ئۆزىنىڭ ئاق كىگىز ئۆيىنىڭ ئالدىدا غالىبانە قىياپەتتە تۇرۇپ ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى . ئۇ ئۆز يېنىدا پەقەت ئىككىلا قاراقچىنى ئېلىپ قالدى .



www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## دالادىكى توقۇنۇش

پۈتۈن تاغ ۋە دالىلار يېشىللىق دۇنياسىغا ئايلانغان ياز كۈنلىرىدە ئۇرخۇن دەرياسى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە گوياكى يەنە قانداقتۇر دىللارنى مەھلىيا قىلغۇچى تەڭداشسىز سېھرىي گۈزەللىكنىڭ قۇدرىتىنى قوشۇپ تۇراتتى. تاشتىن تاشقا سوقۇلۇپ، شوخ ئويناپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا قارىسا ئادەم كىشىلىك دۇنيادىكى غەم - قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ، بەجايىكى قانات چىقىرىپ پەرۋاز قىلىدىغاندەك يېنىكلىك ھېس قىلىدۇ.

دەريا بويىغا تەڭلىمات ۋە گېلەمىلەر كەڭ يېيىلغان، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئېيىق، تۈلكە ۋە قوتاز تېرىلىرى سېلىنغان بولۇپ، بۇ سورۇندا بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئۆز يېقىنلىرى بىلەن گۈڭگۈر - مۇڭگۇر پاراڭلاشقاچ غىزالانماقتا ئىدى. ئۇلار ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرە ۋە ساپ ھاۋادىن ھۇزۇرلىنىپ، ئوتتۇرىدىكى داستىخانغا كۆمۈش لىگەنلەردە قويۇلغان قوي گۆشى ۋە غاز كاۋاپلىرىغا ئېغىز تېگىپ، چاڭئەندىن كەلتۈرۈلگەن جانان چىنىلەردە قىمىز ئىچىشمەكتە ئىدى.

— مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەردە چېدىر ئىچىگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ غىزالانسام دېمىم سىقىلىپ كەتكەندەك بولىدۇ، — دەيتتى بايانچۇر قاغان، — ئوچۇق ئوتلاقتا ئەركىن - ئازادە ئولتۇرغانغا يەتمەيدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى سورۇنغا جەم بولغانلار.

كۆپچىلىكنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. پەقەت قاغاننىڭ ئوڭ يېنىدا

ئۆلتۇرغان ئىنانچۇ تون باغا تارقانلا ئومۇمىي پاراڭغا ئارىلاشماي، قولىدىكى جانان چىنىگە قۇيۇلغان قىمىزنى ئالدىرىماي بىر ـ ئىككى ئوتلاپ قويۇپ سۈكۈت قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئويچان قىياپىتى قاغانغا ياقمىدى بولغاي، ئۇ سورۇن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بۇ يىل يازنىڭ ياخشى كەلگەنلىكى ۋە تۆل، قۇلۇنلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەي بولۇپ، چارۋا ـ مالنىڭ ئوبدان كۆپەيگەنلىكى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى ئاڭلاشنى قويۇپ، خىتاب قىلدى:

ــ نېمە بولدىڭىز، باغا تارقان؟ بىزنىڭ سۆھبەتلىرىمىز سىزگە ياقماي قالدىمۇ؟ ياكى دىلىڭىزغا ئارام بەرمەيۋاتقان غەم ـ تەشۋىشلىرىڭىز بارمۇ؟

ئىنانچۇ تون باغا تارقان بۇ ئۇشتۇمتۇت خىتابنى ئاڭلاپ خۇددى چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى.

ــ تابغاچلارنىڭ يۇرتلىرىغا قېچىپ كەتكەن كۆك تۈركلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى دائىم ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، ــ دېدى ئۇ، ــ ئۇلار ھە دېسىلا كۈچ توپلاپ بىزنىڭ قاراۋۇلخانىلىرىمىزغا، كارۋانلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتسا بىز قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ ئولتۇرامدۇق؟

ــ راست.

ــ توغرا گەپ، ــ دېيىشىپ ئاۋاز قوشتى سورۇن ئىشتىراكچىلىرى.

بايانچۇر قاغانمۇ خىيال سۈرۈپ قالدى.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئۇ بىر قارارغا كېلەلمىگەن ئادەملەرگە خاس ھالدا قەتئىيەتسىزلىك بىلەن ئاۋازىنى سوزۇپ، ــ كۆك تۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇ يەردە قېلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىرمۇنچىلىرى بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىزدا تۇرۇشنى خالىماي تابغاچلارنىڭ يۇرتلىرىغا كۆچۈپ كەتتى.

ــ ئۇلار كۆچۈپ كېتىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، باشقا تائىپىدىكىلەردىمۇ ئەسكەر ئېلىپ، كۈچ توپلاپ، خانلىقىمىزنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى

قەستلەۋاتىدۇ ، ــ دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان .
باياىچۇر قاغان بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ ، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇ-لىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى . باغا تارقان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :
ــ بىز ۋاقىتنى كەينىگە سوزماي دەرھال ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللى-نىپ ، كۆك تۈركلەردىن كېلىدىغان يوشۇرۇن ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشى-مىز كېرەك .
ئاردا بىر ھازاغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . كۆپچىلىك بۇ پىكىرنىڭ توغرىلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ ، قاغان بۇنىڭغا نېمە دەيدى-كىنىنى دەپ سۈكۈت قىلىشتى . ئاخىر قاغاننىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغان چوڭ خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ ئېغىز ئېچىپ ، جىمجىتلىقنى بۇزدى :
ــ زادى قانداق تەدبىر قوللىنىشىمىز كېرەك ، دانىشمەن باغا تار-قان ؟ « ئۇنۇملۇك تەدبىر » دېيىشتە نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز ؟
ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئادىتى بويىچە ئالدىرىماستىن بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى :
ــ كۆك تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلغانغا ھازىر ئون يىل بولۇپ قالدى . بۇ جەرياندا ئۇلار قايتىدىن بىرلىشىپ ، قوشۇن تەشكىللەپ ، بىزگە قارشى ئىغۋاگەرلىك ھەرىكەتلىرىنى قوزغاشقا باشلىدى . مۇ-شۇنداق كېتىۋەرسە ئۇلار ئاخىر بىزنىڭ بېشىمىزغا بالا بولىدۇ . شۇڭا ، ھازىردىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكلىرىنى توسۇش ، ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشىمىز كېرەك .
ــ لېكىن ئۇلار ھازىر تابغاچلارنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ . بىز جازا يۈرۈشى قىلساق تابغاچلار بىزگە قارشى چىقىشى مۇمكىن ، ــ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئاقساقال تۈرلەردىن بىرى .
باغا تارقان ئۇنىڭغا ئويچان كۆزلىرى بىلەن بىر قاراپ قويۇپ ، يەنە تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى :
ــ تابغاچ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشى-مىز كېرەك . مېنىڭچە ، تابغاچلار بىلەن كېلىشەلەيمىز .
چوڭ خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ ئۆزىنىڭ تۈزلۈكى ۋە ھېچقانداق ئا-

دەمدىن ھېيىقمايدىغان چۇسلۇقى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ياق، ياق! بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى، باغا تارقان. ھازىر بىرمۇنچە كۆك تۈركلەر تابغاچلارنىڭ ئوردىسىدا مەنسەپ تۇتۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. تابغاچلارنىڭ بىرمۇنچە قوشۇنلىرىدىمۇ يەنە كۆك تۈركلەر قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەنە شۇ قوماندانلار بىزگە قارشى ئىغۋاگەرلىك قىلىشىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، بىز تابغاچلار بىلەن بۇ ھەقتە قانداق سۆزلىشىمىز؟

سورۇن ئىشتىراكچىلىرى غۇلغۇلا قىلىشتى. بەزىلەر قۇتلۇغ يابغۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ:

— راست دەيدۇ، بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، — دېيىشتى.

يەنە بەزىلەر تەڭقىسلىقتا قېلىپ، بىر - بىرىگە قاراشتى ۋە:

— ئەھۋال مۇرەككەپ، بىر نىمە دېمەك تەس، — دېيىشتى.

يەنە بەزىلەر ئۈنچىقماستىن قاغانغا قاراشتى.

بايانچۇر قاغان كۆپچىلىككە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ ئادەملىرىمىز چاڭئەن ۋە لوياڭغا پات - پات بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، كۆك تۈركلەرنىڭ بىرقىسىم سانغۇنلىرى تابغاچلارغىمۇ ئەسكىلىك قىلغىلى تۇرۇپتۇ. تاڭ شۈەنزۇڭ قاغان ئۇلارنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلالماي قىيىن ئەھۋالدا قاپتۇ. ئۇ قانۇن - تۈزۈملەرگە بويسۇنماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان بىر قىسىم سانغۇنلارنى ئاپستانىدىن يىراق جايلاردىكى ۋە چېگرا رايونلىرىدىكى قورغانلارنى قوغداشقا ئەۋەتىپتۇ. ئىشقىلىپ، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ كۆك تۈرك سانغۇنلىرىنى ئوردىدىن يىراقلاشتۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تابغاچلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، — دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان.

قۇتلۇغ يابغۇ بۇ سۆھبەتتىن زېرىككەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، بىپەرۋالىق بىلەن قولىنى بىر سىلكىپ قويدى.

— سۆزلەشسەڭلار سۆزلىشىۋېرىڭلار، — دېدى ئۇ، — مەن،

ئىشقىلىپ جازا يۈرۈشىنى قوللايمەن.

بۇ خانزادە ھەرقانداق ئىشنى غاچ - غۇچلا قىلىۋېتىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۈزۈنغا سوزۇلىدىغان سۆھبەت، مۇزاكىرىلەردىن بىزار ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ سورۇندىكى تۈرلۈك پىكىر - تەكلىپلەرگە ئارتۇقچە قۇلاق سالماي، گۆش - كاۋاپلارنى يەپ، قىمىزنى بولۇشىغا ئىچىپ ئورنىدىن تۇردى.

— توسۇن ئاتلارنى كۆندۈرىدىغان ئىشىم بار ئىدى، ماڭغاچ تۇراي، — دېدى ئۇ ۋە ئالدى پۈتلىرىغا چۈشەك سېلىپ، ئوتلاققا قو-يۇپ بېرىلگەن ئېتىنىڭ يېنىغا كەتتى.

ئوردا ئەھلى بۇ خۇيى ئوسال خانزادىنىڭ قاملاشمىغان قىلىقلىرىغا كۆنۈك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، سورۇن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ چىرايلىرىدا نارازىلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئاستىرتىن قاراپ قويۇشلىرىدىن «كۆپچىلىكنى كۆزگە ئىلمىسىمۇ مەيلى، ھېچبول-مىغاندا قاغان ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپ ماڭسا بولمامدۇ» دېگەن مەنە روشەن سېزىلىپ تۇراتتى. بايانچۇر قاغان ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈ-شەندى ۋە خۇددى ئاشۇ قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان ئوغلىغا ئوخشاش قولىنى بىر سىلكىپ:

— كەتسە كېتىۋەرسۇن، كارىڭلار بولمىسۇن، — دەپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا ياش بىر چاپارمەن قارا ئارغىماقنى بەئەينى قارا قۇيۇندەك ئۇچۇرتۇپ كېلىپ، يەرگە چەبدەسلىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى - دە، قاغاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن مەلۇمات بەردى:

— قىتانلارنىڭ ئەلچىلىرى بۈيۈك قاغانىمىزغا سالام بېرىش ئۈ-چۈن كېلىۋاتىدۇ. پېقىر مەخسۇس مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇلاردىن بۇرۇن يېتىپ كەلدىم.

سورۇن ئىشتىراكچىلىرى بۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ جانلىنىپ كەتتى ۋە چاپارمەنگە قىزىقىپ قاراشتى. ھەممەيلەن قىتانلارنىڭ بۇ يەرگە نېمە ۋەجىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى.

— ئەلچىلەر بۇ يەرگە قاچان يېتىپ كېلەلەيدۇ ؟ — دەپ سو-
رىدى بايانچۇر قاغان .

— پەرىزىمچە ، ئۇلار ئەتە-يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ، — دەپ
جاۋاب بەردى چاپارمەن .

قىتانلار تەرەپتىن ئەلچىلەرنىڭ كېلىشى ئۇيغۇر ئوردىسى ئۈچۈن
ھەقىقەتەنمۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەر بولدى . ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان
دەسلەپكى مەزگىلدە قىتانلار توققۇز تاتار خەلقى بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇي-
غۇرلارغا قارشى ئۇرۇشقانىدى . كېيىن تاتارلار ئۇيغۇر خانلىقىغا قو-
شۇلدى ، لېكىن قىتانلار تاكى ھازىرغا قەدەر ئۆكتىچىلىك قىلىپ كەل-
مەكتە ئىدى . ئەمدى ئۇشتۇمتۇت ئۇلاردىن ئەلچى كېلىشى نېمىدىن دې-
رەك بېرىدۇ ؟ ئۇلار زادى قانداق ئەلچىلەر ؟ تىنچلىق ئەلچىلىرىمۇ ياكى
ئۇرۇش ئەلچىلىرىمۇ ؟

دېگەندەك ، قىتان ئەلچىلىرى ئەتىسى كەچكە يېقىن بايانچۇر قا-
غاننىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىغا قۇرۇلغان يازلىق قارارگاھىغا يېتىپ
كەلدى . ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان شامان قاغان چېدىرىنىڭ ئىشىك
ئالدىغا گۈلخان ياقتۇرۇپ قىتانلارنى شۇ گۈلخان ئەتراپىدىن توققۇز قې-
تىم ئايلاندۇرۇپ ، بۆرە بايرىقىغا توققۇز قېتىم تەزىم قىلدۇرغاندىن كېيىن
قاغان چېدىرىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلدى .

بايانچۇر قاغان ئۈچىسىغا ئۇنىڭ يېنىدىن ئىزمىلىنىدىغان قىزىل
تاۋار تون ، بېشىغا خۇددى شۇنداقلا قىزىل تاۋار ياغلىق چىگكەن ھالدا
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلدى . كىمخاب لىباسلارنى
كىيىشكەن قىتان ئەلچىلىرى ئالتۇن تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، قائىدە بو-
يىچە توققۇز تەزىم قىلىشتى .

— تەڭرى ياراتمىش بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ئۆمرى
ئۇزۇن بولسۇن ، سەلتەنەت ئاساسلىرى مۇستەھكەم بولسۇن .

— مەرھەمەت ، ئولتۇرغايسىلەر ، — دېدى بايانچۇر قاغان .

ئەلچىلەر گىلەم ئۈستىگە تىزىپ سېلىنغان ئېيىق ۋە قاپلان تې-
رىلىرىگە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى . باش ئەلچى قىتان خانىنىڭ ئۇ-

زۇندىن – ئۇزۇن سالام ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى تەپسىلىي يەتكۈزگەندىن كېيىن مۇددىئانى بايان قىلدى:

— يېقىندىن بۇيان تابغاچ سانغۇنلىرىدىن ئەن لۇشەن بىرنەچچە قېتىم قوشۇن تارتىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بىز تاتابى قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ مۇداپىئە كۆرگەن بولساقمۇ، تابغاچ قوشۇنلىرى سان جەھەتتە ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەس كەلدى. تاتابى قەبىلىسى مەغلۇپ بولۇپ چېچىلىپ كەتتى. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تاغ – دەريالىرىمىزدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەن لۇشەن تېخىچە توختىماي ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بۈيۈك قارا قىتان خانلىقى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، ئەن لۇشەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىمۇ ھۇجۇم قىلىپ ئىغۋاگەرچىلىك سېلىۋاتىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى بايانچۇر قاغان، — ئەن لۇشەننى ھازىر تابغاچ خانى تاڭ شۈەنزۇڭمۇ باشقۇرالماي قېلىۋاتىدۇ.

— ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان توغرا گەپ قىلدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئەلچى، — تاڭ دۆلىتىنىڭ ئوردىسى ئەن لۇشەن قاتارلىق بىرقىسىم سانغۇنلارنى تىزگىنلىيەلمەي ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە بۈيۈك قارا قىتان خانلىقى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە.

بايانچۇر قاغان بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى. قىتان ئەلچىسى ئۇنىڭ باش لىڭشىتىشىدىن رىغبەتلىنىپ تېخىمۇ دادىل سۆزلىدى:

— بىز ئۆز تەقدىرىمىزنى سىلەرگە باغلاشنى بىردىنبىر توغرا يول دەپ ھېسابلايمىز. بىزنىڭ دانىشمەن گۇرخانىمىز[1] قۇدرەتلىك ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانغا ئىنى بولۇشنى خالايدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئانا ماكان، تاغ – دەريالىرىمىزنى ئۇيغۇر خانلىقىغا قوشۇۋېتىپ مىڭ يىللار، تۈمەن كۈنلەرگىچە بۈيۈك ئەل ئەتمىش بىلگە بايانچۇر قاغاننىڭ سادىق پۇقرالىرى بولۇپ ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىمىز.

① قىتانلارنىڭ خانى «گۇرخان» دەپ ئاتىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەلچىنىڭ ئېيتقانلىرى بايانچۇر قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ كۆتكىنىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشتى . بايانچۇر قاغان تەختكە ئولتۇرغان ئون يىلدىن بۇيان قىتانلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئىزچىل تۇردە دۈشمەنلىشىش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەنىدى . بۇ جەرياندا قىتانلار بىر نەچچە قېتىم كەڭ كۆلەمدە قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىك قىلغان ، بەزىدە ئۆزلىرى ، بەزىدە باشقا تائىپىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغانىدى . مانا ئەمدى پەلەك چاقى ئايلىنىپ كېلىپ تەقدىرنى ئۆزگەرتتى . بۇرۇنقى رەقىبلەر ئەمدى دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلماقتا .

بايانچۇر قاغان ئەلچىلەرگە قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى ۋە قوي ، ئات سويۇپ ئۇلارنى مېھمان قىلدى .

— بىز ئەزەلدىن مۇشۇ كەڭ يايلاقلاردا بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمىز ، — دېدى قاغان ، — ھەممىمىز دالادا كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان خەلق . كۆك تەڭرى ئىلتىپات قىلىپ ، ھاۋا ياخشى بولسا ، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسسە سىلەر بىلەن بىز مال - چارۋىمىزنى سەمرىتىپ باياشاتچىلىقتا ئۆتىمىز ، مۇبادا كۆك تەڭرىنىڭ غەزىپى كېلىپ قىشتا شۋىرغان ، يازدا قۇرغاقچىلىق ئېلىپ كەلسە يەنىلا مۇشۇ يايلاقلاردا ياشاۋاتقان سىلەر بىلەن بىز جاپانى تەڭ تارتىمىز . دېمەك ، سىلەر بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئوخشاش . ئىتتىپاقلىشىپ ، بىرلىشىپ ياشىساق كۈچىمىز ئاشىدۇ ، خەلقلىرىمىز تىنچ ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدۇ . بۆلۈنسەك ، دۈشمەنلەشسەك ئاخىرقى ھېسابتا بىزگىمۇ ، سىلەرگىمۇ ھېچقانداق پايدا يوق .

ئەتىسى بايانچۇر قاغان بۇيرۇق ۋە سانغۇنلىرى بىلەن باش قوشۇپ ، قىتانلارغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشنى قارار قىلدى .

— ياردەمچى قوشۇنغا ئوغلۇم قۇتلۇغ يابغۇ قوماندان بولسۇن ، — دېدى قاغان .

— باش ئۈستىگە ، قاغان ئاتا ، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئاتىسىغا تەزىم قىلدى .

بـايانچۇر قاغان ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىنانچۇ تون باغا تار-
قانغا مۇراجىئەت قىلدى :
— سىز قوشۇلامسىز ؟
— ئەلـۋەتتە ، قوشۇلىمەن ، — دېدى باغا تارقان بېشىنى لىڭشى-
تىپ .
— سىز بۇيرۇقلار باشلىقى ، — دېدى قاغان ، — باشقا گەپلى-
رىڭىز بولسا ئېيتىپ بىزگە ئەقىل كۆرسەتمەمسىز .
باغا تارقان ئادىتى بويىچە سەل توختىۋېلىپ ، تەمكىنلىك بىلەن
سۆزلىدى :
— يىراققا يۈرگۈچى قوشۇنغا يابغۇمنىڭ قوماندان بولغىنى تازا
كـۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى . ئەمدى يابغۇمغا تۇپەك ئالپ شۇلنى يار-
دەمـچى ۋە مـەسلىھەتچى قىلىپ قوشۇپ قويساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى .
تۇپەك ئالپ شۇل ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولۇپ ، بايانچۇر قاغاننىڭ
يـېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى ئىدى ھەمدە ئوردىدىكى ئاقىل ۋە قابىل ئە-
مەلــدارلاردىن ھېسابــلــىناتتى . قاغان بۇ ئەمەلدارنى نېمە ئۈچۈن ئوغلىغا
« ياردەمچى ۋە مەسلىھەتچى » قىلىش پىكرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى
چۈشەندى . چوڭ خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ قەيسەر بولۇپ ، زور قوشۇنلارغا
قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسىمۇ ، مەي ـ شارابقا ئارتۇقچە
بېرىلىپ كېتىپ ، بەزىدە ئويلىماي ئىش قىلىپ قويىدىغان كەمچىلىكى بار
ئىـدى . شۇڭا ، ئۇنى تۇپەك ئالپ شۇلدەك ئابرۇيلۇق بىر شەخسنىڭ
تىزگىنلەپ تۇرۇشى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى .
— ياخشى گەپ ، — دېدى قاغان ۋە باغا تارقانغا قاراپ تەستىق-
لـىغان تەرىزدە بېشىنى ئىرغىتتى . ئاندىن نەزىرىنى ئەمەلدارلار ئارىسىدا
ئولتۇرغان تۇپەك ئالپ شۇلغا ئاغدۇردى ، — ئەمىسە ، سىزمۇ يۈرۈشكە
تەييارلىق قىلىڭ ، تۇپەك ئالپ شۇل .
— باش ئۈستىگە ، بۈيۈك قاغانىم .
قۇتلۇغ يابغۇ گەپ قىلمىدى ، لېكىن روشەن سېزىلىپ تۇرغان
نارازىلىق بىلەن تۇپەك ئالپ شۇلغا ، ئاندىن باغا تارقانغا ئالىيىپ قويدى .

ئۇ ئۆز بەگ ـ ئۆز خان بولۇپ ، تەنها ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆ-
رەتتى . ياردەمچى ، مەسلىھەتچى دېگەنلەردىن بىزار ئىدى . « بۇ تۆپەك
دېگەننىڭ ئاقساقاللىق قىلىپ ، ھەممە ئىشقا چات كىرىۋېلىشى تۇرغان
گەپ ، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ ، ـــ ماۋۇ باغا تارقان دېگەن نەرسە دائىم
مۇشۇنداق ماڭا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ . ئاتامۇ مېنى بەك ئەركىنلىشىپ كې-
تىپ ئاسماننى ئۆرۈۋەتمىسۇن دەپ ھەمىشە بىر ئىش قىلاي دېسەملا مۇ-
شۇنداق كۆشەندىدىن بىرىنى پۇتۇمغا چېتىپ قويىدۇ » .
ـــ بولدى ، سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن ، ـــ دېدى با-
يانچۇر قاغان ۋە ئوغلى قۇتلۇغ يابغۇغا بۇرۇلۇپ ، ـــ سىلەر تۆپەك ئالپ
شۇل بىلەن ئىككىڭلار دەرھال چىقىپ قوشۇننى رەتكە سېلىڭلار ، ئەتە
يولغا چىقىسىلەر ، ـــ دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى .
قۇتلۇغ يابغۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ، ھەتتا قاغان ئاتىسىغا
رەسمىيەت بويىچە بولسىمۇ تەزىم بەجا كەلتۈرمەستىن ، « گۇس ـ
گۇس » دەسسەپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى . تۆپەك ئالپ شۇلمۇ ئۇنىڭ
كەينىدىن ماڭدى .

× × ×

قۇتادمىش سوغدى كارۋىنىغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقىنىغا يىگىرمە
كۈندىن ئاشتى . ئۇ گاھ ئەتراپتىكى تۈزلەڭ ۋە ئېدىرلارغا زېرىكىشتىن
مەقسەتسىز قاراپ قوياتتى ، گاھ چىلان تورۇق ئېتىنىڭ پاكىز يۇيۇپ
تارالغان يالىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى . ئۇ ھامان ئاشۇ ئوتى يامان ئادار-
قىزنى ئويلايتتى . « ئاشۇ چاڭئەن دېگەن شەھەرگە تېزرەك يېتىپ بار-
ساق بولاتتى ، ـــ قۇتادمىش ئەنە شۇ ئىستەكنى كۆڭلىدىن تەكرار
ئۆتكۈزەتتى ، ـــ چاڭئەنگە بېرىپلا ئات ۋە ئېگەر ـ جابدۇقلىرىمنى يىپەك
رەخت ۋە ئازراق ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تېگىشىپ قايتسام تويىنىڭ تەييارلىقى
پۈتىدۇ » . شۇنداق ئويلىغانسېرى ئۇنىڭغا كارۋان بەك ئاستا ئىلگىرى-
لەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

— باي ئاكا ، تېزرەك مېڭىشقا بولماسمۇ ؟ — دېدى ئۇ كارۋان‌نىڭ بېشىدا كېتىۋاتقان مويسىپىت سوغدى سودىگەرگە ياندىشىپ كې‌لىپ .

— كارۋان دېگەننىڭ مېڭىشى شۇ ، — دېدى سودىگەر ، — ئاتلارنىمۇ تۆگىنىڭ يۈرۈشىگە سالىدىغان گەپ .

كارۋان جىمجىت دالادا جەنۇبقا قاراپ قەدەممۇقەدەم سىلجىماقتا ئىدى . ئەڭ ئاخىرقى تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان كولدۇرمىنىڭ بوغۇق ساداسى ۋە ئارىلاپ ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلان‌مايتتى . يانلىرىغا قىلىچ ، خەنجەر ئاسقان ئون نەچچە قوروقچىمۇ بىردەم ناخشا ئېيتىپ ، يەنە بىردەم چاقچاق قىلىشىپ زېرىكتى .

— قاراڭلار ! — ياش بىر قوروقچى يان تەرەپتىكى ئېدىرلىقنى قولى بىلەن كۆرسەتتى .

ئېدىرلىق ئىچىدىن بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر چىقىپ كېلىۋاتات‌تى . كارۋان ئەھلى تەشۋىش بىلەن ئۇلارغا كۆز تىكتى .

— سانى يىگىرمىدىن ئاشىدىكەن ، — دېدى قۇتادمىش .

— ئاپلا ، ئىش چاتاق ! — كارۋان ئىگىسى ۋەھىملىك ئۈن سالدى .

راست ، چاتاق بولدى . توساتتىن پەيدا بولغان ناتونۇش چە‌ۋەنــدازلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ، ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا چۇقان - سۈرەن سېلىپ كارۋانغا ئېتىلدى . كارۋان قوروقچىلىرىمۇ دەرھال ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى . پولات تىغلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى ، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ۋە ئادەملەرنىڭ كۈچىنىپ قىلىچ ئۇرغاندىكى « ھايت ! ھۇيت ! » دەپ ۋارقىراشلىرى جىمجىت دا‌لىنىڭ ئۈيقۇسىنى بۇزدى .

قۇتادمىش خۇددى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر ئەركەككە ئوخشاشلا كىچىكىدىن تارتىپ قىلىچ ، نەيزە ، ئوقيا ئىش‌لىتىشنى ئۆگىنىپ ئۆسكەنىدى ، لېكىن ھەقىقىي دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ ، قان تۆكۈپ جەڭ قىلىشنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى .

شۇنداقتىمۇ ، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن كارۋان قورۇقچىلىرى بىلەن بىر قاتاردا قاراقچىلارغا زەربە بەردى . چاكىئەن شەھىرىگە تېزرەك يېتىپ بېرىپ ، ئادارقىز ئۈچۈن تويلۇق ھازىرلاپ قايتىشتىن ئىبارەت ئوتلۇق ئارزۇ ئۇنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قالايمىقان چېپىششتا ئۆلۈپ كېتىش مۇمكىنلىكىنىمۇ ئويلىمىدى ۋە جان ـ جەھلى بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ ، قاراقچىلاردىن ئىككىسىنى يىقىتتى ، ئۇ قاراقچىلارنى تېزرەك يوقىتىشنى ياكى ئۇلارنى تېزرەك قوغلىۋېتىشنىلا ئويلايتتى . لېكىن ، ھەش ـ پەش دېگۈچە قورۇقچىلاردىنمۇ بىر نەچچىسى ھالاك بولدى . قاراقچىلار سان جەھەتتە كۆپ بولغاچقا ، ئاخىر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تىرىك قالغان قورۇقچىلارنى قوغلاپ كېتىشتى ، بەزىلىرى ئۇركۈپ كەتكەن تۆگىلەرنى يەنە غەيدىگىلى تۇردى . قۇتادمىشمۇ يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا قېچىشقا مەجبۇر بولدى . ئۈچ قاراقچى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى .

دەل شۇ چاغدا قېچىپ كېتىۋاتقان قۇتادمىشنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ، يەنى جەنۇب تەرەپتىكى ئېدىرلار ئارىسىدىن تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈشكەن زور قوشۇن چىقىپ كەلدى . ھەممىسى كۆن نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدىغان ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى كىيىشكەن ، ئاتلىرى خىل بولۇپ ، پۈتۈن قوشۇن ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى . ئۇلارنى كۆرۈپ قۇتادمىشمۇ ۋە ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان قاراقچىلارمۇ داڭقېتىپ توختاپ قېلىشتى .

قۇتادمىش يېقىنلا كېلىپ قالغان قوشۇنغا دىققەت قىلىپ قارىۋالدى ـ دە ، « بۇلار كۆك تۈركلەر ئىكەن » دېگەن ھۆكۈمنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ھەمدە ئېتىنىڭ بېشىنى باشقا ياققا بۇراپ يەنە قاچتى . قاراقچىلارمۇ ۋەيران قىلىنغان كارۋاننى تاشلاپ ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي بەدەر قاچتى . قوشۇندىكى بىر بۆلۈك ئۈچقۇر چەۋەندازلار سەپتىن ئايرىلىپ چىقتى ـ دە ، قۇتادمىش ۋە قاراقچىلارنى قوغلاشقا چۈشتى . قۇتادمىشنىڭ پۇتلىرى توم ۋە پاكارراق كەلگەن چىلان تورۇق ئېتى ئۇزۇن يولغا چىداملىق بولسىمۇ ، ئانچە يۈگۈرۈك ئەمەس ئىدى . قوغ-

لىغوچىلار كۆپ ئاۋارە بولمايلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى . ئۇلاردىن بىرى قىل ئارقاندىن تەييارلانغان سالمىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ــ ئايلاندۇرۇپ كۈچ بىلەن تارتتى . ئۈستىلىق بىلەن تاشلانغان سالما چىلان تورۇق ئاتنىڭ بوينىغا چۈشتى . قۇتادمىش ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە بويى بوغۇلۇپ خارتىلداپ قالغان ئات بەرداشلىق بېرەلمەستىن يەرگە يىقىلدى . « تۈگەشتىم ! » دېگەن ئوي چاقماق تېزلىكىدە قۇتادمىشنىڭ مېڭىسىنى بىر كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ يەرگە يىقىلغىنىچە قوپالمىدى . ئۇنىڭ بىر پۇتى يىقىلغان ئېتىنىڭ ئاستىدا قالغانىدى . قوغلاپ كەلگەن چەۋەندازلار ئۇنىڭ پۇتىنى ئاتنىڭ تېگىدىن تارتىپ چىقىرىشتى ۋە بايا سالما قىلىنغان قىل ئارقان بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ باغلاشتى .

ــ بىرىنى تىرىك تۇتتۇق ! ــ دەپ مەلۇمات بەردى ئۇلاردىن بىرى بويلۇق ئاق ئارغىماققا مىنىپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن باشلىقىغا .

قۇتادمىش نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي شۇ باشلىققا كۆز تىكتى . بۇ باشلىق كېلىشكەن ، سۆلەتلىك ئادەم ئىدى . ئېگىز بويلۇق ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، قارا قاشلىق ، قاڭشارلىق ، قويۇق ئۆسكەن كۆتمەك ساقىلىغا ئاندا ـ ساندا ئاق سانجىشقا باشلىغانىدى . سۆسۈن رەڭلىك تاۋار پەشمەت ئۈستىدىن قاسراقلىق پولات ساۋۇت ، بېشىغا سۆسەر تۇماق كىيگەن ، ئاق ئېتىنىڭ ئېگەر ـ توقۇملىرى كۈمۈش بىلەن بېزىتىلگەن بولۇپ ، بىر قاراشتىلا بۇ كىشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدار ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى .

قۇتادمىش ئېدىرلىقلاردىن چىقىپ ، بۇ كەڭ دالاغا يېيىلىپ كەتكەن ئاتلىق ئەسكەرلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ « ئون مىڭدىن ئاشىدىكەن » دەپ مۆلچەرلىدى .

شۇ ئەسنادا قاراقچىلارنى قوغلاپ كەتكەن بىر توپ چەۋەندازلار قايتىپ كەلدى .

ــ يەنە بىرىنى تىرىك تۇتتۇق ، ــ دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار .

قوللىرى باغلانغان ياش قاراقچى قۇتادمىشنىڭ يېنىغا توختىتىپ

قويۇلدى .

چار ساقاللىق بىر سەركەردە ھېلىقى ئاق ئارغىماق مىنگەن يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىنى توختاتتى .

— ئەن لۇشەن جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي ، — دەپ مەلۇمات بەردى ئۇ ، — مۇنۇ ئىككىسىدىن باشقا ھەممىسى ئۆلدى ( ئۇ قولىنى شىلتىپ قۇتادمىش بىلەن قاراقچىنى كۆرسەتتى ) ، كارۋاندىكى بارلىق ئات ۋە تۆگىلەر يىغىۋېلىندى .

ئەن لۇشەن ئېتىنى دېۋىتىپ ، ئىككى تۇتقۇنغا يېقىنراق كەلدى .

— سىلەر نېمە ئادەم ؟ نەگە كېتىۋاتقان ؟ — دەپ سورىدى .

ياش قاراقچى بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەنرەك ئېگىپ مۈكچىيىپلا قالدى . قۇتادمىش ئەكسىچە ، ئەن لۇشەنگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن تىك بېقىپ قارىدى .

— مەن چاڭئەنگە كېتىۋاتقان يولۇچى ، سودا كارۋىنىغا قوشۇلۇۋالغان ، — دېدى ئۇ ، — مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۇ قاراقچىلار بىزگە تۇيۇقسىزدىن ھۇجۇم قىلدى .

— دېمەك ، بۇ كارۋان ئىككىڭلارنىڭ ئەمەس ئىكەن ـ دە ؟

— شۇنداق ، مېنىڭمۇ ئەمەس ، بۇ قاراقچىنىڭمۇ ئەمەس .

— سېنىڭ قاراقچى ئەمەسلىكىڭنى كىم ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ ؟

قۇتادمىش مەڭدەپ قالدى .

— مانا ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىڭلار ، — دېدى ئۇ يېنىدا تېخىچە بېشىنى ئېگىپ تۇرغان قاراقچىنى كۆرسىتىپ .

— قانداق ئادەملىكىڭنى بىلمەيمەن ، — دېدى قاراقچى ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ .

— دېمەك ، ھەر ئىككىڭلار بۇ كارۋاننىڭ ئىگىلىرى ئەمەس ئىكەنسىلەر ـ دە ؟

قاراقچى بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەي ، يەنە بېشىنى ساڭگىلاتتى . قۇتادمىش يەنە ئۈمىد بىلەن سۆزلىدى :

— كارۋان مېنىڭ ئەمەس ، لېكىن بۇ كارۋاندا مېنىڭ ماللىرىمۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بار .

ئەن لۇشەن ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن باشقا بىر سوئالنى سو-رىدى :

— يولدا قىتانلارنىڭ قوشۇنىنى ئۇچراتتىڭلارمۇ ؟

— ياق ، — دېدى قۇتادمىش .

— ئۇيغۇر قوشۇنىنى ئۇچراتتىڭلارمۇ ؟

— ياق ، ئۇچراتمىدۇق .

ئەن لۇشەننىڭ يېنىدا تۇرغان سەركەردە قولىنى شىلتىپ ھەيۋە قىلدى :

— راست گەپ قىل ، بولمىسا كاللاڭدىن ئايرىلىسەن !

باياتىن بېرى زۇۋان سۈرمەي تۇرغان قاراقچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى .

— راست كۆرمىدۇق ... قىتانلارنىمۇ ، ئۇيغۇر قوشۇنىنىمۇ كۆر-مىدۇق ، راست .

ئەن لۇشەن سەركەردىگە قاراپ :

— ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار ، — دېدى - دە ، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى ، — ئاۋۇ بىرى راست قاراقچىدەك تۇرىدۇ ، لېكىن ئاۋۇ « كارۋاندا مېلىم بار » دېگىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئايغاقچىسى بو-لۇشى مۇمكىن .

× × ×

بۇ چاغدا قۇتلۇغ يابغۇ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى قىتان ئەلچىلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئەن لۇشەن باشباشتاقچىلىق قىلىپ يۈرگەن يەرلەرگە يېقىن كېلىپ قالغانىدى . قۇتلۇغ يابغۇنىڭ ئايغاقچى-لىرى ئەن لۇشەن قوشۇنىنى كۆرگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىشتى .

— مۇشۇ يەردە بارگاھ قۇرۇپ ھاردۇق چىقىرايلى ، قوشۇننى رەتكە سالايلى ، — دەپ مەسلىھەت بەردى تۇپەك ئالپ شۇل .

قۇتلۇغ يابغۇ گەپ قىلماستىن ئاتتىن چۈشتى . بۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتكە كۆنگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى .

چېدىرلار تىكىلدى . ئوچاقلار ياسىلىپ ، قازانلار ئېسىلدى .

مەسلىھەتچى تۆپەك ئالپ شۇل قوماندانىنىڭ يېپەك چېدىرىغا كىرگەندە خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ ئالدىدىكى ئاق شايى داستىخانغا قويۇلغان كۈمۈش لېگەندىكى قوي گۆشىنى يەپ ، چۆچەككە قۇيۇلغان ئۈزۈم شارابىنى ئىچىپ ئولتۇراتتى . مەسلىھەتچى كىرگەندە ئۇ قاپىقىنى ئاچماي قاراپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى ، ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلمىدى . تۆپەك ئالپ شۇل ئۇنىڭ بۇنداق توڭ ۋە قوپال خۇيىغا كۆنۈپ كەتكەن بولغاچقا ، ئۇدۇل كېلىپ ، داستىخانىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى .

— جىسەكچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، يارگاھنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ چىقتىم ، — دېدى ئۇ ۋە يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ ، كۈمۈش لېگەنگە دۈۋىلەپ سېلىنغان گۆشنى كېسىپ پارچىلىغىلى تۇردى .

قۇتلۇغ يابغۇ يەنە ئۈنچىقماستىن ، بىر چۆچەك شارابنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى .

— بىللە غىزالىنايلى ، — دېدى يەنە تۆپەك ئالپ شۇل ۋە بىر كېسىم گۆشنى ئاغزىغا سالدى .

قۇتلۇغ يابغۇ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن ، يوغان بىر پارچە سۆڭەكنى ئېلىپ غاجىلاشقا تۇتۇش قىلدى .

— ماڭا شاراب قۇيمامسەن ، — دېدى تۆپەك ئالپ شۇل .

— سەن شارابقا بەك ئۆچ ئەمەسمۇ ، — دەپ تەنە قىلدى بۇ قاپىقى يامان قوماندان .

— توغرا گەپ قىلمىدىڭ ، — دېدى مەسلىھەتچى ، — ئىچىدىغان يەردە ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق .

« بۇ قاقۋاشقا گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ » دەپ ئويلىدى قۇتلۇغ يابغۇ ۋە يېنىغا قويۇلغان ساپال كومزەكنى ئېلىپ ، چۆچەككە تولدۇرۇپ قۇيدى .

— ئۆزۈڭگىمۇ قۇي ، — دېدى يەنە تۆپەك ئالپ شۇل .

قوماندان ئۇنىڭغا سەل ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويدى . « يەنە قانداق ئويۇن كۆرسەتمەكچى بۇ هىيلىگەر تۈلكە ؟ » شۇنىڭ بىلەن قۇتلۇغ يابغۇ ئۆزىگىمۇ شاراب قۇيدى .

— سەن قوماندان بولساڭمۇ مەن سەندىن بىرنەچچە ياش چوڭ ، — دېدى تۆپەك ئالىپ شۇل شاراب قۇيۇلغان چۆچەكنى قولىغا ئېلىپ ، — سەن مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم . شۇڭا ، كۆڭلۈمدە نېمە بولسا توغرىسىنى دەۋېرىمەن . بەزىدە قۇلىقىڭغا ياقمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويغان بولسام كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە . بۈگۈن سېنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇم كېلىپ قالدى . كېلە ، ئىچىۋېتەيلى .

شۇ گەپ بىلەن ئۇ قولىدىكى شارابنى توختاتماي كۆتۈرۈۋەتتى .

— يارايسەن ! — دەپ خىتاب قىلدى قۇتلۇغ يابغۇ ئۇنىڭ ئىچىشىگە قاراپ ، — مانا مۇشۇنداق ئەركەكتەك ئىش قىلمامسەن .

ئۇمۇ ئالدىدىكى چۆچەكنى بىر كۆتۈرۈشتىلا قۇرۇقداپ قويدى .

ئىككىيلەن دوستانە سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى . بولۇپمۇ قوماندان قۇتلۇغ يابغۇ مەسلىهەتچى كىرىشتىن ئىلگىرى ئۈچ - تۆت چۆچەكنى بوشىتىپ ، خېلى قىزىپ قالغان بولغاچقا ، هەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كەتتى .

— ئېسىڭدىمۇ ، تۆپەك ، — دەيتتى ئۇ خۇددى سۆھبەتدىشى ئاڭلىماي قالمىسۇن دەپ خاۋاتىرلەنگەندەك يۇقىرى ئاۋازدا ، — بىز سېنىڭ بىلەن سىر - تاردۇشلارغا قارشى يۈرۈشكىمۇ بىللە بارغان ، كېيىن يەنە ئۈچ قارلۇق[①] توپىلىڭىنى باستۇرۇشتىمۇ بىللە جەڭ قىلغان . قارماققا ياۋاشتەك كۆرۈنگىنىڭ بىلەن مۆرىتى كەلگەندە باتۇر ئەزىمەت سەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سېنى هۆرمەتلەيمەن ، بەزىدە يوقىلاڭ ئىشلارغا چېپىلىۋېلىپ چىشىمنى قېرىشتۇرساڭمۇ ساڭا ئۆكتە قوپمىدىم . بىلەمسەن شۇنى ؟

— بىلىمەن ، — دېدى تۆپەك ئالىپ شۇل تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى ئىرغىتىپ .

---

① قارلۇق قەبىلە ئىتتىپاقى « ئۈچ قارلۇق » دەپمۇ ئاتىلاتتى .

— ئەگەر سەندىن باشقا ئادەم شۇنداق چىشمنى قىرىشتۇرغان بولسا ، كۆك تەگرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ، تاناۋىنى تارتىپ ، ئىككىنچى مىنىڭ ئالدىمدا ئىغىز ئاچالماس قىلىۋېتەتتىم .

— بۇنى بىلىمەن ، — دېدى مەسلىھەتچى مىيىقىدا كۈلۈپ .

— بولدى ، بۇ گەپنى قويۇپ ، شاراب ئىچەيلى ، — دېدى قوماندان ۋە كومزەكنى قولىغا ئالدى .

— ياق ، — دېدى مەسلىھەتچى كەسكىن تەلەپپۇزدا ۋە كومزەكنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى ، — ياق ، ئەمدى ئىچمەيمىز .

— تولا ھەددىڭدىن ئاشما ! مەن قوماندان ، بۇنى ئۇنتۇپ قالما !

— ئۇنتۇپ قالمىدىم ، — دېدى تۇپەك ئالپ شۇل ئاۋۋالقىدەكلا تەمكىنلىك بىلەن ، — سەن قوماندان بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئىچمەسلىكىڭ كېرەك . ئەتە ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىمىز ، بەلكىم جەڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن . شۇڭا ، قوماندانىنىڭ مېڭىسى سەگەك بولۇشى ، ئۆزى ھوشيار تۇرۇشى زۆرۈر .

— يەنە بىلەرمەنلىكىڭنى باشلىدىڭمۇ ؟ ھۇ ، سېنى ...

قۇتلۇغ يابغۇ بۇ بويسۇنماي مەسلىھەتچىنى ئۇرۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ھۆركىرەپ ئالدىغا ئىنتىلدى ، لېكىن ئورنىدىن قوپمىدى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تەتۈر قارىدى .

— چىقىپ كەت ! — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ .

— بۇگۈن مۇشۇ يەردە ئۇخلايمەن ، — دېدى تۇپەك ئالپ شۇل ئۇنىڭ قېيىدىشىغا پەرۋا قىلماي .

دەرۋەقە ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى . قوماندان بىلەن مەسلىھەتچى يەنە بىردەم گەپ تەگىشىپ ، تاكاللىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى .

ئەتىسى ئەتىگەندىلا مەسلىھەتچىنىڭ قوماندانىنى ھاراقتىن چەكلىگەنلىكىنىڭ پايدىسى كۆرۈلدى . قۇتلۇغ يابغۇ مەيخورلۇققا بېرىلىپ كەتكەندە ئەتىسى بىر كۈن كەچكىچە بېشى ئاغرىپ ، ئورنىدىن قوپالماي

ئېغىناپ ياتاتتى . بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى .

× × ×

ئەن لۇشەننىڭ چېرىكلىرى قوللىرى باغلانغان قۇتادمىش بىلەن ھېلىقى ياش قاراقچىنى ئىككى ئاتقا مىنگۈزۈپ ، ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ ماڭدى .

— ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇق ، — دېدى قاراقچى يىغلامسىراپ .

— گەپ قىلما ! — بىر چېرىك قامچا بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە « قارس » قىلىپ بىرنى سالدى .

قاراڭغۇ چۈشكەندە ئوچۇق دالادا قونالغۇغا توختاشتى . قۇتادمىش بىلەن قاراقچىنى يېپىدىن تىكىلگەن بىر چېدىرنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ، بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ قويۇشتى .

— قاراقچىلىق قىلغانىغا تويدۇڭمۇ ؟ — دېدى قۇتادمىش ئىختىيارسىز قوشۇلۇپ قالغان بۇ ھەمراھىغا دوق قىلىپ .

قاراقچى جاۋاب قايتۇرمىدى .

— سېنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ ، — دېدى يەنە قۇتادمىش ، — يۇرت - ماكانىڭ قەيەردە ؟ بۇ ئادەم ياشمايدىغان دالاغا مەخسۇس بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن چىققانمىدىڭ ؟

- بەرىبىر ئۆلىدىغان بولدۇق ، ساڭا راست گېپىمنى ئېيتاي ، — دېدى قاراقچى ، — بىزنى سېنىڭ كەينىڭدىن ماسمادار ئەۋەتكەن . ئۇ بىزگە سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تاپشۇرغانىدى .

— نېمە دەيسەن ؟! — دەپ خىتاب قىلدى قۇتادمىش ، — ئاشۇ ئۆتۈكەن باغرىغا يېقىدىن كۆچۈپ كەلگەن ماسمادارمۇ ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ ؟ مەن ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلدىم ؟

— نېمە يامانلىق قىلغىنىڭنى بىلمەيمەن ، — دېدى قاراقچى ، — بىلىدىغىنىم شۇكى ، سەن ئالماقچى بولغان قىزغا ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن .

www.uyghurkitap.com

قۇتادمىشنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ كەتتى . « ئادارقىز ! » دېگەن ئوتلۇق نىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقمىدى ، لېكىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك بولدى . گوياكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى توسۇپ تۇرغان قويۇق تۇتەك پەردە يوقىلىپ ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى كۆرگەندەك بولدى . ئۇ ئادارقىز بىلەن چاتقاللىقتا سۆزلىشىپ تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئاشۇ ماسمادار پەيدا بولۇپ قالغانىدى . ماسمادار ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن بارغاب ؟ كېيىن باشقا بىر كۈنى قۇتادمىش ئادارقىز بىلەن خوشلىشىپ قايتىۋاتقاندا يەنە شۇ ماسمادار بىلەن يۈزمۇيۈز دوقۇرۇشۇپ قالدى . شۇ چاغدا ماسمادارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى ، مۇئامىلىسى ھەرگىز دوستانە بولمىغانىدى . « ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى » دەپ ئويلىدى قۇتادمىش ۋە تېخىمۇ ئۆرتىنىپ كەتتى . « ئەمدى ئادارقىز قانداق بولار ؟ »

قۇتادمىش كېچىچە تولغىنىپ ، ئاھ ئۇرۇپ چىقتى . ئۇ قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالدىكىن ، ئەيتاۋۇر بىقىنىغا تەگكەن قاتتىق تېپىكتىن ئويغىنىپ كەتتى . تاڭ سۈزۈلگەنىدى . ئەن لۇشەن قوشۇنى يەنە يۈرۈشكە ئاتلاندى .

قۇياش خېلى ئېگىز ئۆرلەپ تەنلەرنى قىزدۇرۇشقا باشلىغان مەھەلدە ئالدى تەرەپتىن يەنە بىر قوشۇننىڭ قارىسى كۆرۈندى .

— ئۇيغۇر قوشۇنى ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى چارلىغۇچىلار .

— جەڭگە تەييارلىنىڭلار ! — ئەن لۇشەن ئۆز يېنىدىكى سەركەردىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى .

ھايال بولماي ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە يېقىن كېلىپ سەپ تارتىشتى . قۇتلۇغ يابغۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى .

— ئەي ئەن لۇشەن دېگەن ناكەس ! — دەپ توۋلىدى ئۇ كۈچلۈك ئاۋازدا ، — ئاڭلىسام ، كۆرەڭلەپ جاھانغا پاتماي يۈرۈپسەن . نوچى بولساڭ چىقە قېنى ، ئاكاڭ قارىغاينى تونۇپ قوي . سېنىڭ بىلەن بىرگە بىر ئېلىشاي دەپ كەلدىم . قىلىچىڭنى يالىڭاچلاپ ئوتتۇرىغا چىق ! مەردنى مەيداندا سىنايمىز .

ئەن لۇشەن بۇ چاقىرىقنى تولۇق ئاڭلىدىمۇ ، ئاڭلىمىدىمۇ ، ئىش-

قىلىپ، قۇتلۇغ يابغۇغا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە ئات سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى قوشۇننىڭ سەپلىرى توقۇ-نۇشتى. قىلىچلار ئاپتاپتا پارقىراپ بىر - بىرىگە سوقۇلدى. ئادەملەرنىڭ كۈچەپ قىلىچ ئۇرغاندىكى ئۈن سېلىشلىرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈر-لەشلىرى بۇ ئادەمزاتسىز جىمجىت دالانىڭ ئېغىر ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەر يىقىلىپ، يارىدار بولغانلار سەپتىن ئاي-رىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن ئىككى قوشۇن ئۆز بارگاھلىرىغا چېكىنىپ ئارام ئېلىش، غىزالىنىش، ئۆلگەن ھەم يارىدار بولغانلارنى بىر ياقلىق قىلىشتەك ئىشلار بىلەن بەند بولدى.

شۇ ئەسنادا ئەن لۇشەن قوشۇنى ئورنىدىن قوزغىلىپ جەنۇب تەرەپكە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. قۇتلۇغ يابغۇ دەرھال قوشۇن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئارقىدىن قوغلىماقچى بولغانىدى، لېكىن مەسلىھەتچى تۈپەك ئالپ شۇل ئۇنى توسۇپ قالدى.

— ئەمدى قوغلىمايلى، — دېدى ئۇ، — ئۇلارنىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قېلىشىمىز ياكى تېخىمۇ زور قوشۇنغا ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇم-كىن.

قۇتلۇغ يابغۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە كۆندى، لېكىن ئاچچىقىغا پايلىماي، يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قوشۇننىڭ كەينىدىن ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ئەن لۇشەن! قورقۇنچاق! قايتىپ كەل، مەن سېنىڭ بىلەن بىرگە بىر ئېلىشماقچى. توختا، بۇنداقلا كەتسەڭ بولمايدۇ...

بىرنەچچە ئاتلىق ئەسكەر قۇتادمىشنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىشتى.

— ئۇنى تۇتۇۋالدۇق، — دەپ مەلۇمات بەردى بىر ئەسكەر.

— ياق، سىلەر تۇتۇۋالمىدىڭلار، مەن ئۆزۈم كەلدىم، — دېدى قۇتادمىش.

— نەدىن كەلدىڭ؟ — سورىدى تۈپەك ئالپ شۇل.

قۇتادمىش بولغان ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى . جەڭ
باشلانغاندا قۇتادمىش بىلەن قاراقچى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ
كەتكەنىدى ، ئۇلار بىر ئۆلۈك ئەسكەرنىڭ خەنجىرىنى ئېلىپ ، بىر - بى-
رىنىڭ قوللىرى باغلانغان ئارقاننى كەستى . ئاندىن قاراقچى ئىگىسىز
قالغان ئاتقا مىنىپ قېچىپ كەتتى . قۇتادمىش يۈگۈرۈپ بېرىپ ، يىراق-
تىكى چاتقاللىقتا مۆكۈنۈپ ياتتى . جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ ئۇي-
غۇرلار تەرەپكە قېچىپ كەلدى .
— ئۇنىڭغا ئات بېرىڭلار ، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ ئەھۋالنى ئۇق-
قاندىن كېيىن .
شۇ كۈنى كەچكە يېقىن قىتانلارنىڭ ھۆكۈمدارى گۇرخان ئۆزى-
نىڭ قەبىلە ۋە ئۇرۇقلىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى . ئۇلار ئۆز
ئىختىيارلىرى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىگە ئۆتۈش ئۈچۈن كۆچۈپ
كەلمەكتە ئىدى . مىڭلىغان ئات - ئۇلاغلار ، چوڭ - كىچىك ھارۋىلار
پۈتۈن ئەتراپنى قاپلاپ كەتتى . كىشىلەر ئائىلە - ئائىلە بويىچە مال -
ۋارانلىرىنى ھەيدەپ كېلىۋەردى ، كېلىۋەردى .

## تۆتىنچى باب

### سۈيىقەستچىنىڭ ھىيلىسى

قـۇتادمىش بىلەن تۇتقۇنلۇقتا بىللە بولغان ھېلىقى ياش قاراقچى ھـېچ يەردە توختىماي ئۇدۇل ئۆتۈكەن تاغلىرىغا قايتىپ كەلدى . ماسـمادار ئۆزىنىڭ تاغ باغرىدىكى چېدىرىدا ئۇنىڭدىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىككى قولى بىلەن ئۆزۈن چاچلىرىنى چاڭگاللاپ تۇتقىنىچە ئۇزاققىچە ئۈن چىقارماي ئولتۇرۇپ كەتتى . « يېنىمدا ئاران ئىـككى ئادەمنى قالدۇرۇپ ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى كارۋاننى قوغلاشقا سـېلىۋەتكەنىدىم . ئۇلاردىنمۇ ئاران بىر ئادەم تىرىك قاپتۇ . ئەمدى بۇ ئۈچ ئادەم بىلەن قانـداق تىرىكـچـىلىك قىلـغـىلـى بولىدۇ ؟ »ماسمادار ئويلاپ ـ ئويلاپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدى . ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن ئىرـغىپ تۇردى ـ دە ، چىقىپ ئېتىنى ئېگەرلىدى .

ئىنەچۈك تاي كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا غەم باسقان قىياپەتتە يالغۇز ئولتۇراتتى . ماسمادار ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا سالام بەردى . ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ماسمادار سۆز ئاچتى :

ـــ ھازىر جەنۇب تەرەپتە ئەن لۇشەن دېگەن سەركەردە باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ . ئۇ كۆك تۈركلەر بىلەن سوغدىلارغا پاناھلىق بېرىپ كۈچ توپلاۋاتىدۇ . يېقىندىن بېرى بۇ ئەتراپتىكى كۆك تۈركلەر شۇ تەرەپكە كۆچۈپ كېتىۋاتىدۇ .

ـــ راست ، ـــ دەپ باش لىڭشىتتى ئىنەچۈك تاي ، ـــ مەن توـنۇيدىغان بىرمۇنچە ئادەملەر شۇ ياققا كۆچۈپ كەتتى .

ـــ كـىشىلەر داۋاملىق كۆچۈۋاتىدۇ ، ـــ ماسمادار سۆزىنى

داۋاملاشتۇردى ، — كۆچمىسە بولمايدۇ . ئەتە - ئۆگۈن بۇ يەردىكى خانلار ئەن لۇشەن بىلەن رەسمىي ئۇرۇش قىلىپ قالسا قانداق بولىدۇ ؟ بۇ يەرلەردىكى كۆك تۈركلەر ئامان قالارمۇ ؟

ئىنەچۈك تاي ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ ، بېشىنى تەستىقلىغان تەرىزدە لىڭشىتىپ قويدى .

— بىزمۇ كۆچەيلى ، ئىنەچۈك تاي ئاكا ، — دېدى ماسمادار ، — بولمىسا كېيىن پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز .

ئىنەچۈك تاينىڭ بېشى قاتتى . كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۇچار قۇشلاردەك قانات قېقىپلا ئۇچۇپ كەتكىلى بولمايدۇ - دە .

— قۇتادمىش قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر نېمە دەيلى ، — دېدى ئۇ ، — ئۇ ماڭا كۈيئوغۇل بولماقچى .

ماسمادار كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرغان ئاساسلىق گېپىنى ئەمدى ئېغىزىدىن چىقاردى :

— قۇتادمىش ئۆلۈپ كېتىپتۇ ، يولدا قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ . بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر كىشى ماڭا بۈگۈن بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى .

ئىنەچۈك تاينىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى .

— ئۇ تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان ياش بالا ئىدىغۇ . ئۇ سەپەرگە چىقىپ كېتىپ ئون كۈن بولغاندا ئاتىسى بوتاسۇن بۇقا قازا تاپقانىدى . ئەمدى ئوغلىمۇ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن كېتىپتۇ - دە ، بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق پاجىئە ! ھەي بىچارە ...

— راست ، بەك ئېچىنىشلىق ، — دېدى ماسمادار بۇ ئاق چاچلىق بوۋاينىڭ رايىغا بېقىپ ، — بىراق ، كۆك تەڭرىنىڭ ھۆكمى شۇنداق تۇرسا ، بىزدە نېمە ئامال ؟

ئىنەچۈك تاي يىغلاپ تۇرۇپ خىتاب قىلاتتى :

— ئىسىت ! ئىسىت ! بوتاسۇن بۇقا ئۇبدان ئادەم ئىدى ، قۇتادمىشمۇ ياخشى بالا بولغانىدى .

ئېيتقاندەك ، ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىقى بولماي كېلىۋاتقان بوتاسۇن

بۇقا ئوغلىنى سەپەرگە ئۇزىتىپ قويۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قىزىتمىسى ئۆرلەپ قوپالماي قالدى. ئىنەچۈك تاي ئۇنى ھارۋىغا ياتقۇزۇپ ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. ئادارقىز ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى قاينىتىپ ئىچۈردى. يېقىن ئەتراپتىكى چارۋىچىلار شامانىنى چاقىرىپ كېلىپ پېرە ئويناتتى. لېكىن، ھېچنېمە كار قىلمىدى. بوتاسۇن بۇقىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئاخىر ئۇ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى.

ماسمادار ئارىسالدى بولۇپ، ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغان ئىنەچۈك تايىغا قاراپ «ھازىرچە مۇشۇنچىلىك دەپ تۇراي» دەپ ئويلىدى - دە، خوشلاشتى.

— قاچان بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىشنى لايىق تاپسىڭىز بىللە كۆچەيلى، — دېدى ئۇ.

ماسمادار تېشىدا ئالدىرىمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچىدە تىت - تىت بولۇپ تۇراتتى. «ھېلىقى قۇتادمىش دېگەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغۇچە تېزرەك كېتىشىم كېرەك» دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە. شۇڭا، ئۇ ئۆز چېدىرىدا خاتىرجەم ياتالماي كەچكە يېقىن ئىنەچۈك تاينىڭ كىگىز ئۆيىگە يەنە كەلدى.

— بولدى، كۆچەيلى، — دېدى ئىنەچۈك تاي كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ماسمادارغا، — ئويلاپ باقسام، بۇ يەردە تارتىشقۇدەك ھېچنېمەم قالماپتۇ.

ئادارقىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— سەۋر قىلىڭ سىڭلىم، — دېدى ماسمادار ئۇستىلىق بىلەن كۆيۈمچان ۋە ئاق كۆڭۈل قېرىنداشنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، — ئۆلگەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە تۇرىۋېرىش خەتەرلىك. بىز چاڭئەن شەھىرىگە بارىمىز. ئۇ شۇنداق چوڭ، گۈزەل شەھەركى، كۆرسىڭىز ھەيران قالىسىز، نەچچە ۋاقىتتىن تاغ - دالالاردا ئۆتكەن كۈنلىرىڭىزگە ئىسىت دەپ قالىسىز. مانا مەن سىلەرنى قوغدايمەن. بىز ئېسىل، ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەردە تۇرىمىز.

هيلىگەر قاراقچىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە كۆپىنى كۆرگەن ئە-نەچۈك تايمۇ ، ئۇنىڭ قىزى ئادارقىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك تەبى-ئىتى بىلەن ئىشەندى . « نىيىتىمىز دۇرۇس بولغىنى ئۈچۈن ئەجدادلىرى-مىزنىڭ پاك روھلىرى بىزگە بىر ياخشى ئادەمنى يولۇقتۇردى » دەپ ئويلايتتى ئىنەچۈك تاي . « مېھرى ئاپتاپتەك ئىللىق شەپقەتچىمىز ئۇماي ئانىمىزنىڭ رەھمى كېلىپ ، مۇشۇنداق مەرد يىگىتنى ماڭا قېرىنداشنىڭ ئورنىدا ئۇچراشتۇردى » دەپ ئويلايتتى ئادارقىز . لېكىن ئۇ سۆيگىنى قۇتادمىشنى ياد ئېتىپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلىدى ، كېچىلىرى ئۇخلىمىدى ، ئىككى كۈندىلا ئورۇقلاپ قاقشال بولۇپ قالدى . « ئەمدى بۇ يەردە تۇرىۋەرگىنىمنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى ؟ — دەيتتى ئۇ ئۆز ئە-چىدە ، — قۇتادمىش يوق . ئەمدى نەگە بارساممۇ ، نەدە تۇرساممۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر » .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار تۈن نىسپىدە ئۆي تەئەللۇقاتىنى ئاتلارغا غانجۇغىلاپ ، ماسمادارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆتۈكەن باغرىدىكى ئىسسىق ماكانىنى تاشلاپ ، يېڭى ماكان تېپىش ئىستىكىدە سەپەرگە چىقتى .

— تۈندە يۈرۈش بىخەتەر ، — دېدى ماسمادار ئۇلارغا چۈشەن-دۈرۈپ ، — كۈندۈزى باشقىلار كۆرۈپ قالسا چاتاق چىقىشى مۇمكىن .

× × ×

قۇتلۇغ يابغۇ ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ ، قوشۇننى ئۆتۈكەن ئېتىكىدىكى يايلاققا قايتۇرۇپ كەلدى . ئۇ قىتان كۆچمەنلىرىنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ ، ئەن لۇشەننىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇر-غان قوشۇنىنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قوغلاپ ئۆتكۈزۈ-ۋەتتى .

بۇ قوشۇن بىلەن بىللە كەلگەن قۇتادمىش قوماندان قۇتلۇغ ياب-

غۇنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ، ئۆتتۈكەن باغرىدىكى ئۆز ماكانىغا قايتىپ
كەلدى .

بەختسىزلىك ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت قۇتادمىشنىڭ بېشىغا تۆپە ـ
تۆپىلەپ چۈشتى . ئۇ سۈيىقەستچى ماسماداردىن قانلىق قىساس ئېلىش
نىيىتىدە ئالدىراپ ، ھېلىمۇ ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئېتىنى يەنە
قامچىلاپ تاغ ئىچىگە كىرگەنىدى . بۇ يەردىكى چارۋىچىلاردىن ئۆزىگە
شەپقەتسىز زەربە بولغان ھەسرەتلىك خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى . ئۇنىڭ ئا-
تىسى ۋاپات بولغان ، ئاشۇ سۈيىقەستچى ماسمادار ئۇنىڭ سۆيگەن يارىنى
ئالداپ ئېلىپ كەتكەنىدى . قۇتادمىش ئۆز ئۆمرىدە بۇنداق چىدىغۇسىز
روھىي زەربىگە ئۇچراپ باقمىغان ، بۇنداق زور بەختسىزلىكنى ھېس قى-
لىپ باقمىغانىدى . ئۇ ھە دېگەندىلا بېشى ئايلىنىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي
قالدى . ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرسۇنمۇ ؟ غايىب بولغان مۇھەببىتىنىڭ
ئىز ـ دېرىكىنى قىلسۇنمۇ ؟ ئۇ خۇددى باياۋاندىكى تىكەندەك تەنھا ئۆزى
قارا يېتىم بولۇپ قالغانىدى . « ھالىڭ نېچۇك ؟ » دەپ سورايدىغان جان
كۆيەر بىر قېرىندىشى يوق . قايسى ئىشنى قانداق قىلىش توغرىسىدا يول
كۆرسەتكۈدەك بىر سىرداش غەمگۇزارى يوق .

« ماسمادار دېگەن مەلئۇننى تۇتۇشۇم كېرەك ! ئادارقىزنى قۇ-
تۇلدۇرۇشۇم كېرەك » دەپ تەكرار تەكىتلەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە . بىراق ،
ماسمادار نەگە كەتتى ؟ ئادارقىزنى نەگە ئېلىپ كەتتى ؟ قۇتادمىش بۇ
سوئالغا جاۋاب تاپالماي ئۆرتىنەتتى . تىك قىيا تاشلىق تاغلارنى ئۆرۈپ
كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى ؛ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ پۈتۈن
دۇنيانى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى ؛ ماسمادارنى گېلىدىن
بوغۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتكۈسى كېلەتتى . ۋەھالەنكى ، بۇلارنىڭ ھېچقايسى-
سىغا قادىر بولالماي ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتتى .

قۇتادمىش ئەنە شۇ تەرىقىدە ئاش ـ تاماقنىمۇ ، ھەتتا ئۆزىنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ ئىككى كۈننى ئەلۋىلەنگەن ھالەتتە ئۆتكۈزدى .
ئۈچىنچى كۈنى ئۇ بىر ئاز ئېسىنى يىغىۋالدى ھەمدە زېھنىنى مەركەز-
لەشتۈرۈپ ، ماسمادارنىڭ زادى نەگە كەتكەن بولۇش ئېھتىمالىنى مۇلا-

ھەرە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تاغ ئېتىكىدىكى چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان يوغان قورام تاش ئۈستىدە تەنھا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ يېنىدىلا ئات تۇياقلىرىنىڭ شەپىسى ئاڭلاندى. قۇتادمىش ئېغىرلاشقان بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ئەن لۇشەننىڭ تۇتقۇنلۇقىدا بىللە بولغان ياش قاراقچى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. قۇتادمىش ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىدىن تۇتۇۋالدى.

— خوجايىنىڭ قېنى؟ ماسمادار قېنى؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى قۇتادمىش. شۇ تاپتا ئۇ بەجايىكى بۇ قاراقچىنى ئېتى بىلەن قوشۇپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكۈدەك غەزەپلەنگەن قاپلانغا ئوخشايتتى. ھالبۇكى، بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇقنى تولا ئۆتكۈزگەن بۇ كەسپىي قاراقچى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇ قۇتادمىشنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغان پېتى ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— ئۇ كەتتى. ئۇ ئادارقىزنى ئاتىسى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇرۇندىن كۆزلىگەن مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ ئاللىقاچان بۇ يەرلەردىن كەتتى.

— نەگە كەتتى؟ زادى نەگە كەتتى؟ تېز گەپ قىل!

— ئۇلار چاڭئەنگە كەتتى. مەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خالىماي قېچىپ كەتتىم، يەنە ئەن لۇشەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقتۇم.

— چاڭئەنگە؟

— شۇنداق، چاڭئەنگە كەتتى. مەن ساڭا شۇ گەپنى دەپ قويۇي دەپ كەلدىم. ئەمدى ئۆز يۇرتۇمغا كېتىمەن. تۇغلا دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق قىلىمەن. ئەمدى ماسمادارغا ئەگەشمەيمەن.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

قۇتادمىشنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى، ئۇنىڭ مەنزىل نىشانى ئايدىڭلاشقانىدى. گويىكى ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى باغلاقتىن بوشىتىلغاندەك بولدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ كەتكەن

دەك تۇيۇلدى . ئەمدى ئۇنى ھېچقانداق كۈچمۇ بۇ يەردە تۇتۇپ قالال-
مايتتى .

— چاڭئەنگە ! — ئۇنىڭ قەلبىدىن ئىختىيارسىز تۇردە ئېتىلىپ چىققان بۇ خىتاب تاغلار ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

# قورداىلىق[1] پەرىزات

مەشھۇر چاڭئەن شەھىرى. قۇتادمىش ئاق قاشقىلىق چىلان تورۇق ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندى. ھازىرغا قەدەر يىلقا بېقىپ، ئوۋچىلىق قىلىپ، تاغ ۋە يايلاقلاردا ياشاپ كەلگەن يىگىت چاڭئەننى ۋە ئومۇمەن ھەر قانداق شەھەرنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى چېدىر شەكىللىك ئۆگزىلىرىگە كاھىش ياتقۇزۇلغان ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەرگە، قاتار - قاتار رەستىلەرگە، بۇ يەرلەردىكى تۈرلۈك - تۈرلۈك مال - دۇنيانىڭ شۇنچە كۆپلۈكىگە قاراپ ھەيران بولاتتى. بولۇپمۇ كوچىلاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇ غەلىتىلىك ھېس قىلاتتى. بۇنداق يېڭىچە مۇھىتتا ئۇ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى ئاڭقىرالماي ياتسىرايتتى ۋە بىرئاز قورققاندەك بولاتتى. ئۇ ئەتراپتىكى يات كىشىلەرگە ھېيىقىپ، گۇمانسىراپ قارايتتى. بۇ كىشىلەر خۇددى ئۇنىڭغا خىرىس قىلىدىغاندەك، ئۇنىڭ مۇشۇ يالغۇز ئېتىنى تارتىۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇ سول قولى بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلىسە، ئوڭ قولى بىلەن يېنىدىكى قىلىچىنى مەھكەم قىسىپ تۇتۇۋالدى.

ھالبۇكى، قورققۇدەك ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن بىرەر ئادەممۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويمايتتى. ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى. بەزىلەر رەستىلەردە سودىلىشاتتى، بەزىلەر يول بويىدىكى چايخانىلاردا ئۇسسۇزلۇق ئىچىشىپ ئولتۇراتتى،

---

① قوردان — خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى.

بەزىلەر ھېچ يەردە توختىماي ئۆز يولىغا كېتىۋېرەتتى ؛ بەزىلەر ئاتلىق ، بەزىلەر پىيادە ، بەزىلەر ھارۋىلاردا ...

قۇتادمىش مۇشۇ يولۇچىلار ئىچىدە ئادارقىز ، ئىنەچۇك تاي ۋە ياكى ئاشۇ سۆيىقەستچى ماسمادارنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىد بىلەن ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرماي ھەر يانغا سەپ سالاتتى . لېكىن ئۇ يېرىم كۈن كوچا ئايلانغان بولسىمۇ ، ئۇلارنى ئۇچرىتالمىدى . ئۇنىڭ قورسىقى ئاچتى ، ئۆزى ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىدى . گۇگۇم چۈشەي دەپ قالغاندا ئۇ بىر ئاددىي كارۋان سارايغا كىرىپ ياتتى .

ئىككىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىنلا دەرھال ئېتىغا مىنىپ يەنە كوچىغا چىقتى . ئۇ كىرمىگەن كوچا ، ماڭمىغان يول قالمىدى ، لېكىن ئادارقىزنى تاپالمىدى . ئۇرغۇن كىشىلەردىن سۈرۈشتۈردى ، سورىدى . ھەممىسىنىڭ جاۋابى « بىلمەيمىز ، كۆرمىدۇق » دېگەندىنلا ئىبارەت بولدى . قۇتادمىش ئۇدا ئۈچ نەچچە كۈنگىچە چاڭئەن شەھىرىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ ، ئادارقىزنى ئىزلىدى . يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى .

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈشكە باشلىدى . « ئادارقىز راست مۇشۇ شەھەردىمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ ماسمادار ئۇلارنى يەنە قايسىدۇر بىر باشقا شەھەرگە ئېلىپ كەتكەنمۇ ؟ ياكى ئۇلار ئاشۇ ئورخۇن ۋادىسىدىكى باشقا بىر يەرگە كەتكەنمۇ ؟ ھېلىقى قاراقچى قەستەن مېنى ئالداش ئۈچۈن ئۇلارنى چاڭئەنگە كەتتى دەپ قويغانمۇ ؟» قۇتادمىش ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمىدى . ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىدى ، روھى چۈشۈپ كەتتى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟

دەردمەن يىگىت پۈل قاپچۇقىنى ئاختۇرۇپ باقتى . ئاران بىر- نەچچە تال كۈمۈش تەڭگە قالغانىدى . ئەمدى ئۇ مۇھەببەتنىلا ئەمەس ، بەلكى جان بېقىش مەسىلىسىنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك ئىدى . « ئاتنى ساتايمۇ ؟ ياق ، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاتنى سېتىشقا بولمايدۇ » .

قۇتادمىش غەم باسقان بېشىنى ساڭگىلىتىپ چاڭئەن كوچىلىرى-

www.uyghurkitap.com

دىن بىرىدە ئاتلىق كېتىپ باراتتى.

ئۈشتۈمتۇت ياندىكى كوچىدىن بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر چىقىپ كەلدى.

— مۇشۇ يەردە قورساقنى توقلىۋالايلى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ۋە مەيخانا ئالدىدا توختاپ ئېتىدىن چۈشتى.

يانلىرىغا قىلىچ، خەنجەر ئاسقان بۇ ساقاللىق ۋە بۇرۇتلۇق ئادەملەرنى كۆرۈپ، توپلىشىپ تۇرۇشقان بىكارچىلار ئېھتىيات بىلەن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. ئوڭ يېنىدىن ئېتىلىدىغان ئەپچىل يەشمەت كىيىشكەن، ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى يەلكىلىرىگە چېچىلىپ تۇرغان بۇ ئادەملەر ئاتلىرىنى چەتتىكى لاپاس ئاستىغا باغلاپ قويۇپ، تۆت ئەتراپى ئوچۇق راۋاق شەكلىدىكى يازلىق مەيخانىغا كىرىشتى ۋە قارا سىرلانغان يۇمىلاق جوزىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

قۇتادمىش ئۇلارغا قاراپ توختاپ قالدى. «ئۇلار ئۇيغۇر ئىكەن، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىۋاتىدۇ» دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە. نەچچە كۈندىن بېرى مۇساپىرچىلىقتا يېتىمسىرەپ يۈرگەب قۇتادمىش ئۇلارنى كۆرۈپ بۇ يەردىن كېتەلمەي قالدى ۋە شۇ مەيخانىغا كىرىپ، ئۇلارغا سالام بەردى.

— كەل، بىز بىلەن ئولتۇر، — دەپ تەكلىپ قىلدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بولغان بۇدۇر ساقاللىق كىشى.

قۇتادمىش ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ، يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇققا ئولتۇردى. جوزا ئۈستىگە بىر كومزەك مەي ۋە ئىككى تاۋاقتا بېلىق ۋە ئۆردەك گۆشى كەلتۈرۈلدى. سومۇرغ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن جانان چىنىلەرگە مەي قۇيۇلدى، بەزىلەر چوكا بىلەن، بەزىلەر قوللىرى بىلەن غىزاغا تۇتۇش قىلىشتى. ھېلىقى بۇدۇر ساقاللىق كىشى (ئۇ مۇشۇ كىشىلەرنىڭ يولباشچىسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى) بىر چىنە مەينى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن قۇتادمىشقا مۇراجىئەت قىلدى:

— ھەي باتۇر يىگىت، نەدىن كەلدىڭ؟ سېنى بۇ شەھەردە كۆرمىگەنىدىم.

— ئورخۇن تەرەپتىن كەلدىم.

— هە مۇنداق دېگىن ، ھەقىقىي ئۇيغۇر ئىكەنسەن - دە .
— شۇنداق .
— بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ ؟ سودىگەرمۇ سەن ياكى كارۋانچىمۇ ؟
— ياق ، مەن سودىگەرمۇ ئەمەس ، كارۋانچىمۇ ئەمەس . بىر يېتىم مۇساپىرمەن .
بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئىككىنچى چىنىنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە تاۋاقتىكى ئۆردەكنىڭ بىر پۇتىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن غاجىلاشقا باشلىدى .
— ھە ، مۇساپىرمەن دېگىن ، — دېدى ئۇ قۇتادمىشقا قاراپ ، — ئۇنداق بولسا بىز بىلەن كەتكىن ، قارىسام ، خېلى قاۋۇل ، بولىدىغان بالىدەك كۆرۈنىسەن .
— سىلەر نەگە بارماقچى ؟
— فەنياڭغا .
— فەنياڭ دېگەن نە ئۇ ؟
— بۇ يەردىن يىراقتىكى بىر ئايماق .
— ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز ؟
بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئۈچىنچى چىنىدىكى مەينىمۇ توختاتماستىن سۈمۈرۈۋەتتى .
— ئىچە ! — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى ئۇ ۋە قۇتادمىشنىڭ يەلكىسىگە قاتتىق شاپىلاقلىدى . ئۇ خېلى تەڭشىلىپ قالغانىدى .
قۇتادمىشمۇ ئالدىدىكى چىنىنى بىر كۆتۈرۈشتىلا بوشاتتى .
— يارايسەن ! — بۇدۇر ساقاللىق كىشى قۇتادمىشنىڭ يەلكىسىگە يەنە بىر شاپىلاق ئۇردى ۋە ئاۋازىنى ئېگىز - پەس چىقىرىپ سۆزلىگىلى تۇردى ، — ھەي سەن تېخى فەنياڭنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن ، فەنياڭغا نېمە قىلغىلى بارىدىغانلىقىمىزنىمۇ چۈشەنمەيدىكەنسەن ... بىز فەنياڭغا ئەركىن ياپرىغىلى بارىمىز ! ئەن لۇشەنگە قوشۇلغىلى بارىمىز ! ئەمدى چۈشەنگەنسەن ؟

www.uyghurkitap.com

قۇتادمىش « ئەن لۇشەن » دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ سودا كارۋىنى بىلەن بۇ ياققا كېلىۋاتقاندا ئاشۇ ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنىغا تۇتقۇن بولغانلىقىنى ئەسلىدى، لېكىن چاندۇرمىدى ۋە ئەن لۇشەننى كۆرگەنلىكىنى ئېيتمىدى.

— ياق، چۈشەنمىدىم، — دېدى ئۇ بۇ ناتونۇش كىشىلەردىن گەپ ئېلىشقا تىرىشىپ، — ئەن لۇشەن دېگەن كىم؟

— ئەن لۇشەن دېگەن فەنياڭ دىيارىنىڭ ھىراۋۇلى. ئۇ ھازىر كۆك تۈرك ۋە سوغدىلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، چوڭ ئىش تەۋرەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟

قۇتادمىش بېشىنى چايقىدى.

— ياق، زادى چۈشىنەلمىدىم.

— ھەي تازىمۇ ساددا نېمە ئىكەنسەن ـ دە! — دېدى بۇدۇر ساقاللىق كىشى، — شۇ ئىشلارنىمۇ بىلمەي نەلەردە يۈرگەن ئەخمەق سەن؟

جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشىۋاتقان ھەقەمسايىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە ئاغىل ـ تاغىل سۆزلىگىلى تۇردى:

— تازا ساددا نېمە ئىكەن، ھا ـ ھا ـ ھا ...

— ئورخۇن بويىدىن كەپتۇ ئەمەسمۇ.

— يايلاق، دالالاردا يىلقا بېقىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ ـ دە ئۇ.

— چوڭ شەھەرلەردە بولىدىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان ـ دە!

قۇتادمىشنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— مەن بۇ شەھەرگە تېخى يېقىندا كەلدىم. بۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقىنى مەن نەدىن بىلەي.

— ھە، بوپتۇ، بۇ ئىشلارنى مەن ساڭا سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ھەقەمسايىلەردىن بىرى تەكەببۇرلۇقى چىقىپ تۇرغان تەلەپپۇزدا.

ئۇ بۇ بىر توپ كىشىلەر ئىچىدە ھەممىدىن ياشراق بولۇپ، كى-

يىمىلىرىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن يېڭىراق ۋە رەتلىك ئىدى. ئۇچىسىغا سۆسۈن رەڭلىك قىسقا شايى پەشمەت، كۆك بۆز شىم ۋە قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن. ھەممە سىلىنىق تارالغان ئۇزۇن چاچلىرىنى خۇددى ئېسىلزادىلەردەك قىزىل تاۋار ياغلىق بىلەن چىگىۋالغانىدى؛ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا قىسقا قىرقىلغان قاپقارا بۇرۇتىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچلىرى بىلەن سىلاپ قوياتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئىشقۋازلارغا خاس سۆلەتۋازلىق چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دېدى ئۇ قۇتادمىشنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە سۆزىنى تەكرارلاپ، — يېقىندا ئەن لۇشەن چاڭئەندىكى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تەلەپ قويدى. ئۇ پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك توقىلى تاڭ گۇيفېينى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، تاڭ شۈەنزۇڭ بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. شۇڭا، ئەن لۇشەن ئوردىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ياڭ گۇيفېي بىلەن ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى يوقاتماقچى.

— بىر توقالنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈش قىلىش كېتەمدۇ؟ — دېدى قۇتادمىش ھەيران بولۇپ، — پادىشاھنىڭ توقىلى بىلەن ئەن لۇشەننىڭ نېمە كارى؟

— ھەي، ھەي، ھەي! راست تومپاي نېمە ئىكەنسەن، — دەپ كۈلدى سۆلەتۋاز يىگىت، — ئەن لۇشەنمۇ بۇرۇن ئوردىدا خىزمەت قىلاتتى. شۇ چاغلاردا ئۇ ئاشۇ ياڭ گۇيفېي دېگەن ئالىي توقال بىلەن ئاشىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان. كېيىن پادىشاھ بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئەن لۇشەننى يىراقتىكى فەنياڭ دىيارىغا ھىراۋۇل قىلىپ يۆتكىۋەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياڭ گۇيفېي ناھايىتى چىرايلىق ۋە ناھايىتى ھىيلە ـ مىكىرلىك چوكان ئىكەن. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىكەن. ياڭ گۇيفېي پادىشاھنى راسا كۆيدۈرۈپ ئۆزىگە قارىتىۋالغاندىن كېيىن ئوردىدىكى ئۆزىگە ياقمىغان بىرمۇنچە پېشقەدەم ئەمەلدارلارنى ئەيىبلەپ، چىقىشتۇرۇپ خىزمىتىدىن قالدۇرغان. ئاندىن

ئۆزىـنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىنى ئوردىدىكى مۇھىم ۋەزىپـ
لەرگە قويغان . ھازىر نۇرغۇن ئەمەلدارلار بۇ ئىشتىن نارازى بولسىمۇ ،
پادىشاھتىن قورقۇپ گەپ قىلالمايدۇ . ئەن لۇشەن مانا مۇشۇنداق ۋەزىـ
يەتتىن پايدىلىنىپ ئوردىغا يۇرۇش قىلماقچى . ھازىر ئۇنىڭ قول ئاستىـ
دىكى ئادەملەر ھەرقايسى جايلارغا قاتناپ ، تۈرك ۋە سوغدىلارنى فەنـ
ياڭغا بېرىپ ـ ئەن لۇشەن قوشۇنىغا قوشۇلۇشقا چاقىرىق قىلىۋاتىدۇ .
ئەمدى چۈشەندىڭمۇ ، تومپاي يىگىت ؟

— بىراق ، ئۇ ئەن لۇشەن نېمە ئۈچۈن تۈركلەر بىلەن سوغـ
دىلارنى توپلايدۇ ؟ — يەنە سورىدى قۇتادمىش .

— چۈنكى ئەن لۇشەننىڭ ئاتىسى سوغدى ، ئانىسى تۈرك .

— ھە ... — دەپ ئاۋازىنى سوزدى قۇتادمىش ۋە چۈشەنگەنلىـ
كىنى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتتى .

— ھە ، قانداق ؟ بىز بىلەن فەنياڭغا كېتەمسەن ؟ — سورىدى
ھېلىقى بۇدۇر ساقاللىق كىشى يەنە قۇتادمىشنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ .

— سىلەر ئۆزۈڭلار قايسى ئائىلىدىن بولىسىلەر ؟ سوغدىمۇ ،
تۈركمۇ ؟ — قۇتادمىشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سوئال قويدى .

— بىز توڭرا قەبىلىسىدىن بولىمىز .

— ئەمىسە ئۇيغۇر ئىكەنسىلەرغۇ .

— شۇنداق ، ئۇيغۇرنىڭ توڭرا قەبىلىسىدىن .

— ئۇنداقتا سىلەر ئۇياققا بېرىپ نېمە قىلىسىلەر ؟

— ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنى ئىنتايىن جەڭگىۋار قوشۇن . ئۇلار
چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ . ئۇلارغا قوشۇلساق زىيان تارتمايمىز ، بېرىپ
كېتىمىز . سەنمۇ بىز بىلەن كېتەمسەن ؟

— ياق ، بۇ يەردە ئىشىم بار .

— شۇنچە مۇھىم ئىشمۇ ؟

— مەن بۇ يەرگە ئىنەچۈك تاي دېگەن بىر كىشىنى ئىزلەپ
كەلدىم . ئۇنىڭ ئادارقىز ئىسىملىك بىر قىزىمۇ بار . ئۇلارمۇ ئورخۇن بو-
يىدىن كەلگەن . ئۇلارنى تونۇمسىلەر ؟

— ياق ، تونۇمايمىز .

قۇتادمىش ئۆمىدسىزلەنگەن هالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈنچىقمىدى . بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئورنىدىن تۇردى .

— يېدۇق ، ئىچتۇق ، ئەمدى چىقايلى ، — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا .

— ئەمدى نەگە بارىسىلەر ؟ — قۇتادمىشمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى .

— سەيلە قىلىمىز ، تاماشا قىلىمىز ، — دېدى بۇدۇر ساقاللىق كىشى ، — بۇ شەھەردىن كەتكۈچە راسا بىر ئوينىۋالمامدۇق .

هەممەيلەن سىرتقا چىقىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى . قۇتادمىشمۇ ئۆزىنىڭ ئاق قاشقىلىق چىلان تورۇق ئېتىغا مىنىپ ئۇلارغا ئەگەشتى . ئۇلار مەي ئىچىپ قىزىپ قالغان بولغاچقا ، كوچىلاردا ئاتلىرىنى قالايمىقان چاپتۇرۇپ ، ۋارقىرىشىپ - تۇۋلىشىپ ، مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈشتى ؛ قامچىلىرىنى قارسىلدىتىپ يولۇچىلارنى قورقۇتۇپ ، ئۇچرىغان قىز - چوكانلارنى قوغلاپ ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ يۈرۈپ ، ئاخىر بىر كەڭرى مەيدانغا چىقىپ قالدى .

مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسالغان سەهنە بولۇپ ، ئەتراپىدا ئادەم تولۇپ كەتكەنىدى . سەهنىدە قانداقتۇر بىر سەييارە سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويماقتا ئىدى . سەهنىنىڭ بىر چېتىدە سىپتا كىمخاب لىباسلارنى كىيىشكەن بىر توپ سازەندىلەر چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ باربىت ، خارىب ، نەي ، داپ - دۇمباق قاتارلىق سازلارنى ماهىرلىق بىلەن ياڭراتماقتا ئىدى . سەهنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىلۋا بويلۇق بىر قىز ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى .

قۇتادمىش ۋە ئۇنىڭ يېڭى هەمراهلىرى ئاتلىرىدىن چۈشمەستىنلا سەهنىگە يېقىن كېلىپ تۇرۇشتى .

— بىردەم ئويۇن كۆرەيلى ، بۇ قىز ئۇسسۇلنى بەك ياخشى ئوينايدىكەن ، — دېدى بۇدۇر ساقاللىق كىشى .

هېلىقى سۆلەتۋاز يىگىت هەممىدىن بەكرەك هاياجانلىنىپ

كەتتى .

— پاھ ، پاھ ، پاھ ! نېمدېگەن گۈزەل قىز بۇ ! — دەپ خېنابە قىلاتتى ئۇ شەھۋانىي ھەۋەس ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن سەھنىگە تىكىلىپ .

— قاراڭلار ئۇنىڭ كۆكسىگە ! بەل ، ساغرىلىرى نېمدېگەن قاملاشقان ! — دەپ توختىماي كوتۇلدايتتى ئۇ .

ئۇسسۇلچى قىز ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى . ئۇنىڭ ئېگىز كۆپتۈ-رۈپ ياسالغان قېنىق قوڭۇر چاچلىرىغا ئالتۇن زىخچىلار سانجىلغان ، سول چېكىسىگە كەلتۈرۈپ ئىككى تىزىقچە مەرۋايىت ئېسىلغانىدى . ئۇ-چىسىدىكى خۇددى تاڭ شەپىقىدەك ھال رەڭ تاۋاردىن تىكىلگەن قىسقا يەڭلىك كوپتىسى ئەۋرىشىم بەدىنىگە يېپىشىپ قىزنىڭ تەبىئىي گۈزەل-لىكىنى تولۇق نامايان قىلاتتى . يەنە شۇنداقلا ھال رەڭ تاۋاردىن تىكىل-گەن ئۇزۇن شىمى بەلدىن تىزغىچە تار ، تىزلىرىدىن باشلاپ كاناي شەكلىدە بولۇپ ، ئۇسسۇلنىڭ شوخ ۋە يېنىك ھەرىكەتلىرىگە تازا ماسلاشقانىدى .

سەھنىنىڭ ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرغان كۆرەرمەنلەر چېھرىلىك بىلەن ئويىنىلىۋاتقان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن زوقلىنىپ ئۆزلۈكسىز ئال-قىش ياڭرىتىپ تۇراتتى . ئۇسسۇلچى قىز قەلەمدە سىزىپ قويغاندەك قارا قاشلىرىنى ئوينىتىپ ، بۇلاقتەك بالقىپ تۇرغان يوغان قوي كۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرى بىلەن كۆرەرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ ، بەئەينى ئەپسانىۋى رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلاردەك جەۋلان قىلاتتى .

— بۇ سەنئەتچىلەر نەدىن كەلگەن ؟ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمايدىغۇ ؟ — دەپ سورىدى قۇتادمىش ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر تابغاچتىن .

— ئۇلار يۈيتيەندىن① كەلگەن ، — دەپ جاۋاب بەردى تابغاچ ، — يۈيتيەنلىكلەر ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر كېلىدۇ .

— يۈيتيەن دېگەن قانداق يەر ؟ — دەپ سورىدى قۇتادمىش

① يۈيتيەن — خوتەننىڭ ئەينى دەۋردىكى خەنزۇچە ئاتىلىشى .

بۇدۇر ساقاللىق كىشىدىن .

— تابغاچلار قوردانىنى يۇيتىيەن دەيدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى بۇدۇر ساقاللىق كىشى .

— قورداندىن ئىبىل قاشتاشلىرى چىقىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم ، لېكىن قاشتېشىدىنمۇ ئىبىل قىزلار چىقىدىكەن ، — دېدى ھېلىقى سۆلەتۋاز يىگىت ۋە ھەۋەسلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇسسۇلچى قىزغا قاراپ ، بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن قىسقا قىرقىلغان بۇرۇتىنى سىلاشتۇرۇپ قويدى .

سەھنىدە قوردان ئۇسسۇلى داۋاملاشماقتا ئىدى . شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە چېلىنىۋاتقان ساز ۋە گۈزەل قىزنىڭ نازاكەتلىك ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى كۆپلىگەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلماقتا ئىدى .

ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى سۆلەتۋاز يىگىت ئىتى بىلەن كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ سەھنىگە يېقىنلاشتى .

— بۇ قوردانلىق پەرىزات ئەمدى مېنىڭ بولسۇن ، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ .

ئۇنىڭ ھەقەمسايىلىرىمۇ ئاتلىرىنى قامچىلاپ ، ھەر تەرەپتىن سەھنىگە يوپۇرۇلدى . ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈلدى . تاماشىبىنلار قان تۆكۈلۈشتىن قورقۇپ ھەر يانغا قېچىشتى .

— ۋايجان ! قۇتۇلدۇرۇڭلار ! — ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ۋەھىمىلىك ۋارقىراشلىرى ھەممە ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ چۈشتى .

ھەش - پەش دېگۈچە سۆلەتۋاز يىگىت ئىتى بىلەن سەھنە ئۈستىگە چىقتى ، قوردانلىق پەرىزاتنى نازۇك بېلىدىن قامالاپ تۇتقىنىچە ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ توغرىسىغا ياتقۇزۇۋالدى . سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خوجايىنى بولغۇچى چار ساقاللىق بوۋاي ۋە سازەندىلەر قىزنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ سۆلەتۋازغا ئېسىلدى . لېكىن ، باشقا توڭگىلار ئۇلارنى قامچىلىرى بىلەن ساۋاپ ، ئاتلىرىغا دەسسىتىپ ، ئۇلارنىڭ بەل ۋە بويۇنلىرىغا ئېسىلغان قاشتېشى بويۇملىرى ھەم پۇل قاپچۇقلىرىنى يۇلۇۋالغىلى تۇردى . ھېلىقى سۆلەتۋاز ئىتىنى چاپتۇرغىنىچە قىزنى ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

قاچتى . باشقا بۆلاگچىلارمۇ ئۇلجىلىرىنى قويۇنلىرىغا تىقىشىپ ، ئۇنىڭ
كەينىدىن ئات سالدى . سەنئەتچىلەر داد – پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ قې-
لىشتى .

قۇتادمىش بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ كۈتۈلمىگەن
ۋەقەدىن دەسلەپتە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . ئاندىن ئېسىنى يىغىۋېلىپ
قارىسا ، تاماشىبىنلار توزۇپ كەتكەن بولۇپ ، زار قاقشاپ نېمە قىلارىنى
بىلمەي پۇتى كۆيگەن توخۇدەك پالاقلاپ يۈرگەن سەنئەتچىلەرنىڭ ئا-
رىسىدا ئۆزى يالغۇز قالغانىدى . ئۇ ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۆكچىلىرى بىلەن ئې-
تىنىڭ بىقىنلىرىغا قاتتىق نىقتىدى . چىلان تورۇق يۇلقۇنۇپ قوزغالدى –
دە ، توگرا قەبىلىسىدىن چىققان ئاشۇ بۆلاگچىلارنىڭ كەينىدىن ئوقتەك
ئېتىلىپ چېپىپ كەتتى .

قۇتادمىش قىز بۆلاگچىسىغا ئاسانلا يېتىشىۋالدى .

— توختا ! — دەپ تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى ئۇ .

قىز بۆلاگچىسى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى . قۇتادمىش بىر يانغا
ئەپچىللىك بىلەن ئېگىلىپ ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تارت-
تى . بۆلاگچىنىڭ ئېتى قۇتادمىشنىڭ قولىدىن قۇتۇلالماي توختاشقا
مەجبۇر بولدى . قىز ئات ئۈستىدىن سىيرىلىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى .

— نېمە قىلماقچىسەن ؟ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى
سۆلەتۋاز بۆلاگچى قۇتادمىشقا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ .

ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئاتلىرى بىر – بىرىگە كۆكرەكلىرى بىلەن
سوقۇلۇپ ، ئەنسىز كىشنەپ تېپىرلاپ كېتىشتى .

— قىزنى قويۇۋەت ، قايتىپ كەتسۇن ، — دېدى قۇتادمىشمۇ
بۆلاگچىنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ .

سۆلەتۋاز بۆلاگچىنىڭ قەبىلىداشلىرى ئاتلىرىنى توختىتىپ ،
ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى . ھېلىقى ئۇسسۇلچى قىز ناھايىتى قورقۇپ
كەتكەنلىكتىن چىرايى تاتىرىپ ، يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئېچى-
لىپ كەتكەن ھالەتتە خۇددى قاپقانغا چۈشكەن كېيىك بالىسىدەك دىر –
دىر تىترەپ تۇراتتى . ئۇ قىچىپ كەتمەكچى بولۇپ ئۇياق – بۇياققا تەم-

شىلىپ باقاتتى ، لېكىن ئۇ ھەر تاماندىن قورشاپ تۇرغان ئاتلىق كىشىلەرگە قاراپ يەنە ئىچچىنىشلىق قىياپەتتە جىمىپ قالاتتى .

قۇتادمىش بىلەن قىز بۇلاكچىسى ئات ئۈستىدە بىر - بىرىنىڭ يەڭ ۋە ياقىلىرىدىن تارتىشىپ ئېلىشىپ كەتتى . باشقا بۇلاكچىلار دەرھال قۇتادمىشقا ئېتىلماقچى بولغانىدى ، ئۇلارنىڭ ھېلىقى بۇدۇر ساقاللىق باشلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى :

— باشقىلار ئارىلاشماڭلار ! ئىككى باتۇر مەردلەرچە ئېلىشسۇن .

ھەممەيلەن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ئىككىسىگە سورۇن ھازىرلاپ بەردى . بۇ مالىمانچىلىقنىڭ سەۋەبچىسى بولغان قوردانلىق پەرىزات قانداق قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ بىر چەتتە تۇرۇپلا قالدى .

ئىككى يىگىت ئىككى يانغا ئايرىلدى ۋە قوللىرىغا قامچىلىرىنى ئېلىشىپ قايتىدىن بىر - بىرىگە ئېتىلدى . ئىنچىكە تاسمىلاردىن قاتتىق ئېشىلىپ ، پۇختا توقۇلغان قامچىلار ئىككى يىگىتنىڭ بەدەنلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاتلىرىغا قارسىلداپ تېگىشكە باشلىدى . مەردلەرچە ئېلىشىش خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى . بۇ كوچىدا يولۇچىلاردىن بىرەر ئادەممۇ قالمىغانىدى . باشباشتاق توگرالار ئۆز ئادىمىگە مەدەت بېرىپ چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈشتى :

— غەيرەت قىل !

— ئۇرە ! بېشىغا سال !

ۋەھالەنكى ، ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ قار - شىۋىرغانلىرىدا قارىغايدەك مەزمۇت چېنىقىپ ئۆسكەن ئورخۇنلۇق يىگىتنى يېڭىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى . ئۇ خۇددى چۆل قاپلىنىدەك ئالغا ئېتىلىپ ، كەينى - كەينىدىن شىددەتلىك قامچا ئۇرۇپ ، قىز بۇلاكچىسىنى سۈرۈشكە باشلىدى . ھەممەيلەننىڭ دىققەت - ئېتىبارى شۇلارغا مەركەزلىشىپ قالغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇسسۇلچى قىز قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇندى . لېكىن ، توگرالار ئۇنى يەنە تۇسۇۋالدى .

— قاچما ، قىز ، — دەپ كۆلۈشتى ئۇلار ، — نەگە بارسەن ؟ بۇ ئىككى يىگىتتىن كىم ئۇتۇپ چىقسا سەن شۇنىڭ بولىسەن .

قىزنىڭ بۇلاقتەك ئوقچۇپ تۇرغان مەسۇم كۆزلىرىدىن ئاققان مۇنچەقتەك ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ ئاق ــ سۇزۇك مەڭزىلىرىنى بويلاپ تاراملاپ چۈشۈشكە باشلىدى .

شۇ ئەسنادا قۇتادمىش يەككىمۇ يەككە ئېلىشىشتا مۇتلەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ ، رەقىبىگە قاتتىق زەربە بەردى . قىز بۇلاگچىسى ئۇزۇن چاچلىق بېشىغا قامچا يەپ ئات ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى . ئۇسسۇلچى قىز ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئەس ــ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا چىرقىراپ كەتتى . توگرالاردىن بەزىلەر بۇرادىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىغا چىداپ تۇرالماي قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئوتتۇرىغا چىققاندى ، بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئۇلارنى يەنە توختىتىۋالدى .

ــ ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار ! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ، ــ بىر ئادەمگە كۆپ ئادەم ھۇجۇم قىلىش ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس .

ــ قىزنى قانداق قىلىمىز ؟ ــ دەپ سورىدى بىرەيلەن .

بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرماستىن قۇتادمىشقا مۇراجىئەت قىلدى :

ــ ئوغۇل بالا ئىكەنسەن ! بىز بىلەن كەتسەڭ بولمامدۇ ؟

قۇتادمىشنىڭ سول تەرەپ پېشانىسى قامچىنىڭ زەربىسىدىن يېرىلىپ ، قاش ۋە قاپاقلىرىدا قان ئۇيۇپ قالغاندى . ئۇ بېشىدىكى يېشىل شايى ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ قان داغلىرىنى سۈرتتى .

ــ ياق ، مەن ئۆز ئادەملىرىمنى تېپىشىم كېرەك ، ــ دېدى ئۇ .

ــ ئۇنداق بولسا ، بۇ قىز سېنىڭ بولدى . ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەر ، باتۇر يىگىت .

سۆلەتۋاز بۇلاگچى يىقىلىپ چۈشكەن يېرىدىن قوپتى ــ دە ، بېشىدىن قان ئېقىپ تۇرغىنىغا قارىماي قۇتادمىشقا يەنە ئېتىلدى . بۇدۇر ساقاللىق كىشى ئۇنى قامالاپ تۇتقىنىچە سۆرەشتۈرۈپ بىر چەتكە ئېلىپ كەتتى . پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا قۇتادمىش قامچىسىنى كەمىرىگە قىستۇردى ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ ، قورقۇپ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئېتىمغا مىنگىشىڭ، — دېدى ئۇ قىزغا قولىنى سوزۇپ.

ئۇسسۇلچى قىز «ياق!» دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغىنىچە كوچا بويلاپ قاچتى. قۇتادمىش ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يەتتى-دە، ئەپچىللىك بىلەن ئېگىلىپ، بېلىكى بىلەن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن قاماللاپ ئېلىپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. ھورى بېسىلمىغان چېلان تورۇق ئات ئۇچقاندەك چاپقان پېتى ئۇلارنى ھېلىقى سەھنە قوپۇرۇلغان مەيدانغا ئېلىپ كەلدى.

سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەر پايپېتەك بولۇپ، «قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىشىپ، ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ، ئاخىر قىلىچ ۋە گۈرزىلەر بىلەن قوراللانغان بىر توپ تابغاچ يايلارنى باشلاپ كېلىشكەندى. دەل شۇ چاغدا قۇتادمىش بۇلاپ كېتىلگەن ئۇسسۇلچى قىزنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ كەلدى. سەنئەتچىلەرمۇ، يايلارمۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ئۇقالماي داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. قۇتادمىش قىزنى ئات ئۈستىدىن ئاۋايلاپ يەرگە چۈشۈرۈپ قويدى.

يايلار قىلىچ ۋە گۈرزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قۇتادمىشنى قورشىۋالدى.

— ئاتتىن چۈش! نېمە ئادەم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلاردىن بىرى.

ئۇسسۇلچى قىز ئاران دېگەندە ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ يايلارنىڭ ئالدىنى توسىدى.

— ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، — بۇ يىگىت مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ چار ساقاللىق خوجايىنى قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

— بۇ نېمە ئىش، ئايتولۇن؟ بۇ كىم؟ ئۇ سېنى قانداق قۇتۇلدۇردى؟

— بۇ يىگىت ھېلىقى لەنتى بۇلاڭچى بىلەن بىرگە-بىر ئېلىشىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلدى.

— ئىسمىڭىز ئايتولۇنمۇ ؟ — سورىدى قۇتادمىش قىزدىن .

— ھەئە ، — دەپ جاۋاب بەردى قوردانلىق ئۇسسۇلچى قىز بېشىنى ئىرغىتىپ .

— چىرايلىق ئىسمىڭىز بار ئىكەن .

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خوجايىنى قۇتادمىشقا قاراپ تۆۋەنلىك بىلەن ئىلتىجا قىلدى :

— مەرھەمەت قىلغايسىز ، باتۇر يىگىت . بىزدە مېھمان بولۇڭ ، تونۇشايلى .

قۇتادمىش ئاتتىن چۈشتى . يايىلار كەتتى . سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى يىغىلىپ كېلىپ قۇتادمىشنى قورشىۋالدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن ، بەزىلىرى قىزىقىش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا كۆز تىكەتتى .

سەھنە قوپۇرۇلغان مەيدانغا چىقىدىغان بىر تار كوچىدا دەرۋازىسى قارا سىرلانغان چاققانغىنا بىر ھويلا بولۇپ ، مەزكۇر سەييارە سەنئەت ئۆمىكى شۇ ھويلىدىكى چېدىر شەكىللىك ئۆگزىلىرىگە كاھىش ياتقۇزۇلغان بىر نەچچە ئېغىز ئاددىي ئۆينى ئىجارىگە ئالغانىدى . سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خوجايىنى قۇتادمىشنى ئۆزلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتلىق تۇرالغۇسىغا باشلاپ كەلدى ۋە چەتتىكى بىر ئېغىز كىچىك ئۆينى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بەردى .

— سىزمۇ بىزگە ئوخشاش مۇساپىر ئىكەنسىز ، — دېدى ئۇ ، — ماقۇل كۆرسىڭىز بىز بىلەن مۇشۇ يەردە بىللە تۇرۇڭ .

قۇتادمىش ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى .

— ماقۇل ، مەنمۇ يالغۇزچىلىقنىڭ دەردىنى خېلى تارتتىم ، سىلەرگە ھەمراھ بولاي .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمەكنىڭ ئاتلىرىنى بېقىپ ، ھارۋىلىرىنى جۆندەپ ، ئېغىر - يېنىك ئىشلارغا ھەمكارلىشىپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى . سەنئەتچىلەر سەييارە ئويۇن قويغاندا ئۇ تەرتىپ ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى . ئۆمەك خوجايىنى ئۇنىڭ شۇنچە ئەستايىدىللىق

بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشىگە قاراپ مەمنۇن بولغان ھالدا بېشىنى ئىرغى-تاتتى.

— بۇ ئاق كۆڭۈل، سەممىي يىگىت ئىكەن، — دەيتتى ئۇ قۇ-تادمىشنى ماختاپ.

ھالبۇكى، ئۆمەكتىكىلەردىن قۇتادمىشقا ھەممىدىن بەكرەك دىق-قەت قىلىۋاتقىنى ئۇسسۇلچى قىز ئايتولۇن ئىدى.

— تەلىيىمگە تەگىرىم قۇتادمىشنى ئۇچراتمىغان بولسا ئۇ لەننتى بۇلاڭچىلار مېنى نېمە قىلىۋېتەتتىكىن، — دەيتتى ئۇ، — قارىسام، بۇ قۇتادمىشنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن، ھەتتا چىراي - تۇرقىدىنمۇ ياخشىلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەجەبمۇ باتۇر، ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىز ھەمىشە قۇتادمىشقا يېقىن يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. پۇرسەت چىقسىلا قۇتادمىش بىلەن ئۇنى - بۇنى دەپ پاراڭلىشاتتى، ئۇنىڭغا ھەربىر قارىغاندا چوقۇم ئىللىق كۈلۈمسىرەيتتى. قۇتادمىشمۇ قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى خۇش قىلىشقا تىرىشاتتى.

ئۆمەك خوجايىنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەتكە ۋە بولۇپمۇ ئايتولۇننىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدا كۆرۈلۈۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلدى. بىر كۈنى ئۇ قۇتادمىشنى يېنىغا چاقىردى.

— بۇ ياققا كەلگىنە، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — بىز قورداندىن بۇ شەھەرگە كەلگىنىمىزگە ئۈچ - تۆت ئاي بولۇپ قالدى. بۇ يىل قىشنى ئۆتكۈزۈۋالساق، كۆكلەم كېلىشى بىلەن قايتىمىز. سەنمۇ بىز بى-لەن قوردانغا كەتكىن. قوردانمۇ چوڭ، گۈزەل شەھەر، كۆنۈپ كېتىسەن.

قۇتادمىش ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئەدەپ بىلەن سىلىقلىقچە رەت قىلدى:

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، ھۆرمەتلىك خوجايىن، لېكىن مەن ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادارقىزنى تاپمىسام بولمايدۇ. مەن سىزگە بۇ

گەپلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىۋ .

— ماڭا قارا ، قۇتادمىش ، — دېدى يەنە خوجايىن ، — ئايتو-لۇننىڭ ساڭا كۆڭلى بار . ئۇ مېنىڭ ئاسراندى قىزىم . ئۇنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن . مەن ئۇنى سەككىز ياش ۋاقتىدا بېقىۋالغانىدىم . مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن تەربىيىلەپ ، ئۇسسۇلچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتىم . ئۇ بەكمۇ كۆڭلى يۇمشاق ياخشى قىز ، كېيىنچە ئۆزۈڭمۇ بىلىپ قالىسەن . ئىككىڭلارنىڭ بېشىڭلارنى قوشۇپ قوياي .

— راست ، ئايتولۇن ياخشى قىز ، — دېدى قۇتادمىش ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ ، — بىراق ، مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنىم بار ، ئادار-قىزنى تاشلىۋېتەلمەيمەن .

خوجايىن ئارتۇق گەپ قىلمىدى ۋە ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاپ نېرى كەتتى . ئۇشتۇمتۇت قۇتادمىشنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئايتولۇننىڭ ئوتلۇق نىداسى ئاڭلاندى :

— قۇتادمىش !

قۇتادمىش چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى . ئايتولۇننىڭ شەھلا كۆز-لىرىدە سۆزۈك ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى . ئۇ ئۆمەكنىڭ مال-مۈلكى توشۇلىدىغان سايىۋەنلىك يوغان كۆتەك ھارۋىنىڭ كەينىدە ئول-تۇرۇپ ، خوجايىن بىلەن قۇتادمىشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىدى . ئۇ قۇتادمىشنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قۇتادمىش ، — دېدى ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك يىغا ئا-رىلاش ئاۋازدا ، — قۇتادمىش ، سەن مېنى ياراتمامسەن ؟ سەن مەن بى-لەن بەختلىك بولالماسەن ؟

قۇتادمىشنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى .

— ئۇنداق ئەمەس ، ئايتولۇن ، — دېدى ئۇ ، — سەن بەك چىرايلىق ، بەك ياخشى قىز . سېنىڭ قولۇڭنى تۇتقان ئادەم بەختلىك بولىدۇ ... مەن سېنى چۈشىنىمەن ، بىراق ... سەنمۇ مېنى چۈشىنىشىڭ كېرەك .

— مەن ئاشۇ ئادارقىزغا تەڭ بولالمادىم ؟ سەن ئۇنىڭدىن زادى

كېچەلمەمسەن ؟

— كېچەلمەيمەن . كەچسەم بولمايدۇ ، ئايتولۇن .

ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . ئىككىسى بىر ئەسنا غىچە بىر - بىرىگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇرۇپ قالدى . ئاندىن ئايتولۇن كەينىگە بۇرۇلدى - دە ، يۈگۈرگىنىچە ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى .

قۇتادمىش پەرىشانلىقتا چۆمدى . چۈشىنىكسىز بىرخىل ھارغىنلىق ۋە چۈشكۈنلۈك ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ، ۋۇجۇدىنى ئېغىرلاشتۇردى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا ئادارقىز بىلەن ئايتولۇننىڭ شۇنچە گۈزەل ، شۇنچە سۆيۈملۈك سىيمالىرى ئالمىشىپ ، گىرەلىشىپ سۈرەتلىنىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ خۇددى داۋالغۇپ ، تىنىمسىز ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان باھارنىڭ تاشقىن سۇلىرىدەك تىنچلىقىنى يوقاتقان قەلبىگە ئادارقىزغا بولغان سېغىنىش تۇيغۇسى بىلەن بىللە يەنە ئايتولۇننىڭ ئاشۇ گۈزەل ۋە ھەسرەتلىك قىياپىتىدىن كېلىۋاتقان ئىللىق ئېقىم سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانىدى . سۆيگۈ ۋە دوستلۇق ، ئادەمگەرچىلىك ھېسسىياتلىرى قوشۇلۇپ ، يۇغۇرۇلۇپ يەنە قانداقتۇر چۈشەنگىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ ۋە ئازابلىق ئېقىنلارنى ھاسىل قىلاتتى .

ئۇ كۆتەك ھارۋىنىڭ يېنىدىكى ياغاچ بەندىڭگە ئولتۇردى ، لېكىن ئولتۇرغۇسى كەلمەي قوپۇپ كەتتى : « ھۇجرامغا كىرىپ ياتايمۇ » دەپ ئويلىدى ، لېكىن ياتقۇسى كەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشى گاراڭ بولغان ھالەتتە ھويلىدىن تالاغا چىقتى . كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا ئۇزۇن قارا چاپان ۋە قارا پوسما كىيگەن قانداقتۇر بىر ياشانغان كىشى ئەتراپىغا ئادەم ئولاشتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى . قۇتادمىش قەدەملىرىنى سۆرەپ ئاستا ماڭغىنىچە شۇ يەرگە باردى . قارىسا ، ھېلىقى قارا چاپانلىق كىشى ئەسلىدە مېڭىسى ئېلىشىپ قالغان سەۋدايى ئىكەن . كېيىنىشىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ خېلى ھاللىق ئائىلىدىن ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئولىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ سەۋدايى بوۋاينىڭ تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىگە قىزىقىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشاتتى ، بەزىلىرى ئۇنىڭغا

ئېچىنغان هالدا پاشلىرىنى چايقاپ:

— هەي، هەي، بۇ بىچارىگە ئۇۋال بولدى، — دېيىشەتتى ۋە ئاز — تولا يېمەكلىك، مېس يارماقلارنى ئۇنىڭغا سەدىقە قىلىپ بېرەتتى.

قۇتادمىش سەدىقە بەرگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بىر سوغدى كىشىدىن سورىدى:

— بۇ نېمە بولغان ئادەم؟ ھەممىڭلار ئۇنىڭغا باشقىچە كۆڭۈل بۆلىدىكەنسىلەرغۇ.

يول – يول كىمخاب تون كىيگەن سوغدى ئەھۋالنى چۈشەندۈردى:

— بۇ كىشى ئەسلى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكاندار ئىدى. يېقىندا بىر بۆلاكچى ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، بارلىق ئالتۇن – كۈمۈشلىرىنى بۇلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بىچارە مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا سەۋدايى بوۋاي تۇيۇقسىزدىن تەلۋىلەرچە ئېتىلىپ كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن قۇتادمىشنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، كۆزلىرىنى قورقۇنچلۇق چەكچەيتكەن هالدا ۋارقىراپ كەتتى:

— ها – ها – ها... سەنمۇ ئۇيغۇرمۇ؟ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن – كۈمۈشلىرىمنى بۇلاپ كەتكەن هايۋاننى تېپىپ بەر! ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزى يوغان ئۇيغۇر ئىدى... ئۇنى تېپىپ بەر...

قۇتادمىش تەمتىرەپ قالدى. ئۇ خەنزۇچىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، بوۋاينىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەنمىدى. هېلىقى سوغدى ئۇنى سەۋدايى بوۋاينىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالدى.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى قۇتادمىش.

— ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بۆلاكچى ئورخۇن تەرەپتىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر ئىدى، — دېدى سوغدى.

قۇتادمىش سەگەكلەشتى.

— سىز ئۇ بۇلاكچىنى كۆرگەنمۇ ؟ ئۇنى تونۇمسىز ؟

— ئۇ مەلئۇن قاتىل مۇشۇ بىچارىنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئىجا-رىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇراتتىم. مەنمۇ بۇ بىچارىنىڭ قوشنىسى.

— شۇ بۇلاكچىنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز ؟

— ئۇنىڭ ئىسمى ماسمادار.

گويىاكى قۇتادمىشنىڭ بېشىغا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، كېكىردىكىگە بىر نەرسە كەپ-لىشىپ قالغاندەك بولدى.

— ماسمادار ... — دېدى ئۇ تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن بوغۇق ئاۋازدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— ئۇنى تونۇمسىز ؟ — ھېلىقى سوغدىمۇ دەرھال سەگەكلىشىپ سورىدى.

قۇتادمىش ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال ياندۇردى :

— ئۇ ماسمادار دېگەن مەلئۇن بۇ يەردە كىم بىلەن تۇرغان ؟ بىر بوۋاي بىلەن بىر ياش قىز بارمىدى ؟

— توغرا، توغرا! ئىنەچۈك تاي ئىسىملىك بىر بوۋاي بار ئىدى. يەنە ئۇنىڭ قىزى ... ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى ...

— ئادارقىزمۇ ؟ — يەنە سورىدى قۇتادمىش.

— توغرا، توغرا! ئادارقىز. ئەمدى ئېسىمگە كەلدى.

— ئۇلار نەگە كەتتى ؟ — قۇتادمىش ھېلىقى سوغدىنىڭ بى-لەكلىرىنى مەھكەم سىقىپ تۇتۇۋالدى.

— سەن ئۆزۈڭ نېمە ئادەم ؟ ئۇلار بىلەن نېمە ئالاقەڭ بار ؟ — سوغدى گۇمانسىراپ سورىدى.

بۇ يەرگە يىغىلغان باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تابىغاچ بولغاچقا، ھېچكىم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىدى ۋە ئۇلارغا دىققەت قىلمىدى. قۇتادمىش « بىكاردىن بىكارغا قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتكە قالماي » دەپ ئويلاپ، سوغدىغا ئىشنىڭ راستىنى چۈشەندۈردى :

— ماسمادار مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى . ئاندىن ئۇ مېنىڭ سۆيگىنىم ئادارقىزنى ئېلىپ قاچتى . مەن ئورخۇن دىيارىدىن ئاتايىن شۇلارنى ئىزلەپ كەلدىم . ماسماداردىن ئۆچۈمنى ئېلىپ ، ئادارقىزنى قايتۇرۇپ كەتمەكچىمەن .

سوغدى « ئەمدى چۈشەندىم » دېگەننى بىلدۈرۈپ بېشىنى ئىرغىتتى .

— ئۇ ماسمادار دېگەن بەك ياۋۇز نېمىكەن ، — دېدى ئۇ .

قۇتادمىش ئۈمىد ۋە يېلىنىش مەنىلىرى سىڭگەن كۆزلىرى بىلەن سوغدىغا تىكىلىپ قارىدى .

— ئۇلار ھازىر نەدە ؟ نەگە كەتتى ؟ ئۆتۈنۈپ قالاي ، ماڭا راستىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

سوغدى ئەمدى قۇتادمىشقا ئىشەنگەندى . شۇڭا ، ئۆزى بىلىدىغان گەپنى يوشۇرماي ئېيتىپ بەردى :

— ئۇ ماسمادار دېگەن بۇلاڭچى بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش بىرنەچچە ئالا قانات سوغدى يىگىتلەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ، « ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنىغا قاتنىشىمىز » دەپ يۈرۈشكەندى . ئاڭلىسام ، ئۇلار شۇ مەقسەتتە فەنياڭ دىيارىغا كېتىپتۇ . ماسمادار ئاشۇ بىچارە بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى بۇلىغان كۈنىلا يوقالدى . بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھېلىقى ئالا قانات يىگىتلەرمۇ شۇ كۈنىلا يوق بولۇشتى .

— ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادارقىز ئۇنىڭ شۇنچە ۋەھشىيلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە فەنياڭغا كېتىشكە ئۇنىغانمىدۇ ؟ — دەپ خىتاب قىلدى قۇتادمىش .

سوغدى « بۇنى بىلمەيمەن » دېگەننى قىلىپ مۈرىلىرىنى قىسىپ ئۇنچىقمىدى . قۇتادمىش ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى .

— رەھمەت سىزگە ، — دېدى ئۇ ۋە كەينىگە بۇرۇلدى - دە ، يۇگۇرگەندەك مېڭىپ ھويلىغا قايتىپ كىردى .

قورداندىق سەنئەتچىلەر قۇتادمىشنىڭ جىددىيلەشكەن تۇرقىنى

كۆرۈپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىشتى . قۇتادمىش ئۇدۇل ماڭ-
غىنىچە ئۆمەك خوجايىنىنىڭ ھۇجرىسىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى . خو-
جايىن كاڭ ئۈستىدە ئارام ئېلىپ ياتقانىدى .
— نېمە بولدۇڭ ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە بېشىنى
كۆتۈرۈپ .
چىرايى ئۆزگىرىپ قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان قۇتادمىش خوجا-
يىنغا تىكىلگىنىچە ئىشىك تۈۋىدە توختاپ قالغانىدى . ئۇ گوياكى
قانداقتۇر بىر غايەت زور بالايى - قازا ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ئادەم-
دەك ياكى يىراق يولدىن توختىماي يۈگۈرۈپ كەلگەندەك چوڭقۇر -
چوڭقۇر تىنىق ئېلىپ ، گەپ قىلالماي تۇراتتى . خوجايىن ياتقان يېرى-
دىن قوپۇپ ، چازا قۇرۇپ ئولتۇردى .
— نېمە بولدۇڭ ؟ — دەپ قايتا سورىدى ئۇ ، — كېلە ، بۇ ياققا
كېلىپ ئولتۇر .
— خوجايىن ، مەن كېتىدىغان بولدۇم ، — دېدى قۇتادمىش
تۇرغان يېرىدىن قوزغالماستىن .
— ئېمە ، نېمە ؟ نېمە دېدىڭ ؟ — خوجايىن ئۇنىڭ گېپىنى
چۈشىنەلمەستىن ئالدىراپ سورىدى ، — كېتىدىغان بولدۇم دەمسەن ؟
نەگە كېتىسەن ؟
قۇتادمىش ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ ، ئىمكانقەدەر تەمكىنلىك بى-
لەن سۆزلەشكە تىرىشتى :
— ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادارقىزنىڭ دېرىكىنى ئالدىم . ئۇلار
فەنياڭ دېگەن يەرگە كېتىپتۇ . ئەمدى مەنمۇ فەنياڭغا بېرىپ ئۇلارنى تې-
پىشىم كېرەك .
— ھە مۇنداق دېگىن ، — دېدى خوجايىن ۋە ئەمدى چۈشەن-
گەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتتى ، — ھە ، شۇنداقتىمۇ ، ئالدىرىما ،
بۇ ياققا كېلىپ ئولتۇرە ، مەسلىھەتلىشەيلى .
قۇتادمىش كاڭغا چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى ۋە ھېلىقى
سوغدى كىشىدىن ئاڭلىغانلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى .

www.uyghurkitap.com

— بوپتۇ ، ئەمسە بارغىن ، — دېدى خوجايىن ئاخىر ، —
بىراق ، فەنياڭغا قانداق بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن ؟ سەن ئۇ تەرەپلەرگە
بېرىپ باققانمۇ ؟

— ياق ، بېرىپ باقمىغان . خەقتىن سوراپ تېپىپ بارمامدىم .

— ئۇنداق قىلساڭمۇ بولىدۇ ، لېكىن ئەڭ ياخشىسى ، فەنياڭ دى-
يارىغا بارىدىغان ئادەملەرنى تاپايلى . شۇنچە ۋاقىتتىن بۇ شەھەردە تۇر-
دۇڭ ، ئەمدى يەنە بىر - ئىككى كۈن ئارتۇق تۇرۇۋەتسەڭ ھېچنېمە
بولمايدۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن خوجايىن بىلەن قۇتادمىش ھويلىدىن بىللە
چىقتى . خوجايىن قۇتادمىشنى ئۆزى تونۇيدىغان بىرنەچچە كىشىلەرنىڭ
ئۆيلىرىگە ۋە دۇكانلىرىغا باشلاپ باردى . ھەممە يەردە « فەنياڭغا بارى-
غانلار بارمۇ ؟ » دەپ سۈرۈشتۈردى . ئاخىر ، كەچ كىرگەن مەزگىلدە
ئۇلار فەنياڭغا قاتنايدىغان بىر سوغدى سودىگەرنى تاپتى .

— ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمىز ، — دېدى سو-
دىگەر ، — فەنياڭغا بۇغداي ، قوناق ، تېرىق توشۇيمىز . ئۇ يەردە ھازىر
ئاشلىقنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇۋاتىدۇ . ھىراۋۇل ئەن لۇشەن جاي -
جايلاردىكى زېمىندار ۋە سودىگەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كەڭ كۆلەمدە
ئاشلىق جۇغلاۋاتىدۇ .

— ھە ، ياخشى بولدى ، باي سودىگەر ، — دېدى ئۆمەك خوجا-
يىنى ، — مانا بۇ يىگىتنى كارۋىنىڭغا ئېلىۋالغىن . ئۇنى قورۇقچى چە-
ۋەنداز قىلساڭمۇ ، ئات ، تۆگىلىرىڭنى باقىدىغان چاكار قىلىۋالساڭمۇ بو-
لىدۇ . قانداق ئىشقا سالساڭمۇ يارايدۇ ، چوقۇم رازى بولىسەن .

سودىگەر ئىتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇرغان قۇتادمىشقا
باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ بىر قارىۋالدى .

— ھە ، ماقۇل ، ئالسام ئالاي ، — دېدى ئۇ ئاخىر ، — ئېتى بار
ئىكەن ، يەنە قىلىچ ، خەنجەرلىرىمۇ بار ئىكەن . ئۆزىمۇ خېلى قاۋۇل ،
بېجىرىم كۆرۈنىدۇ . ئىشلەشنى خالىسا ئاش - تامىقى مەندىن بولىدۇ ،
لېكىن ئۇنىڭدىن باشقا ئىش ھەققى بېرەلمەيمەن .

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس ، پەقەت فەنياگىغا بېرىۋالساملا بولدى ، — دېدى قۇتادمىش .

— ئەمسە كېلىشتۇق ، — سودىگەر بۇنداق بىكارغا ئىشلەيدىغان « ئەخمەقنى » تاپقىنىدىن خۇش بولۇپ ، دەرھال ماقۇل بولدى .

ئېيتقانداك ، سوغدى سودىگەر بىلەن كېلىشىپ ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە ئاق كۆڭۈل قورداتلىق سەنئەتچىلەر قۇتادمىشنى ئۇزىتىپ چىقتى . ئۆمەك خوجا-يىنى قۇتادمىشنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ قۇچاقلىدى .

— ئاق يول بولسۇن ، ئوغلۇم ، — دېدى ئۇ .

قۇتادمىش ئايتولۇننىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ئاق يول بولسۇن ، — دېدى قىز بوش ئاۋازدا .

شۇ تاپتا قۇتادمىشنىڭ ئايتولۇنغا نۇرغۇن - نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلغۇسى كېلەتتى . لېكىن ، ھەر قانچە ئويلىسىمۇ ھەر قانداق گەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ياخشى نىيەت ، سەممىي تىلەكلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ ئايتولۇننىڭ شۇنچە گۈزەل ۋە شۇنچە مىسكىن رۇخسارىغا قاراپ بىر ئەسناغىچە سۈكۈت قىل-غاندىن كېيىن ئاستاغىنا ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى ، خۇددى سىڭلىسىنى سۆيگەن كۆيۈمچان ئاكىسىدەك مېھرىبانلىق بىلەن سۆيۈپ قويدى .

— بىز ياخشى دوست بولۇپ قالدۇق ، — دېدى ئۇ ، — مۇقەد-دەس روھلار يولىمىزنى بىر قىلسا كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز . ئامان بولغىن ، ئايتولۇن ، ئوماي ئانىمىز بەختىڭنى بەرسۇن .

— مەن سېنى ئۇنتۇمايمەن ، قۇتادمىش ، — دېدى ئايتولۇن ۋە ئاشۇ ئاجايىپ چىرايلىق يوغان قوي كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى .

— ھەي ، ھەي ! تېزرەك خوشلىشىڭلار ، ماڭدۇق ئەمسە ! — دەپ توۋلىدى سوغدى سودىگەر .

كارۋان قوزغالدى . قۇتادمىش ئۆتكەن باغرىدىن تارتىپ ئۆزىگە سادىق ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان چىلان تورۇق ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە بېرىپ كارۋان ئەھلىگە قوشۇلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

## بۇ ئىش ئەسلى مۇنداق بولغان

ماسمادار ھەقىقەتەن ، ئۆزى ئېيتقاندەك ، ئىنەچۇك تاي بىلەن ئادارقىزنى ئاشۇ مەشھۇر چاغئەن شەھىرىگە باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۆتكەن باغرىدىكى ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىدىن ئەلياتىقۇ قاراڭغۇ كېچىدە خۇپىيانە ھالدا ئاتلىنىپ چىققان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كەتكىنىنى ھېچكىم تۇيماي قالدى. كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھېچكىم قوغلىمىدى. كەڭرى يايلاقلاردا كۆچۈپ يۈرۈپ ياشايدىغان چارۋىچىلارنىڭ بۇگۈن بۇ يەردە بولسا، ئەتە يەنە باشقا جايغا كېتىشى ئادەتتىكى ئىشقۇ. بۇنىڭغا كىم ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، باش قاتۇرۇپ كەتسۇن ؟

ئىنەچۇك تاي بىلەن ئادارقىز ماسمادارنى ئۆزلىرىنىڭ شاپائەتچىسە دەپ ھېسابلايتتى.

— نىيىتىمىزنىڭ دۇرۇسلۇقىدىن كۆك تەڭرى بىزگە غېرىبلىق كۈنلىرىمىزدە مۇشۇنداق بىر ياخشى ئادەمنى يولۇقتۇردى، — دەيتتى ئىنەچۇك تاي.

— راست، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلاتتى ئادارقىز، — بولمىسا بىز تاغامدىنمۇ، قۇتادمىشتىنمۇ ئايرىلىپ قالدۇق. ئەمدى بۇ ماسمادار بولمىسا بەكلا يېتىمسىرەپ قالغان بولاتتۇق.

ماسمادار ئۆز يېنىدا قالغان يالغۇز بىر ئادىمى ۋە ئاتا - بالا ئىنەچۇك تاي بىلەن ئادارقىزنى باشلاپ، جەمئىي تۆت ئادەم، ھەر بىرى بىردىن ئاتنى زاپاسقا يېتىلەپ ۋە ئىككى تۆگىگە ئۆي بىساتىنى ئارتىپ،

ئاھالىلەر ياشىمايدىغان چەت - ياقا جايلارنى تاللاپ مېڭىپ، ئاخىر چاڭئەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يول بويى ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادارقىزدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇلارغا سىلىق ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلىدە بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر قانداق تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ، غەمخورلۇق قىلدى. چاڭئەندە ئۇلار بىر مويسىپىت دۇكاندارنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماسمادار ئىنەچۈك تاينىڭ ئالدىغا كىرىپ پەگادا تىزلاندى. بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئىنەچۈك تاي ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنەلمەي تەمتىرەپ قالدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ماسمادار؟ — دېدى ئۇ كاڭ ئۈستىدىن ئىتتىك چۈشۈپ، — بۇنداق قىلما، ئورنۇڭدىن تۇر، گېپىڭ بولسا بۇنداق تەكەللۇپ قىلمايلا ئېيتىۋەرمەمسەن.

— ساڭا دەيدىغان يۈرەك سۆزۈم بار، — دېدى ماسمادار تىزلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغالماستىن.

— قانداق گېپىڭ بولسىمۇ دەۋەرگىن. بۇ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوققۇ. ئورنۇڭدىن تۇر، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. ئەسلىدە مەن تىزلىنىپ ساڭا مىننەتدارلىق ئىزھار قىلسام بولاتتى. سەن بىزنىڭ شاپائەتچىمىز.

ماسمادار يەنىلا ئورنىدىن تۇرمىدى.

— مەن ئۆمۈربويى ساڭا باش ئېگىپ تۇرۇشقا رازىمەن، — دېدى ئۇ، — مەن ساڭا ئوغۇل بولۇشنى خالايمەن، مەن ئادارقىزنى جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى ئۆمۈر بويى قەدىرلەيمەن.

ئىنەچۈك تاي چوڭقۇر تىنىۋالدى. ئۇ ماسمادارنىڭ ئادارقىزغا كۆز تاشلاپ يۈرگىنىنى بۇرۇنلا سەزگەنىدى. شۇڭا، بۇنداق كۈيئوغۇل بولۇش تەلىپىدىن ئۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ماسمادارنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى بۇزۇلدى، خۇددى بىر كىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك بىر خىل غايىبانە سېزىم ئۇنى چۈشىنىكسىز پەرىشانلىققا

سالدى . « توۋا ! ماڭا نېمە بولدى ؟ — دەپ ھەيران بولدى ئۇ ئۆز ئىچىدە ، — قىزىم چوڭ بولدى . مۇشۇنداق بىر ياخشى ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇش كېرەككۇ . ياكى مەن خاتالىشىۋاتامدىم ؟ « كۆڭۈل سىزىدۇ » دېيىشىدۇ . ئادارقىز ماسمادارغا قول بەرسە بەخت چېچەكلىرى ئېچىلماي قالارمۇ يا ؟ ۋاي تەڭرىم ، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ؟ ئادەم قېرىغاندا مۇشۇنداق ئەنسىز بولۇپ قالامدۇ نېمە ؟ »

ئىنەچۆك تاي ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك ئىچكى كەچۈرمىشلەر بىلەن بىر پەس دېلىغۇل بولغاندىن كېيىن ئىشنى ياخشى تەرەپكە جوراشقا تىرىشىپ ماسمادارغا دوستانە رەۋىشتە مۇلايىملىق بىلەن قارىدى .

— مەنغۇ سىنى چۈشەندىم ، — دېدى ئۇ ، — بۇنداق ھېچكىم بىزنى تونۇمايدىغان يەرلەرگە كېلىپ قالغاندا سەندەك بىر ئەزىمەت بىلەن بىر ئۆيدە بولساق مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن - دە . ئىراق ، ئادارقىز نېمە دەيدىكىن ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي . ئۇ ھويلىنىڭ كەينىدىكى ئۆستەڭ بويىغا كىر يۇغىلى چىقىپ كەتكەندى . ساڭا ئەتە جاۋابىنى بېرەي .

ماسمادار يەنە بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

— خوپ ، ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن ، ئىنەچۆك تاغا ، — دېدى ئۇ ۋە ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

ئىنەچۆك تاينىڭ دىل ئارامى يوقالدى . ئۇ كاڭدا ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى . بىر چاغ بولغاندا ئادارقىز يۇيۇلغان كىرلەرنى ياغاچ تەڭنىگە سېلىپ كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى .

— نېمە بولدى ، دادا ؟ بىر ئىش بولدىمۇ ؟ چىرايىڭىز بۆلەكچە كۆرۈنىدىغۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تەڭنىنى يەرگە قويۇپ .

— بۇ ياققا كەلگىنە ، قىزىم . بۇياققا كېلىپ ئولتۇر ، — دېدى ئىنەچۆك تاي .

ئادارقىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ، كاڭنىڭ قىرىغا ئولتۇردى .

ئاتىسى ئۇنىڭغا خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قاراپ بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ماسمادارنىڭ تەلەپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئادارقىز ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۇردە ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. ئىنەچۈك تاي ئۇنىڭغا قاراپ تەمتىرەپ قالدى.

— ئۇنى خالىمامسەن، قىزىم؟ ئۇ بىزگە يامانلىق قىلمىدى، — دېدى ئۇ.

— ياق، ئاتا، ماسمادارنى يامان دېگىنىم يوق، — دېدى ئادارقىز كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — لېكىن ... لېكىن ھازىر بۇنداق گەپلەرنى قىلىنىشىدىغان ۋاقىت ئەمەسقۇ. يۇرت - ماكانىمىزدىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە تېخى ئەمدىلا كەلدۇق. كىچىككىنە دېمىمىزنى ئېلىپ، ئارقا - ئالدىمىزنى ئوڭشىۋالايلى.

ئىنەچۈك تاي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇ قىزىنى ئارتۇقچە قىستاپ، مەجبۇرلاشنى خالىمايتتى، شۇنداقلا ماسمادارنىمۇ رەنجىتمەسلىكنى ئويلايتتى.

— ماقۇل، قىزىم، — دېدى ئۇ، — سېنى زورلىمايمەن. لېكىن، كۆڭلۈڭدە قانداق گېپىڭ بولسا مەندىن يوشۇرمىغىن. بۇ دۇنيالىقتا مېنىڭ سەندىن باشقا ھېچكىمىم يوق، سېنىڭمۇ مەندىن باشقا قاياشىڭ يوق.

— سىزدىن يوشۇرغۇدەك نېمە گېپىم بولسۇن، ئاتا. بىراق ... راستىنى ئېيتسام، قۇتادمىشنى ئۇنتۇيالمايۋاتىمەن. ئۇنىڭ قازا قىلغىنىغا زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. بەزىدە خۇددى ئۇ مۇشۇ يېقىن بىر يەرلەردە بىزنى ئىزلەپ يۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ.

ئىنەچۈك تاي يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بېشىنى چايقىدى.

— قۇتادمىش تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان ياش تۇرۇپ كۈتۈلمىگەن بالا - قازاغا يولۇقتى. بەلكىم ئۇنىڭ روھى سېنى كۆرگىلى كېلىپ تۇرۇۋاتقاندۇ. كۆك تەڭرى، كۆك بۆرە ئۇنىڭ روھىنى قۇتلۇق قىلسۇن. ئۇنى كۆپ ئويلاۋەرمىگىن، قىزىم. بۇ دۇنيادا ئۆلمەيدىغان كىم

www.uyghurkitap.com

بار ؟ ئۆلگەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدۇ . تىرىكلەر يەنە ھاياتلىق-نىڭ غېمىنى يەپ ، تىرىكچىلىك قىلىشى كېرەك . تىرىكچىلىك يولىدا ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلمايدىغانلارنى كۆك بۆرە قوللىمايدۇ .

قېرىلىقتىن زەئىپلەشكەن بۇ ئاق ساقاللىق بوۋاي ئۆزىنىڭ ئارزۇ-لۇق يالغۇز قىزىغا روھىي تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۇزاق سۆزلەپ كەتتى .

× × ×

ماسمادار ئادارقىزنىڭ جاۋابىنى ئۇققاندىن كېيىن جۇدۇنى ئۆرلە-گەن بولسىمۇ ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .

— بوپتۇ ، — دېدى ئۇ ئىنەچۈك تايغا ، — ئادارقىز يەنە ئويلاپ باقسۇن . كېيىنچە يەنە سۆزلىشەرمىز .

ماسمادار بۇ جەھەتتە خاتىرجەم ئىدى . « ئۇ ئەخمەق قىز مېنىڭ قولۇمدىكى بىر قۇشقاچ ، — دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە ، — ئۇنى ئەمدى قانداق قىلىمەن دېسەم شۇنداق قىلىۋېتەلەيمەن . شۇنداقتىمۇ ، ئىشنى ئىلاجى بار چىرايلىقچە پۈتتۈرگىنىم تۈزۈك . ھە دېگەندىلا ئۇنىڭغا قات-تىق تېگىپ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ قويماي . كۆڭۈلسىز تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى ؟ »

شۇنداق ئويلار بىلەن ماسمادار ئۆزىگە ھاي بېرىپ ، ئادارقىزغا ئارتۇقچە بېسىم ئىشلەتمىدى . ئەكسىچە ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بو-لۇپ ، كۆڭلىنى رام قىلىشقا تىرىشتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، پەرىشتە سىياقىغا كىرىۋالغان بۇ كاللاكېسەر قاراقچىنىڭ جىنايەت ئىجاد قىلىشقا ئادەتلەن-گەن مېڭىسى شۇ كۈنلەردە يەنە باشقا مۇھىم ئىشلار بىلەن بەند ئىدى . « ئەن لۇشەن دېگەن سەركەردە يېقىندىن بۇيان ئوردىنىڭ ئەمر - پەر-مانلىرىغا ئانچە ئەمەل قىلمايدىغان بولۇپ قالدى دېگەن مىش - مىش گەپلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈۋاتىدۇ ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — ئەنە شۇ ئەن لۇشەننىڭ ئادەملىرىنى تاپسام بولاتتى . ئاشۇنداق

توپىلاڭچىلارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسا ئاسان پايدا تاپقىلى بولىدۇ. مۇبادا
راستىنىلا توپىلاڭ بولۇپ قالسا، «توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ»، باي-
لىق توپلاپ، ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ، ئۇستىلىق بىلەن باشلىقلارغا
ياخشىچاق بولۇۋېلىپ، بىرەر مەنسەپكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. قاچانكى،
توپىلاڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قالسا ئالتۇن - كۈمۈشنى يىغىپ تىكىۋې-
تىش كېرەك. شۇ بايلىقلار بىلەن باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ، كاتتا باي
بولۇپ ياشىغىلى بولىدۇ. لېكىن، شۇ ئەن لۇشەن دېگەننى نەدىن تاپ-
قىلى بولىدۇ؟ بەزى ئۇزۇن قۇلاقلار ئۇنى چاڭئەندە تۇرىدۇ دېيىشكە-
نىدى. يەنە بەزىلەر ئۇنى قايسىدۇر بىر باشقا يۇرتقا يۆتكىلىپ كەتكەن
دېيىشىۋاتىدۇ. قايسى گەپ راست؟»

ماسمادار چاڭئەن كوچىلىرىنى بىر باشتىن ئارىلاپ يۈرۈپ، ئادەم
توپلاشقان يەرلەردە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ گەپ تىڭشاپ، ئۇنىڭدىن -
بۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ، ئەن لۇشەننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلدى، لې-
كىن ھېچنېمىنى ئۇقالمىدى.

ئۇ ئاددىي بىر چايخانىغا كىردى ۋە ئىشتان - چاپانلىرىغا ياماق
سېلىنغان بىر نەچچە مەدىكارلار ئولتۇرغان يۇملاق جوزىنىڭ يېنىغا
كەلدى. مەدىكارلار دوستانە رەۋىشتە ئۇنىڭغا بىر ئورۇندۇقنى سۇنۇپ
بەردى. ماسمادار ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق، ساياقلىق ھا-
ياتىدا يۇرتتىن يۇرتقا كۆچۈپ يۈرۈپ خەنزۇ تىلىنى ئانچە - مۇنچە ئۆ-
گىنىۋالغانىدى. شۇڭا، بىر چىنە قىزىق چاينى ئالدىرىماي ئوتلىغاچ
ھەمداستىخان مەدىكارلاردىن سورىدى:

— ئەن لۇشەن ھازىر نەدە؟

— ئەن لۇشەن دېگەن كىم؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى مە-
دىكارلاردىن بىرى.

— كىم دەيسەنغۇ؟ ئەن لۇشەن دېگەن چوڭ سەركەردە، چوڭ
باشلىق ئەمەسمۇ. شۇنىمۇ بىلمەمسىلەر؟

— بىز ئاددىي پۇقرالار. ئەمەلدارلار بىلەن تونۇشلۇقىمىز يوق.

ماسمادار ئارتۇق گەپ قىلماستىن چېيىنى ئىچتى. مەدىكارلار ئۇ-

نىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ياندىش جوزىدا ئولتۇرغان بىر يىگىت چىنىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ، ماسمادارنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى .

— يىراقتىن كەلگەن ئوخشىمامسەن ، بۇرادەر ؟ — دېدى ئۇ .

— شۇنداق ، — دېدى ماسمادار ، — ئۆزۈڭمۇ بۇ يەرلىك ئە-مەستەك كۆرۈنىسەنغۇ .

— مەن سوغدى ، — دېدى بۇ ناتونۇش يىگىت ، — خېلى ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇ شەھەردە تۇرۇۋاتىمەن . بايا ھېلىقى مەدىكارلاردىن ئەن لۇشەننى سورىغانلىقىڭنى ئاڭلاپ قالدىم . ئۇنى ئىزلەپ نېمە قىلاتتىڭ ؟

ماسمادار بۇ سوغدى يىگىتنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىشكە تىرىشىپ ، ئۇنىڭغا سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى .

— ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنىدا خىزمەت قىلاي دەمسەن يا ؟ — سوغدى يىگىت يېنىشلاپ سورىدى .

— شۇنداق ، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى ماسمادار تېخىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي .

سوغدى يىگىت ئۆزىنى بەكلا چوڭ تۇتقان ھالدا تەكەللۇپسىز كۈلۈپ كەتتى .

— بولدى ، سېنى چۈشەندىم ، — دېدى ئۇ ۋە ماسمادارنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى ، — ئەن لۇشەن ھازىر چاڭئەندە ئەمەس ، ئۇ ئاللىقاچان فەنياڭغا يۆتكىلىپ كەتكەن . بىزمۇ شۇ ياققا كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز . سەنمۇ بىز بىلەن كېتەمسەن ؟

— بىز دېگىنىڭ كىملەر ئۇ ؟ — سورىدى ماسمادار .

— فەنياڭغا كەتمەكچى بولۇۋاتقان بىرنەچچە ئاغىنىلەر بار .

— قاچان ماڭىسىلەر ؟

— مۇشۇ بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە .

— ئەمىسە بىز بىر يولغا چۈشكەن سەپەرداشلار ئىكەنمىز ، — دېدى ماسمادار .

سوغدى يىگىت يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— يارايسەن ! — دېدى ئۇ ۋە ماسمادارنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاق بىلەن قاتتىق بىرنى ئۇردى ، — يۈر ، سېنى ئاغىنىلىرىمگە تونۇشتۇرۇپ قوياي .

چايخانىدىكىلەر سوغدى يىگىتنىڭ ئۈنلۈك كۈلۈشىگە ۋە ماسمادارنىڭ يەلكىسىگە قاتتىق « قاس » چىقىرىپ ئۇرۇشىغا سەل ئەجەبلىنىپ ئۇلارغا قاراشتى ، لېكىن بۇ ئىككى غەلىتە يىگىت ئۇيغۇرچە - سوغدىچە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ھېچكىم ئۇقالمىدى .

سوغدى يىگىت ماسمادارنى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىگە باشلاپ بېرىپ ، فەنياڭغا كەتمەكچى بولغان ئاغىنىلىرىگە تونۇشتۇردى . ئۇلار ئاسانلا ئورتاق تىل تېپىشتى . بۇ سوغدى يىگىتلىرىمۇ خۇددى ماسمادارغا ئوخشاشلا ئاسان پايدىنى كۆزلەپ تەۋەككۈلچىلىككە بەل باغلىغانلار ئىدى .

— بىز ھەممىمىز ھازىرلا يولغا چىقىشقا تەييار ، — دېدى سوغدىلاردىن بىرى ، — ئەمما فەنياڭغا بېرىپ ئورۇنلىشىۋالغۇچە يەتكۈدەك پۇل ، مالنى غەملىۋېلىش كېرەك .

بۇ مەسىلىدىمۇ ھەممەيلەننىڭ گېپى ئاسانلا بىر يەردىن چىقتى . ئىككى - ئۈچ كۈن كۆزىتىپ ، ئوبدان تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن بۇ سوغدىلار بىر كېچىدىلا ئۈچ - تۆت سودىگەرنىڭ دۇكان ۋە ئامبارلىرىنىڭ تاملىرىنى تېشىپ ، ئىچىنى قۇرۇقداپ قويۇشتى . ماسمادار بولسا ، بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق ئۆينىڭ خوجايىنىغا قەست قىلىپ ، بىر تالاي ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولدى . ئۆزىنىڭ جىنايى ئىشلىرىنى يۇتتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئالدىراش كىرىپ ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادارقىزنى ئويغاتتى .

— تۇرۇڭلار ، تۇرۇڭلار ، تېز بولۇڭلار ! — دېدى ئۇ ، — ھازىرلا يولغا چىقىمىز ، بۇ يەردىن دەرھال كەتمىسەك بولمايدۇ .

— نېمە ئىش ؟ نېمە بولدى ؟ — دەپ غودۇڭشىدى ئىنەچۈك

www.uyghurkitap.com

تاي ئۈيقۇلۇقتا كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — تېخى تاڭ ئاتمىدىغۇ... كېتىمىز دەيسەنغۇ؟ يەنە نەگە كېتىمىز؟ بولدى، قوي، گېپىڭ بولسا ئەتە تاڭ ئاتقاندا سۆزلىشەيلى.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! — ماسمادار ئاچچىقلاندى، — ھازىر كەتمىسەك بولمايدۇ. ئورخۇن تەرەپتىن بىزگە ئوخشاش قاچقانلارنى تۇتۇشقا ئادەم كەپتۇ. تېز قوپۇڭلار!

— نېمە؟ بىزنى تۇتۇپ كېتەمدىكەن؟

— شۇنداق، تۇتۇپ كېتىشىدۇ، ئورخۇن يېرىگە ئاپىرىپ جازالايدۇ. تېز قوپۇپ كىيىنىڭلار، مەن چىقىپ ئاتلارنى تەييارلاي.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ، ئاي ۋە يۇلتۇزلار غايىب بولغان قاراڭغۇ تۈندە ئات ـ ئۇلاغلىرىغا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئارتىپ يولغا راۋان بولدى. قايسىدۇر بىر كوچىغا كەلگەندە ئۇلارغا يەتە ھېلىقى سوغدىلار قوشۇلدى. ماسمادار ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادارقىزنى ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن قانداق خۇپىيانە ئېلىپ قاچقان بولسا، چاڭئەن شەھىرىدىنمۇ شۇنداق ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقتى. ئىنەچۈك تايمۇ، ئادارقىزمۇ شۇ تاپتا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھەممە ئىشتا ماسمادارغا بويسۇنىدىغان، ئۇ نەگە باشلىسا شۇ ياققا ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ ياۋۇز قاراقچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل شاپائەتچىسى دەپ ھېسابلايتتى.

تاڭ يورۇغاندا ئۇلار ئۇپۇقتا تاقاشقان سېرىق توپىلىق تۈزلەڭدە كېتىۋاتاتتى.

## يەتتىنچى باب

# لوياڭغا يۈرۈش

شىمال تەرەپتىن سوغۇق شامال سوقۇپ تۇراتتى. قۇتادمىش ئات ئۈستىدە توڭۇپ شۈمشىيىپ قالدى. قېلىن ۋە يۇمشاق بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن كىمخاب تاشلىق جۇۋىسىنى كىيىپ تۆگە ئۈستىدە مەغرۇر قىياپەتتە ئولتۇرغان سوغدى سودىگەر ئۇنىڭغا قاراپ توۋلىدى:

— ھاي يىگىت، سوغۇق ئۆتتىمۇ؟ مە، مۇنۇ چاپاننى كىيىۋال.

شۇ گەپ بىلەن سودىگەر ئۆزىنىڭ تۆگىسىگە ياندىشىپ كېتىۋاتقان خىزمەتكار سۇنۇپ بەرگەن خېلى يېڭى بىر يۇڭ چاپاننى قۇتادمىشقا تاشلاپ بەردى.

— رەھمەت، خوجايىن.

قۇتادمىش قوي تېرىسىدىن يۇڭى ئىچىگە قىلىپ تىكىلگەن بۇ كالتە چاپاننى دەرھال خۇشاللىق بىلەن كىيىۋالدى. دالادىكى ئۇزۇن يوللاردا ئىنسان ئۈچۈن يېمەكلىك بىلەن سۇ قانچىلىك زۆرۈر بولسا، كەچ كۈز پەسلىدە تۆت تەرەپتىن ئاچچىق سوغۇق شامالنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ تۇرغان يولۇچى ئۈچۈن ئىسسىق كىيىممۇ شۇنچە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

— ھە، قانداق؟ بۇ چاپان بولامدىكەن؟ — سودىگەر قۇتادمىشتىن يەنە سورىدى.

ئۇ كۈن بويى ئۈنچىقماستىن تۆگە ئۈستىدە سىلكىنىپ ماڭغۇرىشتىن زېرىكىپ، بىركىم بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ قالغاندەك تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— ياخشى چاپان ئىكەن ، — دېدى قۇتادمىش مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ ، — ئەمدى قار ياغسىمۇ قورقمايمەن .

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئۆز ئېتىغا غانجۇغىلانغان كۆن بوغجۇمىسىدىن بىر پارچە قۇيما كۈمۈشنى چىقىرىپ سوغدى خوجايىنغا ئۇزاتتى .

— مانا ، ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قويۇڭ ، — دېدى ئۇ .

سودىگەر كۈمۈشنى ئالمىدى .

— بولدى ، ئۆزۈڭدە قالسۇن ، — دېدى ئۇ ، — ھېلىمۇ نەچچە كۈنلەردىن بېرى ماڭا ھەقسىز ئىشلەپ كېلىۋاتىسەن . ياخشى ئىشلىدىڭ . فەنياڭ بازىرىغىمۇ ئاز قالدۇق . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھەممىمىزگە پايدا بار . مەنمۇ پۇل تاپىمەن ، سەنمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلىسەن .

— ئۇ فەنياڭ دېگەن يەردە پۇل تېپىش شۇنداق ئاسانمۇ ؟ — سورىدى قۇتادمىش .

— ئەقلىڭ بىلەن كۈچۈڭنى ئىشلىتەلىسەڭ فەنياڭدا كۈنۈڭ ياخشى ئۆتىدۇ ، — دېدى سودىگەر ، — مانا مەن ئەقلىم بىلەن يول تېپىپ كېتىۋاتىمەن . ئەگەر سەن قورقۇنچاقلىق قىلماي ئەن لۇشەنگە چەگچى بولساڭ پايدىسىنى كۆرىسەن . ئەن لۇشەن باتۇر ئەزىمەتلەرنى قەدىرلەيدۇ !

« يەنە شۇ ئەن لۇشەننىڭ گېپى چىقتىغۇ ، — دەپ ئويلىدى قۇتادمىش ، — چاڭئەندە ئۇچراشقان ھېلىقى توگرا كىشىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا ، بۇ ئەن لۇشەن دېگەن سەركەردە ئوردىغا قارشى قانداقتۇر بىر ھەرىكەت قىلىشنى قەستلەۋاتقاندەك تۇرىدۇ . ئەن لۇشەن قوشۇنىنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن توقۇنۇشقانلىقىنىمۇ مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن . قارىغاندا ، ئۇ خەتەرلىك ئادەم ئىكەن . بۇ سوغدى سودىگەرنىڭمۇ ئاشۇ ئەن لۇشەن بىلەن قانداقتۇر ئالاقىسى بارمۇ ، قانداق ؟ »

— فەنياڭغا كەچ كىرگۈچە يېتىپ بارىمىز ، — دېدى يەنە سودىگەر .

قۇتادمىش جاۋاب قايتۇرمىدى . ئۇنىڭ مېڭىسىنى تۈرلۈك غەم ۋە

تىنىمسىز خىياللار چۇلغىۋالغانىدى . « فەنىياگىغا بارغاندىن كېيىن ئادار- قىزنى تاپالامدىم ؟ ئۇلار راست ئاشۇ فەنىياگ دېگەن يەردىمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر ئۇلار فەنىياگدىمۇ يوق بولۇپ قالسىچۇ ؟ »

قۇتادمىشنىڭ دىلى بىئارام بولاتتى ، يۈرىكى سىقىلاتتى ، تولا ئويلاپ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى . « هازىر بۇلارنى ئويلىغاننىڭ پاي- دىسى يوق » دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە ، لېكىن يەنە ئويلىماي تۇرالمايتتى . « هازىر ئايتولۇن نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن ؟ يەنە سەييارە ئويۇن قويۇپ يۈرگەندۇ » .

كەچكە يېقىن شامال تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى . ئەمدى قۇتاد- مىشنىڭ خىيال سۈرۈشكە پۇرسەت قالمىدى . ئوچۇق دالادا ئادەملەر ۋە ئات - تۆگىلەر پاناھلانغۇدەك ھېچ نەرسە يوق . شامال سېرىق توپىنى ئۇچۇرتۇپ ، كۆزلەرنى ئاچقىلى قويمايتتى ، ئىختىيارىي نەپەس ئېلىشمۇ تەسلەشتى . شۇنداق بولسىمۇ ، كارۋان يۈرۈشنى توختاتمىدى .

— بولمايدۇ ، توختاشقا بولمايدۇ ! تۆگىلەرنى تېز ھەي- دەڭلار ! — دەپ تۇۋلايتتى سوغدى سودىگەر .

چاكارلار نارازى بولۇپ غودۇڭشىيتتى :

— بۇ خوجايىن نېمىگە شۇنچە ئالدىرايدىكىن ؟ شامال توختى- غاندىن كېيىن ماڭساق ياخشى ئەمەسمۇ .

ھالبۇكى ، شامال توختىمىدى ، كارۋانمۇ ماڭىۋەردى . ئەسلى بۇنداق چۆل شامىلىدا كارۋاننى توختىتىپ ، ئاتلارنى بىر - بىرىگە چې- تىپ ، تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ ، ئادەملەر شۇ تۆگىلەرنى دالدا قىلىپ يې- تىپ ، شامالنىڭ بېسىقىشىنى كۈتۈش كېرەك ئىدى . لېكىن ، بۇ قېتىم ئۇنداق بولمىدى . كارۋان ئەھلى شامالغا قارشى كۆرەش قىلىپ كېتى- ۋەردى ۋە مۆلچەردىكىدىن كېچىكىپ ، قاپقاراڭغۇ كېچىدە فەنىياگىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار بىر كارۋان سارايغا كىرىشى بىلەن سوغدى سودىگەر ئۆز غوجىدارىنى يېنىغا چاقىرىپ :

— بۇ يەردىكى ئىشلارنى سەن ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇر . مېنىڭ مۇ- ھىم ئىشىم بار ، — دېدى - دە ، قىلىچلار بىلەن قوراللانغان ئىككى قو-

www.uyghurkitap.com

رۇقچىنى ئەگەشتۈرۈپ نەگىدۇر كېتىپ قالدى.

غوجىدار خوجايىنىنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولدى. سودىگەر بولغان ئادەم يىراقتىن ئېلىپ كەلگەن شۇنچە كۆپ مالنى مۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاتتىق شامال گۈركىرەپ تۇرغان بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئارام ئالماستىن، شۇنچە ئالدىراپ نەگە باردۇ؟

خوجايىن ئايماق بازىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بىر كىچىكرەك قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى.

— ئەن لۈشەن جانابلىرى بىلەن كۆرۈشىمەن، — دېدى ئۇ ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ تۇرۇشقان ئىككى قاراۋۇلغا ۋە ئەن لۈشەن ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن دەستەكنى كۆرسەتتى.

قاراۋۇللار ئۇنى دەرۋازا يېنىدىكى قاراۋۇلخانىغا باشلاپ كىرىپ، پىلىلداپ كۆيۈپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا دەستەكنى زەن سېلىپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

— مەرھەمەت، — دېيىشتى ـ دە، دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىشتى.

قەلئە ئىچىدە نەيزە تۇتقان قاراۋۇللار ئىككىدىن ـ ئۈچتىن بولۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئوڭ ياندىن ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن تون كىيىپ، چېچىنى چوققىسىغا تۈرمەكلەپ شەلپەر بىلەن چىگىۋالغان تابغاچ مەھرەم سودىگەرنى قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئىمارەتكە باشلاپ كىردى. ئەڭ ئىچكىرىدىكى بىر بۆلمىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە مەھرەم سودىگەرگە توختاپ تۇرۇشنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇردى ـ دە، ئۆزى بۆلمىگە كىرىپ كەتتى ۋە ھايال بولماي قايتىپ چىقتى.

— مەرھەمەت، — دېدى ئۇ، — ئەن لۈشەن جانابلىرى كىرىشىڭىزگە ئىجازەت بەردى.

سودىگەر بۆلمىگە كىردى. قېلىن گىلەم ئۈستىگە ئېيىق ۋە تۈلكە تېرىلىرى سېلىنغان بولۇپ، ئەن لۈشەن شۇ تېرىلەرنىڭ بىرىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ گەرچە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا تابغاچلارنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسىمۇ، يايلاق خەلقىنىڭ ئادەتلى-

رىنى ، جۈملىدىن مانا مۇشۇنداق گېلەم ۋە تېرىلەردە ئولتۇرۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى پەس شىرە ئۈستىدە چىرىسلاپ كۆيۈپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا بۇ نامى چىقىپ قالغان ھىراۋۇلنىڭ ئۇزۇن چاچلىق ۋە قويۇق ساقال - بۇرۇتلۇق چىرايى گوياكى ئەپسانىۋى پالۋاننىڭ غەيرىي تەبىئىي سىيماسىدەك ئالاھىدە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى . سودىگەر بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىشى بىلەنلا تىزلىنىپ ۋە پېشانىسى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .

— يېقىن كېلىپ ئولتۇر ، — دېدى ئەن لۇشەن . ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتۇرغۇدەك قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى .

سودىگەر ھاپىلا - شاپىلا ئۆمىلەپ كېلىپ ، شىرەگە يېقىنراق جايدىن ئورۇن ئالدى ۋە بۇ سۈرلۈك ھىراۋۇلغا ئۇدۇل يۈزلىنىپ يۈكۈندى .

— سۆزلە ، — دېدى يەنە ئەن لۇشەن .

سودىگەر ئەڭ زور دەرىجىدە چۈشىنىشلىك ھەم پاساھەتلىك سۆزلەشكە تىرىشىپ مەلۇمات بېرىشكە باشلىدى :

— دانىشمەن ، شەۋكەتلىك جانابلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى ، فەنياڭغا كېلىپلا ساداقەتمەنلىك بىلەن سالام بېرىشكە ئالدىراپ ، كەچ بولۇپ كەتسىمۇ ھۇزۇرلىرىغا داخىل بولدۇم .

— ياخشى ، — دېدى ئەن لۇشەن بېشىنى لىڭشىتىپ ، — گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيت . ئوردىدا ئىشلەيدىغان ھېلىقى تۇغقىنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ ؟

— ئەلۋەتتە ، كۆرۈشتۈم ، جانابلىرى . ھەممە ئىشلارنى ئۆزلىرى بۇيرۇغاندەك قىلدىم . شۇ تۇغقىنىمنىڭ ياردىمى بىلەن ئوردىدىكى باشقا ئەمەلدارلار بىلەنمۇ تونۇشۇپ سۆھبەتلەشتىم .

— ھە ، ئۇلاردىن نېمىلەرنى ئۇقتۇڭ ؟

— ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا ، — سودىگەر چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ ، ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلىدى ، — ھازىر ئوردىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار ئىچىدە پىكىر ئىختىلاپى بار ئىكەن . بىرمۇنچە

www.uyghurkitap.com
كىتاب تور بېكىتى

ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەر پادىشاھنىڭ ئالىي دەرىجىلىك توقىلى ياڭ گۈيـفېيـنىڭ ئوردا ئىشـلىرىـغا ئارىلىشىۋېلىشىدىن نارازى ئىكەن. ئۇلار « پېشقەدەم ئەمەلدارلار مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇپ، ئوردىغا ئاشۇ ياڭ گۈيفېينىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى توشۇپ كەتتى » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى. بىرقىسىم ۋەزىرلەر ئەن لۇشەن جانابلىرىنىڭ ياڭ گۈيفېينى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئاكىسى ياڭ گوجۇڭنى باش ۋەزىرلىك مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى پىكىر ــ تەلەپلىرىنى قوللايدىكەن.

ئەن لۇشەن سودىگەرنىڭ بايانلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. شۇ تاپتا ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ زادى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ئۆزى ئاڭلاۋاتقان بۇ مەلۇماتتىن مەمنۇن بولغان ياكى ئەپسۇسلانغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئىدى. سودىگەر ئېيتىدىغانلىرىنى تاماملاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى.

سـوغدى ــ تۈرك قېنىدىن بولغان بۇ قەيسەر ۋە ئۇرۇشخۇمار سانغۇن فەنياڭ دىيارىغا ھىراۋۇل قىلىپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن زادى تىنچ ئۆتمىدى. قىتانلار ۋە تاتابىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ دەسلەپتە مەغلۇپ بولدى، ئەمما ئۇ بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي، داۋاملىق ئەسكەر كۆپەيتىپ، ئاشلىق جۇغلاپ، ئىچكى قىسىمدىكى ئەمەلدار ۋە قوماندانلارنى ئالماشتۇرۇپ، قايتا ئۇرۇش قوزغاپ، ئاخىر قىتانلار بىلەن تاتابىلارنى مەغلۇپ قىلدى. نەتىجىدە قىتانلار ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىغا قوشۇلدى. ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنلىرى يەنە پۇرسەت بولسىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقلىرىغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغىلى تۇردى. ۋەھالەنكى، ئەن لۇشەن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى مۇنتىزىم ئۇرۇش قوزغاشتىن ئۆزىنى تارتتى. ئۇنىڭ باشقىچە ئوي ــ غەرەزلىرى بار ئىدى.

« ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاڭئەن، لوياڭدىن ئىبارەت قوش پايتەختىنى ئىگىلەپ، ئۆزۈم خان بولغاندىن كېيىن پۈتۈن دۆلەت-

نىڭ ھەربىي كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرىمەن »
دەپ ئويلايتتى ئۇ .

ئەن لۇشەننىڭ ئاتىسى سوغدى ، ئانىسى تۈرك بولغاچقا ، ئۇ ئۆز
ۋۇجۇدىدا ئات مىنىپ ، قىلىچ ئويىنىتىپ ياشايدىغان كۆچمەن تۈركلەر-
نىڭ باتۇرلۇقى بىلەن شەھەرلەردە ھۆكۈمدارلارغا ياخشىچاق بولۇپ يا-
شايدىغان سودىگەر سوغدىلارنىڭ قۇۋلۇقىنى مۇجەسسەملىگەنىدى . ئۇ
ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئەنە شۇنداق غايەت زور سىياسىي مۇددىئا-
سىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوردىنىڭ ئىچكى ئەھۋا-
لىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن تىنىڭ - تىڭلاشقا باشلىدى . ئىككى پايتەختكە
كەينى - كەينىدىن ئايغاقچىلارنى ئەۋەتتى ؛ تابغاچ ۋە سوغدى سودى-
گەرلەرنى ئوردىغا مال ئاپىرىش باھانىسىدە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار-
دىن گەپ ئېلىشقا سالدى . بۇ سودىگەر دېگەن ئاجايىپ ھەرىكەتچان
خەق جاھاندىكى ھەرقانداق يەرگە بارالايدۇ ، ھەرقانداق كۈھقاپقىمۇ
تۈيدۈرماي كىرىۋالالايدۇ ، ھەر قانداق جايدىكى دۆڭ - چوڭقۇر ۋە بۇ-
لۇڭ - پۇچقاقلارنىمۇ ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقالايدۇ . كېرەكلىك ئا-
دەملەرنى ئىندەككە كەلتۈرەلەيدۇ ۋە جىن - شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سې-
لىپ ، دۆ - پەرىنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالالايدۇ . دەرۋەقە ، شۇ سودىگەرلەر
گوياكى كارامەت كۆرسىتىپ ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا مۇنا-
سىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك مەلۇماتلارنى ئەن لۇشەنگە يەتكۈزۈشكە باش-
لىدى .

ئايغاقچىلار ۋە سودىگەرلەر يەتكۈزگەن مەلۇماتلارنىڭ مەزمۇنى
ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش چىقتى : ئوردا ئەھلى ئىچىدە ئىچكى بىر-
لىك بۇزۇلۇشقا باشلىغانىدى . پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئالىي دەرىجە-
لىك توقلى گۈزەل ياڭ گۈيفېي ھىيلە - مىكىرلىك سىياسىي سۇيى-
قەستچى بولۇپ چىقتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ئەقلى بىلەن ئاياللار گۈزەل-
لىكىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، پادىشاھنىڭ
بېشىنى ئايلاندۇردى . ئۇ ئۆزىگە يارىمىغان ئەمەلدارلارنى ئۇستىلىق بىلەن
چېقىشتۇرۇپ ، قېرى پادىشاھنى ئىشەندۇردى ھەمدە بوش قالغان مەنسەپ

www.uyghurkitap.com

ئورۇنلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاكىسى ياڭ گوجۇڭنى باش ۋەزىرلىك ئورنىغا يۆلەپ چىقاردى . ياڭ گۇيفېي بىلەن ياڭ گوجۇڭ تىل بىرىكتۈرۈپ ، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان مەنسەپدارلارنى چەتكە قاقتى ( تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا تۈرك ، سوغدى ، ئۇيغۇر ، كورىيان ، قىتان قاتارلىق خەلقلەردىن چىققان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە سانغۇنلار خىزمەت قىلاتتى ) . نەتىجىدە ، پۈتۈن سۇلالە تەۋەسىدىكى تابغاچ بولمىغان تائىپىلەر ئىچىدە نارازىلىق ۋە ئۆز تەقدىرلىرىدىن خەۋپسىرەش كەيپىياتى ئەۋجىگە چىقتى . كېيىن ياڭ فامىلىلىك بۇ ئاكا - سىڭىللار ئۆز ئورۇنلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە بىرقىسىم تابغاچ ئەمەلدارلارغىمۇ زەربە بەرگىلى تۇردى . شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى قاتلام تابغاچ مۆتىۋەرلىرى ئىچىدىمۇ غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى . دەسلەپتە ئوردا ئەھلى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، ھەق سۆزىنى ئېيتىشتىن قورقتى . كېيىنچە ياڭ گۇيفېينىڭ باشباشتاقلىقىغا چىداپ تۇرالمىغان بىرقىسىم يۈرەكلىك ۋەزىرلەر پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئالدىدا يەرگە باش ئۇرۇپ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئېيتىشتى :

« بۈيۈك تاڭ دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تەگرى ئوغلى لى شىمىنىنىڭ① دەۋرىدىن باشلاپ بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەمەلدار قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلغانىدى . مۇشۇنداق ئادالەتلىك تۈزۈمنىڭ خاسىيىتىدىن ئوردىغا پاراسەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئەمەلدارلار جەم بولۇپ ، دۆلىتىمىز مىسلىسىز قۇدرەت تاپقانىدى . ئەمدىلىكتە پېشۋالىرىمىز تەرىپىدىن ئورنىتىلغان مۇقەددەس قانۇن - تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىنماي ، ئىمتىھانغا قاتناشمىغان ياكى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن ئادەملەر ئوردىغا كىرىۋاتىدۇ . ئەكسىچە ، دۆلەت ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن پېشقەدەملىرىمىز ناھەق ئەيىبلىنىپ ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلىۋاتىدۇ ، ھەتتا جازاغا تارتىلىۋاتىدۇ . مۇشۇنداق بولى-

---

① لى شىمىن ( تاڭ تەيزۇڭ ) — تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى لى يۈەننىڭ ئوغلى ، سۇلالىنىڭ 2 - پادىشاھى .

ۋەرسە بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ ؟ دانىشمەن خان ئالىيلىرى ، ئەقىل كۆرسەتكەيلا ... »

ھالبۇكى ، ئاق ساقاللىق تاڭ شۈەنزۇڭ قېرىغاندا ئاشىقلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى . ئۇ ياڭ گۈيفېينىڭ قوينىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ ، بۇ گۈزەل توقالنىڭ يانتايىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ئاشۇ ياڭ گۈيفېينىڭ يېقىملىق شىۋىرلاشلىرىنى سىڭدۈرۈۋالغان بولۇپ ، ۋەزىرلەرنىڭ توغرا نىيەتلىك ئىنكاسلىرىنى ئاڭلىمايتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى سۆيگۈ لەززىتىدىن خۇمارلاشقان بولۇپ ، ئوردا ئەھلىنىڭ ئەلەملىك تولغىنىشلىرىنى كۆرمەيتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قوينىدا ياتقان ئاشۇ پەرى قىياپىتىدىكى تۈلكە جىننىڭ گېپىگە ئىشىنەتتى ، ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قارىغۇلارچە تەمتىلەپ ماڭاتتى .

تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن ھىراۋۇل ئەن لۇشەن ئۆزىنىڭ تۇلۇمچاشقانلاردەك ھەممە يەردىن تۆشۈك ئېچىپ يول تاپالايدىغان ئايغاقچىلىرى ۋە مۇناسىۋەت ئىلمىدە پىشقان قاقۋاش سودىگەرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە ئوردا ئىچىدىكى ھەر بىر يېڭىلىقتىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تۇردى . ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار ئىچىدىكى نارازىلىقلار ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنى شۇ خىلدىكى نارازىلىق ئوتلىرىغا ياغ چېچىشتىن باشلىدى . ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدار ۋە سانغۇنلار بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ ، ياڭ گۈيفېينىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغا چەك قويمىسا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە تەسىرلىك سۆزلىدى . خېلى كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شەخسەن پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭغا مەكتۇپ يېزىپ ، ياڭ گۈيفېينى ئوردىنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىق ۋە ياڭ گوجۇڭنى باش ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا رەسمىي تەلەپ قويدى . تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئوردا ئەھلىنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىر ـ تەلەپلىرىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلغانىدى ، بۇ قېتىممۇ ئەن لۇشەننى قاتتىق ئەيىبلىدى .

ۋەھالەنكى ، ئەن لۇشەننىڭ كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن ئارزۇسىمۇ شۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىدى . ئۇ يىراق - يېقىندىكى ھىراۋۇل ، سانغۇنلارغا « بىرلىكتە كۆچ چىقىرىپ ، سۇلالىنى قوغداش ئۈچۈن ياك گۇيفېينى يوقىتىپ ، ئوردىغا كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئاپەتنى بىتچىت قىلىشقا » چاقىرىق چىقاردى . ئۇ- نىڭ چاقىرىقىغا بەزىلەر ئاۋاز قوشتى ، بەزىلەر قارشى چىقتى . جاي - جايلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار ئىچىدە ياك گۇيفېي مەسى- لىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بەس - مۇنازىرە ۋە پىكىر ئىختىلاپلىرى پارتلاپ چىقتى .

ئەن لۇشەن چوڭ ئىشنى باشلاش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتى . ئۇ تاڭ دۆلىتى تەۋەسىدىكى ئۆزىنى قوللايدىغان تۈرك ۋە سوغدىلارنى ھەر تەرەپتىن يىغىپ ، ئۆزىگە قاراشلىق قوشۇنلارنىڭ سانىنى رۇخسەت قىلىنغان چەكتىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى فەنياڭ ، پىڭلۇ ، خېدۇڭ بازارلىرىدىكى تۆ- مۈرچىلەر كېچە - كۈندۈز توختىماي قىلىچ ، نەيزە سوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى . بۇ جەرياندا ئەن لۇشەن ئوردا ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى تىڭ - تىڭلاپ تۇرۇشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىدى . ئايغاقچى ۋە سودىگەر- لەر ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن چاڭئەن ، لوياڭ شەھەرلىرىگە داۋاملىق مۈكىسمان قاتناپ تۇردى .

قۇتادمىشنى چاڭئەندىن فەنياڭغا ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى سوغدى سودىگەر قاتتىق شامال چىقىۋاتقان قاراڭغۇ كېچىدە كېلىپ مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن ئەن لۇشەن ئۇزۇل - كېسىل قانائەت ھاسىل قىلدى .

« ئوردا ئىچىدىكى تىنچسىزلىق تېخىچە بېسىقماپتۇ ، ئەمدى ئىشنى باشلاش كېرەك » دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە .

× × ×

ئاخشامقى سوغۇق شامال تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا توختىدى . ئۈزۈن سەپەردە چارچاپ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن قۇتادمىش كۆزىنى ئاچقاندا ئاللىقاچان تاڭ يورۇپ بولغانىدى . كارۋان سارايىنىڭ تاش بى-

لەن قوپۇرۇلغان بۇ كەڭرى ياتاقخانىسىدا قىستىلىشىپ ياتقان كارۋان-چىلار دۈگدىيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا باشلىدى.

— نېمىدېگەن سوغۇق، — دېيىشەتتى كىشىلەر ئۇيقۇلۇقتا كۆز-لىرىنى ئۇۋۇلىشىپ.

قۇتادمىش قوي تېرىسىدىن يۇڭى ئىچىگە قىلىپ تىكىلگەن كالتە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تالاغا چىقتى. قارىغۇدەك بولسا، ھاۋا تىپتىنچ بو-لۇپ، لەپىلدەپ ئاپئاق قار يېغىۋاتاتتى. ئۇ سوغۇق ۋە ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن سوغدى سودىگەر ئو-رۇنلاشقان چەتتىكى بىر كىچىك ياتاق ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى ۋە يۆتىلىپ قويۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن توۋلىدى:

— خوجايىن قوپتىمۇ؟

سودىگەرنىڭ خاس چاكىرى ئىشىكنى ئاچتى.

— خوجايىن قوپتى، كىرسەڭ بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

قۇتادمىش ئىچكىرىگە كىرىپ، كارۋان خوجايىنىغا سالام بەردى.

كاڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان سوغدى سودىگەر قۇتاد-مىشقا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— خوش، نېمە ئىشىڭ بار؟ تېخى ناشتا قىلمىغانسەن؟ — سورىدى ئۇ.

قۇتادمىش ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب قايتۇرماستىنلا ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلدى:

— خوجايىن، ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن بۇ يەرگە ئۆزۈمنىڭ يېقىن كىشىلىرىمنى ئىزدەپ كەلدىم. مەن بۇ يەردە ھېچكىمنى تونۇمايمەن. شۇڭا، ئىنەچۈك تاي بىلەن ئادارقىزنى سورۇشتۇرۇپ ئىزدىشىپ بەر-سىڭىز. سىزنى رازى قىلىمەن، قانداق ئىشقا سالسىڭىزمۇ مانا مەن تەييار.

— ماقۇل، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى سودىگەر.

ناشتىدىن كېيىن قۇتادمىش سودىگەر بىلەن بازارغا چىقتى. كارۋان خوجايىنى ئۆزى چاڭئەندىن ئېلىپ كەلگەن مالنىڭ خېرىدارلى-

رىنى ئىزدىگەچ ئىنەچۈك تاينىمۇ سۈرۈشتۈردى. كىشىلەر «بىلمەيمىز، تونۇمايمىز» دېگەن جاۋابنى بېرىشتى.

ئەتىسى قۇتادمىش ئۆزى يالغۇز چىقىپ، خۇددى چاكىئەندە قىلغىنىدەك كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ ئىزدىدى. يەنىلا نەتىجىسى بولمىدى.

بۇ كۈنلەردە فەنىياڭ ئايمىقىدىكى ۋەزىيەت راسا جىددىيلەشكەنىدى. توپ - توپ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. سەپ - سەپ بولۇپ تىزىلغان ئېگىز چاقلىق كۆتەك هارۋىلاردا ئوزۇق - تۈلۈك ۋە تۈرلۈك لازىمەتلىكلەر نەلەرگىدۇر توشۇپ كېتىلمەكتە ئىدى. يانلىرىغا قىلىچ، خەنجەر ئاسقان قاپىقى يامان چەۋەندازلار ئۆي - ئۆيلەردىن ياش يىگىتلەرنى چاقىرىپ چىقىپ، ھەممىسىنى بىر يەرگە توپلىغاندىن كېيىن قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ بۇيرۇق بېرىپ، ھەيدەپ ماڭماقتا ئىدى.

— بۇ يىگىتلەر نەگە بارىدۇ؟ — سورىدى قۇتادمىش.

— قوشۇنغا بارىدۇ، — دېدى ھېلىقى سوغدى سودىگەر، — ئەن لۇشەن ھازىر ئۆز قوشۇنلىرىنى كۆپەيتىۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، قۇتادمىش ئادارقىزنى ئىزدەپ يەنە بىر كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ فەنىياڭ بازىرىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— بو قوشۇنلار نەگە بارىدۇ؟ — قۇتادمىش يەنە كارۋان خوجايىنىدىن سورىدى.

— بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان يۈيياڭ دېگەن يەرگە بارىدۇ.

— شۇنچە كۆپ قوشۇنلار ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىدۇ؟

سوغدى سودىگەر يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار ئىدى.

— ئەن لۇشەن سانغۇنىنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق، — دېدى ئۇ، — پات ئارىدا چوڭ ئىشلار باشلىنىدۇ. سەنمۇ سەپكە قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ يۈرۈشلەردە خىزمەت كۆرسەتسەڭ ياخشى بولاتتى.

— ياق ، — دەپ قۇتادمىش ئۇنىڭ پىكرىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلدى ، — بۇ ئىشلارنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى يوق . مەن ئادار-قىزنى ئىزلەپ تېپىپ ئورخۇن بويىغا قايتىپ كېتىمەن .

كارۋان خوجايىنى گەپ قىلمىدىيۇ ، يىگىتنىڭ بۇنداق جاۋابىدىن نارازى بولۇپ قاپىقىنى تۈردى .

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سوغدى سودىگەر قۇتادمىشنى كەينىدىن سېتىۋەتتىمۇ ياكى ياش يىگىتلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋاتقانلارنىڭ كۆزى چۈشتىمۇ ، ئىشقىلىپ ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كارۋان سارايغا قىمـ-مەت باھالىق جۇۋىلارنى كىيىپ ، يانلىرىغا زىننەتلىك قىلىچلارنى ئاسقان بىر نەچچە قاپىقى يامان چەۋەنداز كىرىپ قۇتادمىشنى قوشۇنغا قاتنى-شىشقا چاقىردى .

— بولمايدۇ ، ئاكىلار ، — دەپ يېلىندى قۇتادمىش ، — مەن بۇ يەرلىك ئەمەس . مەن بۇ يەرگە تېخى تۆت كۈننىڭ ئالدىدىلا كەلگەن يولۇچى ، يەنە قايتىپ كېتىمەن .

چەۋەندازلار ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى .

— تولا ئەزمىلىك قىلماي ئېتىڭغا مىن ! — دەپ ھۆركىرىدى ئۇلاردىن بىرى ، — نەدىن كەلگەن بولساڭمۇ قوشۇنغا قاتنىشىسەن . ئالدىڭدا سىنى شەرەپلىك ئىشلار كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . يىگىت دېگەن باتۇر بولۇشى كېرەك .

قۇتادمىشنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپ كەتتى . « ئەمدى ئادارقىزنى قانداق تاپىمەن ؟ » دېگەن ئوي ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى ئەسكەرلىككە ئەمەس ، بەلكى قۇللۇققا تۇتۇلغاندەك ھېس قىلدى .

قاپىقى يامان چەۋەندازلار قۇتادمىشنى ئالدىغا سېلىپ ، ئەن لۇ-شەننىڭ قەلئەسى يېنىدىكى يىغىلىش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىشتى . بۇ يەردە يېڭىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن بەش - ئالتە يۈزچە ئاتلىق يىگىتلەر توپلانغا-نىدى . قۇتادمىش ئەنە شۇ يېڭى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە قەلئە سېپىلىغا ياندىشتۇرۇپ تىكىلگەن كىگىز ئۆيلەردە بىر كېچە تۈنىدى . ئۇ قېچىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىشكە بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى ، لېكىن ئامال قىلالمىدى . تاڭ ئاتتى . گۈلخانلارغا قاقلاپ پىشۇرۇلغان كالا گۆشى كاۋىپى بىلەن ناشتا قىلىشتى . ئاندىن ئۇلار ھەممىسى ئەن لۇشەننىڭ قايسىدۇر بىر تارماق قوشۇنىغا قوشۇۋېتىلدى . قوشۇن يولغا چىقتى .

— نەگە كېتىۋاتىمىز ؟ — قۇتادمىش ئۆزىگە ياندىشىپ كېتىۋاتقان چاڭگا ساقاللىق بىر پىشقەدەم جەڭچىدىن سورىدى .

— يۈيياڭغا بارىمىز .

— يۈيياڭغا ؟ ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز ؟

— بارغاندا كۆرىسەن .

فەنياڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان كىچىككىنە يۈيياڭ بەجايىكى چەۋەندازلار دېڭىزىغا ئايلانغانىدى . قىلىچ ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان ئاتلىق ئەسكەر سەپلىرىنىڭ چېكىنى كۆرگىلى بولمايتتى . قۇتادمىش نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭقىرالماي سەپ ئىچىدە تىت - تىت بولغان ھالدا ئاستا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى . « چاتاق بولدى ، بۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش بەك تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ » دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە يېڭى ياغقان ئاق قار بىلەن قاپلانغان كەڭ دالاغا ، باش - ئايىغى كۆرۈنمەي مىغىلداپ كېتىۋاتقان ئاتلىق قوشۇن سەپلىرىگە پەرىشانلىق بىلەن كۆز تاشلايتتى .

قوشۇن يۈيياڭدا يەنە بىر كېچە قوندى . ئەتىسى ئەتىگەندە قۇتادمىش يەنە ئاتقا مىنىپ سەپكە تىزىلدى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چەۋەندازلار خىتاب قىلىشتى :

— قاراڭلار ، ھىراۋۇل ئەن لۇشەن جانابلىرى چىقتى !

قۇتادمىش كۆردىكى ، چەتتىكى بىر ھويلىنىڭ يوغان قارا دەرۋازىسى ئېچىلىپ ، بىر توپ ئىسىلزادە چەۋەندازلار چىقىپ كەلدى . ئەسكەرلەر يەنە ھەر ياندىن ئۈن سالدى :

— ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئەن لۇشەن ؟

— ئەنە ئاۋۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئات مىنىپ كېلىۋاتقان ، قۇندۇز جۇۋا ، سۆسەر تۇماق كىيىۋالغىنى .

قۇتادمش بىر قاراشتىلا بۇ كېلشكەن ، باھادىر سۇپەت ھىبراۋۇلنى تونۇۋالدى ۋە ئىختىيارسىز تۇردە خاتىرجەمسىزلىنىپ ، سودا كارۋىنى بىلەن دالادا كېتىۋاتقاندا مۇشۇ ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنىغا تۇتقۇن بولغانلىقىنى ئەسلىدى . « مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ئەسكەر بولۇپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان » دەپ ئويلىدى ئۇ .

ئەن لۇشەننىڭ قارا قاشلىق ، يوغان كۆزلۈك ، قاڭشارلىق ۋە ئاق ئارىلاشقان قويۇق ساقاللىق چىرايىدا قەيسەرلىك ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەنلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن پۇتلۇق ، غاز بويۇن ئاق ئارغىمىقىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى . ھەر دەرىجىلىك قوماندانلارمۇ ئات سېلىپ كەلدى ـ دە ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ توختىدى . قۇتادمشنىڭ تۇرغان يېرى ئۇلاردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇ بۇ ئىسلزادە سەركەردىلەرنىڭ چىرايلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ ، ئاۋازلىرىنى بىمالال ئاڭلىيالايتتى . ئەن لۇشەن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئالدىدىكى چەۋەندازلار سەپلىرىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى ـ دە ، يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

— ئەي شەۋكەتلىك سانغۇنلار ، باتۇر جەڭچىلەر ، بىز تەڭرى ئوغلى تاڭ شۈەنزۇڭغا بولغان چەكسىز ساداقىتىمىز بىلەن ياڭ فامىلىلىكلەر جەمەتىنى يوقىتىپ ، ئوردىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىۋاتىمىز . ئالدى بىلەن شەرقىي ئاستانە لوياڭغا ھۇجۇم قىلىمىز . بۇ ئاستانە ئېلىنغاندىن كېيىن جەڭچىلەرنى ئۈچ كۈنگىچە شەھەرنى ئىختىيارىي بۇلاشقا قويۇپ بېرىمەن . سىلەر نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ، ساھىبجامال دېدەكلەرگە ئىگە بولىسىلەر !

ئەن لۇشەننىڭ بۇ نۇتقىنى يېقىن ئەتراپتا تۇرغان جەڭچىلەر ئېنىق ئاڭلىدى ، يىراقتىكىلىرى ئاڭلىيالمىدى ، لېكىن ئاڭلىغانلار ئاڭلىيالمىغانلارغا يەتكۈزدى . بايلىق ۋە بەختنى پەقەت زوراۋانلىق يولى بىلەنلا تاپقىلى بولىدۇ دېگەن ئەقىدىگە قاتتىق ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ كەسپىي چەۋەندازلار خۇشاللىقىدا ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى . چەكسىز قارلىق دالادا ئاڭلىنىغان ـ تۈمەنلىگەن ئادەملەرنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى گو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياكى مىسلىسىز قارا بوران هاسىل قىلدى .

— ئەن لۇشەن جانابلىرى ياشىسۇن ! ياشىسۇن ! تۇمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن !

— ئاتلىنايلى ! تېزرەك هۇجۇم قىلايلى !

— لوياڭنى باسايلى !

جەڭ دۇمباقلىرى هەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلىدى . تۇغ ـ ئەلەملەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى . ئۇزاق يول ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىشىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن ئارغىماقلار تاقەتسىزلىك بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ ، قاتتىق كىشنىدى . ئەن لۇشەننىڭ كۆزلىرىدە ئوت چاقنىدى . ئۇ ئوڭ قولىنى كەسكىن شىلتىپ يۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى .

شۇنداق قىلىپ ، فەنياڭ ، پىڭلۇ ، خېدۇڭ هەربىي رايونلىرىنىڭ هەراۋۇلى ئەن لۇشەننىڭ بايرىقى ئاستىغا يىغىلغان خەنزۇ ، تۈرك ، سوغدى ، ئۇيغۇر قاتارلىق تائىپىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن مىلادىيە 755 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خېيبېي ئۆلكىسىدىكى يۈييياڭ دېگەن يەردىن ئاتلىنىپ چىقىپ ، بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ شەرقىي ئاستانىسى لوياڭ شەھىرىگە هۇجۇم قوزغىدى .

# سەككىزىنچى باب

## فەنياگدىكى پاجىئە

كېچىچە ياغقان قار تاڭ ئاتقاندا توختىدى. تۈمەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى تىلغىۋەتكەن كەڭ دالا قايتىدىن ئاق لىباسقا پۈركەندى. بىر - بىرىگە يېقىن قىلىپ زىچ تىكىۋېتىلگەن سانسىزلىغان چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەرنىڭ تۆپىلىرىمۇ خۇددى مامۇق يېپىستىلغاندەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى.

قۇتادمىش ئۆزى ياتقان كىگىز ئۆيدىن كالتە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىغان هالدا چىقىپ، يېقىنلا يەردە سۈرەتلىنىپ سوزۇلغان كۆنگۈرلىك سېپىللارغا بىر ئەسناغىچە قاراپ تۇردى. بۇ لوياڭ شەھىرىنىڭ سېپىللىرى ئىدى.

«بىردەمدىن كېيىن بۇ شەھەرگە هۇجۇم باشلىنىدۇ، — دەپ ئويلىدى قۇتادمىش، — جەڭ بولىدۇ، يۈزلىگەن، بەلكىم مىڭلىغان ئادەملەر ئۆلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئۇرۇش بىلەن مېنىڭ نېمە ئالاقەم بار؟ نېمە ئۈچۈندۇر ئاستانىنى ئىشغال قىلماقچى ۋە ئوردا ئىشلىرىغا چاڭگال سالماقچى بولغان بۇ ئەن لۇشەن دېگەن مەنسەپدار مېنىڭ رەھبىرىم ئەمەس. مېنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتىم يوق. مەن بۇ كىشىلەرنى تونۇمايمەن، ئۇلارنىڭ زادى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن هەم بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك. جەڭ باشلانغاندىلا قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىمەن. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ جانجان ئىشلىرىم بار. قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئادارقىزنى تېپىشىم كېرەك».

www.uyghurkitap.com

قۇتادمىش ئادارقىزنى ئەسلىگەندە يۈرىكى سىقىلىپ، بېشى قايغاندەك بولدى: «ئادارقىز ھازىر نەدە؟ ئاسمادار دېگەن ھېلىقى قارا نىيەت ئەبلەخ ئۇلارنى نەگە ئېلىپ كەتتى؟ كېيىن يەنە نېمە ئىشلارنى قىلدى؟ ئۇ لەنىتى قاراقچى ئادارقىزنى...» قۇتادمىش بۇنىڭ ئاخىرىنى ئويلىيالمىدى، ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە خۇددى نەشتەر سانجىلغاندەك تۇيۇلدى.

— ئاھ... — قۇتادمىش ئىختىيارسىز تۇردە كۆكرىكىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ مۈكچىيىپ قالدى.

بۇ چاغدا ئۇيقۇسىنى ئېچىپ سىرتقا چىقىشقان ئەسكەرلەر لوياڭ سېپىللىرىغا كۆز تىكىپ، بولغۇسى جەڭ توغرىسىدا ئۆزئارا پاراڭلىشاتتى، تېزرەك شەھەرگە بېسىپ كىرىپ بايلىق يىغىش ھەۋىسىنىڭ تۈرتكىسىدە قورال - ياراغلىرىنى تەخ قىلىشىپ، ئاتلىرىغا يەم بېرىپ ئالدىرىشاتتى.

قۇتادمىش سۇغۇر تېرىسىدىن تىكىلگەن تەلپىكىنى يەرگە تاشلاپ، دەسسەلمىگەن پاكىز قار بىلەن يۈز - قوللىرىنى يۇدى ۋە بايىقى ھەسرەتلىك خىياللىرىدىن نېرى بولۇپ، تېتىكلىشىپ قالدى. «بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايدۇ. سەگەك ۋە غەيرەتلىك بولۇشۇم كېرەك» قۇتادمىش ئۆز - ئۆزىنى رىغبەتلەندۈردى ھەمدە تەلپىكىنى بېشىغا باستۇرۇپ كىيدى - دە، يەم - خەشەك توشۇيدىغان كۆتەك ھارۋىلارنىڭ بىرىدىن بىر قۇچاق قۇرۇق بېدىنى ئېلىپ ئېتىغا تاشلاپ بەردى. «ھازىرقاچىمەن، ئاتنىڭ قورسىقىنى ئوبدان توقلاش كېرەك» دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە ۋە چىلان تورۇقنىڭ قۇرۇق بېدىنى غاراسلىتىپ چايننىشىغا قۇلاق سالغاچ چاڭئەندە قالغان ئايتولۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. «ئۇ قوردانلىق ئۇسسۇلچى قىز ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ قىشنىڭ سوغۇقىدا كوچىلاردا ئويۇن قويغىلى بولماس. تايىنلىق، ئوردا ۋە قەسىرلەرنىڭ قىشلىق بەزمىخانىلىرىدا كېپىنەكتەك ئۇچۇپ، بىلىقتەك پىلتىڭلاپ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ يۈرۈۋاتقاندۇ ياكى... كىم بىلىدۇ ھازىر ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇ مېنى دەپ يىغلىغانىدى. بىز خوشلاش

قاندا ئۇ شۇنچە مىسكىن، شۇنچە سولغۇن ھالەتتە قالغانىدى ... »

تۇساتتىن قۇتادمىشنىڭ خىياللىرى بەجايىكى قىلىچ بىلەن چاپ-قاندەك ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئۇ جەڭنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش ئۆتۈشۈپ يۈرۈۋاتقان ئەس-كەرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەنگە مىختەك قادىلىپ قاراپ قالدى. شۇ تاپتا قۇتادمىش قوشۇننىمۇ، بولغۇسى جەڭنىمۇ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى ئاشۇ تولكە جۇۋا، بولغۇن تۇماق كىيگەن قارا بۇرۇتلۇق، سۆرۈن چىراي ئەسكەرگە مەركەزلەشكەنىدى. ياخشى كىيىنىشكە قارىغاندا، ئۇ ئاددىي جەڭچىگە ئوخشىمايتتى، ئۇن بېشى ياكى يۈز بېشى بولسا كېرەك.

«شۇمۇ، ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئويلىدى قۇتادمىش، — شۇ! ئۇ ئۆتۈكەندىكى چاغدىمۇ مۇشۇنداق قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى. ئۇ ماسمادار!»

قۇتادمىش ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئىككى قولى بىلەن ماسمادار-نىڭ ياقىسىدىن ئالدى.

— ئەمدى تاپتىمۇ سېنى، خۇنپەر مۇناپىق!

ئىككى رەقىب تەڭ كۈچەپ، بىر - بىرىنى يىقىتىشقا ئۇرۇنۇپ چېلىشىپ كەتتى. ئەتراپتىكى جەڭچىلەر ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كې-لىپ ئۇلارنى ئىككى ياققا تارتىپ ئاجراتتى. ماسمادار جۇۋىسى ئۈستىدىن باغلانغان تاسما كەمەرگە ئېسقلىق جەنجەرنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئالغانىدى، ئىككى جەڭچى ئۇنىڭ قولىنى قايرىپ، جەنجەرنى تار-تىۋالدى.

— ئەمدى سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن، ئىتنىڭ بالىسى! — دەپ ۋارقىرىدى ماسمادار غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆز-لىرى بىلەن قۇتادمىشقا تىكىلىپ.

قۇتادمىشمۇ ئۆزىنى قاماللاپ تۇتۇۋالغان تۆت جەڭچىنىڭ قوللى-رىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا تىرىشىپ، ماسمادار تەرەپكە قولىنى سوزۇپ ۋارقىرايتتى:

www.uyghurkitap.com

ــ مانا مەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالىمەن ، نامەرد قاراقچى ! ئادارقىز قېنى ؟ ئادارقىز نەدە ؟

ماسمادارمۇ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ ، ئەلپازىنى بۇزۇپ ۋارقىرايتتى :

ــ ئادارقىزنى تىلىڭغا ئالغۇچى بولما ، چۇپرەندە ! ئادارقىز مېنىڭ خوتۇنۇم .

قۇتادمىش جان ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ ، كېسىلىپ ۋارقىراپ كەتتى :

ــ يالغان ! يالغان ، خۇنپەر كاززاپ ! ئادارقىز مېنىڭ ... ئادارقىز مېنىڭ ...

ماسمادار ئۇنىڭغا قاراپ زەھەرخەندىلىك بىلەن قەستەن كۈلدى .

ــ جۆيلۈمە ، قاپاقۋاش ! ئادارقىز بىلەن ئىككىمىز توي قىلغان . شامانىنى پېرە ئويناتىپ ، يامان جىنلارنى قاراڭغۇ دۇنياغا قوغلاپ ، يورۇق دۇنيادىكى مۇقەددەس روھلارنى گۇۋاھلىقا چاقىرىپ توي قىلغان ! بىلىپ قوي ، ھاڭۋاقتى قاپاقۋاش !

قۇتادمىش دوزاخ ئوتىدا كۆيۈۋاتقاندەك تىپىرلاپ كەتتى .

ــ يالغان ! ئادارقىز ئۇنداق قىلمايدۇ ! ئۇ مېنىڭ ...

ماسمادار زەھەرلىك كۈلۈش بىلەن قۇتادمىشقا داۋاملىق زەربە بەردى .

ــ چىدىمىساڭ ئۆلۈۋال ، قاپاقۋاش . ئادارقىز بىلەن ئىككىمىز فەنىياگدا تۇي تۇتتۇق . ئۇ ھازىر فەنىياگدىكى ئىككىمىز ياتقان ئىسسىق ئۆيدە ، يۇمشاق يوتقاندا يېتىپ مېنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ .

قۇتادمىشنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ ، ئاۋازى چىقماي قالدى . ماسمادار غالىب سۇيىقەستچىلەرگە خاس رەزىللىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

شۇ ئەسنادا بۇ ماجرادىن خەۋەر تاپقان بىر سەكەردە ئون - يىگىرمىچە قورۇقچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ــ دە :

ــ نېمە ئىش ؟ ــ دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى .

ئىككى رەقىبنى قاماللاپ تۇتۇپ تۇرغان جەڭچىلەر :

— ئۇلار سوقۇشۇپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئۇلارنى دەرھال ئۆز قوماندانلىرىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى سەركەردە، ئاندىن يەنە قامچىسىنى قۇتادمىش بىلەن ماسمادارغا شىلتىپ تۇرۇپ تەھدىت تەلەپپۇزى بىلەن قوشۇپ قويدى، — ئۇرۇش ۋاقتىدا يەنە مۇشۇنداق ئىنتىزامنى بۇزىدىغان بولۇشساڭ نەق مەيداندىلا كاللاڭ ئېلىنىدۇ!

جەڭچىلەر ئىككى رەقىبنى ئىككى تەرەپكە سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى.

ھايال ئۆتمەي سەپ - سەپ بولۇپ تىزىلغان زور قوشۇن لوياڭ سېپىلى تەرەپكە يول ئالدى. سېپىلنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرۋازىسى دۇمباق ۋە بۇرغىلارنىڭ ساداسى ئىچىدە كەڭ ئېچىلدى. شەھەر ئىچىدىنمۇ ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلار سەپ تارتىپ ئوچۇق دالاغا چىقتى.

ئەن لۇشەننىڭ ئىسيانكار قوشۇنى مىلادىيە 755 - يىلى 11 - ئايدا يۇيياڭدىن ئاتلىنىپ چىققاندىن كېيىن تاڭ دۆلىتىنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۇچۇن چىققان قوشۇنلىرى بىلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم جەڭ قىلدى ۋە ھەر ئىككى قېتىمدىلا غەلىبە قازىنىپ، 756 - يىلى 2 - ئايدا لوياڭغا يېتىپ كەلگەنىدى.

ئەن لۇشەن تۇغ - ئەلەملەر ئىزغىرىن شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان تەكشى تۆپىلىكتىكى بارگاھىدا ئاق ئېتىغا مىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋە قارشى تەرەپنىڭ سەپلىرىنى زەن سېلىپ كۆزەتتى. لوياڭ قوشۇنى سېپىل ئىچىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئىسيانكار ھىراۋۇل قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا بۇيرۇق بەردى:

— ئالغا!

تۈمەنلىگەن ئات تۇياقلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەشلىرى كەڭ يېيىلغان قارلىق دالانى لەرزىگە كەلتۈردى. ئىككى تەرەپنىڭ سەپلىرى توقۇنۇشتى. جەڭ ئۇزاققا سوزۇلمىدى. شەھەر مۇداپىئەچىلىرى ئىسيانكار قوشۇننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قايتا سې-

پىل تامان چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . دەل شۇ چاغدا ئەن لۇشەننىڭ بـۆكتۈرمىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان زەربىدار قىسىملىرى سېپىلنىڭ ئىـككى يېنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ، لوياڭ قىسىملىرىنىڭ سەپلىرىنى بۆسۈپ ، تىرىپىرەن قىلىۋەتتى . سېپىلنىڭ ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىسىدىن قېچىۋاتقان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان ئىسيانكارلار سەپلىرى قالايمىقان ئارىلىشىپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

جەڭ داۋامىدا قۇتادمىش چاندۇرماسلىق ئۈچۈن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇتقان بولسىمۇ ، ھامان ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ، قېچىشقا ئەپلىك پۇرسەت كۈتتى . شۇنداقلا ، ئۇ ھامان ھەريانغا كۆز تاشلاپ ماسمادارنى ئىزلىدى . ئۇ تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ قاراقچى ماسمادار بىلەن ئېلىشىشنى ئويلايتتى . لېكىن ، تۈمەنلىگەن قىلىچ ، نەيزىلەر گىرەلەشكەن چەۋەندازلار قاينىمىدا بىرەر ئادەمنى ئىزلەپ تېپىش ئاسانمۇ ؟ ئاخىر ئەن لۇشەن قوشۇنلىرى گويا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان كەلكۈندەك شەھەرگە ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى . ئەمدى ھېچكىم ھېچكىمنى كۆرمەيتتى . قۇتادمىش ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى . چىلان تورۇق قۇتادمىشنى دالاغا تېرىلىپ كەتكەن جەسەتلەر ئارىسىدىن ئۇچقاندەك ئېلىپ قاچتى .

« فـەنىياڭغا قايتىشىم كېرەك ، فەنىياڭغا ، — دەپ يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا تەكرارلايتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە ، — ئادارقىزنى تېپىشىم كېرەك . ماسمادارنىڭ ئېيتقانلىرى يالغان . ئادارقىز ئۇنداق قىلمايدۇ . ئۇ مېنى كۈتىدۇ ، چوقۇم كۈتىدۇ » .

× × ×

فـەنـىياڭ ئايمـىقى چاڭـئەنـدەك چوڭ ئەمەس . بازار ئىچىدە ئاران ئۈچ - تـۆتلا كوچا بار . ئۆي ئىمارەتلىرىمۇ ھەم ئاھالىسىمۇ ئانچە كـۆپ ئەمەس . شۇڭا ، قۇتادمىش ئادارقىزنى چوقۇم تاپالايمەن دەپ ئۆ-

زىگە تەسەللى بېرەتتى . « ئەگەر ئەسكەرلىككە تۇتۇلماي فەنياڭدا يەنە بىر ـ ئىككى كۈن ئارتۇق تۇرغان بولسام ئادارقىز بىلەن بۇ چاغقىچە تېپىشىپ بولاتتىم » دەپ ئويلايتتى ئۇ .
قۇتادمىش لوياڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن كەينىگە يېنىپ ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى ، يېزا ـ كەنتلەرنى تەنها ئۆزى كېزىپ ، بەزىدە ئاچ قېلىپ ، بەزىدە توق بولۇپ ، يول ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ ، باش باھاردىكى پاتقاقچىلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئورۇقلاپ ، كۆكىرىپ كەتكەن ھالدا ئېگەردە ئەرۋاھتەك ئولتۇرۇپ يەنە فەنياڭ بازىرىغا كىرىپ كەلدى .
ــ توختا ! نېمە ئادەمسەن ؟ قەيەردىن كېلىۋاتىسەن ؟ ــ كوچا ئارىلاپ ئامانلىق ساقلاپ يۈرگەن بىر توپ يايىلار ئۇنى توسۇۋېلىپ قوپاللىق بىلەن سوراشتى .
ــ چاڭئەندىن كېلىۋاتىمەن ، مۇساپىرمەن ، ــ دەپ يالغان ئېيتتى قۇتادمىش ، چۈنكى ئۇ لوياڭدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتسا يايىلارنىڭ ئۇنى قاچقۇن دەپ تۇتۇۋېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى .
ــ مۇشۇنداق سوغۇق ، پاتقاقچىلىق كۈنلەردە شۇنچە يىراق يەردىن نېمە قىلغىلى كەلدىڭ ؟
ــ تۇغقانلىرىمنى ئىزلەپ كەلدىم .
ــ راست گەپ قىل ! ئوردىدىن ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىمۇ يا سەن ؟
ــ مەن بىر تومپاي يىلقىچى ، قانداقمۇ ئايغاقچى بولاي ؟ تۇغقانلىرىمنى ئىزلەپ كەلدىم دەۋاتىمەنغۇ .
ــ تۇغقانلىرىڭ كىم ؟ نەدە تۇرىدۇ ؟
ــ ئىنەچۈك تاي ئىسىملىك بىر تاغام بار . ئۇ يېقىندا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن . مەنمۇ كەمبەغەللىكتە شۇنى پاناھ تارتىپ كەلدىم . ئۇنىڭ ھازىر نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن . ئىشقىلىپ ، مۇشۇ فەنياڭدا .
ــ ئىنەچۈك تاي دەمسەنا ! ــ سورىدى يايىلاردىن بىرى .
ــ شۇنداق ، ئىنەچۈك تاي ، ــ دېدى قۇتادمىش ۋە زور ئۈمىد

بىلەن يايىغا تىكىلىپ قارىدى .

ــ ھېلىقى چاقىئەندىن كەلگەن ئىنەچۇك تايىنى دەمسەن ؟ ھې-لىقى ماسمادار دېگەن مۇتتەھەم بىلەن بىللە كەلگەنىغۇ ئۇ ، ــ دېدى يايى .

ــ شۇنداق ، شۇنداق ، توغرا . ئۇلارنى تونۇيدىكەنسەن ـ دە ، بۇرادەر ؟

ــ ماسمادارنى بۇ يەردە ھەممە ئادەم تونۇپ كەتتى ، ــ دەپ گەپكە ئارىلاشتى يەنە بىر يايى ، ــ ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۆزى بىلەن كەلگەن بىر توپ سوغدى يىگىتلىرىنى باشلاپ بازارغا كىردى ـ دە ، بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئىپتىدىن چۆشمەي تۇرۇپ ، « ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭنى بەر » دەپتۇ . دۇكان ئې-گىسى ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كېتىپ « يېنىمدا ئالتۇن ـ كۈمۈش يوق ، رەھىم قىلىڭلار » دەپ يېلىنىپتۇ . ماسمادار سوغدى يىگىتلەرگە « ئۇنداق بولسا ، ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى ماللىرىنى ئېلىڭلار » دەپ بۇيرۇق قىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇكاندىكى جۇۋا ، ئۆتۈك ، تۇماق دېگەندەك نەرسىلەرنى تاغار ـ قاپلىرىغا تىقىشىپ ، ئاتلىرىغا ئارتىپتۇ . ئاندىن ماس-مادار دۇكان ئىگىسىگە قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ « بۇنىڭدىن كېيىن يېنىڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كۆپرەك سېلىپ يۈر ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ بىز يەنە كېلىمىز » دەپ كېتىپ قاپتۇ . دۇكان ئىگىسى « يايى ! يايىلار ، تېز كېلىڭلار ! » دەپ تووۋلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ بىزنى تاپتى . بىز قوغلاپ بېرىپ ئۇلارنى توختاتساق ئۇ ماسمادار دېگەن مۇتتەھەم نېمە دەيدۇ دېمەمسەن ! « ئۇنىڭدا مال كۆپ ئىكەن ، بىزدە ھېچ نەرسە يوق . بىزگە ئازراق بەرسە ھېچنېمىسى خوراپ قالمايدۇ ، كېيىن يەنە تېپىۋال-دۇ » دەپ كۈلدى .

ــ ئۇنى تۇتمىدىڭلارمۇ ؟ ــ سورىدى قۇتادمىش .

ــ سەنمۇ شۇلارنىڭ بىرىمۇ نېمە ؟ ــ دەپ گۇمانسىراپ سو-رىدى ئۇچىنچى يايى .

ــ مەن ماسمادارنىڭ دۈشمىنى ، ماسمادار مېنىڭ دۈشمىنىم ، ــ

دېدى قۇتادمىش ، — ھە ، كېيىن قانداق بولدى ؟
بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان يايى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى :
— بىز ئۇلارنى تۇتماقچى بولغانىدۇق ، لېكىن ئۇلار بەك يامان نېمىلەر ئىكەن . ماسمادار ئىككى يايىنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئات ئۈستىدىن تىك موللاق چۈشۈرىۋەتتى . بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي قاچتۇق ، ئۇدۇل بېرىپ يامۇل بېگىگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدۇق ، يامۇل بېگى دەرھال چېرىكلەرنى ئەۋەتتى ، بىراق چېرىكلەر ئۇلارنى تاپالمىدى . كېيىن ئۇققاق ، ئۇلار فەنياڭنىڭ سىرتىدىكى بىر كەنتكە كېتىپتىكەن ، شۇ ۋەقە بولۇپ ئەتىسى كۈنىلا ماسمادار سوغدى يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنىغا كىرىۋاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھېچكىم چېقىلالمىدى .
— چۈشەندىم ، — دېدى قۇتادمىش بېشىنى لىڭشىتىپ ، — ئۇنىڭ گېپىنى قويايلى ، ئىنەچۈك تاي نەدە ؟
— ئىنەچۈك تاي روھلار دۇنياسىغا كەتتى ، — دېدى بىر يايى .
— نېمە ؟ — قۇتادمىش چۆچۈپ خىتاب قىلدى .
— ئىنەچۈك تاي ئاق كۆكۈل بوۋاي ئىكەن ، — يايى سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ، — ئاڭلىساق ، ئۇ ماسمادارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى ئەيىبلەپ غەزەپلىنىپتۇ . ئۇ قاتتىق ھەسرەتتە ئاغرىپ قېلىپ ، ئاخىرقازا قىپتۇ .
— ئىنەچۈك تاي ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىدى ، — دېدى قۇتادمىش چىن دىلىدىن قايغۇرۇپ ، — مۇقەددەس روھلار ئۇنى يورۇق دۇنيادا ئەزىز قىلدۇ . بۇرادەرلەر ، ئۇنىڭ قىزىنى سىلەر كۆرگەنمۇ ؟ ئىسمى ئادارقىز . ئۇ قىز ھازىر نەدە ؟
يايىلار بېشىنى چايقاشتى .
— بىلمەيدىكەنمىز ، بىز ئۇنىڭ قىزىنى كۆرمىگەن .
— ئىنەچۈك تاي قايسى ئۆيدە تۇرغان ؟ نەدە تۇرغان ؟
— بۇنىمۇ بىلمەيدىكەنمىز .

قۇتادمىش قەلبى ئېزىلگەن ، روھى چۈشكەن ھالدا ئېتىنى دىيۋىتتى . يايىلار ئۇنى توسمىدى . زاۋال پەيتى كېلىپ قالغانىدى . قۇتادمىش بازارنىڭ سىرتىدىكى بىر ۋەيرانە كارۋان سارايغا كىرىپ ياتتى .

ھېرىپ - ئېچىپ ھالى قالمىغان بۇ دەردمەن يىگىت قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى . ئۇ كۆزلىرىنى ئاچقاندا چۈش بولاي دەپ قالغانىدى . قارىسا ، كارۋان سارايدىكىلەر نەگىدۇر ئالدىرىشىپ ، ئۆزئارا ھاياجانلىنىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى .

— نېمە ئىش بولدى ؟ — دەپ سورىدى قۇتادمىش ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ئەن لۇشەن قوشۇنى لوياڭنى ئىشغال قىپتۇ ، — دېدى ساراي خوجايىنى ، — بۈگۈن ئەتىگەندىلا لوياڭدىن چاپارمەنلەر كەلدى .

قۇتادمىش بۇ گەپكە ئانچە قىزىقمىدى ، لېكىن ئالدىراش ناشتا قىلىپ تالاغا چىقتى . ئۇ ئادارقىزنى تېپىشى كېرەك ئىدى . كوچىلاردا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى ، خۇددى ھەممە ئادەم ئۆيلىرىدە ئولتۇرماي كوچىغا چىقىۋالغاندەك تۇيۇلاتتى . كىشىلەر جىددىيلىشىپ سۆزلىشەتتى :

— ئەن لۇشەن لوياڭنى ئاپتۇ . شەرقىي ئاستانە بىزنىڭ بولدى !

— قوشۇنىمىز ئەمدى چاڭئەنگە يۈرۈش قىلىدىكەن .

بەزىلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆپچۆرىسىگە قاراپ پىچىرلىشاتتى :

— ھەي ، ھەي ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن تاڭ . پادىشاھ قوشۇنلىرى جازا يۈرۈشى قىلىپ لوياڭنى قايتۇرۇۋالامدۇ تېخى .

— ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا ئىش چاتاق .

شۇ كۈنلەردە فەنياڭدىكى يۇقىرىلار سۇلالە قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى خالىمايتتى ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك پەرزەنتلىرى ئەن لۇشەن قوشۇنىغا قاتناشقان . ئەگەر ئىسيانكارلار مەغلۇپ بولسا ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان كۈنى نېمە بولىدۇ ؟

قۇتادمىش قار بىلەن پاتقاق ئارىلىشىپ كەتكەن كوچىلاردىكى ئادەملەرنى ئارىلاپ ئادارقىزنى ئىزلىدى . ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملەر پاتقاق ۋە سوغۇققا قارىماي خۇددى ئۇۋۇسى بۇزۇۋېتىلگەن ھەرىلەردەك « غو-

ﯕۇلداپ » يۇرۇشەتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قۇتادمىش يەنىلا ئادارقىزنى
تاپالمىدى . ئاشىق يىگىت پەرىشانلىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى .
چىلان تورۇق ئات ئاستا مېڭىپ كېلىپ توختاپ قالدى . قۇتادمىش بې-
شىنى كۆتۈرۈپ قارىسا باشقا بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قاپتۇ . بۇ
بىر خالتا كوچا بولۇپ ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى . « ئەمدى قانداق
قىلاي ؟ كەينىمگە ياناي مۇ ؟ يانسام نەگە بارىمەن ؟ » قۇتادمىش ئۆزىنىڭ
بۇ سوئالىغا جاۋاب تاپالماي مەقسەتسىزلا ئېتىنى دېۋىتتى . ئات يەنە ئاستا
قەدەم ئېلىپ خالتا كوچىغا كىردى . بايىقى ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان
چوڭ كوچىلار بىلەن بۇ جىمجىت خىلۋەت تار كوچا كۆچلۈك سېلىش-
تۇرما ھاسىل قىلاتتى .

يول بويىدىكى بىر ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق تۇراتتى . ھويلا
ئىچىدىن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . قۇتادمىش ئۆتۈپ كېتى-
ۋېتىپ ھويلا ئىچىگە نەزەر تاشلىدى . كۆرۈنۈشىدىن ئوتتۇرا تەبىقىگە
مەنسۇپ بولغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال يەنە بىر ياش چوكانغا گەپ
قىلىۋاتاتتى :

— شۇنچە ياش تۇرۇپ ئۆزۈڭنى بۇنداق قىينىما ، ئاپپىقىم . ئە-
تىگەندىن كەچكىچە خىيال سۈرۈپ جىم يۈرىسەن ، بىرەر قېتىممۇ كۈل-
گىنىڭنى كۆرگىلى بولمايدۇ . بۈگۈن قىرى - ياشنىڭ ھەممىسى كو-
چىلارغا چىقىپ كېتىشتى . ساڭا ئوخشاش ئۆزىنى ئۆزى ئۆيگە سولاپ
ئولتۇرغان كىم بار ؟

قۇتادمىش ئېتىنىڭ يۈرۈشىنى يەنىمۇ ئاستىلاتتى . نېمە ئۈچۈن
شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئاشۇ ياش چوكان ياكى ياش
قىز دەرۋازىغا كەينىنى قىلىپ تۇرغاچقا چىرايىنى كۆرگىلى بولمايت-
تى . « ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش دەردمەن ئوخشىمامدۇ » دەپ ئويلىدى قۇتاد-
مىش ۋە ئىختىيارسىز تۇردە ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى .

ئاۋازى چاڭىلداپ چىقىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال يەنە سۆزلە-
گىلى تۇردى :

— لوياڭدىن چاپارمەنلەر كەپتۇ دەپ ھەممە خەق جەڭگە كەت-

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

كەن تۇغقانلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇش ئۇچۇن ئۆزئارا كۆرۈشۈپ سۆزـ
لىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ . سەنمۇ چىقىپ ئۇقۇشۇپ باقساڭ بولمامدۇ . بەلكىم
ماسمادارنىڭ بىرەر دېرىكىنى ئاڭلاپ قالارسەن .
قۇتادمىشنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەـ
گەن هالدا ئېتىنىڭ بېشىنى هويلىنىڭ دەرۋازىسىغا بۇرىدى .
شۇ ئەسنادا دەرۋازىغا ئارقىنى قىلىپ تۇرغان قىزنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى :
ــ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ نېمە قىلاتتىم . شۇ جەڭدىن قايتىپ
كەلمەي ئۆلسۇن ئۇ !
قىزنىڭ ئاۋازى قۇتادمىشنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈردى .
ــ ئادارقىز ! ــ دېگەن يالقۇنلۇق خىتاب ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئەـ
مەس ، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى .
دەرۋازىغا كەينىنى قىلىپ تۇرغان قىز ھەقىقەتەن ئادارقىز ئىدى .
ئۇ قۇتادمىشنىڭ خىتابىنى ئاڭلاپ خۇددى بېشىنىڭ ئۈستىدە چاقماق
چېقىلغاندەك قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ئارقىغا ئىتتىك بۇرۇلۇپ ، هويـ
لىغا ئاتلىق كىرىۋاتقان قۇتادمىشنى كۆردى . قىزنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ
بەدىنى تىترەپ ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى . ئۇ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ
ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ ، ھېچنېمە دېيەلمەي قالدى ؛ كېيىك بالىسىنىڭ
كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان يوغان قارا كۆزلىرىدىن سۈپسۈزۈك ياش تامچىـ
لىرى قۇيۇلۇپ كەتتى .
ــ ئادارقىز !
قۇتادمىش ئات ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قىزنىڭ ئالدىغا
كەلدى . ئۇ سۆيۈملۈك قىزنىڭ ئارزۇلۇق رۇخسارىغا خۇددى پايانسىز
چۆلدە تامچە سۇغا زار بولغان يىگانە يېتىمچىدەك تەشنالىق بىلەن تىكىـ
لىپ ـ قادىلىپ قارىدى . ئادارقىزمۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا
تەلمۈرۈپ تۇراتتى .
ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئۇلارنىڭ بۇنداق پەۋقۇلئاددە هالـ
ىتىنى كۆرۈپ ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزدى :

— ھە ، سىلەر يېقىن تۇغقان ئوخشىمامسىلەر ؟ يۈرۈڭلار ، ئۆيگە كىرەيلى .

ئۈچىيلەن خېلى ئازادە بولسىمۇ ، ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيگە كىردى . قۇتادمىش ئوت يېقىلغان ئىسسىق كاڭغا چىقىپ چازا قۇرۇپ ئولتۇردى . ئادارقىز بىلەن ھېلىقى ئايال كاڭنىڭ گىرۋىكىدىن ئورۇن ئالدى .

— قۇتادمىش ، بۇ دۇنيادا بار ئىكەنسەنغۇ ، ھايات ئىكەنسەنغۇ ! — ئادارقىز ئەمدى زۇۋانغا كەلدى .

— مەن ھايات ، ئادارقىز ، — دېدى قۇتادمىش .

— مەن ئالدىنىپتىمەن ، جېنىم قۇتادمىش ، — ئادارقىز ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

— يىغلىما ، سۆيۈملۈكۈم ، — قۇتادمىش سىلجىپ كېلىپ ئادارقىزنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى ، — يىغلىما ، مەن بىلىمەن ، سەن ئالداندىڭ ، ماسمادار مېنى ئۆلدى دەپ سېنى ئىشەندۈردى .

— نېمە ؟ بۇ نېمە گەپ ؟ — ئوتتۇرا ياشلىق ئايال سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى .

— ئادارقىز مېنىڭ سۆيگىنىم ، — دېدى قۇتادمىش چۈشەندۈرۈپ ، — بىز گۆدەك چاغلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ ئۆسكەن .

— تولا بىلجىرلىما ، ئادارقىز ماسمادارنىڭ خوتۇنى ! — دەپ چالۋاقىدى ئايال .

— نېمە ؟ — ئەمدى قۇتادمىش كاڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشتى ، — چاقچاق قىلماڭ ، يەڭگە ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ! ئادارقىز مېنىڭ ! ئادارقىز ، گەپ قىلساڭچۇ ، ئۇ نېمە دەيدۇ ؟

ئادار قىز ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى .

— بۇ يەردىن چىقىپ كەت ، يىگىت ، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ ، — دەرھال چىقىپ كەت ! مېنىڭ ئېرىم يۈز بېشى ، ماسمادارنىڭ باشلىقى . ماسمادارمۇ ئاددىي چېرىك

ئەمەس، ئۇ ئون بېشى. ئۇلار ئىككىسى بىللە كەتكەن. ماسىدار خوتۇنىنى ماڭا تاپشۇرۇپ كەتكەن. شۇڭا، ئادارقىز بىلەن ئىككىمىز بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتىمىز.

— ياق، — دەپ خىتاب قىلدى قۇتادمىش ۋە ئادارقىزنىڭ قولىدىن تارتتى، — يۈر، ئادارقىز. مەن سېنى كەتتى دەپ ئاڭلاپ ئورخۇن بويلىرىدىن مۇشۇ يەرگىچە كەينىڭدىن قوغلىشىپ كېلىپ، سېنى ئاران تاپتىم. ئەمدى ئىككىمىز ئايرىلمايمىز، ئورخۇن بويلىرىغا قايتىپ كېتىمىز.

— گەپ قىلماسەن، ئۇياتسىز، — دېدى يۈز بېشىنىڭ ئايالى تېخىچە يىغلاۋاتقان ئادارقىزغا دوق قىلىپ.

ئادارقىز يىغىسىنى ئەستە توختاتتى. ئۇنىڭ كېيىك بالىسىنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى.

— قۇتادمىش، — دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ، — بۆگۈنچە قايتىپ تۇرغىن، ئەتە كۆرۈشەيلى.

— مېنى قوغلاۋاتامسەن، ئادارقىز؟

— ياق، ئۇنداق دېمىگىن، جېنىم. مەن سېنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىمەن، مەڭگۈ ... مەڭگۈ شۇنداق .. لېكىن بۆگۈن كېتىپ تۇرغىن، گېپىمگە كىرگىن ... مەن ئېسىمنى يىغىۋالاي، ئارام ئېلىۋالاي.

يۈز بېشىنىڭ ئايالى بىر تەرەپتىن ئادارقىزنى تىللاپ، بىر تەرەپتىن قۇتادمىشنى ئىتتىرىپ قوغلىغىلى تۇردى:

— كەت بۇ يەردىن، بولمىسا يايىلارنى چاقىرىمەن، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

قۇتادمىش گاڭگىراپ قالدى. ئۇ ئادارقىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. ئاخىر ئۇ تامامەن روھسىزلانغان ھالدا ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ماقۇل، ئادارقىز، ئەتە كېلەي، — دېدى ئۇ بوسۇغىدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ.

— نەدە تۇرۇۋاتىسەن ، ئاشىق يىگىت ؟ — يۈز بېشىنىڭ ئايالى تەنە قىلغان ئاھاڭدا سورىدى .

— كارۋان سارايدا ، — دېدى قۇتادمىش ۋە هويلىغا چىقىپ ئېتىغا مىندى .

× × ×

ئەتىسى ئەتىگەندىلا كارۋان سارايدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى . قـۇتادمىش كۆزلىرىنى ئاچتى . ئۇنىڭ بىراقلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى . سىرتتا بىر ئايالنىڭ ئەنسىز ۋايساشلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى . قۇتادمىش كالتە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ياتاقتىن چىقتى . ھېلىقى يۈز بېشـىنىڭ ئايالى ساراي خىزمەتكارىغا « قۇتادمىشنى چاقىرىپ قوي ، تېز بول » دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى . خىزمەتكار بۇ سارايغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلارنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا « قۇتادمىش دېگەن كـىم ؟ » دەپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى . ھودۇقۇپ ئۆڭسۈلى قالمىغان ئايال ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغان قۇتادمىشنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ كەلدى .

— ۋاي ، چاققان بول ، يىگىت ، چاتاق بولدى ... ئادارقىز ئۆلۈۋاپتۇ ...

قـۇتادمىش ئېتىنى ئېگەرلەشكىمۇ ئۈلگۈرمەي كارۋان سارايدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ھېچ يەردە توختىماي ھاسىراپ ، دېمى سىقىلغان ھالدا ھېلىقى ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى . كاڭ ئۈستىدە بۆز يوپۇق بىلەن يېپىپ قويۇلغان جەسەت سوزۇلۇپ ياتاتتى . قۇتادمىش ئاستا كېلىپ ، يوپۇقنىڭ باش تەرىپىنى ئاچتى . ئادارقىزنىڭ گەجدەك ئاقىرىپ كەتكەن يۈزىنىڭ يىرقىسمى ۋە بوينى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى . قۇتادمىش ئۆزىدىن مەڭگۈگە ئايرىلغان مەشۇقىنىڭ قانسىرىغان چىرايىغا قايغۇلۇق كۆزلىرى بىلەن قاراپ گويا قېتىپ قالدى . شۇ تەرىقىدە ئۇ قانچىلىك تۇردىكىن ، ئىشقىلىپ ، بىر چاغ بولغاندا يۈز بېشىنىڭ ئايالىمۇ

يېتىپ كەلدى ۋە يىغلامسىراپ قۇتادمىشقا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى :

— مېنىڭ ئېرىم كېتەر چاغدا « كېرەك بولۇپ قالسا ئىشلىتەرسەن » دەپ بىر قىلىچنى قويۇپ كەتكەنىدى . ئادارقىز بۈگۈن ئەتىگەن شۇ قىلىچ بىلەن بويىنىنى كېسىپتۇ ... مەن غەپلەت باسقاندەك ئۇخلاپ قاپتىمەن ...

قۇتادمىشنىڭ ئىچى بەجايىكى بىر قاراڭغۇ بوشلۇققا ئوخشاپ قالغانىدى . شۇ تاپتا پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز مەنىسىنى يوقاتقانىدى . ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتى ، ھەتتا ھېچنېمىنى ئويلىيالمايتتى .

ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئېسىگە كەلدى ۋە بازارغا چىقىپ ئىككى مەدىكارنى ياللىدى ھەمدە ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ قەبرىستانلىقتا گۆر كولىدى . ئادارقىزنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدا بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇ ھەر كۈنى قەبرىستانلىققا چىقىپ ئادارقىزنىڭ قار باسقان قەبرىسى ئالدىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاققىچە تەنھا ئۆزى سۈكۈتتە ئولتۇرىدىغان بولدى .

كېيىن ئۇ بىر شامان ئايالنى باشلاپ كېلىپ ، ئادارقىزنىڭ قەبرىسى ئالدىدا پېرە ئويناتتى ۋە شۇ يەردىلا گۈلخان يېقىپ تۇغ باغلىدى ، قارا قوچقارنى بوغۇزلاپ قان ئاققۇزدى ، بوغۇزلانغان شۇ قوچقارنى قەبرە ئالدىدا قالدۇرۇپ شامان بىلەن بىللە قايتتى .

— ئەمدى مۇقەددەس روھلار ماڭا مەدەت بېرىڭلار ! — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ ، — ئەمدى ماسادارىدىن ئىنتىقام ئالىمەن !

ئۇ چىلان تورۇق ئېتىغا ئىككى قاپ يېمەكلىكنى غانجۇغىلىدى ، كەڭ تاسما كەمەرنى كالتە جۇۋىسىنىڭ ئۈستىدىن چىڭ تارتىپ باغلاپ قىلىچ ۋە خەنجىرىنى ئاستى . شۇنداق قىلىپ ، ئادارقىز دەپنە قىلىنىپ توققۇزىنچى كۈنى ئۇ سوغۇق ۋە پاتقاققا قارىماي قايتىدىن لوياڭ شەھىرىنى كۆزلەپ يول ئالدى .

# توققۇزىنچى باب

## ياڭ جەمەتىنىڭ ئاقىۋىتى

بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ چاچ - ساقاللىرى ئاللىقاچان ئاقىرىپ كەتكەن قېرى بوۋاي بولسىمۇ ، يەنىلا ياشلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن خېلى تېتىك ، ھېسسىياتچان ۋە شەھۋانىي ھەۋەسى كۈچلۈك ئادەم ئىدى . ئۇ سالامەتلىكىنى ئاسراش ۋە ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى . ئۇ شەخسەن ئۆزى تاللىغان مەخسۇس خادىملار ۋە ئەڭ تەجرىبىلىك سودىگەرلەر قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىرى يەتكەنلىكى جايلارغا قاتناپ ، ئىنسان بەدىنىگە قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان تۈرلۈك - تۈمەن شىپالىق يېمەكلىكلەرنى چاڭئەن ۋە لوياڭدىكى ئوردىلارغا توشۇپ تۇراتتى . شەرقىي شىمال ۋە كورىيە تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن ئۈزۈپ كېلىنگەن ئادەمگىياھ ، تەڭرىتاغ ۋە ئورخۇن - سېلېڭگا ۋادىلىرىدىكى ئورمانلاردا ئۇۋلانغان بۇغىلارنىڭ يۇمشاق ، تۈكلۈك مۈڭگۈزلىرى ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرەپلىرىدىكى ئىسسىق ماكانلاردىن يېغىپ كېلىنگەن ھەر خىل پايدىلىق ئۆسۈملۈكلەر پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ خاس تېۋىپلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى . مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدىن تاللاپ كېلىنگەن بۇ كارامەت ئىستېداتلىق دورىگەرلەر ئاشۇ قىممەتلىك خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ سۈيۈق ، مەلھەم ، كوملاچ دورىلارنى ياسايتتى . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇشقاچ تۇخۇمى ، قارلىغاچ چاڭگىسى دېگەندەك ئالاھىدە رېتسېپلارنىمۇ تەييارلايتتى . شۇ دورىلارنىڭ كۈچىمۇ ياكى پادىشاھ شۈەنزۇڭنىڭ ئەسلىدىنلا تېگى چىڭمۇ ،

ئىشقىلىپ، ئۇ جىسمانىي جەھەتتىنمۇ ھەم روھىي جەھەتتىنمۇ قىرىلىققا بوي بەرمەي كېلىۋاتاتتى.

ئۇ بوش ۋاقىتلىرىنى خانىش ۋە توقاللىرىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈشنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ زور خۇشاللىق دەپ بىلەتتى. ھالبۇكى، ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بېرى قېرى پادىشاھ پەقەت بىرلا نازىنىنغا، يەنى ئالىي دەرىجىلىك توقال ياڭ گۇيفېيغا بېرىلىپ كەتتى. بولۇپمۇ، بۇ يىل قىش كىرگەندىن تارتىپ تاڭ شۈەنزۇڭ ئاشۇ ئوتى يامان توقالنىڭ ئىسسىق قوينىدىن چىقالماس بولۇپ قالدى. فەنياڭ ۋە لوياڭدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر توغرىسىدا تۇنجى مەلۇمات كەلگەن چاغدىمۇ ئۇ ياڭ گۇيفېينىڭ ھۇجرىسىدا ئۇنىڭ ئەركىلەشلىرىدىن مەست بولۇپ ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا خاس مەھرەم كىرىپ بوسۇغىدا توختىدى.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، باش ۋەزىر ياڭ گوجۇڭ ھەزرەتلىرى كەلدى، — دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىپ.

شۈەنزۇڭ خانىنىڭ كەيپى ئۇچتى. «مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئادەمنى ئاۋارە قىلامدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ، لېكىن باش ۋەزىر بۇ سۆيۈملۈك توقىلىنىڭ ئاكىسى بولغاچقا، ئىچىدىكى نارازىلىقنى چاندۇرماستىن تەكەللۇپ قىلىشقا توغرا كەلدى.

— كىرسۇن، — دېدى ئۇ مەھرەمگە قاراپ ۋە ياڭ گۇيفېينىڭ يېنىدىن قوپۇپ، خانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇمىلاق شىرەنىڭ چۆرىسىگە تىزىپ قويۇلغان يۆلەنچۈكسىز يۇمىلاق ئورۇندۇقلاردىن بىرىگە ئولتۇردى. باش ۋەزىر ياڭ گوجۇڭ كىرىپ تەزىم قىلدى.

— خان ئالىيلىرىغا يەتكۈزىدىغان پەۋقۇلئاددە مۇھىم خەۋەر بار، — دېدى ئۇ.

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ، — دېدى تاڭ شۈەنزۇڭ ئورۇندۇقنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— خان ئالىيلىرىغا تەشەككۇر، — دېدى ۋەزىر ۋە كۆرسىتىلگەن ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

ياڭ گۇيفېي نازلىنىپ كېلىپ شۈەنزۇڭ خانىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

بۇ سىياسەتۋاز توقال ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى . ئۇنىڭ زىلۋا بويى ئە-
تىـرگۈل رەڭگىدىكى نېپىز يېپەك كۆڭلەك ئىچىدە ئەۋرىشىمدەك تولغى-
نىپ تۇراتتى ؛ ئېگىز كۆپتۈرۈپ ياسالغان قاپقارا ھەم قويۇق چاچلىرىغا
ئالتۇن زىخچىلار قادالغان ، مەرۋايىتلار ئېسىلغان بولۇپ ، سۇزۇك ئاق
يۈزىنى تېخىمۇ كۆركەم قىلىپ كۆرسىتەتتى . ئۇ خۇددى شېكەردەك
شېرىن سۆزلەرنى ياغدۇرىدىغان قېنىق قىزىل لەۋلىرىنى مۇغەمبەرلەرچە
ئۈمـچەيتىپ پادىشاھقا يېقىملىق تەبەسسۇم ئەيلىدى ، ئاندىن ئاكىسىغا
قاراپ :
— شۇنـچە ئالدىـراش نېـمە ئىش بولدى ، ئاكا ؟ — دەپ سو-
رىدى .
خان بىلەن ۋەزىر سۆھبەتلىشىۋاتقاندا ئۆزىنى چەتكە ئالماسلىق ،
يەنە تېخى پادىشاھ ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ سۆزگە ئارىلىشىش ، ئەلۋەتتە ،
ئوردا ئەركانلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان ۋە ھەتتا قاتتىق جازالىنىشقا تې-
گىشلىك بولغان قىلمىش ۋە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى . لېكىن ، گۈزەل
ياڭ گۇيفېي پادىشاھنىڭ ئامراق ئەركىسى ۋە باش ۋەزىرنىڭ سىڭلىسى
بولغاچقا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى . ئۇ سۆز ـ ھەرىكەتتە ئەركىن
بولۇش بىلەنلا قالماي ، بەلكى ئوردا ئىچىدىكى ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە
تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتەك مۇھىم ئىشلاردىمۇ پائال رول
ئوينىماقتا ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۆتكۈر ئەقلى بىلەن پادى-
شاھنى پۈتۈنلەي ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى .
— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولسۇنكى ، — دەپ سۆزنى باشلىدى
ياڭ گوجۇڭ ، — ئەن لۇشەن قەنياڭدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ .
تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ چىرايى جىددىيلەشتى .
— ئۇ ئاخىر شۇنداق قىپتۇ ـ دە ، — دېدى ئۇ ، — نەچچە ۋا-
قىتتىن سىز ئەن لۇشەن توپىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن دەپ ئاگاھلان-
دۇرسىڭىز مەن ئانچە ئىشەنمەي يۈرۈپتىكەنمەن . ئەن لۇشەن بەزى
ئىشلاردىن نارازى بولـسىمۇ ، بۇنـچىلىك بولۇپ كېـتەر دەپ ئويلىماپ-
تىكەنمەن .

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ياڭ گۇيفېي پادىشاھنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ .

تاڭ شۈەنزۇڭ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن قوپتى .

— ئەن لۇشەن دېگەن مۇناپىقنىڭ ئوغلى دەرھال ئۆلتۈرۈلسۇن ! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ .

ياڭ گوجۇڭمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى .

— باش ئۇستىگە ، خان ئالىيلىرى ، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى جۈپلەپ كۆتۈرۈپ .

— بۇيرۇق ! — دەپ يەنە خىتاب قىلدى تاڭ شۈەنزۇڭ ، — توپىلاڭنى باستۇرۇشقا دەرھال قوشۇن ئەۋەتىلسۇن ! تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇڭ !

— باش ئۇستىگە ، — دېدى ياڭ گوجۇڭ ۋە كەينىگە كەسكىن بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى .

شۇ كۈنىلا ئەن لۇشەننىڭ چاڭئەندە تۇرۇۋاتقان ئوغلى تۇتۇپ كېلىندى ۋە كاللىسى ئېلىندى . توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاتمىش مىڭ كىشىلىك ۋە بىر يۈز ئون مىڭ كىشىلىك ئىككى زور قوشۇن ماڭغۇزۇلدى .

پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ دىل ئارامى بۇزۇلدى . بۇلتۇر مەملىكەتتە ئېغىر تەبىئىي ئاپەت بولۇپ ، دۆلەت خەزىنىسىدىن نۇرغۇن چىقىم قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن جايلاردىكى باج ۋە ھاشار — سېلىقلار كۆپەيتىلگەنىدى . شۇ سەۋەبتىن ئەل ئىچىدە غوۋغا بېسىقماي ، ئۆزلۈكسىز مالىمانچىلىقلار يۈز بېرىپ كېلىۋاتاتتى ، لېكىن بۇ ئىشلار پادىشاھنى ئانچە بىئارام قىلمىغانىدى .

كېيىن ئەن لۇشەن باش ئاغرىتقىلى تۇردى . ئۇ ياڭ گۇيفېينىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىنى چەكلەش ۋە يۇقىرى مەنسەپ ئورۇنلىرىنى قولغا كىرگۈزىۋالغان ياڭ جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، ناھەق جازالانغان ئەمەلدارلارنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم تەلەپ قويدى . شۈەنزۇڭ خان

ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرمىدى ، ئەلۋەتتە . ئۇ ئەن لۇشەننى بۇنداق ئۆكتە قوپىدۇ دەپ ئويلىمىدى . باش ۋەزىر ياڭ گوجۇڭ پادىشاھنى قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ « ئەن لۇشەننىڭ يامان نىيىتى بار ، ئۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەۋاتىدۇ » دەپ ئىشەندۇرۇشكە تىرىشتى ۋە ئاخىر فەنياڭ ئايمىقىدىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن سوت ئاچتى . ئەن لۇشەن شەخسەن ئۆزى غەربىي ئاستانىگە كېلىپ سوتتا جاۋاب بەردى . سوت ئەن لۇشەننى ئاقلاپ هۆكۈم چىقاردى . تاغ ـ دالالاردىكى كۆچمەنلەرنىڭ قەيسەرلىكى بىلەن ھەشەمەتلىك قەسىرلەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى ئۆز تەبىئىتىدە بىرلەشتۈرگەن بۇ چېگرا رايون ھىراۋۇلى سوتتا جازاغا تارتىلىش ئەمەس ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىيلەرگە مۇكاپات تارقىتىش ئۈچۈن ئوردا خەزىنىسىدىن بىر تالاي ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىپ فەنياڭغا قايتتى .

قېرى تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى . ھالبۇكى ، ئاخىرقى ھېسابتا سەزگۈر ۋە گۇمانخور ياڭ گوجۇڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى توغرا بولۇپ چىقتى . ئەن لۇشەن سوت جەريانىدا تولكىدەك قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ ، جىن ـ شەيتاندەك تۇتۇق بەرمەي فەنياڭغا ساق ـ سالامەت قايتىپ بېرىۋالغاندىن كېيىن سۈنئىي نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ئوردىغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ چىقتى .

تاڭ شۈەنزۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى .

ــ ھۇ ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئىنساپسىز مۇناپىق ! ــ دەيتتى ئۇ ئەن لۇشەننى قارغاپ ، ــ سۇلالىگە ئاسىيلىق قىلىشنى شۇنداق ئاسان ئىش دەپ ئويلامسەن ! خەپ ، توختاپ تۇر ! كاللاڭنى كېسىپ شەھەر سېپىلىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېسىپ قويمايدىغان بولسام !

قېرى پادىشاھ ئۆزى ئەۋەتكەن ئىككى قوشۇننىڭ ئەن لۇشەننى تارمار كەلتۈرۈشىگە زور ئۈمىد باغلىغانىدى . ۋەھالەنكى ، تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ خاتىرجەم ياشايدىغان كۈنلىرى ئاياغلاشقان بولسا كېرەك . كىشىنى چۆچۈتىدىغان خەۋەرلەر چاڭئەندىكى ئوردىغا كەينى ـ كەينى

www.uyghurkitap.com

دىن رەھىمسىزلەرچە ئۇچۇپ كىرىشكە باشلىدى. فەنياگنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىلگەن ئىككى قوشۇن دەسلەپكى جەڭدىلا ئۇزۇل - كېسىل تارمار بولۇپ قاچتى. ئارقىدىنلا شەرقىي ئاستانە لوياڭ قولدىن كەتتى. توپىلاڭچى قوشۇن داۋاملىق غەرب تەرەپكە، يەنى خېبېيدىن شەنشى چېگرىسىغا قاراپ تېز ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى.

روھىي كەيپىياتى تۆۋەنلەپ، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن شۈەنزۇڭ خان ئالتۇن تەختتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ۋەزىرلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تەخت سۇپىسىنىڭ ئىككى يېنىدىن تارتىپ پەگاغىچە ئىككى قاتار تىزىلىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى.

— ياڭ گوجۇڭ، — دەپ چاقىردى پادىشاھ.

— لەببەي، خان ئالىيلىرى، — دېدى ياڭ گوجۇڭ ۋە تەخت ئالدىغا كېلىپ چوڭقۇر ئېگىلدى.

— جەڭ ئەھۋالىدا قانداق يېڭىلىقلار بار؟ — تاڭ شۈەنزۇڭ بىرەر ياخشى خەۋەرنى ئاڭلاش ئىستىكى بىلەن سورىدى.

ياڭ گوجاڭ مەلۇمات بەردى:

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، توپىلاڭچىلار شەنشى تەۋەسىگە كىرەلمەيدۇ. تۇڭگۇەن ئۆتكىلىنى ساقلاۋاتقان قىسىملار باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويدى. بىزگە باشتىن - ئاياغ سادىق بولۇپ كېلىۋاتقان قىتان بەگزادىسى لى گۇاڭبى خېبېي، خېدۇڭ تەرەپلەردە قاتتىق مۇداپىئە جېڭى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئىشەنچىم كامىلكى، توپىلاڭچىلار لى گۇاڭبىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ.

تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ كۆزلىرىدە جانلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ئۇ رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ شالاڭ ئاق ساقىلىنى سىيپاشتۇرغاچ بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— تۇڭگۇەن قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بىلەن لى گۇاڭبىغا مەكتۇپ يوللانسۇن، — دېدى ئۇ، — ئۇلار توپىلاڭچىلارنى مەغلۇپ قىلالىسا ئۇنۋان دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. ئوردا خەزىنىسىدىن كاتتا مۇكاپات

بېرىلىدۇ .

— بـاش ئۈستىگە ، خان ئالىيلىرى ، — ياڭ گوجۇڭ تەزىم قىلدى .

كېچەش ئاخىرلاشتى . شۈەنزۇڭ خاننىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى مۇستەھكەملەندى . گويا بەخت قۇشى ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىغاندەك خۇش خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى . 756 ـ يىلى يازدا لى گۇاڭبى غەربىي يۇرتتىكى قوردانلىق ۋە كۇچالىقلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنغا قوماندان-لىق قىلىپ توپىلاڭچى سانغۇنلاردىن شى سىمىننىڭ قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بەردى ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇۋالدى .

ھـالبۇكى ، ئۇرۇش ۋەزىيىتى خۇددى باھار ھاۋاسىدەك ئۆزگە-رىشچان ئىدى . شى سىمىن بىر قېتىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە جەڭ مەيدانىدىكى سۇلالە قو-شۇنلىرىنى قىرىپ تاشلىدى . توڭگۇەن ئۆتكىلىنى ساقلاۋاتقان قىسىملار بۇنداق زور پاجىئەنىڭ خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىز-لەندى ۋە ئۇرۇش قىلمايلا ئۆز ئىستىھكاملىرىدىن چېكىنىپ چىقتى . شۇ-نىڭ بىلەن 756 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى توپىلاڭچىلار شەنشى تەۋەسىدىكى جايلارغا بېسىپ كىردى .

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تاڭ شۈەنزۇڭدىن قورقۇپ ياكى ئۇنىڭ يـۈز ـ خاتىرىنى قىلىپ ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن ئەمەلدارلار ئەمدى ھەر تەرەپتىن غەزەپلىك چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلىدى :

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ياڭ گۈيفېي بىلەن ياڭ گو-جۇڭنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ .

— شـۇنداق ، ئۇلار ئىككىسى شۈەنزۇڭ خاننىڭ بېشىنى ئايلان-دۇرۇپ ، ئوردا ئىچىگە ئۆزلىرىنىڭ كارغا كەلمەس تۇغقانلىرىنى توشتۇ-رۇۋەتتى .

— سۇلالە ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن سان-غۇنلار ، ئادىل ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۆز بىلىمى ۋە ئىقتىدارىنى ئىشقا سې-لىۋاتقان قەلەمكەشلەر ناھەق چەتكە قېقىلدى . شۇ سەۋەبتىن بىز ئوردا

ئىچىدىمۇ ، جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق .

— توغرا ، ئەمدى بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ . ئەن لۇشەننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، ياڭ گۇيفېي بىلەن ياڭ گوجۇڭنى ئورددىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك ! شۇنداق قىلمىساق توپىلاڭغا قاتنىشىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ .

كونا ئەمەلدارلارنىڭ خاھىشى ئەنە شۇنداق ئىدى . لېكىن ، قېرىغانسېرى ئىشق - ھەۋەسى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان تاڭ شۈەنزۇڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك توقلىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيتتى .

ئوردا ئىچىدە بوران كېلىپ چىقتى . ياڭ گوجۇڭ تەرەپدارلىرى بىلەن ئۆكتىچىلەر ئاشكارا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈندى ، بىرلىك بۇزۇلدى . پادىشاھنىڭ گېپى ئۆتمەس بولۇپ قالدى .

زەپەر قۇچۇپ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئەن لۇشەن قوشۇنى چاڭئەن شەھىرىگە كۈندىن - كۈنگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . ئەمدى غەربىي ئاستانىنى قوغداپ قېلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلدى . تاڭ شۈەنزۇڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق جەمەتى ۋە مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى باشلاپ ، ياڭ گۇيفېي ۋە ياڭ گوجۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا سىچۇەن تەرەپكە قاچتى . لېكىن ، شۈەنزۇڭ خانىنىڭ ئوغلى لىخېڭ ئۇلار بىلەن ماڭمىدى . ياڭ گوجۇڭ ۋە ياڭ گۇيفېيلار بىلەن قەتئىي چىقىشالمايدىغان ۋە شۇ ۋەجىدىن ئاتىسىغا خاپا بولۇپ يۈرگەن بۇ خانزادە ئۆزىگە قاراشلىق قوشۇننى باشلاپ شىمال تەرەپكە يول ئالدى ۋە سۇفاڭ ئايمىقىنىڭ ھىراۋۇلى گوزىيى سانغۇن بىلەن بىرلەشتى .

قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلۇش خەۋپى ئاستىدا تۇراتتى . پادىشاھ توپىلاڭنى باستۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى ۋە سىچۇەننىڭ چەت - خىلۋەت جايلىرىدىن پاناھ ئىزلەپ ، توختىماي قېچىپ كېتىۋەردى . لېكىن ، ئاستانىدىن يىراقلاشقانسېرى مۇھاپىزەتچى قوشۇندىكى قوماندانلارمۇ ۋە جەڭچىلەرمۇ تاڭ شۈەنزۇڭغا ئىتائەت قىلمايدىغان بولۇۋالدى . سىچۇەن يېرىدىكى بىر ئورماندا كېتىۋاتقاندا جەڭچىلەر ئوچۇق - ئاشكارا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ماڭغىلى ئۇ-

نىمىدى .

— ياڭ گۇيفېينى دەپ جېنىمىزنى سېلىپ بېرىشنى خالىمايمىز ! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار قىلىچ ، نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، تاڭ شۈەنزۇڭ بىلەن ياڭ گۇيفېي ئولتۇرغان مەپىگە دېۋەيلەپ كەلگىلى تۇردى .

مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى .

— تىنچلىنىڭلار ، تەرتىپ - ئىنتىزامنى بۇزماڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ، — سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار ئورۇنلۇق ، لېكىن تەرتىپنى بۇزۇشقا بولمايدۇ . بىز بۇ مەسىلىنى مەردلەرچە بىر تەرەپ قىلىمىز .

شۇ گەپ بىلەن سەركەردە ئاتتىن چۈشتى ۋە خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيىپ ، يانلىرىغا قىلىچ ئاسقان بىر نەچچە چاۋۇشنى① ئەگەشتۈرۈپ ئىككىنچى مەپىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە :

— ياڭ گوجۇڭ ھەزرەتلىرى ، — دەپ چاقىردى .

چىرايى تاتىرىپ ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن باش ۋەزىر ياڭ گوجۇڭ مەپىدىن ئاۋايلاپ يەرگە چۈشتى . سەركەردە ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قەدەم يېقىنلاپ كېلىپ ، كەسكىن تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى :

— ھەزرىتىم ، قوشۇنىمىز ۋە ئوردا ئەھلىگە ۋاكالىتەن سىزگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى ، بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ ھاياتى ۋە شان - شەرىپى ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈشىڭىز شەرت . دەرھال ئىجرا قىلغايسىز .

ياڭ گوجۇڭ ھېچكىمگە قارىيالماي ئۇزاققىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سۈكۈت قىلدى . پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭمۇ ئۆزىنىڭ مەپىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ سەركەردىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىدى ۋە ئىككى مەھرەمنىڭ يۆلىشى بىلەن يەرگە چۈشتى . ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان باش ۋەزىر ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ھىماتچىسى بولغان شۈەنزۇڭ خانغا نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن قاراپ باقتى . ئاق ساقاللىق پادىشاھ ھەددىدىن

① چاۋۇش — ئوفىتسېر ( قەدىمكى تۈركىي تىلدا ) .

زىيادە قورقۇپ كەتكەنلىكتىن زۇۋان سۈرەلمەي غال ــ غال تىترەپ تۇراتتى. ياك گوجۇڭنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

ــ خان ئالىيلىرى، ــ دېدى ئۇ چۇشكۈنلەشكەن ئاۋازدا، ــ بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ تەقدىرى مېنىڭ هاياتىمغا باغلىق بولسا سۆلالىگە سادىق جېنىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن.

تاڭ شۈەنزۇڭ يەنە ئېغىز ئاچمىدى. سەركەردە ۋە چاۋۇشلار هۆكۈمنىڭ ئىجراسىنى كۈتۈپ، باش ۋەزىرگە سوغۇق ۋە سۈرلۈك قىيا-پەتتە قاراپ تۇرۇشاتتى. ياڭ گوجۇڭ بېشىدىكى ئەمەل بۆكىنى ئىككى قولى بىلەن ئاستا ئېلىپ، هۆكۈم ئىجرا قىلغۇچى سەركەردىگە بەردى. سەركەردىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر چاۋۇش قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئارغامچىنى يالىڭۋاش تۇرغان باش ۋەزىرگە ئۇزاتتى. ياڭ گوجۇڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئارغامچىنى ئالدى ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ بىر يوغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى. هېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى، هېچكىم ئۇنىڭ يېنىغا كەلمىدى. ياڭ گوجۇڭ سىرتماق قىلىپ تەييارلانغان ئارغامچىنى دەرەخنىڭ چوڭ شېخىغا ئارتىپ باغلىدى، ئاندىن نېرىدا ياتقان يوغان تاشنى تەستە كۆتۈرۈپ كېلىپ، دەرەخنىڭ تۈۋىگە قويدى ۋە شۇ تاشنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ سىرتماقنى بوينىغا سالدى. بىر ئەسكەر يۈگۈرۈپ كېلىپ تاشنى ئۇنىڭ پۇتلىرى ئاستىدىن ئېلىۋەتتى، ياڭ گوجۇڭنىڭ بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالغان گەۋدىسى بىر نەچچە قېتىم تىپىرلاپ توختاپ قالدى.

مەيدىن چىقماي ئۆلتۈرغان ياڭ گۈيفېينىڭ ئەسەبىيلەرچە چىر-قىراپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى.

ــ بولدى، ئىش تامام، ــ دېدى سەركەردە ۋە ئەس ـ هوشىنى يوقىتىپ، بەئەينى تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قالغان تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ نېمە؟ يەنە نېمە گېپىڭىز بار؟ ــ دېدى پادىشاھ كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ.

ــ ئەمدى ئۆزلىرى بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىش بار، خان ئالىي-

لىرى ، ـــ دېدى سەركەردە ، ـــ ياك گوجۇك يوقالدى ، بىزگە شۇ كۇ-
پايە ، ئەمدى ھېچكىم ئۆلمەيدۇ .

ـــ ياق ! بولمايدۇ ! ـــ ئەتراپتا تۇرغان ئەسكەرلەر ئىچىدە ئالد-
توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى ، ـــ ياڭ گۇيفېيىنىمۇ يوقىتىش كېرەك ! ياڭ گۇي-
فېينى ئۆلتۈرەيلى !

ھەش - پەش دېگۈچە ئەسكەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلىپ
كېلىپ ياڭ گۇيفېينى مەيدىن سۆرەپ چۇشۇردى - دە ، ئىنچىكە يىپەك
تانا بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى بوغۇپ ئۆلتۈردى .

تاڭ شۇەنزۇڭ شۇ تاپتا يا ئۆلۈك ، يا تىرىك ئەمەس بولۇپ ،
ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇدەك ۋە ياكى باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغۇدەك
ھالى قالمىغانىدى . ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك قايتا مەيگە ئولتۇرغۇ-
زۇشتى ۋە سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ ، تاغ چوققىسىدىكى بىر قەلئەگە
كەلگەندە توختاشتى .

ھېلىقى سەركەردە تاڭ شۇەنزۇڭنىڭ ئالدىغا كەلدى .

ـــ ئەمدى تەختنى خانزادە لىخېڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، مۇشۇ
قەلئەدە تۇرغايلا ، ـــ دېدى ئۇ مۇددىئانى ئۇدۇللا بايان قىلىپ .

ـــ ماقۇل ، ـــ دېدى تاڭ شۇەنزۇڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

ئەنە شۇ كۇنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن مەملىكەتكە داڭقى پۇر كەت-
كەن ئەن لۇشەن زەپەر قۇچۇپ قاناتلانغان ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ، تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئىگىسىز قالغان غەربىي ئاستانىسى چاڭئەن شەھە-
رىگە داقا - دۇمباق سادالىرى ئىچىدە ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلدى .
شۇنداق قىلىپ ، دۇنيا تارىخىدا كۈچ - قۇدرىتى مەشھۇر بولغان تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ھەر ئىككىسى ئاستانىسى ئەن لۇشەننىڭ قولىغا ئۆتتى .

سۇفاڭ ئايمىقىنىڭ لىڭۋۇ دېگەن يېرىدە خانزادە لىخېڭ پادىشاھ
دەپ جاكارلاندى . ئۇنىڭ سەلتەنەت نامى « تاڭ سۇزۇڭ » دەپ ئا-
تالدى . بۇ يېڭى پادىشاھ سۇفاڭ ھىراۋۇلى گوزىيى ۋە غەربىي قوشۇنلار
باش قوماندانى لى سىيۆ بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ، توپىلاڭچىلارغا تاقا-
بىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزدى . خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى قى-

سىملارنىڭ باش قوماندانى بارغۇت خۇيۇن ئۇلارغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇزۇڭغا سادىق بولغان بۇ سەركەردىلەر ئەن لۇشەن قىسىملىرىغا قارشى بىر قاتار جەڭلەرنى قىلدى. ئاخىر بىر كۈنى گوزىيى سۇزۇڭ خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— سۇلالە قوشۇنلىرى بەك چېچىلىپ تارقىلىپ كەتتى، — دېدى ئۇ، — ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدىكى كۈچ بىلەن توپىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرۇش تەس. مېنىڭچە، ئۇيغۇر خانلىقى قوشۇن ئەۋەتىپ ئەن لۇشەنگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان بولسا ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكىلى بولىدۇ.

ئەجدىھا شەكلى كەشتىلەنگەن سېرىق شاھانە تون كىيىپ، خۇددى شۇنداقلا سېرىق ئەجدىھا سۈرىتى سىزىلغان يۇمىلاق شىرە يېنىدا ئولتۇرغان تاڭ سۇزۇڭ خىيالچان كۆزلىرى بىلەن گوزىيىغا قاراپ ئاستا ئورنىدىن قوپتى ۋە قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭغىلى تۇردى.

— پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دېدى ئۇ گوزىيىنىڭ ئالدىدا توختاپ، — دەرھال ئۇيغۇر قاغانىغا ئادەم ئەۋەتەيلى. سىزنىڭچە، كىمنى ئەۋەتسەك بولار؟

گوزىيىنىڭ چىرايىدىن چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— خان ئالىيلىرى مۇۋاپىق كۆرسە، — دېدى ئۇ ھەربىر سۆزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ، — توققۇز ئادەمنى ئەۋەتەيلى. ئۇيغۇرلار توققۇز سانىنى خاسىيەتلىك سان دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر قاغانىنىڭ توققۇز ۋەزىرى بار، قاغان سەپەرگە چىققاندا توققۇز تۇغ كۆتۈرۈلىدۇ. بىز توققۇز ۋەكىل ئەۋەتسەك ئۇلارنى ھۆرمەت قىلغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ توققۇز ئادەمنىڭ بىرى سانغۇن بارغۇت خۇيۇن بولسۇن. بۇ زات ئۇيغۇرلارنىڭ بايانچۇر قاغانى بىلەن قۇدا كېلىدۇ. بايانچۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدىگەن شۇ بارغۇت خۇيۇننىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن.

— شۇنداق ، — تاڭ سۇزۇۋاتقاندا باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بارغۇت خۇيۇنمۇ ئۇيغۇر . توغرا ، بارغۇت خۇيۇن بارسۇن . ئۇنىڭدىن باشقا بارىدىغانلارنىمۇ سىز تەيىنلەڭ . ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ ، تامىزات بېكىتىلگەندە ماڭا مەلۇم قىلغايسىز .

— باش ئۈستىگە ، خان ئالىيلىرى ، — دېدى گوزىيى ۋە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئونىنچى باب

## ئاخىرقى ئۈمىد ئورخۇندا

قۇتادمىش لوياڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە ھاۋا كۆرۈنەرلىك ئىسسىپ، پاتقاق يەرلەر قۇرۇپ قالغانىدى. كوچىلاردا تۈزۈك ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئارىلاپ توپىلاڭچى قوشۇن ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، قالايمىقان ۋارقىرىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. تېنەپ يۈرگەن لالما ئىتلار ئۆلارنى كۆرگەندە يول بويىدىكى ئەخلەت - چاۋارلارنى ئاختۇرۇشنى قويۇپ، قايسىدۇر بىر ئىنىس - جىن كۆرۈنمەيدىغان كوچىلارغا ياكى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرنىڭ خارابىلىرى ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ غايىب بولاتتى. ھەممە يەردە سۇنۇپ كەتكەن ھارۋا، ماكچىيىپ كەتكەن سېۋەت، كېسەك پارچىلىرى، ساپال سۇنۇقلىرى دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. بۇ ۋەيرانە كوچىلاردا ئاندا - ساندا پەيدا بولۇپ قالىدىغان پۇقرالار ۋەھىمە ئىپادىسى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىغا ئىتتىك قاراپ قويۇپ، غىپپىدە ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە قايسىدۇر بىر ھويلىغا كىرەتتى - دە، دەررۇ ئىشىك - دەرۋازىلىرىنى چىڭ تاقىۋالاتتى. ھېچقانداق يەردە بىرەر دۇكان، ئاشپۇزۇل ۋە چايخانىمۇ ئېچىلمىغانىدى.

قۇتادمىشنى سۈر باستى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى قايسى تەرەپكە بۇراشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت بىر چەتتە ئادەم ئاۋازى ئاڭلاندى. قۇتادمىش بۇرۇلۇپ شۇ تەرەپكە قارىدى. كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئەسكى تاملىقتا ئۇستىۋېشى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن تۆت ئادەم ئولتۇراتتى. قۇتادمىش ئۆلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئاتتىن

چۈشۈپ سالام بەردى .

— سىلەر نېمە ئادەم ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئولتۇرىسىلەر ؟ ئۆ-يۈڭلار يوقمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— سەن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن يولۇچى ئوخشايسەن ، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بولغان ئۆچكە ساقاللىق بىرى ، — بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەمسەن ؟ ئۆي - ماكانسىز قال-دۇق . كۆرمەيۋاتامسەن ؟

— مەن بۇ شەھەرگە بۈگۈن كەلدىم ، — دېدى قۇتادمىش ، — بۇ يەردە نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكىنىدىن خەۋىرىم يوق . نېمە ئۈچۈن ئۆي - ماكانسىز قالدىڭلار ؟

— ھەي ، ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسەن - دە ، — دېدى ھېلىقى ئۆچكە ساقاللىق كىشى بېشىنى چايقاپ ، — ياخشىسى ، بۇ يەردىن تېز-رەك كېتىۋالغىن ، يولۇچى . بالاغا قالىسەن . ساڭا ئوخشاش ياشلارنى ئۇلار يا ئەسكەرلىككە ، يا ھاشارغا تۇتۇپ كېتىدۇ . بىزگە ئوخشاش قېرى ، كېسەلچان كىشىلەر مانا مۇشۇ كوچىگە قالدۇق . بەزىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىمىزگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشتى ، بەزىلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرى-مىزنى تارتىۋېلىشتى . شۇڭا ، تىلەمچىلىك قىلىپ ، مۇشۇنداق خاراب-لىكتە جان ساقلاۋاتىمىز .

يەنە بىر ئاۋاق ، كېسەل چىراي ئادەممۇ سۆزگە ئارىلاشتى :

— ئۇلار شەھىرىمىزنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە ئاھالىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى . ھېچ نەرسىمىزنى قويماي تارتىۋېلىشتى . نۇرغۇن تەلەيسىز كىشىلەر ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى ئاستىدا ئۆلدى ... ئۇلار يەنە نۇرغۇن قىز - چوكانلارنى قۇل قىلىپ ئېلىپ كېتىشتى ...

— ئۇلار دېگىنىڭلار ئەن لۇشەننىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ؟ — سورىدى قۇتادمىش .

— شۇلار بولماي كىم بولاتتى ، بىلىدىكەنسەنغۇ . بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋالغىن ، يىگىت .

قۇتادمىش كېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىدى . يان كوچىدىن بىر توپ

www.uyghurkitap.com

ئاتلىق ئەسكەرلەر چىقىپ كەلدى .

ــ نەدىن كەلگەن ئادەمسەن ؟ ــ دەپ ۋوپال توۋلىدى ئۇلاردىن بىرى قۇتادمىشقا قاراپ .

ــ ماسمادار ئىسملىك بىر تۇغقىنىم سىلەرنىڭ قوشۇندا ئۇن بېشى ئىدى . شۇنى ئىزلەپ كەلدىم ، ــ دېدى قۇتادمىش ئۆزىنى دادىل تۇتۇپ ، ــ ئۇنى تونۇمسىلەر ؟ ئۇ ھازىر نەدە ؟

ــ قايسى ماسمادارنى دەيسەن ؟ ــ سورىدى ئەسكەرلەردىن بىرى ، ــ فەنياگدىن كەلگەن ماسمادارنى دەمسەن ؟ ئۇنىڭ ئىنەچۈك تاي ئىسملىك بىر قېرى تۇغقىنى بارمىدى ؟

ــ شۇنداق ، توغرا ، ــ دېدى قۇتادمىش .

ــ ھە ، ئۇنى تونۇيمەن ، ــ دېدى ھېلىقى ئەسكەر ، ــ فەنياگدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم .

ــ ئۇ ھازىر نەدە ؟

ــ ئۇ غەربكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن بىلەن چاگىئەن تەرەپكە كەتتى . ئۇنىڭ تۇغقىنى بولساڭ تېززەك بېرىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالغىن ، بۇرادەر .

قۇتادمىش ئۆز ئىچىدە « بۇ يەردە ھايال بولسام مېنى يەنە ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىشمىسۇن ياكى ئېتىمنى تارتىۋېلىشمىسۇن » دەپ ئويلىدى ـ دە ، چىلان تورۇقنا مىنىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتى . شۇ ماڭغانچە يول بويىدا ئۇچرىغان يېزا ـ كەنتلەردە توختاپ ھاردۇق چىقىرىپ ، دۈچ كەلگەن ئورمانلىق ۋە دالا ـ تۈزلەڭلەردە توشقان ، كەكلىك ، بۆدۈنىدەك جانىۋارلارغا قاپقان قويۇپ ئوزۇق ـ تۈلۈكنى غەملەپ ، كۈنپېتىش تەرەپكە كېتىۋەردى . ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغان قوشۇنلاردىن ماسمادارنى سۈرۈشتۈردى . ئىككى قېتىم ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى ، ئېپىنى كەلتۈرۈپ يەنە قېچىپ كەتتى . ئۇ ئەنە شۇنداق ئوگۇشلۇق قېچىپ قۇتۇلغان چاغلىرىدا ئۆزىنى تەلەيلىك دەپ ھېسابلايتتى . « ئاتام بوتاسۇن بۇقىنىڭ پاك روھى ماڭا مەدەت بېرىۋاتىدۇ » دەپ ئويلايتتى ئۇ . ھالبۇكى ، ئۇزۇن يوللاردا تەنھا كېتىۋېتىپ غېرىبسىنغان

چاغلىرىدا ئۆزىنى ئەڭ بەختسىز ئادەمدەك ھېس قىلاتتى. ئېغىر ئېچكى كەچۈرمىشلەر ئۇنى ئازابلايتتى.

« بىر يىل بولدى خۇددى قاچقۇن جىنايەتچىدەك ھەرياقلارغا قاتراپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن، — دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى ئۇ، — شۇنچە تارتقۇلۇقنى تارتىپ، كۆرگۈلۈكنى كۆرۈپمۇ مەقسەت - مۇددىئالىرىم ئەمەلگە ئاشمىدى. تارتقان جاپالىرىم شۇ بىر ئادارقىز ئۈچۈن ئىدىغۇ. ئۇنى يەردىن بولسىمۇ، ئاسماندىن بولسىمۇ تاپماي قويمايمەن دەپ، تاغنى تالقان قىلغۇدەك غەيرەت بىلەن ئاتلىنىپ چىققانىدىمغۇ. ئاخىر ئادارقىزنىمۇ تاپتىم، لېكىن ئاقىۋەتتە بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىدىمغۇ ».

شۇنى ئويلىسا ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ، كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى. « بۇ دۇنيادا ماڭا يەنە نېمە كېرەك ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئورخۇنغا قايتىپ كېتەيمۇ يا ؟ ياق، ماسمادار دېگەن ۋەھشىي مەلئۇننى مۇشۇنداقلا قويۇۋەتسەم ئادارقىزنىڭ روھى مەندىن رازى بولمايدۇ. ئەنە چۈك تايمۇ خاتىرجەم ياتالمايدۇ. مەنمۇ ئۆمۈر بويى ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالمايمەن ».

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ ماسمادارنى چاڭئەندە تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئەگەر ئۇ ئۆلمىگەنلا بولسا ...

قۇتادمىش چاڭئەننى ئىسگە كەلتۈرسىلا ھېلىقى قوردانلىق ئۇسسۇلچى قىز ئايتولۇن كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ئۇ قىز ھازىرمۇ چاڭئەندە بارمىدۇ ؟ ئامان - ئېسەن تۇرغانمىدۇ ؟ توپىلاڭچىلار قوردانلىق سەنئەتچىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەنمىدۇ ؟ ياكى ئۇ سەنئەتچىلەر چاڭئەندىن قېچىپ كەتكەنمىدۇ ؟ بۇ دەھشەتلىك مالىمانچىلىققا تولغان كۈنلەردە نېمىلەر بولۇپ كېتىشىنى ئالدىنئالا كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن ؟

سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا كۈنلەر ئۆتىۋەردى. ھەممە يەردە مالىمانچىلىق بولغاچقا خاتىرجەم يۈرگىلى بولمايتتى. بەزى جايلاردا

ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ تەرىقىدە كۆكلەم پەسلى ئۆتۈپ يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى يېتىپ كەلدى.

تىنىق ئاسماندىكى تومۇز قۇياش ھاۋانى شەپقەتسىزلىك بىلەن قىزدۇرماقتا ئىدى. ئېرىق - ئېقىنلار قۇرۇپ، تېرىقسىز قالغان ئېتىزلار قاغجىراپ كەتكەنىدى. قۇتادمىشنىڭ ماڭلاي ۋە بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ئوڭ ياندىن ئىزمىلىنىدىغان ئاق بوز كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى كەڭ ئېچىۋەتتى، دولقۇنسىمان ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى ئۈستىدىن شەلپەر ياغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىۋالدى. چىلان تورۇق ئاتمۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا كېتىۋاتاتتى. «چاڭئەنگە ئاز قالدى، — دەپ ئويلىدى قۇتادمىش، — ئەتە كەچكىچە يېتىپ بېرىشىم مۇمكىن».

ئۇشتۇمتۇت قۇتادمىشنىڭ تەجرىبىلىك قۇلاقلىرىغا نۇرغۇنلىغان ئات تۇياقلىرىنىڭ يىراقتىكى دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ سەگەكلىشىپ بېشىنى كۆتۈردى. دېگەندەك، ئالدى تەرەپتىن، يەنى چاڭئەن تەرەپتىن مىڭلىغان ئاتلىق ئادەملەر ئۇپۇقنى توسۇپ چىقىپ كەلدى. قۇتادمىشنىڭ ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىدى. ئۇنىڭ ئېتى ئۇزۇن يوللاردا چارچىغان، پىژغىرىم ئاپتاپتا ئۇسسىغان، ھېلىمۇ ئاران مىدىرلاپ كېتىۋاتىدۇ.

بۇلار كىم؟ قۇتادمىش ئاتنى توختاتتى ۋە قولى بىلەن ئاپتاپنى توسۇپ، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارغا سىنچىلاپ كۆز تىكتى. قارىغاندا، بۇلار توپىلاڭچى قوشۇنغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارمۇ قۇتادمىشنى كۆردى بولغاي، توپ ئىچىدىن ئىككى چەۋەنداز ئايرىلىپ چىقىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلدى.

— كىم سەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن بىرى يېقىن كەلگەندە ئېتىنى توختىتىپ.

قۇتادمىشمۇ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەچكە قانداق جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى ئاڭقىرالماي، ئىككى چەۋەندازنىڭ كەينىدىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان توپقا نەزەر سالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىلىچ، نەيزە،

ئوقيا ، گۇرزە قاتارلىق ياراغلار بىلەن قوراللانغان چەۋەندازلارمۇ ھەم كېلەڭسىز كۆتەك ھارۋىلاردا چايقىلىپ ئولتۇرۇشقان ئاياللار ، بالىلار ۋە قېرى - چۈرىلەرمۇ بار ئىدى .

— چاڭئەنگە بارماقچىمەن ، — دېدى قۇتادمىش نەزىرىنى ئۆز ئالدىدا تۇرغان ئىككى چەۋەندازغا يۆتكەپ .

شۇ ئەسنادا باشقا چەۋەندازلارمۇ يېتىپ كېلىپ قۇتادمىشنى قورشىۋالدى .

— چاڭئەنگە نېمە قىلغىلى بارىسەن ؟ — دەپ سوراشتى ئۇلار ، — ئەن لۇشەننىڭ توپتىن چۈشۈپ قالغان ئەسكىرىمۇ يا سەن ؟

« ئۇلار ئەن لۇشەننىڭ ئادەملىرى ئەمەس ئىكەن » دەپ ئويلىدى قۇتادمىش ۋە يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ ، دادىل جاۋاب بەردى :

— يوقسۇ ، مەن ھېچقانداق قوشۇننىڭ ئادىمى ئەمەس . ئورخۇن بويلىرىدىن كېلىپ قالغان بىر مۇساپىرمەن . چاڭئەندە دوستلىرىم بار ئىدى ، شۇلارنى ئىزلەپ كېتىۋاتىمەن .

— دوستلىرىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر ؟

— ئۇلار قوردانىدىن كەلگەن سەييارە سەنئەتچىلەر . ئۇلارنى كۆرگەنمۇ سىلەر ؟

— كۆرسەكمۇ كۆرگەندۇق . چاڭئەنگە ھەر خىل سەييارە سەنئەتچىلەر دائىم كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ .

— ھازىر ئۇ يەردىكى ئەھۋال قانداق ؟ ئەن لۇشەن قوشۇنى شەھەرنى ئىشغال قىلالىدىمۇ ؟

— ئۇلار شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىشتى . سېنىڭ سەنئەتچى دوستلىرىڭ قانداق بولۇپ كەتتىكىن تاڭ .

— سىلەر نەدىن كېلىۋاتىسىلەر ؟

— مانا بىز چاڭئەندىن قېچىپ چىقتۇق . سۇلالە قوشۇنلىرى پادىشاھ بىلەن بىللە شەھەرنى تاشلاپ بېرىپ كېتىشتى . ئەن لۇشەن شەھەرگە جەڭ قىلمايلا كىردى . چاڭئەن خەلقى ھېچقاچان بۇنداق

www.uyghurkitap.com

دەھشەتلىك پاجىئەنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . بۈيۈك ئاستانىمىز قان ـ ياشقا تولدى . بولايدىغان ھېچ نەرسە قالمىغاندا كوچىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ، ياش ـ قېرى ، ئەر ـ ئايال دېمەي ھەممىسىنىڭ ئۈستۈېشىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ ، ئاندىن تۇغما ھالەتتە قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇشتى . ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئەسكى قەغەزلەر بىلەن يېپىپ يۈرىدىغان كۈنگە قالدى . بىز ئاخىر زۇلۇمغا چىدىماي قوزغىلىپ چىقتۇق . بىز ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتۇق . شەھەر ئاھالىسى ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلدى . بىز جېنىمىزنى تىكىپ قويۇپ قاتتىق جەڭ قىلغان بولساقمۇ ، ئاخىر تەڭ كېلەلمىدۇق . توپىلاڭچىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى . ئۇلار ئاھالىنى بۇرۇنقىدىنمۇ دەھشەتلىك قىرغىن قىلىشقا باشلىدى . بىز ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ، خوتۇن ـ بالىلىرىمىزنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدۇق . قېچىپ قۇتۇلالىغانلىرىمىز مانا مۇشۇ .

قۇتادمىش توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن لوياڭ ئاھالىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرگەنىدى . شۇڭا ، چوڭقۇر ھېسداشلىقى ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بۇ بەختسىز كىشىلەر توپىغا بىرقۇر قاراپ چىقتى . ھەممىسىنىڭ چىرايلىرىدا تەڭداشسىز غەم ـ قايغۇ ئىپادىلەنگەن . چارچىغان ، ئېچىرقىغان ، ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىلەر . ئۇلارنىڭ ئىچىدە تابغاچلارمۇ ۋە باشقا ھەر خىل تائىپىلەرنىڭ ئەزالىرىمۇ بار ئىدى .

ــ سىلەر ئەمدى نەگە بارماقچى ؟ ــ سورىدى قۇتادمىش .

ــ ئاڭلىساق ، چاڭئەندە ئۇلتۇراقلىشىپ قالغان تۈركلەرنىڭ ئاشىنا قەبىلىسىدىكى بىر بەگزادە ئەن لۇشەنگە قارشى چىقىپتۇ . ئۇلار ھازىر شەھەر ئەتراپىدىكى جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىۋېتىپتۇ . بىز شۇلارغا قوشۇلايلى دەپ كېتىۋاتىمىز . ياخشىسى ، سەنمۇ بىز بىلەن ماڭ ، يىگىت . بۇ كۈنلەردە شەھەرگە كىرىش بەك خەتەرلىك . جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن .

قۇتادمىش ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوقتەك تۇرىدۇ. مەنمۇ سىلەر بىلەن كېتەي.

شۇنداق قىلىپ، تەقدىرنىڭ شاملى مۇھەببەت يولىدا سەرسان بولغان قۇتادمىشنى ئۆتكۆكەن تاغلىرىدىن ئۇچۇرتۇپ ئايلاندۇرۇپ كېلىپ، ئاخىر مۇشۇ ناتونۇش دەردمەن كىشىلەر توپىغا قوشۇپ قويدى. ئۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئاشىنا تۈركلىرىنىڭ قوشۇنىنى تاپتى ۋە ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، ئەن لۇشەن قىسىملىرى بىلەن بولغان بىر نەچچە قېتىملىق كىچىك دائىرىدىكى قوراللىق توقۇنۇشلارغا قاتناشتى. كېيىن ئەن لۇشەن قىسىملىرى جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. كەڭ دالاغا ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ جەسەتلىرى تېرىلىپ كەتتى. ناھايىتى ئازلا بىرقىسىم ئادەملەر قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇلارنىڭ ئىچىدە قۇتادمىشمۇ بار ئىدى.

— ئەمدى نەگە بارىمىز؟ — دەپ باش قاتۇردى ئۇلار ۋە ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بىر قارارغا كېلىشتى.

— ئەمدى ئورخۇن بويلىرىغا كېتەيلى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا بارايلى.

× × ×

ئورخۇن دەرياسىنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيى، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياپيېشىل ئېدىرلار ۋە ئۇلارغا يىراق ئۇپۇقتا جىپسىلاشقان كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇتلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ سېھىرلىك مەنزىرىنى ھاسىل قىلاتتى. ئېدىرلار ئارىلىرىدا سان ـ ساناقسىز يىلقىلار ئۈيۈر ـ ئۈيۈر بولۇپ ئوتلاپ يۈرۈشىدۇ. بولۇق ئۆسۈپ كەتكەن ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىگە ئىشىكلىرى كۈنچىقىشقا قارىتىلغان ھەيۋەتلىك ئۈچ يىپەك چېدىر تىكىلگەن. ئوتتۇرىدىكى چېدىرنىڭ ئالدىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق تىكلەنگەن. ئۈچ چېدىرنى چۆرىدىتىپ ھەر خىل رەڭلەردىكى توققۇز

تۇغ باغلانغان. قوتازنىڭ قۇيرۇقلىرى ۋە بۆركۈتنىڭ قاناتلىرىمۇ ئېگىز خادىلارغا ئېسىپ قويۇلغان. ئەتراپتا ئۇزۇن نەيزە تۇتقان قوروقچىلار ئايلىنىپ يۈرمەكتە. چېدىرلار ئالدىدىكى ئوتلاقتا تەكلىمات ۋە گېلەملەر سېلىنغان بولۇپ، شامان، باخشىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇيغۇر ئېلى-نىڭ ئاقساقال - مۆتىۋەرلىرى گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ھەممە ئالامەتلەردىن بۈگۈن بۇ يەردە چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغانلى-قىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

سول تەرەپتىكى چېدىردىن بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان چىقىپ كەلدى. ئۇ ئاق كىرگەن ئۇزۇن چاچلىرى ئۈستىدىن قىزىل رەڭلىك يالتىراق يىپەك ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان، قويۇق ئۆسكەن چار ساقىلى سىلىق تارالغان بولۇپ، ئۇچىسىغا سېرىق گۈللۈك بېغىررەڭ تاۋار تون، پۇتلىرىغا ئۇچلۇق يېڭى قارا ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئومۇمەن، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ۋە بولۇپمۇ بۈگۈن ئالاھىدە تەنتەنى-لىك تۈس ئالغان چىرايىدىن بولغۇسى مۇراسىمنىڭ مۇھىملىقى ۋە جىد-دىيلىكىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى.

شامانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى نەقىشلىك گېلەمدە قاتار ئولتۇرۇشقان ئۈچ خانزادە ۋە توققۇز بۇيرۇق دەررۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قاغانغا ھەمراھ بولۇشتى ۋە ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە ئوتتۇرىدىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك چوڭ چېدىرغا كىرىشتى. گۈللۈك يوپۇقى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغان چېدىر ئىشىكىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئوردا بىتىكچىسى① تۇپەك ئالپ شۇل ياغلاقار شامانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرغان ئاتلىق چاپارمەنگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۈۋلىدى:

— ئەمدى كەلسۇن، چاقىرىپ كەل!

ياش چاپارمەن ئۇچقۇر قولا ئارغىماقنى قويۇندەك چاپتۇرغان پېتى نېرىدىكى ئېدىرلار ئىچىدە غايىب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇپەك ئالپ شۇل گېلەم ئۈستىدىكى ئېيىق تېرىسىدە چازا قۇرۇپ، خۇددى قا-تۇرۇپ قويۇلغاندەك قىمىر قىلماي ئولتۇرغان شامانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ

---

① بىتىكچى — پۈتۈكچى، كاتىپ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

تىزلاندى .

ـــ ئەمدى گۈلخاننى ياقساق بولىدۇ ، ـــ دېدى ئۇ ئىھتىرام بىلەن بېشىنى ئېگىپ .

قويۇق چاڭگا ساقاللىق شامان ئۈزۈن تونىنىڭ پەشلىرىگە پۈتلىشىپ ۋە ئۈستۈپىشىغا ئېسىۋېتىلگەن ھەر خىل قوڭغۇراق ۋە تۇچ قاداقلارنى شاراقلىتىپ ئورنىدىن قوپتى . قوي تېرىسىدىن جىلتكە كىيگەن بىر مۇلازىم لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان مەشئەلنى ئۇنىڭغا بەردى . شامان مەشئەلنى قولىغا ئېلىپ ، قاغان كىرىپ كەتكەن چوڭ چېدىرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى مەيدانغا قۇرۇق شاخلارنى رەتلىك تىزىپ تەييارلاپ قويۇلغان گۈلخانغا ئوت ياقتى . قۇرۇق شاخلار چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى .

ـــ مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن ئوردا ئالدى پاكلانسۇن ! ـــ دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى تۆپەك ئالپ شۇل ياغلاقار ۋە يەنە شامانغا ئىھتىرام بىلدۈرۈپ بېشىنى ئەگدى .

چاڭگا ساقاللىق شامان ئوت يالقۇنلىرىغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغىلى تۇردى . قاتار تىزىلىپ ئولتۇرۇشقان باخشىلارمۇ باشلىرىنى رىتىملىق لىڭشىتىپ ، ئاھ ئۇرغاندەك بوغۇق سادا چىقىرىپ « ھۇم ! ھۇم ! » دەپ قويۇشاتتى . گۈلخان ئوتى ئۇلغىيىپ ، ئۇچقۇن چاچرىتىپ ، گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى . مۇلازىملار گۈلخانغا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئوتۇن تاشلاپ ، ئوتنى يەنىمۇ ئۇلغايتىپ تۇراتتى . باخشىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، داپ ـ دۇمباقلىرىنى داراڭلىتىپ ، گۈلخان ئەتراپىدا ئايلانغىلى تۇردى . شامان ھەرىكەتكە كەلدى . ئۇ پۈتۈن بەدىنىنى سىلكىپ ، تىترىتىپ ، جىن قوغلاش ئۇسسۇلىنى ئوينىغىلى تۇردى . گۈلخان يالقۇنلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ، لاۋۇلداپ كۆيمەكتە . باخشىلار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كۈچ بىلەن ئۇرۇۋاتقان داپ ـ دۇمباقلارنىڭ ساداسى ئەۋجىگە چىقتى . شامانىنىڭ ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى جىددىيلەشتى .

ـــ ئەي پاسىق جىن ـ ئالۋاستىلار ، بۇ يەردىن كېتىڭلار ! يىراقلارغا كېتىڭلار ! ـــ دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆ-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ پۇلاڭلىتىپ .

— كېتىڭلار ، كېتىڭلار ! — دەپ باخشىلار شامانغا دوست تارتىشىپ ۋارقىراشتى ، — تېز كېتىڭلار ! بولمىسا قۇيرۇقۇڭلارغا ئوت ياقىمىز ، ئوتقا تاشلاپ ئۆرتەيمىز ، ئوقيا بىلەن ئاتىمىز ، قىلىچ بىلەن چاپىمىز ، نەيزە بىلەن سانجىيمىز !

مۆتىۋەرلەر ۋە شۇ يەردە تەخ بولۇپ تۇرۇشقان قورۇقچىلار ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ قوپۇشتى . بەزىلىرى ھەر يانغا قارىتىپ ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈشتى ، بەزىلىرى قىلىچ ۋە نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلىشتى .

شامان قولى بىلەن نەلەرنىدۇر كۆرسىتىپ تەنتەنىلىك خىتاب قىلدى :

— ئەنە كەتتى ! جىن - ئالۋاستىلار قاچتى !

بىتىكچى تۇپەك ئالىپ شۇل ئوتتۇرىغا چىقىپ قولىنى كۆتۈردى .

— ئەمدى جىم بولايلى ! جىن - ئالۋاستىلار يوقالدى . مېھمانلار كەلسۇن !

ھەممەيلەن جىم بولۇپ ، يىراقتىكى ئېدىرلىقلار تەرەپكە كۆز تىكتى . بىر توپ ئاتلىقلار بۇ يەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى .

— تابغاچلار كەلدى . ئۇلارنى ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە كۈتۈۋالايلى ، — دېدى يەنە تۇپەك ئالىپ شۇل .

ئەڭ ئالدى بىلەن چاپارمەن يىگىت ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېلىپ ، بىتىكچىگە مەلۇمات بەردى :

— بۇيرۇققا بىنائەن بۇيۇك تاڭ دۆلىتىنىڭ ئەلچىلىرىنى باشلاپ كەلدىم . ئۇلار جەمئىي توققۇز ئادەم .

ئەلچىلەر ئۇيغۇر قورۇقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى . بىتىكچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاملاشتى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى :

— پېقىر شەۋكەتلىك بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى تۇپەك ئالىپ شۇل ياغلاقار بولۇرمەن .

قىممەتلىق تاۋار ـ دۇردۇنلارغا پۈركىنىپ ، باشلىرىغا ھەرخىل
ئەمەل بۆكلىرىنى كىيىشكەن تابغاچ ئەلچىلىرى ئەدەپ بىلەن كۈلۈمسى-
رەپ تەزىم قىلىشتى ۋە قوللىرىنى جۈپلەپ كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈ-
رۈشتى . ئۇلارنىڭ شالاڭ ساقاللىق ۋە قىسىق كۆزلۈك چىرايلىرىدىن
قىزغىنلىق ۋە دوستانىلىك ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى . بۇ توققۇز ئەلچى-
نىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ چىرايى باشقىچىرەك ئىدى . ئۇ ئوتتۇرا بوي ،
دىقماق كەلگەن ئادەم بولۇپ ، قارا قاشلىق ، كۆزلىرى يوغان ، قويۇق
ئۆسكەن قوڭۇر ساقىلىغا ئاق سانجىلغان ، پىشقەدەم ھەربىيلەرگە خاس
سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان كىشى ئىدى . ئۇ ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ،
تۈپەك ئالىپ شۇلغا يېقىن كەلدى ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىدى :
— بىز بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى تەڭرى ئوغلى تاڭ سۇ-
زۇڭ ئالىيلىرىنىڭ ئالاھىدە ھاۋالە قىلىشى بىلەن ئەل ئەتمىش بىلگە با-
يانچۇر قاغانغا سالام بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق .
— قارشى ئالىمىز ، خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمىز ، — دېدى
تۈپەك ئالىپ شۇلمۇ دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ ، ئاندىن ئۆزىنىڭ يې-
نىدا تۇرغان شامانغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن بۇ ئەل-
چىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى ، — بۇ زات قاغانىمىزنىڭ قۇدىسى ، ئىك-
كىنچى خانزادە ئىدىگەن قۇتلۇغ تارقاننىڭ قېيناتىسى مۆھتەرەم بارغۇت
خۇيۇن بولىدۇ .
شامان كۆزلىرىنى قىسىپ ، بارغۇت خۇيۇنغا زەن سېلىپ قارىدى
ۋە ئالاھىدە بىر خىل جىددىي قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
ئۈنلۈك خىتاب قىلدى :
— ئۇلار يىراقتىن كەلدى ، ئۇلارغا يول بويى نۇرغۇن جىنلار
چاپلىشىۋالغان ، ئۇلارنى پېرە ئوينىتىپ ، جىنلىرىنى ئوتتا كۆيـ-
دۈرۈش كېرەك .
بارغۇت خۇيۇن كۈلۈمسىرەپ ، سىپايىلىك بىلەن ئېتىراز بىلدۈ-
رۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى .
— مەن قاغاننىڭ قۇدىسى ، — دېدى ئۇ ، — پېرە ئويناش ھا-

چەتسىز . بىز ھەممىمىز دوستلۇقنى ، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەپ ، ياخشى نىيەت بىلەن كەلدۇق . تابغاچلاردا پېرە ئويناپدىغان ئادەت يوق .
شامان نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا چۈشەندۈردى :
— سەن بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى بىلمەيدىكەنسەن ، جىن - ئالۋاستىلارنى كۆرەلمەيسەن ، شامانلارنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمەيسەن . پېرە ئويۇناتماي تۇرۇپ قاغاننىڭ ئالدىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيمىز .
بارغۇت خۇيۇن بۇ گەپلەرنى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان خانزادە لى چىڭسەيگە تەرجىمە قىلىپ بەردى . تاڭ سۇزۇڭنىڭ چوڭ ئوغلى لى چىڭسەي ساقال - بۇرۇتلىرى تولۇق چىقىپ بولمىغان ئاقپىشماق ، مۇلايىم كۆرۈنىدىغان يىگىت ئىدى . ھالبۇكى ، ئۇ ياش بولسىمۇ ، سىياسىي سەزگۈرلۈكى يېتىلگەن ، مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىدىغان ، ئېھتىياتچان ئەمەلدار ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ بۇ قېتىمقى مۇھىم ۋەزىپىگە مۇشۇ خانزادىنى مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەنىدى .
خانزادە لى چىڭسەي شامانغا تەكەللۇپ بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى .
— بولىدۇ ، ئېتىقادىڭىزدەك قىلايلى . بىز ھەرقايسى قەبىلە - تائىپىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىمىز ، — دېدى ئۇ .
شامان ئەلچىلەرنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ ، قوڭغۇراق ۋە قاداقلىرىنى شاراقلىتىپ ، بەزىدە پىچىرلاپ ، بەزىدە ئۈن سېلىپ جىن قوغلاش ئۇسسۇلىنى ئويناپ چىقتى . باخشىلارمۇ ئەلچىلەرنى قورشىۋېلىپ ، داپ - دۇمباقلىرىنى داراڭلاتتى . ئاندىن شامان ئەلچىلەرنى قاتار تىزىلدۇرۇپ ، گۈلخان ئەتراپىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇردى . شۇنداق قىلىپ ، يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ « جىنلىرى قوغلىنىپ ، ۋۇجۇدى پاكلاندى » .
— ئەمدى كىرسەڭلار بولىدۇ ، — دەپ ئىجازەت بەردى شامان قولى بىلەن قاغان چېدىرىنى كۆرسىتىپ .
لى خانزادە كۆرسىتىلگەن ئوتتۇرىدىكى چوڭ چېدىر تەرەپكە قەدەم تاشلىدى .

— ئەمدى يەنە بىر رەسمىيەت بار ، — دېدى تۆپەك ئالپ شۇل خانزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە قاغان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ھەرقانداق ئادەم ئالدى بىلەن بايراققا تەزىم قىلىشى كېرەك .

ئەلچىلەر قاغان چېدىرىنىڭ يېنىغا تىكلەنگەن بۆرە بايرىقىغا چوڭقۇر ئېگىلىپ توققۇز قېتىم تەزىم قىلدى .

بىتىكچى تۆپەك ئالپ شۇل چېدىر ئىچىگە كىردى .

— مېھمانلار پاكلىنىپ بولدى ، — دەپ مەلۇمات بەردى ئۇ .

— كىرسۇن ، — قاغان ئىجازەت بەردى .

بىتىكچى يېنىپ چىقىپ ، ئەلچىلەرگە چېدىر ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قول ئىشارىسى قىلدى :

— مەرھەمەت .

ئالدىدا خانزادە ، ئۇنىڭ كەينىدىن باشقا ئەلچىلەر چېدىرغا كىردى . چېدىر ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۆرگە ئۈيۈل سىرىق ئالتۇندىن ياسالغان ھەيۋەتلىك تەخت قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئەل ئەتمىش بىلگە بايانچۇر قاغان چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ۋە شالاڭلاشقان چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ ، بوي - بەستى مۇكچەيمىگەنىدى ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى باھادىرلارچە مەغرۇرلۇق بىلەن قارايتتى . خۇددى شۇنداقلا قىممەت باھالىق يىپەك تونلارنى كىيىشىپ ، ئۇزۇن چاچلىق باشلىرىنى ياغلىقلار بىلەن تېڭىشقان ئۈچ خانزادە ۋە توققۇز بۇيرۇقلار تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىپ ، گېلەم ئۈستىدە قاتار ئولتۇرۇشاتتى .

ئەلچىلەر قاغانغا سالام بېرىپ ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ كۆتۈرۈشتى .

— مەرھەمەت ، قەدىرلىك مېھمانلار ، ئولتۇرغايسىلەر ، — دېدى قاغان تەخت ئالدىدىكى گېلەمنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ .

خانزادە ۋە ئەلچىلەر ئولتۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بارغۇت خۇيۇنلا ئولتۇرمىدى ، بەلكى خۇش تەبەسسۇم بىلەن تەخت تە-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

رەپكە قەدەم تاشلىدى . ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانمۇ تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قۇدىلار ئايرىم كۆرۈشۈۋالايلى ، — دېدى ئۇ قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ .

ئۇلار قۇچاقلىشىپ ، مەگزىنى مەگزىگە يېقىپ كۆرۈشتى . بايانچۇر قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدىگەن قۇتلۇغ تارقانمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بارغۇت خۇيۇنغا تەزىم قىلدى .

— قۇت بولسۇن ، ھۆرمەتلىك ئاتا .

— قۇت بولسۇن ، ئوغلۇم .

ئۇلار ئۆزئارا تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى . ئۇلارغا قاراپ سورۇندىكىلەر رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى .

قاغان يەنە تەختكە چىقىپ ئولتۇردى . بارغۇت خۇيۇن بىلەن قۇتلۇغ تارقانمۇ ئۆز جايلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى . سۆھبەت باشلاندى . خانزادە لى چىڭسەي سۆز باشلىدى :

— بۈيۈك پېشۋايىمىز لى يۈەن① تاڭ سۇلالىسىنى تىكلىگەندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىنى مەركەز قىلىپ ، يىراق ـ يېقىندىكى ھەر قايسى قەبىلە ـ تائىپىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، جاھاندا تەڭداشسىز قۇدرەتلىك دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى .

بايانچۇر قاغان لى خانزادىنىڭ سۆزلىرىنى زېھىن قويۇپ تىڭشاپ ، تەستىقلىغان تەرىزدە بېشىنى لىڭشىتتى .

خانزادە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— پادىشاھ لى شىمىننىڭ دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە قەدەم قويدى . ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىدا بىرقاتار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تېز راۋاجلاندى . دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى مىسلىسىز دەرىجىدە زورايدى . بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى خېيلۇڭجياڭ ۋادىسى ۋە

① لى يۈەن مىلادىيە 618 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغان .

كورىيىدىن تارتىپ يەتتە سۇ ۋە داۋان[1] يەرلىرىگىچە كېڭەيدى. ھېچقانداق تاشقى دۈشمەن بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ قۇدرىتىگە تەڭ كېلەلىگەن ئەمەس. لېكىن، ئىچكى مالىمانچىلىق يامان ئىكەن. فەنياڭ، لىڭۋۇ، خېدۇڭ ئايماقلىرىنىڭ ھىراۋۇلى ئەن لۇشەن تاڭ سۇلالىسىگە ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. خېبېي، خېنەن، شەنشى قاتارلىق جايلار مالىمانچىلىق ئىچىدە قالدى. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئاستانىدىن چېكىنىپ چىقىپ، سىچۈەندە پاناھلاندى. نۆۋەتتە خان ئاتام تاڭ سۇزۇڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەن لۇشەنگە زەربە بېرىش تەدبىرلىرىنى ئىشلىمەكتە. ئەمما، ئىگىلىك ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان، دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى پارچىلانغان، نۇرغۇن يەرلەر توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن شارائىتتا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىمىز.

بايانچۇر قاغان ئەجەبلەنگەن ھالدا خانزادىگە قارىدى.

— بۇ ئەن لۇشەن دېگەن توپىلاڭچى شۇنچە كۈچلۈكمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئوتتۇرا جۇڭگودىكى كۆپ قىسىم يەرلەر ئۇنىڭ قول ئاستىغا ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى لى چىڭسەي، — ھازىر دۆلەت قوشۇنلىرى گوزىيى سانغۇننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىرمۇنچە ئەسكىرىي قىسىملار توپىلاڭچىلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەس بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، خان ئاتام تاڭ سۇزۇڭ پېقىرنى شەۋكەتلىك بايانچۇر قاغان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. بىز ئۆزئارا بۇرۇندىن تارتىپ ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇڭا، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە دوستلىرىمىزنى ئەسلىدۇق. خان ئاتام تاڭ سۇزۇڭ ھۆرمەتلىك بايانچۇر قاغاندىن قوشۇن چىقىرىپ بىزگە ياردەم بېرىشنى سورايدۇ.

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان خىيالچان كۆزلىرى بىلەن خانزادە لى چىڭسەيگە قاراپ بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— ھىنىم ... — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپ، — ھىم، بولىدۇ،

---

① داۋان — ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى.

مەن قوشۇلىمەن. بۈگۈن سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. ئەتە باش قوشۇپ، ئېنىقلاشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى سۆزلىشىۋالايلى.

× × ×

سۈپسۈزۈك ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى يېشىللىقتا يىغىلغان خەلقنىڭ چېكىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىشقىلىپ، مۇشۇ ئورخۇن ۋادىسىغا جايلاشقان يېقىن ئەتراپتىكى چارۋىچىلار ئات، تۆگە، ئۆكۈزلىرىگە مىنىشىپ ياكى ئېگىز چاقلىق كۆتەك ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ بۇ يەرگە كېلىشكەنىدى. ئەرلەر، ئاياللار، قېرىلار ۋە بالىلار ھەممە يەردە توپ ـ توپ بولۇپ يۈرۈشەتتى. بۇ مىغ ـ مىغ ئادەملەر بايانچۇر بىلگە قاغاننىڭ بارگاھىنى يېرىم ئاي شەكلىدە قورشاپ تۇرغانىدى. ئۇلار ئىشىكلىرى كۈنچىقىشقا قارىتىپ تىكىلگەن ھېلىقى ئۈچ چوڭ يىپەك چېدىرغا ھۆرمەت بىلەن قىزىقسىنىپ قارىشاتتى. تېخىمۇ نېرىدىكى تۈزلەڭدە مىڭلىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر جەسۇرانە سەپ تارتىپ تۇراتتى.

ئۈچ چېدىرنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى كەڭ مەيدان بوش قالدۇرۇلغانىدى. شۇ مەيداندا شامان باخشىلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە مۇلازىملار ئالاھىدە بىر خىل تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشتە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارغا يىراقتىن كۆز تىكىپ تۇرغان خالايىق تاقەتسىزلىنىپ ئۆزئارا سۆزلىشەتتى:

— ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— قۇربانلىق قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ ـ دە.

— توغرا، بۇنداق چوڭ ئۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىش ئالدىدا قۇربانلىق قىلىپ قان ئاققۇزمىسا بولامدۇ.

دەرۋەقە، شۇ ئەسنادا قوي تېرىسىدىن شالۋۇر ۋە جىلىتكە كىيىپ، باشلىرىغا كۆك، يېشىل شايى ياغلىقلارنى تېڭىۋېلىشقان چاكارلار نېرىدىكى ئېدىرلىقتىن يەتتە ئاق ئات ۋە يەتتە قوچقارنى ھەيدەپ كېلىشتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا تەخلەپ قويۇلغان يوغان گۈلخانغا ئوت

يىقىلدى . باخشىلار داپ ـ دۇمباقلىرىنى داراڭلاتتى . شامان گۈلخاننى ئايلىنىپ پىرە ئويۇنىغىلى تۇردى . ئۇ ھەدەپ ئىككى قولىنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئاسمانغا سوزۇپ ، يۇقىرى ئاۋازدا خىتاب قىلاتتى :

ــ ئەي كۆك تەڭرى ، بىزگە مەدەت بەرگەيسەن ! ئەي كۆك بۆرە ، قوشۇنىمىزنى يېڭىش يولىغا باشلىغايسەن !

باخشىلار ئۇنىڭغا دوست تارتىشىپ داپلىرىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئۇرۇشتى ۋە ئۇزۇن چاچلىق باشلىرىنى كەينىگە تاشلاپ بىر ئېغىزدىن تووۋلاشتى :

ــ مۇقەددەس ئومای ئانىمىز ، بىزگە مېھىر ـ شەپقىتىڭنى كۆر-سەتكەيسەن ! يەر ـ سۇ ئىلاھلىرى ، قوشۇنىمىزغا يېڭىش بەختىنى ئاتا قىلغايسىلەر !

ئەتراپتا تۇرغان بۇيرۇق ۋە ئەمەلدارلارمۇ بەئەينى چۆچەك ـ ئەپسانىلەردىكى چەكسىز قۇدرەتلىك دېۋىلەردەك ھەيۋەتلىك نەرە تار-تىشتى :

ــ ئەي كۆك تەڭرى ! ئەي كۆك بۆرە !

چاكارلار بىلەن قۇللار ئات ۋە قوچقارلارنىڭ پۇتلىرىنى قىل ئار-قانلار بىلەن باغلاپ يىقىتىشتى .

شامان ئىككى قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ ۋارقىرىدى :

ــ ئەي مۇقەددەس روھلار ، سىلەرگە ئاتاپ قان ئاققۇزدۇق ، قوبۇل قىلغايسىلەر ! قوشۇنىمىزنى بالا ـ قازادىن ساقلىغايسىلەر !

چاكارلار ئۆتكۈر پىچاقلىرى بىلەن ئات ۋە قوچقارلارنى بوغۇز-لىدى . شامان ۋە باخشىلارنىڭ ئۇسسۇللىرى ئەۋجىگە چىقتى . چاكارلار ۋە قۇللار بوغۇزلانغان ئات ۋە قوچقارلارنى « ھە ـ ھۇ ! » دەپ كۆتۈ-رۈشۈپ ، قاغان چېدىرلىرىنىڭ ئەتراپىغا تىزىپ ياتقۇزۇشتى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى چېدىردىن بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئۇچ خانزادىنى ۋە تابغاچ ئەلچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى . چۇقان ـ سۈرەنلەر بېسىقتى . قاغاننىڭ خاس ئات باقارى ئۇ-زۇن پۇتلۇق ، غاز بويۇن ئاق بوز ئارغىماقنى تىزگىنىدىن يېتىلەپ ئېلىپ

كەلدى. خانزادىلەر قاغان ئاتىسىنى يۆلەپ شۇ ئارغىماققا مىنگۈزۈشتى. تابغاچ ئەلچىلىرى، ئۇيغۇر توققۇز بۇيرۇقلار ۋە ئۈچ خانزادىمۇ ئۆز ئاتلىرىغا مىنىپ قاغاننىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار دەريا بويىدىكى تۈزلەڭدە سەپ تارتىپ تۇرغان ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئات ئۈستىدە بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جەڭچىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— ئەي باتۇر شۇڭقارلىرىم! سىلەر ھازىر تابغاچ ئېلىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارىسىلەر. تابغاچ قوشۇنىغا زىچ ماسلىشىپ، قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئەن لۇشەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىڭلار. بىلىشىڭلار كېرەككى، ئەن لۇشەن تابغاچلارنىڭمۇ ھەم بىزنىڭمۇ ئورتاق دۈشمىنىمىز. شۇڭا، ئەن لۇشەن توپىلىڭىنى باستۇرساق تابغاچلارنىڭمۇ ھەم ئۆزىمىزنىڭمۇ بىخەتەرلىكىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان بولىمىز. كۆك تەڭرى سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! كۆك بۆرە سىلەرنى غەلىبىگە باشلايدۇ! بىزنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ. كۆكتە تەڭرى، يەردە بىز!

ئۇزۇن نەيزە، ئۆتكۈر قىلىچ بىلەن قوراللانغان مىڭلىغان جەڭۋاز ئەزىمەتلەرنىڭ كۆكرەكلىرىدىن جەڭ شوئارى گوياكى يانار تاغ پارتلىغاندەك ئېتىلىپ چىقتى:

— كۆكتە تەڭرى، يەردە بىز!

بايانچۇر قاغان ئەمدى ئۆز يېنىدا تۇرغان چوڭ ئوغلى قۇتلۇغ يابغۇغا مۇراجىئەت قىلدى:

— بۇ شانلىق قوشۇننى ساڭا تاپشۇردۇم. تۆپەك ئالپ شۇلمۇ سەن بىلەن بارىدۇ. غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىشىڭنى تىلەيمەن.

بوي ـ بەستى پاكارراق بولسىمۇ، يەلكىلىرى كەڭ بولۇپ، باتۇرلۇق ۋە قاراملىقتا ئوخشاشلا داڭقى چىققان قۇتلۇغ يابغۇ ئىنتايىن جەڭگىۋار قىياپەتتە سەپەرگە ئاتلىنىشقا ئالدىراپ تۇراتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، قاغان ئاتا، — دېدى ئۇ، — غەلىبە قىلمىغۇچە يانمايمەن. ئۆتكەنكى قېتىم قىتانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن

بارغاندا ئۇ ئەن لۇشەن دېگەن ئاسمانغا پەشۋا ئاتىدىغان كۆرەڭ بىلەن پۇخادىن چىققۇدەك سوقۇشالماي قايتىپ كەلگەندىم . ئەمدى بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ھەقىقىي باتۇرلارنىڭ قانداق جەڭ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن !

قاغان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى ئىرغىتتى ۋە كەسكىن تەلەپپۇزدا بۇيرۇق بەردى :

— ئاتلىنىڭلار !

جەڭ دۇمباقلىرى گۈلدۈرلىدى ، كاناي - بۇرغىلارنىڭ سوزۇلۇپ چىققان ساداسى ياڭرىدى . چوڭ خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى توققۇز نەپەر تابغاچ ئەلچىسىنى بىللە ئېلىپ ، جەنۇب تەرەپكە ئىلگىرىلەپ كەتتى . بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ۋە باشقا ئۇزاتقۇچىلار قوشۇننىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى . ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بۆرە بايرىقى بارغانسېرى ئۇپۇققا يېقىنلاپ ، ئورخۇن بويلىرىدىن يىراقلاپ كەتمەكتە ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

## كۆك بۆرە ئىزىدىن

قۇتادمىش ئەن لۇشەن قوشۇنىنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالغان ئون نەچچە چەۋەنداز بىلەن بىللە قېچىپ، ئورخۇن بويىغا ئاز قالغاندا يىراقتىن كېلىۋاتقان زور قوشۇننىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— ئۇيغۇر قوشۇنى! — دېدى قۇتادمىش ئۇيۇقنى توسۇپ چىقىپ كېلىۋاتقان مىڭلىغان چەۋەندازلارنى كۆرسىتىپ.

دەرۋەقە، بۇ خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ قوماندانلىقىدىكى ئوتتۇرا جۇڭگوغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئىدى. يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە ياش چەۋەنداز سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرۇپ كەلدى.

— نېمە ئادەم سىلەر؟ نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇلار.

— بىز چاڭئەندىن كېلىۋاتىمىز. توپىلاڭچىلارھەممە يەرنى بېسىپ كەتتى.

چاڭئەنلىكلەر ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ چۈشەندۈرگۈچە پۈتۈن قوشۇن بۇ يەرگە كېلىپ بولدى. قوماندان قۇتلۇغ يابغۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بۇ ئېچىرقاپ، ئورۇقلاپ ۋە قارىداپ كەتكەن كىشىلەرگە بىرقۇر قاراپ چىقىپ سورىدى:

— ئەمدى نەگە بارماقچىسىلەر؟

— سىلەرگە قوشۇلۇپ، توپىلاڭچىلارغا قارشى جەڭ قىلىمىز.

— بولمايدۇ، — دېدى قوماندان، — بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىز مەخسۇس تەربىيىلەنگەن، خىللانغان زەربىدار قوشۇن. باشقا ئادەملەرنى

قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ .

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟ — چاڭئەنلىكلەر ھودۇقۇپ قالدى .

— سىلەرگە پاناھلىق بېرىمىز . مۇشۇ يەرلەردە تىرىكچىلىك قىلـ ساڭلارمۇ بولىدۇ ياكى تابغاچلارنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە كەتسەڭلارمۇ مەيلى .

قۇتلۇغ يابغۇ شۇ گەپ بىلەن ئېتىنى دېۋىتتى . بۇ چاغدا قۇتادـ مىش ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى .

— ئۇلۇغ يابغۇم ، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنى يابغۇنىڭ ئېتىغا يانداشتۇرۇپ ، — بۇلتۇر ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنى مېنى تۇتقۇن قىلىپ كېتىۋاتقاندا سىز قوشۇن تارتىپ كېلىپ مېنى قۇتـ قۇزۇپ قالغانىدىڭىز .

— بۇلتۇر دەمسەن ؟ — قۇتلۇغ يابغۇ ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىپ سورىدى .

— شۇنداق ، بۇلتۇر سىز قىتانلارغا ياردەم بېرىشكە چىققاندا .

— ھە ، توغرا ، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ، — دېدى يابغۇ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ، — سەن شۇ چاغدا بىز بىلەن ئۆـ تۈكەنگە قايتىپ كەتكەن ئەمەسمىدىڭ . نەدە يۈرۈپ بۇلارغا قوشۇـ لۇپ قالدىڭ ؟

قۇتادمىش بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئىلتىماسىنى ئېيتتى :

— مېنى قوشۇنغا قوبۇل قىلىڭ . مەن كىچىكىمدىن ئۆتۈكەندە قورال ئىشلىتىپ ، ئوۋ قىلىپ چوڭ بولغان ، ياراملىق جەڭچى بولالايـ مەن .

قۇتلۇغ يابغۇ كۈلۈپ كەتتى .

— ھە ، ماقۇل ، كونا تونۇشلار ئۇچرىشىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ ، — دېدى ئۇ ، — مەنمۇ ئۆتۈكەن باغرىدا ئۆسكەن . ئۆتۈكەن كىشىلىرىنىڭ جەڭگىۋار بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن . سەپكە قوشۇل ، باتۇر يىگىت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

× × ×

كۈز ھاۋاسى كۈندىن ـ كۈنگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قىش پەسلىنىڭ سوغۇق ئېقىمىنى چىللاپ كەلمەكتە ئىدى. ئاسماندا توپ ـ توپ قارا بۇلۇتلار يامغۇردىن بېشارەت بېرىپ تەدرىجىي قويۇقلاشماقتا ئىدى. جەڭچىلەر باشلىرىغا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۈچلۇق تەلپەكلەرنى ۋە پولات ساۋۇتلىرى ئۈستىدىن ئىت، سۇغۇر، تۈلكە تېرىلىرىدىن تىكىلگەن كېپىنەك تونلىرىنى كىيىۋېلىشتى. يەر يۈزىدە ئوت ـ چۆپلەر سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، بۇلۇتلۇق ئاسماندا ئىسسىق بەلۋاغ قۇشلىرى توپ ـ توپى بىلەن جەنۇبتىكى سوغۇق بولماس يەرلەرگە كۆچمەكتە ئىدى.

قاۋۇل ئاق بوز ئارغىماقنى مىنگەن قۇتلۇغ يابغۇغا خۇددى شۇنداقلا ئاق ئات مىنگەن بارغۇت خۇيۇن ياندىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ــ فېڭشياڭ ① ئايمىقىغا ئاز قالدۇق، ــ دېدى بارغۇت ئالدى تەرەپنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ، ــ تاڭ سۇزۇك ئالىيلىرى بىزنى شۇ يەردە كۈتمەكچى.

ئۇلارغا سوزدىشىپ كېلىۋاتقان مەسلىھەتچى تۇپەك ئالپ شۇل ئېتىنىڭ قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، قۇتلۇغ يابغۇنىڭ يەنە بىر يېنىغا ئۆتتى.

ــ ئەمىسە مۇشۇ يەردە توختاپ بارگاھ قۇرايلى، ــ دېدى ئۇ.

ــ شۇنداق قىلايلى، ــ دەپ ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە كۆندى قوماندان.

قوشۇن توختىدى. ئاتلارغا چۆشەك سېلىنىپ، چېدىرلار تىكىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە تابغاچلارنىڭ توققۇز ئەلچىسى تۇپەك ئالپ شۇل ياغلاقارنىڭ ھەمراھلىقىدا يۈز نەپەر قورallıq چەۋەندازنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن فېڭشياڭ ئايمىقىغا يۈرۈپ كەتتى.

قۇتلۇغ يابغۇ ئۆزى ئۈچۈن تىكىلگەن قىزىل تاۋار چېدىردا گې-

---

① ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فېڭشياڭ ناھىيىسى.

لەم ئۇستىگە قويۇلغان ئېيىق تېرىسىگە ئولتۇرۇپ، چاپارمەنلەرگە بۇيرۇق قىلدى:

— ھېلىقى قۇتادمىش دېگەن ئۆتۈكەنلىك يىگىتنى چاقىرىپ كىر.

قۇتادمىش بۇيرۇققا بىنائەن چېدىرغا كىرىپ، سۆسەر تۇماق، بۇلغۇن جۇۋا كىيىپ ئولتۇرغان قوماندان ئالدىدا بىر تىزىغا چۆكۈپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى.

— ئولتۇر، ئۆتۈكەنلىك يىگىت، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئېيىق تېرىسىنى كۆرسىتىپ.

قۇتادمىش باش قوماندانىنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى پەملىيەلمەي ئوڭايسىزلانغان ۋە سەل جىددىيلەشكەن ھالدا ئولتۇردى. ئىككى مۇلازىم كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى، پىشۇرۇلغان گۆش ۋە بىر كوزا مەي كەلتۈرۈلدى.

— مەي ئىچەمسەن؟ — سورىدى قوماندان.

— ياق، ئىچىپ باقمىغان.

— ئەمىسە بۈگۈن ئىچىپ باق. بۇ ياخشى نەرسە.

قۇتلۇغ يابغۇ ئالدىدىكى جانان چىنىلەرگە ئۆز قولى بىلەن مەي قۇيدى.

— ئىچە، — دېدى ئۇ چىنىلەرنىڭ بىرىنى قۇتادمىشنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

— ياق، ياق، رەھمەت، — دېدى قۇتادمىش، — مەن دائىم بوزا، قىمىز ئىچەتتىم، بۇنداق مەينى ئىچىپ باقمىغان.

— مەن بەرگەن مەينى ئىچمەمسەن؟ — قۇتلۇغ يابغۇ قاپاقلىرىنى تۈردى.

قۇتادمىش مەينى ئىچىۋەتتى ۋە قاقىلىپ، يۆتىلىپ كەتتى.

— ھە بەللى! مانا بۇ ئىشنىڭ يارايدۇ، — دېدى قوماندان ۋە ئۆزىمۇ چىنىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى.

قۇتادمىشنىڭ بېشى يېنىككىنە ئايلاندى. ئۇنىڭ ھارغىنلىقى يو-

قىلىپ، خۇشاللىق ۋە راھەتلىنىش ھېس قىلدى. ئۇ قوماندانغا مەنىسىز ھېجىيىپ قارىدى ۋە كۈمۈش لىگەندىكى يوغان بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ غاجىلىغىلى تۇردى.

— بۇ قالتىس ئىش مەي، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ چىنىلەرنى يەنە تولدۇرۇپ، — بىلەمسەن، بۇ مەينى ھېلىقى تابغاچ ئەلچىلىرى ئەكەلگەن. ئۇلار قاغان ئاتامغا نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ كەپتۇ. مەن ئاتامدىن مۇشۇ بىر كۈپ مەينى سوراۋالغاندىم.

ئۇلار يەنە ئىچىشتى. مەيخورلۇقتا ئادەملەر ئاسانلا چىقىشىپ كېتىدۇ. كەيپچىلىكتە ياش پەرقىمۇ، ئىجتىمائىي ئورۇنلىرىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ئوتتۇرىدىكى ھەرقانداق توسۇق-پاسىللار بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. سۆھبەتداشلار ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ۋە مېھرىبان بولۇپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەي-شارابنى شۇنچە ئارزۇلىشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇنىڭدا بولسا كېرەك.

— سەن ئەن لۇشەنگە ئەسكەر بولۇپ، فەنياڭدىن لوياڭغىچە بېرىپتىكەنسەن، شۇنداقمۇ؟ بۇنى ئۆزۈڭ ئېيتقاندىڭ، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ.

قۇتادمىشنىڭ كەيپچىلىكتىكى بىخەملىكى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ سەگەكلەشتى.

— ئۇلار مېنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىشكەن، — دېدى ئۇ.

— بىلىمەن، بىلىمەن، — دېدى قوماندان ۋە قولىنى سوزۇپ قۇتادمىشنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى، — مەن سەندىن سوراۋاتقىنىم، ماڭا جاۋاب بەر: ئەن لۇشەننىڭ قوشۇنى قانداق ئىكەن؟ ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى بارمىكەن؟ جەڭچىلىرى ياخشى ئۇرۇشامدىكەن؟

— راست گەپ قىلامسەن، يالغانمۇ؟ — دېدى خېلى ئوبدانلا قىزىپ قالغان قۇتادمىش كۆزلىرىنى ئەلەك-سەلەك قىلىپ.

— راست گەپ قىل . مەن يالغان سۆزلەيدىغانلارنى كەچۈر-مەيمەن .

— ئەمىسە راست گەپ قىلاي ... تابغاچ قوشۇنى ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق ھۇجۇمىغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى ... ئەن لۇشەننىڭ ئەسكەرلىرى كارامەت قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىدىكەن .

— ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى قانداق ئىكەن ؟

— ئۇلار ئىنتىزامنى ئىنتايىن قاتتىق تۇتىدىكەن ، بارلىق ئىش - ھەرىكىتى ئىنتايىن تەرتىپلىك .

— قوشۇن ئىچىدە ئەن لۇشەننىڭ نوپۇزى بارمۇ ؟

— جەڭچىلەر ئەن لۇشەننى ئەۋلىيادەك بىلىدىكەن ، ئۇنىڭغا قا-رىغۇلارچە چوقۇنىدىكەن .

قۇتلۇغ يابغۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى . بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۇزۇن چاچلىرىنى سىلىكىپ ، بېشىنى كەسكىنلىك بىلەن كۆتۈردى .

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ ، — ئۇلار ھەرقانچە قۇترىسىمۇ بىزگە تەڭ كېلەلىشى مۇمكىن ئەمەس !

— شۇنداق ، ئەلۋەتتە ، — دېدى قۇتادمىش كەيپىتىن كالۋالاش-قان تىلى بىلەن ، — قانچىلىك نىمىلەر ئىدى ئۇ ... مانا مەن ھېلىقى ماسمادار دېگەن مۇناپىقنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ كېلىپ قىساس ئالىمەن ...

قۇتلۇغ يابغۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ۋە قولى بىلەن ئىشىكنى كۆرسىتىپ بۇيرۇق قىلدى :

— ئەمدى چىقىپ كەت ، مەست بوپسەن .

قۇتادمىش ئورنىدىن تەستە قوپتى ۋە « ماسمادار دېگەننى ... ئادارقىز ... » دەپ كەلسە - كەلمەس غودۇڭشىغىنىچە چىقىپ كەتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× × ×

ئىككى كۈن ئۆتتى . ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ ، شىمال تەرەپتىن سوغۇق شامال سوقۇپ تۇراتتى . خانزادە قۇتلۇغ يابغۇنىڭ قىزىل چېدىرى ئالدىغا تىكلەنگەن بۆرە بايرىقى كەڭ ئېچىلىپ لەپىلدىمەكتە ئىدى . خانزادە ئۆز چېدىرىنىڭ كۈنچىقىشقا قارىتىلغان ئىشىكىدىن چىقىپ ، ئۇپۇقتىن نەيزە بويى ئۆرلەپ چىققان قىزىل قۇياشقا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىش نەزىرىدە قارىدى . بىر كۈنلۈك ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن قۇياشقا چىن دىلىدىن سېغىنىش كېرەك . قۇياش ئۇلۇغدۇر ؟ قۇياش يورۇقلۇقنى ياراتقۇچى ۋە ھاياتلىقنى قوغدىغۇچىدۇر . كىشىلەر ئەتىگەندە تۇرۇپ يۈزىنى قۇياشقا قارىتىش ئارقىلىق ھۆرمەت بىلدۈرمەي ، ئەكسىچە ، قۇياشقا تەتۈر قاراپ تۇرسا ئەل ئىچىدىن خۇشاللىق كۆتۈرۈلۈپ ، پالاكەت باسىدۇ .

قۇتلۇغ يابغۇ قۇياشنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە قۇدرىتى ھەققىدە ئەنە شۇنداق مۇلاھىزە قىلىپ تۇرغاندا جەنۇب تەرەپتىن قاتتىق دۈپۈرلەپ يېقىنلىشىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ تىۋىشلىرى ئاڭلاندى . خانزادە بۇرۇلۇپ شۇ تەرەپكە قارىدى . ياش چاپارمەن ئۇچقۇر ئارغىماقنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى .

— تۆپەك ئالپ شۇل ياغلاقار ھەزرىتىم تابغاچ قوماندانىنى باشلاپ كېلىۋاتىدۇ ، — چاپارمەن يىگىت ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قۇتلۇغ يابغۇغا مەلۇمات يەتكۈزدى .

دېگەندەك ، ھايال بولماي يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى . مەسلىھەتچى تۆپەك ئالپ شۇل تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى گو زىيى سانغۇننى باشلاپ كەلگەنىدى .

قۇتلۇغ يابغۇ ئۆز نۆكەرلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ سەپكە تۇرغۇزدى ۋە ئۆزىمۇ ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ ، سەپ ئالدىدا بايراق كۆتۈرۈپ تۇرغان جەڭچىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى . گو زىيى سانغۇن ئورخۇنلۇق

خانزادىنىڭ ئۆزىنى مۇنداق ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قارشى ئالغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ نۆكەرلەر سېپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە قاسراقسىمان پولات ساۋۇتنى شاراقلىتىپ، شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان بۆرە بايرىقىغا تەزىم قىلدى. «بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزنى بىلىدىكەن» دەپ مەمنۇنىيەت بىلەن ئويلىدى قۇتلۇغ يابغۇ ۋە ئۇمۇ ئاتتىن چۈشتى. ئۇلار ئۆزئارا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سالاملاشتى. قۇتلۇغ يابغۇ مېھماننى سىپايىلىك بىلەن ئۆزچېدىرىغا باشلىدى.

قويلار سويۇلۇپ، قازانلار ئېسىلدى. قۇتلۇغ يابغۇ گوزىيىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنى مەي ئىچىشكە زورلىدى. تابغاچ سانغۇن ئۇرۇش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئالدىرايتتى. ئۇيغۇر خانزادە بولسا، ئۇنىڭ ئالدىراشلىرىغا پەرۋا قىلماي:

— مۇزاكىرە قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرىمىز، قورقماڭ. ئۇ ئەن لۇشەن دېگەن قانچىلىك نېمە ئىدى! گۆش يەڭ، مەي ئىچىڭ، — دەپ ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى كۆرسەتتى.

قۇتلۇغ يابغۇ گوزىيىنى روھلاندۇرۇشقا تىرىشىپ سۆزمەنلىك قىلاتتى:

— ئىلگىرى بىزنىڭ قاغانلىرىمىز چاڭئەن، لوياڭلارغا بارسا تاڭ پادىشاھلىرى مەي زىياپىتى بېرەتتىكەن. ئۇلار ئۇيغۇرلارغا مەي قويۇپ ئۈلگۈرتۈپ بولالماي، ئاخىر مەي تۇڭلىرىغا نەيچىلەرنى سېلىپ، ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ قولىغا بىردىن نەيچىنى تۇتقۇزۇپ قويغانىكەن، «قانچىلىك خالىساڭلار شۇنچىلىك ئىچىڭلار» دەپ...

— راست، راست، شۇنداق بولغان، — دېدى گوزىيى قىسىق كۆزلىرىنى تېخىمۇ قىسىپ كۈلۈمسىرەپ، — تاڭ پادىشاھلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ئاجايىپ داغدۇغىلىق بەزمە-زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالاتتى. بىز ھازىرمۇ شۇنداق قىلىمىز.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن سىلەرمۇ بىزنىڭ مەي-شارابلىرىمىزنى قانغۇچە ئىچىڭلار، — دەيتتى قۇتلۇغ يابغۇ ۋە دوستانە رەۋىشتە ئۈنلۈك كۈلۈپ كېتەتتى.

ئۇ كۈنى شۇ تەرىقىدە يايلاق خەلقىنىڭ غەم يېمەس ئۆز كۆڭۈللۈكى بىلەن كەچكىچە ھەممەيلەن يەپ ـ ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ كۆڭۈل ئېچىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە رەسمىي سۆھبەت باشلاندى. گو زىيى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈردى:

— توپىلاڭچىلار چاڭئەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەن لۇشەننىڭ قول ئاستىدىكى مۇھىم شەخسلەردىن بىرى بولغان تۈرك بەگزادىسى ئاشىنا چۈرتېگىن بەش مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ چاڭئەندىن چىقىپ كەتتى. ئەن لۇشەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر زىددىيەت چىققانىدى. ئاشىنا چۈرتېگىن سۇفاڭ ئايمىقىغا كەلدى. ئۇنى بىز تەرەپكە ئۆتكىلى كەلدى دەپ ئويلاپتۇق، لېكىن ئۇ كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. تەڭرى ئوغلى تاڭ سۇزۇڭ بۇ ئاشىنا بەگزادىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن بارغۇت خۇيۇننى چىقاردى. بارغۇت ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. بىراق، ئاشىنا چۈر تېگىن سۇفاڭ دىيارىدىن چېكىنىپ كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى كۆپ تالاپەت كۆرمىدى. ئەكسىچە، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ توگرا قەبىلىسى ۋە نۇرغۇن سوغدىلار ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ سانىمۇ، ساپاسىمۇ ئېشىپ كەتتى. شۇڭا، تەڭرى ئوغلى سىزلەردىن ياردەم سوراشنى مۇۋاپىق تاپتى. نۆۋەتتە ئاشىنا چۈر تېگىننى يوقاتماي تۇرۇپ، ئەن لۇشەن بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ.

— ھىم، چۈشەندىم، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ بېشىنى ئىرغىتىپ، — ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۇيغۇر خانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن يايلاقتىكى ماكانلىرىنى تاشلاپ، تابغاچلارنىڭ يۇرتلىرىغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھامان خانلىقىمىزنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇلالىسىنى تىرىلدۈرۈشنى خام خىيال قىلىپ يۈرۈشىدۇ. توگرالارمۇ قەبىلىۋازلىق قىلىپ، ياغلاقار ئۇرۇقى بىلەن پۇت تېپىشىپ، دۈشمەنلىرىمىز بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن. دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن

ئۇلارمۇ قىچىپ كەتكەن. ئۇلارمۇ پۇرسەت بولسىلا بىزگە زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلايدۇ.

گوزىيى شالاڭ قارا ساقىلىنى سىلاشتۇرۇپ، تەستىقلىغان تەرىزدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىلەر بىلەن بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئورتاق، — دېدى ئۇ.

— ئەمسە دەرھال ھۇجۇمنى باشلايلى، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ.

گوزىيى ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى:

— بىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچىمىز ئاساسەن پىيادە قىسىملاردىن تەركىب تاپقان. مەلۇمكى، پىيادە قىسىملار شەھەر ـ قەلئەلەرنى مۇداپىئە قىلىش ياكى سىپىللارغا ھۇجۇم قىلىشقا ماسلاشقان. بىراق، دالادا جەڭ قىلىشتا ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ قۇدرىتى تەگداشسىز بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى بىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىمىزنى تولدۇرىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدي قۇتلۇغ يابغۇ، — بىزنىڭ قانداق جەڭ قىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالىسىز. «ئۇيغۇرلار ئات ئۇستىدە تۇغۇلۇپ، ئات ئۇستىدە ئۆلىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئات بىزنىڭ قانىتىمىز. بىزگە تەڭ تۇرالىغۇدەك تائىپە تېخى بۇ دۇنياغا كەلمىدى.

تۇپەك ئالپ شۇل سىپايىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ سۆز قىستۇردى:

— يابغۇم دۇرۇس گەپ قىلدى. شۇنداقتىمۇ، ئەن لۇشەنگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇ توپىلاڭچىلار ئىنتايىن قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ تەشكىللەنگەن. شۇڭا، بۇ ئۇرۇشتا كۈچىمىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، پەم بىلەن ھەرىكەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. جەڭدىن بۇرۇن ئوبدان كېلىشىۋالايلى.

— توغرا، ھەزرەتلىرى دانا گەپ قىلدى، — دەپ گوزىيى دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

قۇتلۇغ يابغۇ ئەن لۇشەننى «قۇدرەتلىك» دېگەن پىكىردىن تولىمۇ نارازى بولۇپ، تۇپەك ئالپ شۇلغا ئالىيىپ قويدى ـ دە:

— ئەن لىۇشەننىڭ زادى قانچىلىك نېمە ئىكەنلىكىنى جەڭ بولغاندا سىلەرگە كۆرسىتىپ قويىمەن ، — دېدى .

شۇ گەپ بىلەن سۆھبەتمۇ ، زىياپەتمۇ ئاياغلاشتى . كەچ كىردى . قۇتلۇغ يابغۇ ، گوزىيى ، تۆپەك ئالپ شۇل بىر چېدىردا ئۇخلاپ قېلىشتى .

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئۇلار يەنە چۇشكىچە چېدىردىن چىقمىدى . قۇتادمىش تاقەتسىزلىنىپ ، چېدىرغا يېقىن يەردە ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى .

— ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قاچان تۈگەيدۇ ؟ قاچان يۈرۈشكە ئاتلىنىمىز ؟ — دەيتتى ئۇ جەڭچىلەرگە .

— ئالدىرىما ، يىگىت ، — دەيتتى ئۇنىڭغا يېشى چوڭراق جەڭچىلەر ، — ئۇلۇغلىرىمىز كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن بۆركۈتلەردەك ئۇچۇپ كېتىمىز . ئۇ چاغدا توختاي دېسەڭمۇ توختىيالمايسەن .

× × ×

فېڭشياڭ ئايمىقى بايرام تۈسىگە كىرگەنىدى . ھەممە يەردە تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدەيتتى . ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە مۇلازىملار مېھمان كۈتۈشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراپ يۈرۈشەتتى . ئاخىر مېھمانلار يېتىپ كەلدى . سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ :

— كەلدى ، كەلدى ! — دەپ ۋارقىراشتى .

سېپىل سىرتىدا كۈتۈپ تۇرغان چاپارمەنلەر بۇ خەۋەرنى تەڭرى ئوغلى تاڭ سۇزۇڭغا تېزرەك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئوردا تەرەپكە كېتىشتى .

دەرۋەقە ، شىمال تەرەپتىن كۆرۈنگەن زور قوشۇن دالاغا كەڭ يېيىلىپ ، چاڭ توزۇتۇپ ، فېڭشياڭ سېپىلىغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . بۇ باش قوماندان گو زىيى شەخسەن ئۆزى باشلاپ كېلىۋاتقان خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى ئىدى . قوشۇن سېپىل

سىرتىدا توختاپ بارگاھ قۇردى. قۇتلۇغ يابغۇ بىر قىسىم يېقىنلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا گوزيىي سانغۇنىنىڭ يول باشلىشى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ فېڭشياڭ ئايمىقىدىكى ۋاقىتلىق ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. تەڭرى ئوغلى تاڭ سۇزۇڭ خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايى بىلەن ئۇلارنى ئىنتايىن قىزغىن كۇتۇۋالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ گۋاڭپىڭ بېگى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلىنى قۇتلۇغ يابغۇ بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشقا دالالەت قىلدى. ئىككى خانزادە دوستانە كەيپىيات ئىچىدە « ئاكا - ئۇكا بولايلى » دېيىشىپ قول بېرىشتى.

ئەتىسى قۇتلۇغ يابغۇ ئۆز قوشۇنىدىن ئىككى مىڭ چەۋەندازنى ئايرىپ، فەنياڭ تەرەپكە كەتكەن ئاشىنا چۇرتېگىنىنىڭ قوشۇنىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

— بىز چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئەن لۇشەنگە فەنياڭ تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلىشىمىز كېرەك، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ.

— مەن قوشۇلىمەن، — دېدى گوزيىي نۆۋەت بىلەن تەڭرى ئوغلى ۋە يابغۇغا جىددىي قاراپ.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى تەڭرى ئوغلىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ.

ئىككى مىڭ كىشىلىك تارماق قوشۇن يۈرۈشكە تەييار بولغاندا قۇتادمىش يۈگۈرۈپ كېلىپ، جەڭچىلەرگە ئاخىرقى يوليۇرۇقلارنى بېرىۋاتقان قۇتلۇغ يابغۇنىڭ ئالدىغا بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئىلتىماس قىلدى:

— يابغۇم، مەن فەنياڭغا بارغان. ئۇ تەرەپنىڭ يوللىرىنى ئوبدان بىلىمەن. شۇڭا، تارماق قوشۇنغا يول باشلىغۇچى بولۇپ باراي، ئىجازەت قىلغايلا.

— بوپتۇ، يول بىلىدىغانلار كۆپرەك بولغاننىڭ زىيىنى يوق، — دېدى يابغۇ.

تارماق قوشۇن فەنياڭ يولىغا چۈشۈپ تېز ئىلگىرىلەپ كەتتى. بۇ

قوشۇندىكى ھەربىر جەڭچىنىڭ ئىككىدىن ئېتى بولۇپ، ئاتلارنى ئالماش-
تۇرۇپ مىنگەچكە مەنزىلدىن مەنزىلگە توختىماي ئۆتۈپ، ناھايىتى تېز-
لىكتە فەنياڭ تەۋەسىدىكى يەرلەرگە يېتىپ كەلدى.

قۇتادمىش تېز يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ،
يۈزىگە نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلىنىمۇ سەز-
مەي، فەنياڭ تۇپرىقىدا مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمۇپ ياتقان ئادارقىزنى سې-
غىنىپ ئەسلەيتتى، «ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىكىدە قويغانىدىم، —
دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئەمدى ئۇنىڭ تۇپراق بېشىدا قوي بوغۇزلاپ قان
ئاققۇزۇپ، شامانىي تەكلىپ قىلىپ پىرە ئوينىتاي. ئۇنىڭ روھى خۇش
بولۇپ قالسۇن».

تارماق قوشۇن تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئاشىنا قوشۇنى-
نىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى-دە، چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇلارنى بىردەمدىلا تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئاشىنا چۈرتېگىن بۇنداق
ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمنىڭ بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ
ئەسكەرلىرى ئۇيقۇچىلىقتا نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي ئۆ-
لۈم ۋەھىمىسى ئىچىدە تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ چېچىلىپ كەتتى. تار-
ماق قوشۇندىكىلەر ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ قىلىچتىن ئۆتكۈزەتتى.

ئاشىنا چۈرتېگىن پەقەت ئەتىسى كۈنىلا ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ
كەلگەنلىكىنى بىلدى. كېچىدىكى جەڭدە ئۇنىڭ قوشۇنى بەكلا تۇزۇپ
كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ خېلى سالماقلىق
قىسمىنى تەشكىل قىلغان توغرالار ئەتىسى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن
ئاشىنادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇيغۇرلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئورخۇن-
لۇقلارنىڭ تارماق قوشۇنى ناشتىدىن كېيىن يەنە ھۇجۇم قوزغىدى. ئا-
شىنا چۈرتېگىن ئەمدى ئوچۇق دالادا جەڭ قىلىشقا پېتىنالماي فەنياڭ
سېپىلىنىڭ ئىچىگە بېكىنىۋالدى. ئورخۇنلۇقلار بۇ ئايماقنى ئۇدا ئىككى
كۈنگىچە مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۈچىنچى كۈنى جەنۇب تەرەپتىن، يەنى
خېنەن تەۋەسىدىن ئەن لۇشەننىڭ يىگىرمە مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇنى
فەنياڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىپ قالدى. ئۇيغۇر تارماق قوشۇنى-

نىڭ ئادەم سانى بەك ئاز بولغاچقا جەڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، كۆنۈپې-
تىشقا ، يەنى چاڭئەن تەرەپكە ئۇچقاندەك تېز چېكىنىدى . توپىلاڭچىلار
ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشەي دەپ قالغاندا ئۇيغۇر جەڭچىلەر بوراندەك ئۇ-
چۇپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدىن كەينىگە قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۈز-
گىلى تۇردى . قوغلىغۇچىلار كەينى ـ كەينىدىن يىقىلىشقا باشلىدى . شۇ
تەرىقىدە دۈشمەنلەر بىرنەچچە قېتىم قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئۇرۇنۇپ باق-
قان بولسىمۇ ، بىر تالاي ئادىمىدىن ئايرىلىپ كەينىگە قايتىپ كەتتى .

ئورخۇنلۇقلار فەنياڭغا قانداق تېزلىكتە يۈرۈش قىلغان بولسا ، ئەمدى چاڭئەن تەرەپكىمۇ شۇنداق چاققانلىق بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . ئۇلار قۇتلۇغ يابغۇنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى بىلەن ئەنە شۇ چاڭ-ئەن ئەتراپىدا ئۇچرىشىشقا كېلىشكەنىدى .

قۇتادمىش قوشۇن ئىچىدە ئېتىنى يورغىلىتىپ كۆنۈپېتىشقا كې-تىۋاتقان بولسىمۇ ، كۆزى كەينىدە قالدى . ئۇ فەنياڭغا كىرەلمىگەنلىكى-دىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى ، ئادارقىزنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلالمىغانلى-قىدىن ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەمدەك ھېس قىلاتتى . ئۇ ئادارقىزنى سېغىنغانسېرى ماسمادارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئا-شاتتى . ئۇنىڭ ئېڭىدا ماسماداردىن ئۆچ ئېلىش گويا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدەك بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئىنتىلىشىمۇ ، مۇددىئاسىمۇ شۇ ئىدى .

« خەپ ، توختاپ تۇر ، ماسمادار ! ــ دەپ ئويلايتتى قۇ-تادمىش ، ــ سەن ھازىر بەلكىم چاڭئەندە يەنە شۇملۇق قىلىپ يۈرۈۋات-قانسەن ياكى باشقا جايلاردا كاللا كېسەرلىك قىلىۋاتقانسەن ، ئەگەر ھا-زىرغىچە تىرىك بولساڭ ... ئالدىرىماي تۇر ، خۇنپەر ، بىز ئەن لۇشەننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن نەدىن بولمىسۇن تېپىلىسەنغۇ . ئەنە شۇ چاغدا ئۆز قولۇم بىلەن ئەدىپىڭنى بېرىمەن ! »

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە قۇتادمىشنىڭ يۈرىكى « جىغ ! » قى-لىپ قالدى . چاڭئەندە ھېلىقى قوردانلىق سەنئەتچىلەر قالغانىدى . ئۇلار نېمە بولۇپ كەتتىكىن ؟ ھېلىقى ئايتولۇن ئاتلىق ئۇسسۇلچى قىز ھازىرمۇ

www.uyghurkitap.com

چاڭئەندە تۇرۇۋاتقانمىدۇ ؟ ئاشۇ ئايتولۇننىڭ كېپىنەكتەك يېنىك ئۇسسۇل ئويناشلىرى ، كۈلۈشلىرى ، بېرىلىپ ھېسسىياتلىق سۆزلەشلىرى ، قۇتادمىشقا شۇنچە ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن يۈرەك سۆزىنى ئېيتقانلىقى ، قۇتادمىش ئۇنى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى قوبۇل قىلمىغاندا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققان ھالدا يۈگۈرۈپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكى ، قوردانلىق سەنئەتچىلەر قۇتادمىشنى فەنياڭغا ئۇزاتقاندىكى ئايتولۇننىڭ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك پەرىشان چىرايى — ئەنە شۇ ئەسلىمىلەر قۇتادمىشنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ سۈرەتلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىدى .

كۈز بىلەن قىش ئالمىشىپ ، قار يېغىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تارماق قوشۇن چاڭئەن شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا ئاساسلىق قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى . تارماق قوشۇن فەنياڭغا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن تابغاچ قوشۇنى بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنى چاڭئەنگە قىستاپ كېلىپ ۋە شۇ يەردە ئىككى سەپكە ئايرىلىپ ، ھەل قىلغۇچ جەڭنى باشلاشنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى ئىشلىمەكتە ئىدى .

تارماق قوشۇننىڭ فەنياڭغا قىلغان يۈرۈشى ھەققىدىكى تەپسىلىي مەلۇماتنى قۇتلۇغ يابغۇ بىلەن گوزىيى سانغۇن بىر چېدىردا ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى .

— دېمەك ، ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ جەڭگىۋار كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن يىمىرىلدى ، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، — ئەمدى ئۇلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقىدىن ھوقۇق تالاشقۇدەك مادارى قالمىدى .

گوزىيى ھەيرەت ئىچىدە شالاڭ ئۆچكە ساقىلىنى سىلاشتۇرۇپ خىتاب قىلدى :

— بارىكاللا ! ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ ! ئاران ئىككى مىڭ ئادەم چىقىپ ، شۇنچە قۇدرەتلىك قوشۇننى تارمار كەلتۈرۈپ پارچىلىۋەتكەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ . يارايسىلەر ! ئۇيغۇر قوشۇنى ھەقىقەتەن تەڭداشسىز قۇدرەتلىك قوشۇن ئىكەن . بۇ قوشۇن

بىلەن ئەن لۇشەننى مەغلۇپ قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا ئەمدى تولۇق كۆزۈم
يەتتى .

× × ×

گوزىيى قوشۇنى بىلەن قۇتلۇغ يابغۇ قوشۇنى ھەل قىلغۇچ
جەڭگە ئاتلاندى . كېلىشىم بويىچە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى چاڭئەننىڭ
غەربىدىكى جىشياڭسى بۇتخانىسى ئەتراپىدا توپلانغان يۈز مىڭ كىشى-
لىك توپلاڭچى قوشۇننىڭ ئالدىغا يۈرۈش قىلدى . قۇتلۇغ يابغۇ قو-
شۇنى هارماس ئاتلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ، يىراقتىن ئايلىنىپ ، بۇ يۈز
مىڭ كىشىلىك ئەن لۇشەن قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى .

توپلاڭچى قوشۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن گوزىيى قوشۇنىغا
ھۇجۇم قىلدى . پايانسىز قارلىق دالادا قانلىق جەڭ باشلاندى . تاڭ
سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى پىيادە ئەسكەرلەر ئىدى . قارشى تە-
رەپنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئىدى . پىيادىلەرنىڭ ئۇزۇن نەيزىلىرى بىلەن
ئاتلىقلارنىڭ ئۆتكۈر قىلىچلىرى تەڭلا ھەرىكەتكە كەلدى . قاقاس چۆل-
نىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى . ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە ھەيۋە قىلىپ ۋار-
قىراشلىرى ، ئاتلارنىڭ ئەنسىز كىشنەشلىرى ، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈر-
لەشلىرى ، پولات تىغلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ « جاڭ - جۇڭ »
قىلغان سادالىرى ، يارىدارلارنىڭ داد - پەرياد ئۇرۇپ ئىڭراشلىرى گو-
ياكى يەر ۋە كۆكنى تۇتاش قاپلىدى . ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەنلەر ۋە
يارىدار بولغانلار تېز كۆپەيدى . لېكىن ، بارا - بارا ئاتلىقلارنىڭ ئۆتكۈر
قىلىچلىرى پىيادىلەرنىڭ ئۇزۇن نەيزىلىرىنى بېسىپ چۈشكىلى تۇردى .
جەڭ ئوتىدا قىزىپ كەتكەن ئاتلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، ئادەملەرنى
كۆكرەكلىرى بىلەن سوقۇپ يىقىتاتتى . ئات تۇياقلىرى ئاستىدا دەسسى-
لىپ ، چەيلەنگەن ئادەملەرنىڭ تىرىك قالغانلىرى بىر ئاماللارنى قىلىپ
ئۆمىلەپ قوپاتتى - دە ، جەڭ مەيدانىدىن قاچاتتى . يۇقىرىدىن كۆچەپ
ئۇرۇلغان قىلىچلار پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتكەن ئادەملەرنى كەينى - كەي-

www.uyghurkitap.com

نىدىن دومىلاتقىلى تۇردى. تاغ سۇلالىسى قوشۇنى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. قوماندانلار ۋەزىيەتنى كونترول قىلالماي قالدى.

ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان باش قوماندان گوزىيى ئۆز يېنىدىكى باتۇرلۇقتا داڭق چىقارغان قېنى قىزىق لى سىيۆ سانغۇنغا كەسكىن بۇرۇلۇپ قارىدى.

— خىللانغان پالۋانلىرىڭىزنى يىغىپ ئۇلارنى توسۇڭ! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ توختاۋسىز ئالغا بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئاتلىقلىرىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

ئىچى قايناپ زەردىگۆش بولۇپ كەتكەن لى سىيۆ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر تۈركۈم چەۋەندازلارنى باشلاپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتتى. بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن لى سىيۆ ۋە ئۇنىڭ چەۋەندازلىرى ئون نەچچە دۈشمەننى ئات ئۈستىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، تىرىك تۇتۇپ كەلدى. دۈشمەن چەۋەندازلىرى بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن مەڭدەپ قالدى. گو زىيىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ جەڭگە چۈشتى. بۇ چاغدا دۈشمەن تەرەپمۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمدى لى سىيۆنىڭ پالۋانلىرىمۇ ئامالسىز قېلىپ چېكىنىشكە يۈزلەندى.

ئەنە شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە گوياكى جەڭ ئىلاھى ئەرشئەلادىن تاغ قوشۇنلىرىغا كۈلۈپ قارىغاندەك بولدى. تۇشتۇمتۇت ئۇيغۇر قوشۇنى ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، بەجايىكى قارا قۇيۇندەك، بەجايىكى چۆلدىكى قارا بوراندەك ئۇچۇپ كەلدى ــ دە، ئەن لۇشەن قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئەجەللىك زەربە بەردى. شۇنداق دەھشەتلىك ئۇر ــ يىقىت باشلىنىپ كەتتىكى، ئەن لۇشەن تا ھازىرغىچە بۇنداق ھالاكەت يەتكۈزگۈچى، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھۇجۇمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى:

— كۆك بۆرە! كۆك بۆرە! — دەپ ئۇران توۋلىغىنىچە بەئەينى چۆل قاپلانلىرىدەك، بەئەينى ئاشۇ رىۋايەتلەردىكى ئۆلۈمدىن قورقمايدى-

غان ، خەتەردىن قاچمايدىغان مۇقەددەس كۆك بۆرىلەردەك شىددەتلىك ئېتىلىپ كېلىپ ، تالاي ـ تالاي جەڭلەردە شەرەپ قازانغان ئۆتكۈر قىلىچلىرىنى ئىشقا سالدى .

ئەن لۇشەن ئەسكەرلىرىمۇ بوش كەلمەي جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشتى . سەپلەر بۇزۇلۇپ ، رەقىبلەر ئارىلىشىپ كەتتى . ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەزىمەتلىرى قىلىچلىرىنى بار كۈچى بىلەن غۇلاچلاپ چاپاتتى . پولات تىغلارنىڭ چاقماقتەك زەربىسىدىن ھەرياندا ئادەملەر ۋە گۇناھسىز ئاتلار جان ئۈزۈپ يىقىلغىلى تۇردى . پۈتۈن جەڭ مەيدانى بىردەمدىلا گوياكى ھالاكەت دېڭىزىغا ۋە ياكى قىيامەت قايىمغا ئوخشاپ كەتتى . تىركىشىش ئۇزاق داۋاملاشمىدى . ئورخۇنلۇقلار بارغانسېرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى . ئەن لۇشەن قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي قەدەممۇ قەدەم چېكىنىشكە باشلىدى ۋە ھايال ئۆتمەي قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك غەيرىتىنىمۇ يوقىتىپ ، قالايمىقان قېچىپ ، ھەر ياقلارغا پىتىراپ كەتتى . قۇتلۇغ يابغۇنىڭ ئەزىمەتلىرى يېڭىش تەنتەنىسى بىلەن قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈپ ، ئۇچقۇر ئاتلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ ساۋاشقا باشلىدى . كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالادا ئەن لۇشەن ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى چېچىلىپ ، يېيىلىپ كەتتى .

قۇتلۇغ يابغۇنىڭ چەۋەندازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كەينىدىن گوزىيەنىڭ پىيادىلىرى شۇ قوغلىغانچە ھېچ يەردە توختىماي چاڭئەن سېپىلىرىغىچە قىستاپ كەلدى . ئەن لۇشەن بۇنداق زور مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى . ئۇيغۇر ، تابغاچ قوشۇنلىرى داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىپ ، ئۇلارنى تۈگۈگەن ئۆتكىلىدىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنلا جەڭنى توختاتتى .

قۇتلۇغ يابغۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ھاۋا ئېلىپ ، قار ئېرىشكە باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ئاستانىسى چاڭئەن شەھىرىگە غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن كىرىپ كەلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى باب

## ئوخشاشمىغان تەقدىرلەر

چاڭئەن شەھەر ئاھالىسى ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قالغانىدى. دۇكانلار ۋە خۇسۇسىي تۇرالغۇ جايلار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ، خەلق ئاچارچىلىقتا زار قاقشىماقتا ئىدى. ئۈستۈۋېشىغا ئەسكى-تۈسكىلەرنى يۆگىۋالغان تىلەمچىلەر ھەممە يەردە تېنەپ يۈرۈشەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك كوچىلاردا ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى تېپىلاتتى. شەھەرلىكلەرنىڭ تولىسى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىشكەن بولۇپ، كوچا-كويلار ۋە ئۆي-سارايلار تىمتاس جانسىز ماكانغا ئايلانغانىدى. ناگان-ناگاندا ئۆتۈپ قالىدىغان يېگانە يولۇچى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى قالمىغان ھالدا كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىپ، خۇددى مۈشۈكتىن قاچقان چاشقانلاردەك تېزرەك بىرەر تۆشۈككە كىرىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئىگە-چاقىسىز قالغان لالما ئىتلار ئەخلەت-چاۋارلارنى تىتىپ قاتراپ يۈرۈشەتتى. ئادەم نەگىلا قارىسا ھەممە يەردىن گويا يىغا ئۇلىشىپ تۇراتتى.

قۇتادمىش «يېقىن كىشىلىرىمنى ئىزلەيمەن» دەپ باشلىقىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئېتىغا مىندى-دە، شەھەر كوچىلىرىنى بىرباشتىن ئارىلاشقا باشلىدى. يوللاردا قار-پاتقاق ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، تۈزۈكرەك ئادەم ئىزى كۆرۈنمەيتتى. قۇتادمىش چەتتىكى بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇشتى بىلەن دەرۋازىنى قاقتى.

— ھاي، ئادەم بارمۇ؟ دەرۋازىنى ئېچىڭلار!

شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە قېتىم ۋارقىراپ دەرۋازا قاققاندىن كېيىن

ئۇچىسىغا ئەسكى پالاسنى يېپىنچاقلىۋالغان ، ئاق كىرگەن چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن ئورۇق بىر ئەر كىشى دەرۋازىنى ئاچتى ۋە شوخ ئار-غىماقنى مىنىپ ، يېنىغا قىلىچ ، خەنجەر ئاسقان جەڭچىنى كۆرۈپ ، ئۆ-زىنى تاشلاپ تىزلاندى ـ دە ، كەينى ـ كەينىدىن بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ ، يالۋۇرۇپ يىغلاپ كەتتى :

— رەھىم قىلغايلا ، باتۇر ئەزىمەت ، رەھىم قىلغايلا ! ئۆيدە يې-گۈدەك ئاشلىقمۇ ، كىيگۈدەك كىيىممۇ قالمىدى . يالغۇز بىر قىزىم بار ئىدى ، ئۆلۈپ كەتتى ، ئۆيدە باشقا قىز ـ چوكانلار يوق . رەھىم قىل-غايلا !

قۇتادمىش ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى .

— ھەي ، بولدى ، بولدى ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، — دېدى ئۇ ، — مەن بۇلاڭچى ئەمەس ، ئۇقتىڭىزمۇ ؟ مەن سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ جەڭچىسى . ئورنى-ڭىزدىن تۇرۇڭ .

قۇتادمىش خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچىنى ئارىلاشتۇرۇپ چالا ـ بۇلا سۆزلىگەن بولسىمۇ ، ھەر ھالدا ھېلىقى بىچارە كىشى چۈشەندى ۋە ئور-نىدىن قوپۇپ سوغۇقتىنمۇ ياكى قورقۇشتىنمۇ ، ئەيتاۋۇر جالاق ـ جالاق تىترەپ سورىدى :

— ئەمىسە ... سىزگە نېمە كېرەك ، باتۇر ئەزىمەت ؟

قۇتادمىش ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئۆگىنىۋالغان خەنزۇچە سۆزلەرنى ئىلاجى بار جايىدا ئىشلىتىشكە تىرىشىپ چۈشەندۈردى :

— مەن دوستلىرىمنى ئىزلەپ يۈرۈۋاتىمەن ... قوردان دېگەن شەھەردىن كەلگەن سەييارە سەنئەتچىلەر بار ئىدى ... ئۇلار مۇشۇ چاغ-ئەندە ... ھە ... كوچىلاردا ئويۇن قوياتتى ...

ئۆي ئىگىسى قۇتادمىشنىڭ يامانلىق قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ خېلى تېتىكلەشتى .

— ھە ، ئۇ سەنئەتچىلەرنىڭ ئويۇنلىرىنى مەنمۇ كۆرگەن ، — دېدى ئۇ ، — بىراق ، ئۇلارنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى بىلمەيمەن . توپىلاڭ-

چىلار بۇ شەھەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن پۇقرالارنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قېچىپ توزۇپ كەتتى. يەنە نۇرغۇن يىگىت - قىزلارنى ئۇلار تۇتۇپ كېتىشتى. ماڭا ئوخشاش ئاز بىر قىسىم ئاجىز قېرى كىشىلەرلا يا ئۆلمەي، يا تىرىلمەي مۇشۇنداق ئاچ - زارلىقتا يۈرۈۋاتىمىز.

قۇتادمىش ئېتىنى دېۋىتىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر نەچچە ئۆيلەرگە دوقۇرىدى. ئىگىسىز قالغان بوش ئۆيلەرگىمۇ كىرىپ بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى ئاختۇرۇپ باقتى. يولدا ئۇچرىغان ئادەملەردىنمۇ سوراپ باقتى. ھېچكىمدىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. كىشىلەرنىڭ تولىسى قورداتلىق سەنئەتچىلەرنى كۆرگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ كېيىن نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

قۇتادمىش روھى چۈشكەن ھالدا ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىغىراق توغرا كېلىدىغان بىر كەڭرى كوچىغا چىقىپ قالدى. بۇ يەرگە كەلگەندە قۇتادمىشنىڭ پەرىشانلىقى يوقالدى. ئۇ سەل ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ، ئەتراپىغا زەن سالدى. بۇ كوچىدا گوياكى ھېچقانداق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولمىغاندەك كۆرۈنەتتى. تەكشى تاش ياتقۇزۇلغان كوچا پاكىز سۈپۈرۈلگەن، ئەتراپتىكى ئۆيلەرمۇ ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانىدى. كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا ھەشەمەتلىك سېلىنغان مانى دىنىنىڭ كاتتا ئىبادەتخانىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

قۇتادمىش ئىبادەتخانىنىڭ قىزىل سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازىسىغا، خۇددى شۇنداقلا قىزىل سىرلانغان خىش تاملارنىڭ ئارقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چېدىر شەكىللىك ئۆگزىلەرگە قاراپ ئېتىنى توختاتتى. «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ كوچىغا كىرىپ باقمىغانىدىم، — دەپ ئويلىدى قۇتادمىش، — بۇ كوچىدا پەقەت مانى دىندارلىرىلا ئولتۇراقلاشقانىكەن. شۇڭا، بۇددا دىنى ۋە كۆكتەڭرى تەلىماتلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تابغاچلارمۇ، شامان دىنىنىڭ يولىنى تۇتقان ئۇيغۇر، تۈركلەرمۇ مۇھىم ئىشى بولمىسا بۇ يەرگە كەلمەيدىكەن».

يېنىدىكى بىر دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلىپ، ئۇزۇن ئاق لىباس كىيىپ، بېشىغىمۇ ئاق رومال سالغان بىر سوغدى ئايال چىقتى ۋە يېنىغا

قىلىچ ئېسىپ، ئات مىنىپ تۇرغان قۇتادمىشنى كۆرۈپ چۆچۈگەن ھالدا توختاپ قالدى.

— ھەي ئەسكەر، — دېدى ئۇ قورقۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا دادىللىق بىلەن، — بۇ كوچىدىن بايلىق تاپىمەن دېسەڭ بولمايدۇ. بۇ كوچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مانى راھىبلىرى. بۇ يەردە بايلار يوق. بۇ جىن-شەيتانلاردىن پاكلانغان، مانى روھى نۇر چاچقان كوچا بولغاچقا، تابغاچ ئەسكەرلىرىمۇ، ئەن لۇشەننىڭ ئادەملىرىمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يەردىكى روھانىيلارغا تېگىش قىلمىغان. سەنمۇ كەتكىن، ئەسكەر، بىزگە چېقىلساڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسەن، تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايسەن.

قۇتادمىش بۇ ئاق لىباسلىق راھىبەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز تۈردە مۇلايىملىشىپ قالدى. راھىبە شۇنچە تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي، ئاجايىپ جەلپ قىلارلىق نۇتۇق سەنئىتى بىلەن سۆزلەيتتى.

— مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ھۆرمەتلىك راھىبە، — دېدى قۇتادمىشمۇ ئىمكانقەدەر ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىپ، — مېنىڭ يامان غەرىزىم يوق، مەن ئۆزۈمنىڭ دوستلىرىمنى ئىزلەپ يۈرۈۋاتىمەن.

— سېنىڭ دوستلىرىڭ مانىخەيمىدى؟① — دەپ يەنە تەمكىنلىك بىلەن سورىدى راھىبە.

— ياق، — دېدى قۇتادمىش، — ئۇلار قوردانلىق سەنئەتچىلەر. ئۇلار مۇشۇ شەھەردە سەييارە ئويۇن قويغان.

راھىبە قۇتادمىشقا سىنچىلاپ بىر قارىۋالدى.

— بىزنىڭ ئىبادەتخانىمىزدا قورداندىن كەلگەن بىر ئۇسسۇلچى قىز بار، — دېدى ئۇ.

قۇتادمىش دەرھال ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى.

— ئايتولۇنمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، ئايتولۇن، — دېدى راھىبە، — ئۇ بىزنىڭ

① مانىخەي — مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى.

دىنىمىزغا كىردى . ھازىر ئىبادەتخانىدا توۋا دۇئالىرىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ .
قۇتادمىش راھىبەنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى چۈشەنمىدى ، چۈشە-نىشكە ئۇلگۇرمىدى .
— ئاشۇ يەردىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇدۇلدىكى ھەشەمەتلىك كاتتا ئىبادەتخانىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ .
— ھەئە ، شۇ يەردە ، — دېدى راھىبە .
قۇتادمىش ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ ئىبادەتخانا ئالدىغا كەلدى . ئىبادەتخانىنىڭ قىزىل سىرلانغان قوش قاناتلىق يوغان دەرۋا-زىسى ھىم يېپىلىپ ، ئىچىدىن تاقىۋېتىلگەنىدى . قۇتادمىش دەرۋازىنىڭ ھالقىسىمان تۆمۈر تۇتقۇچىنى قايقىغا ئۇرۇپ تاراقلاتتى . دەرۋازا قىيا ئې-چىلىپ ، ئۇزۇن ئاق تون كىيگەن بىر تاقىر باش راھىبنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى . بۇ ياش راھىب ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇرغان قوراللىق يىگىتكە باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن :
— باش روھانىي ھازىر يېڭى مۇرىتلارغا توۋا دۇئالىرىنى ئۆگە-تىۋاتىدۇ ، بۇگۈن سىرتتىن كەلگەن زىيارەتچىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ . ئەتە كەلگەيسىز ، — دېدى ۋە دەرۋازىنى قايتا يېپىۋېلىشقا تەمشەلدى .
قۇتادمىش ئالدىراپ ئۇنى توسۇۋالدى .
— توختاپ تۇرۇڭ ، ھۆرمەتلىك راھىب ، مەن قوردانلىق ئۇس-سۇلچى قىز ئايتولۇننى ئىزدەپ كەلدىم . ئۇنى چاقىرىپ قويسىڭىز كەن .
راھىب قۇتادمىشنىڭ تەلىپىنى سىلىقلىقچە رەت قىلدى :
— بولمايدۇ ، خاپا بولماڭ . باش روھانىي بۇگۈن مۇرىتلاردىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇغان .
قۇتادمىش تۆۋەنلىك بىلەن يېلىندى :
— ئۆتۈنۈپ قالاي ، ھۆرمەتلىك راھىب ، ياردەم قىلىڭ ، مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭ . ئايتولۇن بىلەن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ . مەن ئىزلەپ يۈرگەن ئايتولۇن شۇمۇ ، ئەمەسمۇ ؟ بىر كۆرۈۋالسىلا بولدى . مەن كىرمىسەممۇ مەيلى ، ئۇنى چاقىرىپ قويسىڭىز .
تاقىر باش راھىپ ئىككىلىنىپ قالدى .

— ئەمسە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭ . مەن باشقۇرغۇچى را-
ھىبتىن سوراپ باقاي ، — دېدى ئۇ ۋە دەرۋازىنى قايتا يېپىپ ، ئىچىدىن تاقىۋالدى .

قۇتادمىش دەرۋازا يوچۇقىدىن ماراپ ، راھىبنىڭ يىراقلىشىپ كې-
تىۋاتقانلىقىنى كۆردى .

ھايال ئۆتمەي بايىقى راھىب قايتىپ كەلدى ۋە دەرۋازىنى ئې-
چىپ ، قۇتادمىشقا ئەدەپ بىلەن باش ئېگىپ مۇراجىئەت قىلدى :

— باش روھانىي ئېيتىدۇلەركى ، دىنىمىزنىڭ تۇۋا دۇئالىرىنى ئاڭلاشنى خالايدىغانلار قەدەم تەشرىپ قىلسا بولىدۇ .

— تۇۋا دۇئالىرىنى ئاڭلاشنى خالايمەن ، — دېدى قۇتادمىش .

راھىب ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ، قۇتادمىشنى ھويلىغا كىرگۈزدى .

— باش روھانىينىڭ زىكىر - كالامىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاشتىن ئۆزگە ھەر قانداق سۆز - ھەرىكەت قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ ، — دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى راھىب .

— خوپ ، — دېدى قۇتادمىش ۋە ئېتىنى دەرەخلەردىن بىرىنىڭ شېخىغا باغلاپ قويۇپ ، راھىبنىڭ كەينىدىن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانا ئىچىگە كىردى .

يوغان - يوغان قىزىل تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان ئىبادەت قىلىش ئۆيى خېلى كەڭرى بولۇپ ، يۈزگە يېقىن يىگىت مۇرىتلار چازا قۇرغان ھالدا قاتار تىزىلىپ ئولتۇراتتى . ئەرلەر بىر چەتتە ، ئاياللار بىر چەتتە . قۇتادمىش ئەرلەر قاتارلىرىنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ ئولتۇردى .

تۆردىكى رەڭدار گىلەملەر سېلىنىپ بېزىتىلگەن پەشتاقتا ئاق ساقاللىق تاقىر باش روھانىيمۇ چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ، ئاۋازىنى سوزۇپ ، ھەربىر سۆزىنى دانە - دانە چىقىرىپ ، سالاپەت ۋە تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى :

— ئەي تەڭرىم ، گۇناھ ئىچىدە يۈرۈپ ، ئويىمىز ، سۆزىمىز ۋە ئىشىمىز بىلەن تۆرلۈك گۇناھلارنى ئۆتكۈزدۇق . قانچىلىك يالغانچىلىق قىلدۇق ، يالغان قەسەم ئىچتۇق ، ئالدامچىلارغا گۇۋاھچى بولۇپ بەر-

www.uyghurkitap.com

دۇق ، گۇناھسىز كىشىلەرگە ئۇۋال قىلدۇق ، يەنە گەپ تارقىتىپ كىشى-لەرگە تۆھمەت چاپلىدۇق ۋە شۇنىڭ بىلەن كۆڭۈللىرىمىزنىمۇ ، بىلىم-لىرىمىزنىمۇ نابۇت قىلدۇق ، كۈن ۋە ئاي تەڭرىلەرگە ياقمايدىغان شۇنچە كۆپ يامان ئىشلارنى قىلدۇق . بۇرۇنقى ئۆمرىمىزدە ۋە ھازىرقى كۈنىمىزدە ، ياش ۋاقتلىرىمىزدا قانچىلىك گۇناھلىق ئىشلارنى قىلدۇق ، ئازدۇق ، يېڭىلىشتۇق . ئەمدى بۇ گۇناھلاردىن بوشىنىشقا ئۆتۈنىمىز . ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم ، گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسەن !

بارلىق ئەر ـ ئايال مۇرىتلار بىر ئېغىزدىن دۇئانىڭ ئاخىرقى سۆز-لىرىنى تەكرارلىدى :

ـــ ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم ، گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسەن !

باش روھانىي توۋا دۇئالىرىنى يەنە يادقا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى :

ـــ ئەزرۇئا① تەڭرىگە ، كۈن ـ ئاي تەڭرىگە ، كۈچلۈك تەڭ-رىگە ، بۇرخانلارغا② ھەركۈنى خالىس نىيەت ۋە پاك كۆڭۈل بىلەن مەدھىيە ئوقۇش قائىدە ـ يوسۇنىمىز بار ئىدى . لېكىن ، بىز قورقماستىن توغرا يولدىن ئېزىپ ، ياخشىلىقنى تولۇق مەدھىيىلىمىدۇق . پۈتۈن كۆڭلىمىزنى ، ئوي ـ خىياللىرىمىزنى تەڭرىگە تۇتمىدۇق . شۇڭا ، تى-لەكلىرىمىز تەڭرىگە تولۇق يەتمىدى ، قەيەردىدۇر بىر يەرلەردە توسۇ-لۇپ قالدى . ئەمدى يورۇق تەڭرىلەر ، مۇقەددەس نوم③ ، پاك دىندارلار ئالدىدا گۇناھتىن بوشىنىشقا ئۆتۈنىمىز . ئەي قۇدرەتلىك تەڭرىم ، گۇ-ناھىمىزدىن ئۆتكەيسەن !

قۇتادمىش ئوقۇلۇۋاتقان بۇ مانى دۇئالىرىغا ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمىدى . ئۇ ھەدەپ ئايال مۇرىتلار تىزلىنىپ ئولتۇرغان تەرەپكە زارىقىپ قارايتتى . لېكىن ، ئايال مۇرىتلارنىڭ ھەممىسى باشلىرىغا ئۇزۇن ئاق رو-مال سېلىۋالغان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنى كۆرگىلى بول-

---

① ئەزرۇئا ـــ مانى دىنىدىكى ئالىي ئىلاھ .

② بۇرخان ـــ پەيغەمبەر .

③ نوم ـــ بۇددا ياكى مانى دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرى يېزىلغان كىتاب .

مـايتتى . « ئايـتولۇن راسـتـنىلا مۇشۇ مۇرىتلار ئارىـسـىـدا ئولتۇرامدى. غاندۇ ؟ — دەپ ئويلىدى قۇتادمىش ، — ئۇ قانداق بولۇپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ قالدى ؟ مەن ئىزلەۋاتقان ئايتولۇن شۇمۇ ، ئە. مەسمۇ ؟ ياكى بۇ يەردىكىسى باشقا ئايتولۇنمۇ ؟ ئەگەر شۇ بولسا ، قورداندىن كەلگەن سەنئەتچىلەر قېنى ؟ »

قۇتادمىش ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ ، باش روھانىينىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئاڭلىمىدى . توۋا دۇئالىرى ئوقـۇلۇپ بولدى . مۇرىتلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئىبادەتخانىدىن چى. قىشقا باشلىدى . قۇتادمىش سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقان ئەر مۇرىتلار ئا. رىـسـىدىن قىسـتـىـلىپ ، سوقۇلۇپ ئۆتۈپ ، ئايالـلار تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى .

— ئايـتولۇن ! — ئۇ ئايال مۇرىتلار ئارىسىدىن بۇ قوردانلىق قىزنى ئاسانلا تونۇۋالدى .

ئايتولۇن چۆچۈپ توختىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختى. غان ئورجۇنلۇق يىگىتكە ھەيران بولغان قىياپەتتە كۆزلىرىنى يوغان ئې. چىپ قارىدى .

— قۇتادمىش ! بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز ؟ قاچان كەل. دىڭىز ؟

ئۇلار ئىككىيلەن ھويلىغا چىقىپ ، قۇتادمىشنىڭ ئېتى باغلانغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى . ئايتولۇننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئۆزىنى تـۇتۇشىدا بۇرۇنقىدەك ھېسسىيات ۋە قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . چىـرايى سۇلغۇن ، كۆزلىرى نۇرسىز بولۇپ ، پۈتۈن تۇرقىدىن روھسىز. لىق ۋە چۈشكۈنلۈك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

— ئايتولۇن ، — دېدى قۇتادمىش ، — سىزنى بەك تەستە تاپ. تىم . نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ؟ سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ .

— نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلدىڭىز ؟ — ئايتولۇن سوئالغا سوئال ياندۇردى ، — ئادارقىزنى تاپالمىدىڭىزمۇ ؟

— تاپتىم ، — دېدى قۇتادمىش ، — ئۇ ۋاپات بولدى .

بۇ چاغقىچە بارلىق مۇرىتلار ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ياتاقلىرىغا
تارقىلىپ كىرىپ كېتىشتى . قۇتادمىش بىلەن ئايتولۇن دەرەخلەر ئارىـ
سىدىكى ئۇزۇنچاق ئورۇندۇققا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى . قۇتادمىش ئادارـ
قىزنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىنى سۆزلەپ بەردى .
— ئاھ بىچارە قىز ! — دېدى ئايتولۇن كۆزلىرىنى ئاسمانغا قارىـ
تىپ ، — ئەززۇئا تەڭرىم ئۇنىڭ روھىنى قۇتلۇق قىلغاي .
— ئەمدى سىز گەپ قىلىڭ ، — دېدى يىگىت ، — قانداق قىـ
لىپ مانى مۇرىتى بولۇپ قالدىڭىز ؟ باشقا سەنئەتچىلەر نەدە ؟
قىز ئۇلۇغ - كىچىك تىندى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى .
— سۆزلەپ بېرەي ، — دېدى ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېـ
لىپ ، — سىز بۇ يەردىن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ ئۆز قوشۇنلىـ
رىنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى . كېيىن ئەن لۇشەن قوشۇن
تارتىپ كەلدى . ئۇلار بۇ شەھەردە دەھشەتلىك بۇلاڭچىلىق ۋە قىرغىنـ
چىلىق يۈرگۈزدى . چاڭئەن ئىشغال قىلىنىپ ئىككىنچى كۈنى بىزنىڭ
ھويلىمىزغا بىر توپ بۇلاڭچىلار باستۇرۇپ كىردى . ئۇلار ئۆيلەرنى
ئاختۇرۇپ ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدى ، ئاندىن
ئۆمىكىمىزدىكى قىز - ئايال سەنئەتچىلەرنى تۇتۇشقا باشلىدى . ئۆمەكـ
تىكى ئەرلەر ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرمىدى . ئۇلار پالتا ، پىچاق ، كالـ
تەكلەرنى كۆتۈرۈپ بۇلاڭچىلارغا تاشلاندى . بىز قىزلارمۇ قوللىرىمىزغا
نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ ئۆزىمىزنى قوغدىدۇق . لېكىن ، قان تۆكۈپ
ئادەتلەنگەن بۇلاڭچىلار قىلىچ ، نەيزە ، ئوقيالىرىنى ئىشقا سالدى ...
ئايتولۇننىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى . ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ
يىغلاپ كەتتى . قۇتادمىشمۇ جىددىيلەشتى .
— ھە ، كېيىن قانداق بولدى ؟ — سورىدى ئۇ ، — ئۆمەك
خوجايىنى ... سىزنىڭ ئاتاق ئاتىڭىز قېنى ؟
ئايتولۇن يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى :
— ھەممىسى ... ھەممىسى ... ھېچكىم تىرىك قالمىدى ... مەن
ھەممىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم .

ئايتولۇن يەنە ئۆزىنى بىسۇالالماي ، ئۇزۇن رومىلىنىڭ بىر ئۇ-چىنى كۆزلىرىگە تۇتۇپ ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى . قۇتادمىش مۇ-سىبەت قايغۇسى ئىچىدە بېشىنى ئەگدى . يىراقتىكى ئورخۇن دەرياسى بويىدىن كەلگەن بىر مۇساپىر يىگىتنى شۇنچە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ئۆز ئىچىگە ئېلىپ ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە خۇددى ئۇرۇق - تۇغقاندەك بو-لۇپ قالغان ئاشۇ قوردانلىق سەنئەتچىلەرنىڭ سۆيۈملۈك چىرايلىرى ئۇ-نىڭ كۆزلىرى ئالدىدىن بىر - بىرلەپ سۇرەتلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىدى .

— سىز قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز ؟ — قۇتادمىش ئايتولۇننىڭ ئىككى قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ سورىدى .

قوردانلىق قىز يىغىسىنى تەستە بېسىۋېلىپ سۆزلىدى :

— بىر بۇلاڭچى كەينىمدىن ئېتىلىپ كېلىپ مېنى چىڭ تۇ-تۇۋالدى . ئۇ قولۇمدىكى كالتەكنى چۆرۈپ تاشلاپ ، مېنى بوش قالغان بىر ئۆيگە سۆرەپ ئەكىرىپ پەسكەشلىك قىلغىلى تۇردى . مەن چاققان-لىق بىلەن شىرە ئۈستىدىكى بىر پىچاقنى ئېلىۋېلىپ ، ئۇنىڭ قارنىنى يېرىۋەتتىم ... — ئايتولۇن يىغلاپ كەتتى ، — مەن قاتىل بولۇپ قال-دىم ، قۇتادمىش .

— ئۇنداق دېمەڭ ، سىز قاتىل ئەمەس ، — دەپ تەسەللى بەردى يىگىت ، — ئۇنداق ئەھۋالدا شۇنداق قىلمىسىڭىز بولمايتتى . سىز توغرا قىپسىز .

ئايتولۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— بۇلاڭچىلار ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ ، ئالتۇن - كۈمۈش يىغىش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەنىدى . مەن بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈرگىنىمچە هويلىدىن قېچىپ چىقىپ مۇشۇ ئىبادەتخا-نىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن . كەينىمدىن بىرنەچچە بۇلاڭچى ئاتلى-رىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى . دەل شۇ چاغدا ئىبادەتخانىنىڭ دەرۋا-زىسى ئېچىلىپ باش روھانىي چىقىپ كەلدى . ئۇ ئاتلىق بۇلاڭچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوڭ قولىنى كۆتۈرگەن هالدا « توختاڭلار ! » دەپ خى-تاب قىلدى . بۇلاڭچىلار توختىدى . مەن ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇپ

كەتكەنلىكىمدىن قانداق قىلىشىمنى بىلمەي باش روھانىينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇۋالدىم ، چۈنكى باشقا قاچىدىغان يېرىم يوق ئىدى . باش روھانىي ئۇلۇغۋار قىياپەت بىلەن نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا سۆزلىدى : « تىرىك جانغا ئازار بېرىش قاراڭغۇلۇق دۇنياسىنىڭ گۇناھلىرى جۇملىسىدىندۇر . يورۇق تەڭرىلەر ، ئاي تەڭرى بىلەن كۈن تەڭرى بۇنداق قىلمىشلارنى ياقتۇرمايدۇ . ئەي ئازغۇن گۇناھكارلار ، يامان يولدىن قايتىڭلار . ھەممىگە قادىر ئەزرۇئا تەڭرىدىن قورقۇڭلار ! » ئاتلىق بولاكچىلار خۇددى سېھىرلەنگەندەك باشلىرىنى ئېگىپ ياۋاشلاپ كېتىشتى . باش روھانىي يەنە خىتاب قىلدى : « قايتىڭلار ، ئازغۇن گۇناھكارلار ، سىلەر سوغدى ئىكەنسىلەر . سوغدى خەلقى نۇرلۇق مانى روھىغا ئېتىقاد قىلىدۇ . مانىخەيلەر تىرىك جانغا ئۇۋال قىلماسلىقى پەرز » . شۇنىڭ بىلەن بولاكچىلار ئۈن - تىن چىقارماستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قېلىشتى .

— شۇنىڭدىن كېيىن سىز مۇشۇ ئىبادەتخانىدا تۇرۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى قۇتادمىش .

— ھەئە ، — دېدى قىز بېشىنى ئىرغىتىپ ، — مەن بەك قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ... كۆتۈرگۈسىز دەرد - ئەلەم ، قايغۇ - ھەسرەتتىن خۇددى روھىم چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ ، قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدىم . راھىبلار مېنى داۋالىدى ، ھەر خىل ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى قايىنتىپ ئىچۈردى . ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك بولغاندا باش روھانىي ماڭا مانى دىنىنى چۈشەندۈرۈپ ساۋاق بېرىشكە باشلىدى .

— شۇنىڭ بىلەنلا مانىخەي بولۇپ كەتتىڭىزمۇ ؟ — قۇتادمىش ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا سورىدى .

— ھەئە . ئەگەر سىزمۇ مانى تەلىماتلىرىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز ...

— ئاڭلىمايمەن . مەن شامانلارغا ، كۆك تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىمەن .

ئايتولۇن بىردەم شۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئىشەنگەن ئاھاڭدا سۆزلىدى :

— مانى دىنى ئادەملەرنى ياخشىلىققا ، ئىنساپقا باشلايدۇ . مانى
روھــى ھەممىگە قادىر . مېنى قوغلاپ كەلگەن ھېلىقى بۇلاڭچىلار باش
روھـانىيىنىڭ مانى نامىنى تىلغا ئېلىپ خىتاب قىلىشى بىلەنلا توختاپ قې-
لـىشتى . بۇ مانى روھىنىڭ مۆجىزىسى ئەمەسمۇ ! « مانى » دېگەن ئى-
سىمنى ئاڭلاش بىلەنلا بۇ قانخور مەلئۇنلارنىڭ ياۋۇزلۇقى يوقالدى ...
ئەگەر ھەممە ئادەم مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلسا ئۇرۇش - تالاشلارمۇ ، قىر-
غىنچىلىقلارمۇ بولمايدۇ ، ئادەملەر ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەي تىنچ ، خاتىر-
جەم ياشايدىغان بولىدۇ .

— بەلكىم شۇنداقتۇر ، — دەپ قويدى قۇتادمىش قىزغا رەددىيە
بېرىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىماي .

ئۇلار يەنە ئۇزاق مۇڭداشتى . شۇ ئەسنادا نۆۋەتچى راھىبنىڭ
ھويلا ئىچىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى :

— راھىبلار ۋە مۇرىتلار ئىبادەتخانىغا كىرسۇن !

قۇتادمىش ئورنىدىن تۇردى .

— ماقۇل ئەمىسە ، خوشلىشايلى ، — دېدى ئۇ ، — ئامان - ئې-
سەن تۇرغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم . ئەمدى قايتاي .

— نەگە بارىسىز ؟ — ئايتولۇن ئىتتىك تۇرۇپ ئۇنىڭ يېڭىدىن
تۇتتى .

— قوشۇنغا قايتمىسام بولمايدۇ ، ئايتولۇن ، مەن جەڭچى ... ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ، مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىم بار ، — دېدى يىگىت
كۆڭلىدىن ئۆز رەقىبى ماسمادارنى ئۆتكۈزۈپ .

— مېنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كېتەمسىز ؟ — دېدى قىز يىغلام-
سىراپ .

قـۇتادمىشنىڭ قەلبىدە ئىللىق داۋالغۇش يۈز بەردى . ئۇنىڭ بۇ
بـەختسىز قىزغا ئىچى ئاغرىدىمۇ ؟ بۇرۇنقىدەكلا ئۇنى سىڭلىسىدەك كۆ-
رۈپ ھېسداشلىق قىلىۋاتامدۇ ؟ ياكى ئادەتتىكى دوستلۇقتىن چوڭقۇرراق
بولغان تېخىمۇ ئىسسىقراق سەزگۈ ئۇنىڭ ئىختىيارىنى ئەسىر قىلدىمۇ ؟
شۇ تاپتا بۇنى قۇتادمىش ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى . لېكىن ، شۇنىسى ئا-

يانكى ، بۇ ئاجىز يېتىم قىز قۇتادمىشقا تېخىمۇ يېقىملىق ، تېخىمۇ سۆيۈم-لۈك تۇيۇلماقتا ئىدى . ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە بۇ قوردانلىق قىزدىن ئاي-رىلغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى .

— كېيىن يەنە كېلىمەن ، ئايتولۇن … سىزنى كۆرگىلى كېلى-مەن ، — دېدى قۇتادمىش بەكلا مۇلايىملاشقان ئاۋازدا ، — خەير - خوش ، ئامان بولۇڭ .

ئۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن تېز - تېز قەدەم تاشلاپ ، ئېتى باغلانغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەلدى . ئۇ ئەمدى قىزغا قارىماستىن نېمە ئۈچۈندۇر قولاشمىغان ھەرىكەت بىلەن چۇلۋۇرنى ئالدىراپ يەشتى - دە ، ئېتىغا مىندى . دەل شۇ چاغدا ئايتو-لۇن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى .

— مەنمۇ سىز بىلەن كېتەي ، قۇتادمىش . ماڭا ئازراقمۇ كۆڭلى-ڭىز يوقمۇ ؟ مۇشۇنداقلا كېتىدىغان ئادەم بۇ يەرگە مېنى ئىزلەپ كەلمە-سىڭىز بولماسمىدى !

بۇ سۆزلەر قۇتادمىشقا گويا چاقماق سوققاندەك تەسىر قىلدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى .

— جەڭ ئاياغلاشقاندا چوقۇم كېلىمەن ، ئايتولۇن . ئىككىمىز بىللە كېتىمىز . مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن .

ئاخىرقى سۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى قۇتادمىش ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى . ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ يۈرە-كىدە ئايتولۇننىڭ ئوتى تۇتاشقانلىقىنى چۈشەندى . ھەسرەت ۋە خۇشال-لىقنىڭ مۇرەككەپ ئارىلاشمىسىدىن بېشى گاڭگىراپ قالغان يىگىت ئېتى-نىڭ بىقىنلىرىغا ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۈكچىسى بىلەن قاتتىق نىقتىدى . بۇنداق قوپاللىققا كۆنمىگەن چىلان تورۇق چۆچۈپ ، تىپىرلاپ كەتتى - دە ، قورۇدىن خۇددى شەيتاندەك ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى . ئايتولۇن ئۇ-نىڭ كەينىدىن كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە :

— ئەزرۇئا تەڭرى ، قۇتادمىشنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن ! — دەپ كۆزلىرىنى ئەرشكە قاراتتى .

× × ×

ئەن لۇشەن كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغىراپ ، قىچىشىپ ، كۆرۈش قۇۋۋىتى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئات مىنىپ ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىقالمايدىغان ، قۇياشقا ئۇدۇل قارىيالمايدىغان بولۇپ قالدى . كېسىلى ئېغىرلاشقانسېرى ئۇنىڭ خۇلق - مىجەزى ئۇساللاشقىلى تۇردى . قول ئاستىدىكىلىرى كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىللاپ كېتەتتى ، ھەتتا ئۇراتتى .

ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ كەلگەنلىكى ۋە بىر قېتىملىق جەڭدىلا چاڭئەنىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى . كۆزلىرى چىدىغۇسىز قىچىشىپ ۋە ئاغرىپ ، ياش توختىماي قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى . تېۋىپ ۋە دورىگەرلەرنىڭ بارچە ئاماللىرى كار قىلمىدى . شۇ تەرىقىدە ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئۇنىڭ كۆزلىرى پۈتۈنلەي كۆرمەس بولۇپ قالدى . ئۇ ئۈمىدسىزلەندى ، ئەسەبىيلەشتى ، قۇترىدى ، ئۆزى ھۇجرا قىلغان يىپەك چېدىرغا ئاغۋاتلاردىن باشقا ھېچكىمنى كىرگۈزمەيدىغان بولدى ، گۇمانخورلۇقى چېكىدىن ئېشىپ ، ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ كەتتى .

— كىم سەن ؟ نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ بىر كۈنى ئۇياق - بۇياققا قولىنى سوزۇپ .

چېدىر ئىچىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئىككى ئاغۋات قورقۇپ كەتتى .

— بۇ بىز ، بىز ، — دېدى ئۇلار ھودۇقۇپ ، — ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىۋاتىمىز .

— ھۇ ، ئالدامچى كاززاپلار ! — ئەن لۇشەن ۋارقىراپ يەرنى تەپتى ، — مېنى كۆرمەيدۇ دەپ خۇپىيانە ئىش قىلىشىۋاتىسەن ! كىم كىرگۈزدى سەنلەرنى ؟ راستىڭنى ئېيتىش ! ماڭا سۇيىقەست قىل-

ماقچىمۇ ؟

ئىككى ئاغۋات ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ ، ئۇنىڭ پەشلىرىنى سۆيدى .

— ئۇلۇغ سانغۇن ، بىز ھەر كۈنى ھۇجرىلىرىنى يىغىشتۇرىمىز. غۇ ... بىز ھەر كۈنى بۇ يەرگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىمىزغۇ ...

ئەن لۇشەن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى :

— قاراۋۇل ! قاراۋۇل !

ئىشىك ئالدىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ تۇرغان ئىككى قاراۋۇل ئوپپول ـ توپپول يۈگۈرۈپ كىرىشتى .

— بىز تەييار ، ئۇلۇغ سانغۇن .

ئەن لۇشەن بوغۇلۇپ ، كېسىلىپ كەتكەن ئاۋازدا بۇيرۇق بەردى :

— مۇنۇ ئىككى ئاغۋاتنى ئاچىقىپ ، ھەر بىرىنى ئوتتۇز قامچىدىن ساۋاڭلار ! ئۇلار ماڭا گەپ ياندۇردى .

شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئاغۋات ئوتتۇزدىن قامچا يەپ ، ھۆكرەپ يىغلاپ ، ئورۇنلىرىدىن ئاران قوپۇشتى .

قاتتىق سوغۇق بولغان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئەن لۇشەن ئۆ. زىنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن بىر نەچچىسىنى يىغىنغا چاقىردى . ئۇ زى. يادە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا گەپنى ئۇدۇللا ئېيتتى :

— دەرھال قوشۇن تارتىپ چاڭئەننى قايتۇرۇۋېلىڭلار ، ئۇي. غۇرلارنى قوغلاپ چىقىرىڭلار ! ئۇلارنى قىرىپ تاشلاڭلار !

چاقىرىلغان سەپداشلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۈنچىقمىدى . ئەن لۇشەن تېخىمۇ چېچىلىپ ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ كەتتى :

— گەپ قىلىشمايسەنغۇ ؟ قورقۇۋاتامسەن ؟ مەندىن يۈز ئۆ. رۈشتۈڭمۇ ؟ خائىنلار ! قورقۇنچاقلار !

سەپداشلار ئىچىدىكى ياشراق بىرى ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلدى :

— ئۇلۇغ سانغۇن ، — دېدى ئۇ ، — بىز قوشۇن تارتىشتىن

قورقمايمىز . لېكىن ، تابغاچ قوشۇنى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ كۆچە-يىپ كەتتى . شۇڭا ، ئالدىمىزدىكى ئۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك ...

ئەن لۇشەن زەردە بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

— بىز ئۇيغۇرلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز دېمەكچىمۇ سەن ؟ بۇيرۇقۇمنى ئورۇنداشتىن باش تارتتىڭمۇ ؟ قاراۋۇل ، قورۇقچىلارنى چاقىر !

قارا يۇڭ رەخت بىلەن قاپلانغان كالتە جۇۋا كىيىپ ، يانلىرىغا قىلىچ ، خەنجەر ئاسقان خاس قورۇقچىلاردىن بەش - ئالتىسى چېدىر ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىردى .

— بىز تەييار ، ئۇلۇغ سانغۇن !

— بۇ قارا نىيەتچىنى تۇتۇڭلار ! — دېدى ئەن لۇشەن كۆزى كۆرمىگەنلىكتىن ئىككى قولىنى ئۇياق - بۇياققا پۇلاڭلىتىپ ، — مۇنۇ قارا ساقاللىق ، ئېگىز بويلۇقنى تۇتۇڭلار ! ئۇ ماڭا قارشى چىقتى ، ئۇ خائىن ! ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار !

ھەش - پەش دېگۈچە قورۇقچىلار ئېگىز بويلۇق قارا ساقالنى ئىككى ياندىن قاماللاپ تۇتقىنىچە سۆرەپ ئاچىقىپ كېتىشتى . باشقا سەپداشلار ئەھۋالنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە ئېغىر بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولغاچقا ، قانداق قىلىشىنى ئاڭقىرالماي ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى . شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تەلەيسىز ئېگىز بويلۇقنىڭ كاللىسى چېپىپ تاشلاندى .

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەن لۇشەننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردە ۋە مەسلىھەتچىلىرى خۇپپىيانە يىغىلىپ مۇزاكىرىلەشتى .

— بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىر نەچچە كىشى ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنىدى ، — دېدى ئەن لۇشەننىڭ باش مەسلىھەتچىسى يەن جۇاڭ ، — لېكىن بۇ قېتىمقىسى بەك چېكىدىن ئېشىپ كەتتى . ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىغىمۇ قول سېلىشقا باشلىدى . ئۇ ھەتتا ئۆز ئوغلى ئەن چىڭشۈيىنىمۇ يېنىغا كىرگۈزمەيدۇ . ئۇ « ئەن چىڭشۈي مېنىڭ ئورنۇمنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مېنى قەستلەيدۇ » دېگەن گەپنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە قېتىم ئېيتتى.

بۇ سورۇنغا داخىل بولغان ئاغۋات لى جۇئېر باش مەسلىھەتچە-نىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلاپ بېشىنى تېز ـ تېز لىڭشىتتى.

— توغرا، توغرا، ئۇ بىر نەچچە قېتىم شۇنداق دېگەن..

— قىسقىسى، ئۇ ئەقلىدىن ئازغىلى تۇردى، — بۇنداق كېتى-ۋەرسە بولمايدۇ. ئەمدى يەنە ئۇنىڭغا يول قويىۋەرسەك باشلىغان ئۇلۇغ ئىشىمىز يوققا چىقىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بىردەك ئاۋاز قوشتى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسىلىرىغا شۇنداق تەكلىپ بې-رىمەنكى، — دېدى يەن جۇاڭ ئاۋازىنى پەسەيتىپ ۋە مەسلەكداشلىرىغا سىرلىق كۆزدە قاراپ...

شۇ كۈنى كېچىدە، يەنى مىلادىيە 757 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۈن نىسپى بولغاندا كۆتمەك ساقاللىق مەسلىھەتچى يەن جۇاڭ بى-لەن كوسا ئاغۋات لى جۇئېر قارىغۇ بولۇپ تەلۋىلەشكەن ئەن لۇشەننىڭ چېدىرىغا ئاستا كىرىپ، ئۇنىڭ كۆكرەك ۋە قورسىقىغا كەينى ـ كەينى-دىن بىرنەچچە قېتىم خەنجەر تىقتى.

شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىدا يۈكسەك مەدەنىيىتى ۋە تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن مەشھۇر بولغان تاڭ سۇلالىسىنى گۇمران بولۇش گىردابىغا ئەكېلىپ قويغان قەيسەر ۋە ئىقتىدارلىق سە-كەردە ئەن لۇشەن تەقدىرىنىڭ كارامىتى بىلەن ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

ئەن لۇشەننىڭ ئۆلۈمى قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدە مەخپىي تۇ-تۇلدى. بۇ جەرياندا يەن جۇاڭ قاتارلىقلار ئەن لۇشەننى يېڭىدىن قۇ-رۇلغان «يەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى» دەپ ئېلان قىلىشتى. شۇنىڭ-دىن كېيىن «يەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى ئەن لۇشەن قازا تاپ-تى» دەپ ئاشكارا ئۇقتۇرۇش قىلىندى ھەمدە ئۇنىڭ دۆتلۈكتە نامى چىققان ئوغلى ئەن چىڭشۈينىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئېلان قى-

لىندى . نەتىجىدە ئەن چىڭشۈي ئاتاقتىكى پادىشاھ بولسىمۇ ، ئەمەلىي
ھوقۇق قاقۋاش مەسلىھەتچى يەن جۇاڭنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالدى .

سانغۇنلار ۋە ئەمەلدارلار ئىتائەت بىلدۈرۈپ :

— يەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك پادىشاھى ئەن چىڭشۈي ئالىيلىرى ياشىسۇن ! ياشىسۇن ! تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن ! — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلىشقاندا بۇ « بۈيۈك پادىشاھ » قانداقتۇر غەيرىي تەبىئىي قىيا-پەتتە ئەخمەقلەرچە ھىجىيىپ ، « ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ » دې-گەن سوئال مەنىسى روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان دۈگىلەك كۆزلىرى بى-لەن يېنىدا تۇرغان مەسلىھەتچىگە قارىدى . مەسلىھەتچى يەن جۇاڭ بولسا ، ئاتىلارچە تەمكىنلىك بىلەن :

— ياش پادىشاھىمىز ئاتىسىدىنمۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى تەۋرىتىدۇ ، — دەپ كۈلۈمسىرەپ قويدى .

× × ×

غەرب تەرەپتە گەرچە چاڭئەن قولدىن كەتكەن بولسىمۇ ، « يەن سۇلالىسى » قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان پەيتتە شەرق تەرەپتە ئەن لۇشەن-نىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن شى سىمىن قول ئاستىدىكى سەكسەن مىڭ كىشلىك قوشۇننى باشلاپ پۈتۈن خېبېي دىيارىنى ئىشغال قىلدى . بۇ جايلاردىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوماندانى قىتان بەگزادىسى لى گۇاڭبى بەرداشلىق بېرەلمەي تەييۈەن قەلئەسىگە چېكىندى . شى سىمىن ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىپ ، تەييۈەننى مۇھاسىرىگە ئالدى . بىر نەچچە كۈن قاتتىق جەڭ بولدى . لېكىن ، شى سىمىن قەلئەگە بېسىپ كىرەلمىدى ۋە ئۆزىنىڭ كونا تۇرالغۇسى فەنياڭغا قايتىپ كەتتى .

مەسلىھەتچى يەن جۇاڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خاپا بولدى .

— شى سىمىن باشباشتاقلىق قىپتۇ ، — دېدى ئۇ ، — يەن پا-دىشاھىدىن ئىجازەت ئالماي ، بىزگە ماسلاشماي ئۆز ئالدىغا مۇشۇنداق

قىلىپ يوقسە بولامدۇ ؟ ئەگەر ھەممە سانغۇنلار پادىشاھقا بويسۇنماي ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلسا بىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىز سۇغا چىلىشىدۇ.

يەن جۇاڭ ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغان بىرنەچچە ئەمەلدارنى تالLAP ، فەنياڭغا نازارەتچى قىلىپ ئەۋەتتى .

شى سىمىن تالاي جەڭ مەيدانلىرىدا چېنىققان باتۇر ، تەۋەككۈلچى ۋە ئاچچىقى يامان سانغۇن بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ ھەربىكەت ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان ھەرقانداق ئىشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى . شۇڭا ، 758 ــ يىلى باھاردا ئۇ نازارەتچى ئەمەلدارلارنى قولغا ئېلىپ ، تاڭ سۇ-زۇڭغا ئەلچى ئەۋەتتى . شى سىمىننىڭ ئەلچىسى چاڭئەندىكى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا كېلىپ ، تەڭرى ئوغلىغا تەزىم قىلدى .

ــ رەھبىرىمىز شى سىمىن سانغۇن تەڭرى ئوغلى تاڭ سۇزۇڭ ئالىيلىرىغا سالام يوللاش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ بۈيۈك تاڭ دۆلىتىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى پېقىر ئارقىلىق ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلدۇ ، ــ دېدى ئۇ .

تاڭ سۇزۇڭ خۇشاللىقىدا ئەلچىگە ئالاھىدە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭغا كاتتا زىياپەت بەردى ۋە قىممەتلىك سوۋغا ــ سالاملارنى تەقدىم قىلدى ، شى سىمىننى فەنياڭ ئايمىقىنىڭ ھىراۋۇلى قىلىپ تەيىنلىدى .

شۇنىڭ بىلەن شى سىمىننىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇۋاتقان خېبېي دىيارى تاڭ دۆلىتى قوينىغا قايتىپ كەلگەن ھېسابلاندى .

× × ×

قۇتادمىش ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرۇپ ، ئۇدۇل ئالدى تەرەپكە ، يىراق ــ يىراقتىكى قوڭۇر يەر بىلەن كۆك ئاسمان تۇتاشقان جايلارغا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن قاراپ كېتىۋاتاتتى . باھاردىكى ئىزغىرىن چۆل شامىلى ئۇنىڭ ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرىنى ئۇچۇرتۇپ ئوينىتاتتى . ئۇنىڭ يۈزى شامال ۋە ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزغۇچ مىس رەڭگىگە

كىرگەن ، كۆكرەكلىرى كۆتۈرۈلۈپ ، تېنى چىڭىغان ، قوي كۆزلىرى ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەملەرگە خاس قەيسەرلىك ئالامەتلىرىنى چاقنىتىپ تۇراتتى . ئەمدىلەتىن قويۇقلىشىشقا باشلىغان ، ئەمما قىسقا ئۆسكەن سۇس قوڭۇر ساقال - بۇرۇتى ئۆزىگە بەك ياراشقان بولۇپ ، تۇرقى - سىياقىغا ئۆزگىچە بىر خىل باھادىرلىق سۈپىتىنى قوشۇپ تۇراتتى . قىسقىسى ، ئۇ ئورخۇن بويىدىن يېڭى كەلگەن چاغدىكى يۇمران نوتىدەك ۋاقتىغا سېلىشتۇرغاندا تامامەن باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى .

قۇتادمىش ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ، ئۆپچۆرىسىدىكى سەپداشلىرىغا قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن قاراپ قوياتتى . ئۇنىڭغا ھەربىر جەڭچى بىرى بىرىدىن جەسۇر ، پالۋانلاردەك كۆرۈنەتتى . « بۇنداق جەڭچىلەر ھېچقانداق جەڭدە يېڭىلمەيدۇ » دەپ پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئويلايتتى ئۇ .

دەرۋەقە ، قۇتادمىشنىڭ بۇ ئويى ئەمەلىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن ئىدى . قۇتلۇغ بىلگە يابغۇ قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق ئاستانىسى چاڭئەننى ئېلىپ داڭق چىقارغاندىن كېيىن ھازىرغىچە بولغان بىر نەچچە ئاي داۋامىدا ئۈزلۈكدۈرمەي جەڭ قىلىپ ، كەينى - كەينىدىن زەپەر قۇچماقتا ئىدى . بولۇپ ئۆتكەن چوڭ - كىچىك جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر قوشۇنى قارشى تەرەپنى تارمار كەلتۈرۈپ ، سۈرۈپ ، قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى . ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى . قۇتادمىش ھايات - ماماتلىق جەڭلەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆلۈم بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ چېنىقماقتا ۋە ھەقىقىي ئورخۇنلۇق بولۇپ يېتىلمەكتە ئىدى .

كەڭ دالادا ئوت - چۆپلەر يېڭىدىن كۆكىرىشكە باشلىغان قۇياشلىق كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى . قوشۇننىڭ ئالدىدا كەتكەن يۈز نەپەر چارلىغۇچى ئاتلىرىنى ئايىماي چاپتۇرۇپ قايتىپ كەلدى ۋە گوزىيى سانغۇننىڭ زور قوشۇنى بىلەن ئەن چىڭشۆي قوشۇنى جەڭ قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى . قۇتلۇغ بىلگە يابغۇ ئۆز يېنىدىكى سانغۇن ۋە

www.uyghurkitap.com

چاۋۇشلارغا قاراپ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈردى .
— جەڭگە تەييارلىنىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئۇ ۋە قوينى-
دىن قىزىل يىپەك ياغلىقنى چىقىرىپ ، ئۇزۇن چاچلىرى ئۇستىدىن چې-
كىلەپ تېڭىۋالدى .
بايراقدار يىگىت باھار شامىلىدا كەڭ ئېچىلىپ ، لەپىلدەپ تۇر-
غان بۆرە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، دۈلدۈلدەك ئېتىنى تېز چاپتۇردى .
پۈتۈن قوشۇن بايراقنىڭ كەينىدىن ئات سالدى .
ئەسلىدە قوماندان گوزىيى زور قوشۇننى باشلاپ ئەن چىڭشۈي
قوشۇنىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن يۈرۈشكە ئاتلانغانىدى . بىر يۈز ئەللىك
مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن شەنجۇ① ئايمىقىدا تۇرۇۋاتقان ئەن
چىڭشۈي گوزىيىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، شىندىيەن دېگەن يەر-
دىكى تاغ باغرىدا سەپ تۈزۈپ جەڭگە تەييارلىنىپ تۇردى . گوزىيىنىڭ
پىيادە قوشۇنى دالاغا كەڭ يېيىلىپ ، پۈتۈن سەپ بويىچە ئومۇميۈزلۈك
ھۇجۇم قوزغىدى . ئەن چىڭشۈينىڭ ئاتلىق قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا
ئۆتتى . شىندىيەن تېغىنىڭ ئالدىدىكى تۈزلەڭ تۈمەنلىگەن ئات ۋە ئادەم-
لەرنىڭ قانلىق قاينىمىغا ئايلاندى . ئەن لۇشەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن
تارتىپ ھازىرغىچە نامايان بولۇۋاتقان جەڭ مەنزىرىسى يەنە تەكرارلىنىشقا
باشلىدى . پىيادىلەرنىڭ ئۇزۇن نەيزىلىرى ئاتلىقلارنىڭ ئۆتكۈر قىلىچلى-
رىغا تەڭ كېلەلمىدى . ئەن چىڭشۈينىڭ ئاتلىقلىرى گويا كەلكۈندەك
يامراپ ، پىيادىلەر سەپلىرىنى بۇزۇپ ، سۈرۈشكە باشلىدى . تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ ئات مىنىشكە ئادەتلەنمىگەن ئەسكەرلىرى ئۇستىۋاشلىرىغا چاق-
ماقتەك ئۇرۇلۇۋاتقان قىلىچلارنى قىزىل پۆپۈكلۈك نەيزىلەر ۋە كۆن تار-
تىپ ياسالغان قالقانلار بىلەن توسۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدى . تۆمۈر دۇ-
بۇلغىلار ئۇچۇپ چۈشتى ، باش - بويۇنلار چېپىلدى ، نەيزە ۋە قالقانلار
پۈتۈن ئەتراپقا چېچىلىپ كەتتى . گوزىيى سانغۇن ئاق ئېتىنى ئۇياق -
بۇياققا چاپتۇرۇپ ، ئەينەكتەك ۋالىلداپ تۇرغان ئىككى بىسلىق تۈز قى-
لىچىنى پۇلاڭلىتىپ ، ئەسكەرلىرىگە مەدەت بېرىپ باقتىيۇ ، ۋەزىيەتنى

① شەنجۇ — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدە .

ئوكشيالمىدى . ئاتلىقلار پىيادىلەرنى ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ ، تار جىلـ
غىغا قىستاپ قويدى . تاڭ سۈلالىسى قوشۇنى ئىنتايىن خەتەرلىك
ئەھۋالدا قالغانىدى .

دەل شۇ چاغدا قۇتلۇغ بىلگە يابغۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئەن
چىڭشۈيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ، تاغنىڭ جەنۇبىي قاپتىلىدىن ئۇچقاندەك
چۈشۈپ كەلدى ۋە ھەيۋەتلىك قىيقاس ـ چۇقان ئىچىدە ئوقيالىرىدىن
ئوق ئۈزدى . ئەن چىڭشۈينىڭ ئەسكەرلىرى بۆرە بايرىقىنى ئېگىز كۆ-
تۈرۈپ ۋە ئوق ياغدۇرۇپ ، تاغ قاپتىلىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان ئاتـ
لىقلارنى كۆرۈپ :

ــ ئۇيغۇرلار كەلدى ! ئۇيغۇرلار كەلدى ! ــ دەپ ۋارقىراشقىـ
نىچە تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى .

ھازىرغا قەدەر شەنشى ، خېبېي ، خېنەن رايونلىرىدا بولۇپ ئۆتـ
كەن ئۇرۇشلار داۋامىدا ئەن لۇشەن ـ ئەن چىڭشۈي قوشۇنىدىكىلەر
« ئۇيغۇرلارنى يەڭگىلى بولمايدۇ » دېگەن ئەقىدىگە قەتئىي ئىشىنىدىغان
بولۇپ كەتكەنىدى . بولۇپمۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بېرى يىراقتا بۆرە باي-
رىقى كۆرۈنۈشى بىلەن « ئۇيغۇرلار كەلدى ! » دەپ ۋەھىمىلىك چۇقان
سېلىپ ، ئۇرۇشمايلا قاچىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى .

بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى . ئەن چىڭشۈي ئەسكەرلىرى ئۇيـ
غۇرلارنى كۆرۈشى بىلەنلا خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن جەرەنلەردەك ھېچ-
نېمىگە قارىماي جېنىنى ئېلىپ قاچتى .

قۇتادمىش رەقىبلەرنىڭ بۇنداق قېچىشىنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ
كەتكەنىدى . ئۇ بەجايىكى قاناتلىق تۇلپاردەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ
ئۈستىدە ئوقيادىن ئوق ئۈزۈپ ، بىرنەچچە دۈشمەننى يىقىتتى . ئاندىن
يانىدىكى ساداققا سېلىپ ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى . جەڭ ئوتىدا
ئۇنىڭ قېنى قىزىپ ، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى ، ئەگرى قىلىچىنى
ھەسەن ـ ھۈسەندەك چاقنىتىپ ئوكغىمۇ ، سولغىمۇ چاپقىلى تۇردى .

بۇنى جەڭ دېگەندىن كۆرە قوغلاپ يوقىتىش دېگەن تۈزۈكرەك
بولۇپ قالدى . قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى يوقاتقان ئەن چىڭشۈي

www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلىرى جان ئاچچىقىدا داد - پەرياد ئۇرۇپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قاچاتتى. قۇتلۇغ يابغۇ ئەسكەرلىرى بولسا ئۇلارنى خۇددى دالادا توشقان، تۈلكە قوغلىغاندەك كەينىگە كىرىۋېلىپ ئەگرى قىلىچلىرى بىلەن ساۋايتتى. قېچىۋاتقانلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ قىرىلىپ كېتەتتى. چاقماقتەك ئۇرۇلۇۋاتقان قىلىچلارنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالمىغان بەزەن ئاتلارمۇ قاتتىق كىشنەپ، گۈپۈلدەپ يەرگە يىقىلاتتى. گوزىينىڭ پىيادە قوشۇنى قاقاس شىندىيەن تېغىنىڭ ئالدىدا قالدى. ئۇرخۇنلۇق چەۋەندازلار بولسا قوغلاشنى داۋاملاشتۇرۇپ، چەكسىز دالاغا ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى. خېنەننىڭ تاغ - دالىلىرىدا بۇنداق دەھشەتلىك جەڭ تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. پۈتۈن ئەتراپتا دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى چېچىلىپ، تېرىلىپ كەتكەنىدى.

بۇ ئۇيغۇر قوشۇنى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىشكە كېلىپ چاڭئەننى قايتۇرۇۋالغاندىن بۇيانقى ئىككىنچى قېتىملىق زور غەلىبە ئىدى. ئەمدى سۇلالىنىڭ شەرقىي ئاستانىسى لوياڭغا بارىدىغان يول ئېچىلغانىدى. ئەن چىڭشۇينىڭ يەنە قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك ھالى قالمىدى. مەسلىھەتچى يەن جۇاڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ ( ئەن چىڭشۇي ) قالدۇق قوشۇنى بىلەن سارىغ ئۆگۈز ① دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خېنەننىڭ ئەنياڭ ئايمىقىغا قېچىپ كەتتى. گوزىيى قوشۇنى بىلەن قۇتلۇغ يابغۇ قوشۇنى بىرلىكتە بوش قالغان لوياڭ شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى.

× × ×

ماسمادار شىندىيەن جېڭىدە پىتراپ كەتكەن ئون نەچچە ئەسكەر بىلەن توپلىشىپ قېچىپ، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن ئاران قۇتۇلدى. كەچ كىرگەندە ئۇلار بىر چاتقاللىققا كىرىپ قونالغۇغا توختىدى ۋە خالتىلىرىدىكى تېرىق، تالقانلىرىنى چىقىرىپ، قورساقلى-

---

① سارىغ ئۆگۈز ( قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ) — خۇاڭخې دەرياسى.

رىنى چالا ـ بۇلا توقلىغان بولدى . ئاسماندا سانسىزلىغان يورۇق يۇل-
تۇزلار غەمسىز جىمىرلاپ ، خۇددى ماسمادارنى مازاق قىلىۋاتقاندەك تۇ-
يۇلاتتى . ماسمادار يۇلتۇزلارغا قارىماسلىققا تىرىشىپ يانچە ئۆرۈلۈپ
ياتتى ، لېكىن ئۇ زادى ئۇخلىيالمىدى . باشقىلار زىيادە چارچاپ كەتكەن-
لىكتىن ئاللىقاچان خورەك تارتىشنى باشلىۋەتكەنىدى . پەقەت شۇ
ماسمادارلا ھەسرەت بىلەن چوڭقۇر ـ چوڭقۇر تىنىق ئېلىپ
ئازابلىناتتى .

« ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپتىمەن ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، —
ئەن لۇشەنگە ئەگىشىپ نەپ ئالىمەن دەپ ئىشەنگەنىدىم ، ئەمەلىيەت بۇ-
نىڭ تەتۈرىچە بولۇپ چىقتى . ‹ ئىشەنگەن تاغلىرىمدا كېيىك ياتماپتۇ ›
دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە ! ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئىشقى-
لىپ ، ئەن چىڭشۇينىڭ يېنىغا بارمايمەن . شۇنچىلىك ئەخمەق بولغى-
نىممۇ يېتەر . بىرنەچچە ئەزىمەتنى باشلاپ بۇ يەردىن كېتەيمۇ ؟ يەنە
بۇرۇنقىدەك كارۋان يوللىرىنى توسۇپ قاراقچىلىق قىلايمۇ ؟ »

ماسمادار ھېچقانداق قىلىپ ئۇخلىيالمىدى ھەم ياتالمىدى . ئۇ يات-
قان يېرىدىن قوپتى ۋە ئۇخلاۋاتقان ھەقەمسايىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاستا
ئۆتۈپ ، تەنھا ئۆزى يىراققا بېرىپ توختىدى ـ دە ، ئىككى قولى بىلەن
بېلىنى تۇتۇپ يۇلتۇزلارغا كۆز تىكتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئادارقىزنىڭ
گۈزەل سىيماسى گەۋدىلەندى . « ئۇمۇ يوق بولدى ، — دەپ يەنە خى-
يالغا كەتتى ماسمادار ، — دېمەك ، فەنياڭغا بېرىشىمنىڭمۇ ھاجىتى يوق .
ئەمىسە نەگە باراي ؟ »

ئۇ قاچانلاردا قانداق ئۇخلاپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى .
تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا ئۇ يەنە ھەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپ
كەتتى .

— قوپۇڭلار ، قوپۇڭلار ، — دەپ ئالدىراتتى ئۇ ھەقەمسايىلىرىنى
پۇت ـ يەلكىلىرىدىن تۈرتۈپ ، — قوپۇڭلار ، تېزرەك بېرىپ ئۇيغۇر
قوشۇنىغا قوشۇلايلى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× × ×

قۇتلۇغ يابغۇ قوشۇنى لوياڭ شەھىرى تەرەپكە تېز ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. ھالبۇكى، قۇتادمىشنىڭ كۆڭلى كەينىدە قالدى. ئۇ چاڭئەننى ئويلايتتى، ئاشۇ چاڭئەن شەھىرىدە قالغان قوردانلىق گۈزەل قىزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

قوشۇن غىزالىنىپ دەم ئېلىشقا توختىدى. قۇتادمىش قوماندان قۇتلۇغ يابغۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر پۇتى بىلەن تىزلاندى.

— ئۇلۇغ يابغۇمغا ئىلتىماسىم بار، — دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىپ.

— سۆزلە، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ ئېيىق تېرىسى ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ.

— ئۇلۇغ يابغۇم، رەقىبلەر ئۈزۈل - كېسىل تارمار كەلتۈرۈلدى، ئۇرۇش ئاياغلاشتى. ماڭا ئىجازەت بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

— نېمە قىلماقچىسەن؟

— چاڭئەنگە بارىمەن. ئۇ يەردە قوردانلىق بىر يېتىم قىز مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

— ھە ھە، مۇنداق دېگىن! — قۇتلۇغ يابغۇ قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ھەي، كۆڭلۈڭ شۇنىڭغا تارتىپ يىگىتلىك قىلغۇڭ بولسا، لوياڭغا بارغاندا چىرايلىق تابغاچ قىزلىرىدىن بىرەر - ئىككىسىنى تاللاپ تۇتۇۋالامسەن.

— ئۇلۇغ يابغۇم، چاڭئەندىكىسى مەن ئۈچۈن ئالاھىدە بىر قىز. مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن دەپ ۋەدە قىلغانىدىم.

— ھەي، سېنىڭمۇ ئىچىڭدە شەيتىنىڭ تولا نېمە ئىكەنسەن، — قۇتلۇغ يابغۇ يەنە كۈلۈپ كەتتى، — مەيلى، كەتسەڭ كەت. باتۇر ئەزىمەت ئىكەنسەن. ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن قوشۇنغا كەلگەنىدىڭ، يەنە ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن كەتمەكچى بوپسەن. ئوغۇل بالىدەك جەڭ قىل-

دىلى . ئەمدى ساڭا ئىجازەت بېرەي . كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم . قوردانلىق قىزلار گۈزەل كېلىدۇ . ها ـ ها ـ ها ! توختاپ تۇر ، ساڭا مۇكاپات بەرگۈم بار . ئولجىغا چۈشكەن ئاتلاردىن ئىككىنى ئۆزۈڭ تاللىۋال .

— كۆك تەڭرى ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلغاي ، يەر ـ سۇ ئىلاھلىرى سىزگە مەدەت بەرگەي ، ئۇلۇغ يابغۇم .

قۇتادمىش نەسىللىك ئارغىماقتىن ئىككىنى تاللىۋالدى ۋە ئۇلارنى نوختىلاپ ، چۈلۋۈرلىرىنى ئۆزى مىنگەن چىلان توروق ئېتىغا چېتىپ قايتا چاڭگەن يولىغا راۋان بولدى .

قۇتلۇغ يابغۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ بىر پىيالە مەينى ئىچىۋەتتى ـ دە ، يەنە ئۈنلۈك كۈلۈپ كەتتى :

— ھەي ئەخمەق ! بىر قىزنى دەپ شۇنچە يىراق يەرگە يالغۇز كېتىۋاتقىنىنى قاراڭلار . لوياڭغىمۇ ئاز قالدۇق مانا . تابغاچ قىزلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ قايماقتەك ئاتلىقلىرى بار ئەمەسمۇ . ھەي ، ئەخمەق !

× × ×

قۇتادمىش كېتىپ ئىككىنچى كۈنى ئورخۇن قوشۇنىغا ئەللىكتەك چەۋەنداز كېلىپ قوشۇلدى . قۇتلۇغ يابغۇ يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاق ئېتىنى توختىتىپ ، ئۇلاردىن سورىدى :

— نېمە ئادەم سىلەر ؟ قىلىچ ، ئوقيالىرىڭلار تەل تۇرىدۇ . ئەن چىڭشۈينىڭ ئەسكەرلىرى ئوخشىمامسىلەر ؟

— مېنىڭ ئىسمىم ماسمادار ، — دېدى يىڭى كەلگەنلەرنىڭ يولباشچىسى ، — بىز ھەممىمىز ئۇيغۇر ، توگرا قەبىلىسىدىن بولىمىز . بۇرۇن ئاتامانلىرىمىزنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قايمۇقۇپ ئەن چىڭشۈي تەرەپتە تۇرغانىكەنمىز . ئەمدى ئەقلىمىزنى تاپتۇق . ئۆز كىشىلىرىمىز بىلەن ئۇرۇشمايمىز دەپ سىزلەرگە ئەسكەر بولۇشقا كەلدۇق . ئاداشقان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ ، ئاراڭلاردىن ئورۇن بەرگەيسىلەر .

— ھە، سىلەر ئازغۇن توگرالار ئىكەنسىلەر - دە، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ ئۇلارغا بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ، — سىلەر ئۆز ۋاقتىدا ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى چىقىپ، خانلىقىمىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئاخىر بىزگە تەڭ كېلەلمەي تابغاچلارنىڭ يۇرتلىرىغا كۆچۈپ كەتكەنىدىڭلار. كېيىن يەنە ئەن لۇشەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ياغلاقار ئۇرۇقىنى يوقىتىش خام خىيالىدا بولدۇڭلار.

ماسمادار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى.

— راست، بىز ئازغان، — دېدى ئۇ سۆزمەنلىك قىلىپ، — لېكىن شامانلىرىمىز تۇۋا قىلغان گۇناھكارلارنى كەچۈرۈش كېرەك دەپ تەلىم بېرىدىغۇ. قان - قېرىنداشلار قايتا جەم بولساق ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى خۇرسەن بولىدۇ.

— راسا گەپچى نېمە ئىكەنسەن، — دېدى قۇتلۇغ يابغۇ، — توگرالارنىڭ كۆپ قىسمى چاكىئەننى ئېلىش جېڭىدىن كېيىن بىز تەرەپكە ئۆتكەنىدى. ئەمدى سىلەر كەپسىلەر. ماقۇل، تۇۋا قىلغان بولساڭلار، سىلەرنىمۇ قوبۇل قىلاي.

# ئون ئۈچىنچى باب

## ئىككى ئاستانىدىكى ئىشلار

گوزىيى قوشۇنى بىلەن قۇتلۇغ يابغۇ قوشۇنى يېڭىش تەنتەنىسى بىلەن مەغرۇرانە قىياپەتتە لوياڭ شەھىرىگە كىردى . شۇنىڭ بىلەن بۇيۇك تاڭ دۆلىتىنىڭ ھەر ئىككى ئاستانىسى ئازاد قىلىندى .

قۇتلۇغ يابغۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن شەھەردىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەردىن بىرىگە ئورۇنلاشتى .

— تابغاچ ئاقسۆڭەكلىرى جەننەتتە ياشايدىكەن ، — دېدى بۇ ئورخۇنلۇق خانزادە ئىمارەت ئىچىدىكى ھەر قايسى خانىلارنى ئارىلاپ چىقىپ ، — نېمىدېگەن ئېسىل ئۆيلەر بۇ ! نېمىدېگەن تۈگىمەس بايلىق !

ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان تۆپەك ئالپ شۇل ياغلاقار ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى . مەسلىھەتچىنىڭ كەم سۆزلۈككە كۆنۈپ كەتكەن قۇتلۇغ يابغۇ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتمەي ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى :

— بىزمۇ بۇ يەردە تابغاچلاردەك ھۇزۇرلىنىپ باقايلى . نەغمىچىلەرنى تېپىپ كېلىڭلار ، كاتتا زىياپەت ھازىرلاڭلار ، بەزمە قىلايلى .

ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان باش مۇلازىم :

— خوپ ، ئۇلۇغ يابغۇم ، — دېدى ـ دە ، بۇيرۇقنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىتتىك چىقىپ كەتتى .

تۆپەك ئالپ شۇل يەنە گەپ قىلمىدى ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشال بولمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى .

- زىبىاپەت ھازىرلاندى . تابغاچ نەغمىچىلەر تېپىشىپ كېلىشىدى . ئىشىك ـ پەنجىرىلىرى قارا رەڭدە ، ئوتتۇرىدىكى يۇمىلاق تۈۋرۈكلىرى قىزىل رەڭدە سىرلانغان ئازادە بۆلمىدە بەزمە باشلاندى . قۇتلۇغ يابغۇ ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى تام ياقىلىتىپ سېلىنغان رەڭدار گىلەملەرگە يايلاق پەردىسىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى . داستىخان تارتىلدى . سازەندىلەر بارىبىت ۋە نەيلىرىنى چېلىشتى . نازۇك تابغاچ قىزلىرى لەرزان ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى . قۇتلۇغ يابغۇ باشلىق غالىبلار ھوزۇرلىنىپ مەي ئىچىشتى .

بۇ چاغدا شەھەرنىڭ ھەر جايلىرىدىمۇ ئوخشاشمىغان شەكىللەردىكى كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئۆز بېشىمچىلىقلار باشلىنىپ كەتكەنىدى . بىر قىسىم ئەسكەرلەر كوچىلارغا چىقىپ ، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە تاماشا قىلىشتى .

ماسمادار يىگىرمىدەك ھەقەمسايىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر مەيخانىغا كىردى . ھەممەيلەن ئاغىل ـ تاغىل ۋارقىرىشىپ مەي ئىچىشتى . مەيخانىغا كىرگەن باشقا خېرىدارلار ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ئاستا چىقىپ كېتىشتى . مەي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ماسمادار :

— يۇرۇڭلار ، ئەمدى باشقا يەرلەرگە بېرىپ تاماشا قىلايلى ، — دېدى ـ دە ، ئورۇندۇقنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى .

مەيخانا خوجايىنى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ كېلىپ :

— مەي پالۋانلىرىم ، مەينىڭ پۇلىنى بېرىۋەتكەيسىلەر ، — دېدى .

— پۇل دېگەن نېمە ئۇ ؟ — دەپ ھۆركىرىدى ماسمادار ۋە قولىدىكى قامچا بىلەن خوجايىننى بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇۋەتتى .

خوجايىننىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ۋارقىراپ يىغلاپ كەتتى . مۇشتۇمزورلار كوچىغا چىقتى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەرنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ، دۇكانلاردىكى كۆزنەكە ياخشى كۆرۈنگەنلىكى نەرسىلەرنى بۇلاپ ، قىز ـ چوكانلارنى قوغلاپ تۇتقىلى تۇردى .

بىر دەمدىلا شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە ۋەھىمە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشتى:

— تېز قېچىڭلار! ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ ئېتىپ تالاغا چىقماڭلار!

— يۈز - كۆزىنى ساقال باسقان، مەيدىسىنى تۈك قاپلىغان مايمۇن ئادەملەر مالىمانچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

— بۇ مايمۇنلار بەك يامان ئىكەن. ئامبال، دورغىلارمۇ ئۇلاردىن قورقۇپ گەپ قىلالمايۋاتىدۇ.

ئادەملەر خۇددى قارا بوراندا قالغان غازاڭدەك ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ، رەستە ۋە كوچىلار قۇرۇقدىلىپ قالدى.

قۇتلۇغ يابغۇنىڭ چاپارمەنلىرى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، ھەشەمەتلىك بەزمە بولۇۋاتقان سورۇنغا يۈگۈرۈپ كىرىشتى.

— ئۇلۇغ يابغۇمغا مەلۇم بولغايكى، بىرقىسىم ئەسكەرلەر پۇقرالارنى قوغلاپ، بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

قۇتلۇغ يابغۇ كەيپىنى خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ قولىنى شىلتىدى:

— چىقىپ كېتىڭلار، ئەسكەرلەر جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قويۇپ جەڭ قىلدى. ئەمدى ئازراق نەپ ئالسا نېمە بوپتۇ!

چاپارمەنلەر چىقىپ كەتتى. مەسلىھەتچى تۆپەك ئالپ شۇل يابغۇغا يېقىنراق سىلجىپ ئولتۇردى.

— ئەسكەرلەر باشباشتاقلىق قىلىپ ئىنتىزامنى بۇزسا قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىق سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ، — مالىمانچىلىق قىلغانلارنى چەكلەش، جازالاش كېرەك. مەن نۆكەرلەرنى باشلاپ چىقىپ، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلاي.

ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارغا شەھۋانىي ھەۋەسكە تولغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان قۇتلۇق يابغۇ ئۇشتۇمتۇت غەزەپكە كەلدى.

— قوماندان كىم؟ سەنمۇ، مەنمۇ؟ گەپ قىلماي قويۇپ بەرسەم

ھەممە ئىشقا چىپىلىۋېلىپ، بەك ھەددىگەدىن ئېشىپ كېتىپتىك. قوشۇندا تەرتىپ ئورنىتىش سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، مېنىڭ ئىشىم!

ئۇسسۇلچى قىزلار قۇتلۇغ يابغۇنىڭ خىتابىدىن چۆچۈپ-توختاپ قېلىشتى. يابغۇ ئۇلارغا قاراپ تېخىمۇ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئۇسسۇلۇڭنى ئويناش!

قىزلار خۇددى ئوركۈپ كەتكەن كېپىكلەردەك تىپىرلاپ كەتتى-دە، دەرھال ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇردى. تۆپەك ئالپ شۇل ھېچنىمە دې-يەلمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. يابغۇ ھېچقاچان ئۇ-نىڭغا بۇنداق قوپاللىق قىلىپ باقمىغانىدى.

ماسمادار قاتارلىقلارنىڭ نۇرغۇن دۇنياغا ئىگە بولغانلىقى ۋە قو-ماندانىنىڭ ئۇلارنى چەكلىمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ باشقا بىرقىسىم ئەسكەر-لەرمۇ كوچىلارغا چىقىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تېگىش قىلغىلى تۇردى.

شەھەر مەمۇرلىرى ۋە ئىناۋەتلىك مۆتىۋەرلەر باش قوشۇپ، ئورخۇنلۇقلارغا ئون مىڭ توپ يىپەك ھەدىيە قىلىپ بەردى.

ئىككى كۈنگىچە كەيپ-ساپا سۈرگەن قۇتلۇغ يابغۇ مەستلىك-تىن تەستە يېشىلىپ سىرتقا چىقتى ۋە يىپەك ماللار بېسىلغان هارۋىلارنى كۆرۈپ چۈشەنمىگەن هالدا:

— بۇ نىمە؟ — دەپ سورىدى.

مۆتىۋەرلەردىن بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن كېلىپ چۈ-شەندۈردى:

— سىلەر بىزنىڭ نىجاتكارلىرىمىز. سىلەر توپىلاڭنى تىنجىتىپ، شەھىرىمىزنىڭ ئەمىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردۈڭلار. شۇڭا، بىز شەھەر ئاھالىسى نامىدىن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىپ كەلدۇق. كۆڭلىمىزنى قو-بۇل قىلغايسىلەر.

قۇتلۇغ يابغۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ، تابغاچلارنىڭ مامۇق يوتقان، يىپەك تەكيىلىرى سېلىنغان كات ئۈستىگە ياتتى. ئۇنىڭ تېخىچە بېشى ئاغرىپ تۇراتتى. بىر ئەسنادىن كېيىن تۆپەك ئالپ شۇل كىرىپ، قارا

سىرلانغان يۇمىلاق ئورۇندۇققا ئولتۇردى . يابغۇمۇ كات ئۈستىدە پۈتلە-
رىنى ئۈزۈن سۇنۇپ ئولتۇردى .

— ئەسكەرلەر مالىمانچىلىق قىلدى دېگەنمىدىڭ ؟ — دەپ سو-
رىدى ئۇ ئېسىنى يىغىشقا تىرىشىپ .

— شۇنداق ، — دېدى مەسلىھەتچى ، — شۇنداق ئىش بولدى .

يابغۇ كاتتىن چۈشتى ۋە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بۇيرۇق بەردى :

— ئەسكەرلەر شەھەر سىرتىدىكى بارگاھلاردا تۇرسۇن . قو-
رۇقچى ، نۆكەرلەردىن باشقىلىرى شەھەر ئىچىگە كىرمىسۇن !

تۇپەك ئالپ شۇل رازى بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى ۋە :

— خوپ ، بۇيرۇقنى ئورۇندايمەن ، — دەپ چىقىپ كەتتى .

كەچكە يېقىن مەسلىھەتچى قايتىپ كىرىپ ، بۇيرۇقنىڭ ئو-
رۇندالغانلىقىنى مەلۇم قىلدى .

— ھىم ، ياخشى ، — دەپ قويدى قۇتلۇغ يابغۇ ، — قايتىپ
كەتسەڭ بولىدۇ . مەن بىرئاز ئارام ئالاي .

تۇپەك ئالپ شۇل ئارىسالدى بولۇۋاتقاندەك بىرخىل قىياپەتتە
ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ قالدى .

— ھە ، يەنە قانداق گېپىڭ بار ؟ — سورىدى يابغۇ .

— ئۇرۇش ئاياغلاشتى ، — دېدى تۇپەك ئالپ شۇل ، — بىز
ۋەزىپىمىزنى ئورۇنداپ بولدۇق . ئەمدى قايتىپ كېتەيلى .

— نەگە ؟ — چۈشەنمەستىن سورىدى يابغۇ .

— ئۆزىمىزنىڭ يايلاقلىرىمىزغا .

— نېمىگە شۇنچە ئالدىرايسەن ؟ مېنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈم يوق .
مەن بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدىم . بۇ يەردىكى خەلق بىزگە نېمە كېرەك
بولسا شۇنى تەييار قىلىپ بېرىۋاتىدۇ . بۇنداق باياشاتچىلىقنى تاشلاپ
نەگە باراتتىم ؟ ياق ، مەن كەتمەيمەن . كەتكۈڭ بولسا ئۆزۈڭ كېتىۋەر .

— ياق ، ھەممىمىز كېتىمىز ، — دېدى تۇپەك ئالپ شۇل كەس-
كىن تەلەپپۇزدا ، — بىز بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس ،
ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق . ياردەم تۈگىگەندىن كېيىن قايتىپ كې-

تىشىمىز كېرەك .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇيغۇر قوشۇنى ئۆز يايلاقلىرىغا قايتىپ كەتتى .

× × ×

دەل ـ دەرەخلەر كۆكىرىپ ، گۈيخۇا گۈللىرى بوككىدە ئېچىلىپ كەتكەن قۇياشلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇتادمىش چاڭئەن تۆپرىقىغا يەنە قەدەم باستى . كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىدى . تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ شەرقىي ئاستانىسى ئەن لۇشەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىغاندىن كېيىن ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ھەر ياقلارغا پىتىراپ قېچىپ كەتكەن بولۇپ ، تا ھازىرغىچە تېخى تولۇق قايتىپ كېلىشمىگەنىدى . ناگان ـ ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان يولۇچىلار قۇتادمىشقا قورقۇنچ بىلەن گۇمانسىراپ قارىشاتتى ھەمدە قىلىچ ، ئوقيا بىلەن قوراللىنىپ ، ئۆزى مىنگەن ئېتىغا يەنە ئىككى ئارغىماقنى چېتىپ كېتىۋاتقان بۇ ياش جەڭچىدىن ئىلاجى بار تېزرەك ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى .

قۇتادمىش ھېچ يەردە توختىماستىن ئۇدۇل ھېلىقى مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئاشۇ تونۇش دەرۋازىغا قاراپ ئىككىلەنگەن ھالدا توختاپ قالدى . « ئايتولۇن مېنى قانداق قارشى ئالار ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — مەن بىلەن ئورخۇن بويىغا كەتكىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالامدۇ ؟ ياكى ... »

قۇتادمىش ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ، غەمكىن ھالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئېتىدىن چۈشۈپ دەرۋازىنى قاقتى . ئۇزۇن ئاق لىباس كىيگەن تاقىر باش راھىب دەرۋازىنى ئېچىپ ، قۇتادمىشقا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .

— قوردانلىق قىز ئايتولۇننى ئىزدەپ كەلدىم ، — دېدى ئورخۇنلۇق يىگىت باش ئېگىپ سالام بەرگەندىن كېيىن ، — مېنى تونۇدىڭىزمۇ ؟ مەن ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا بىر قېتىم ئايتولۇن بىلەن كۆ-

رۇشكەنىدىم .

— تونۇدۇم ، مەرھەمەت قىلىڭ ، — دېدى راھىب .

قۇتادمىش ئىبادەتخانا قورۇسىغا كىردى . قورۇ ئىچىدە كۆپچىلىك ئەمگەك قىلىپ ئالدىراش ئىدى . راھىبلار ۋە ئىشلەمچى ئۇستىلار ئىبادەتخانا بىناسىغا يانداشتۇرۇپ يېڭى بىنا سالماقتا ئىدى . راھىبلارنىڭ بەزىلىرى غالتەك ھارۋىلاردا توپا ، سوغىلاردا سۇ توشۇيتتى ، بەزىلىرى سۇ بىلەن توپىنى ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتەتتى ؛ يەنە بەزىلىرى كېسەك ياكى لاي توشتۇرۇلغان تېرە قاپلارنى ئەپكەشلەر بىلەن كۆتۈرۈپ ئۇستىلارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى . ئۇستىلار تانا تارتىپ ، كېسەكلەرنى رەتلىك تىزىپ تام قوپۇراتتى .

قۇتادمىش ئېتىنى چەتتىكى بىر تۈپ دەرەخكە باغلاپ قويدى ۋە ئەمگەك قىلىۋاتقانلارغا قاراپ بىر ھازاغىچە تۇرۇپ قالدى . شۇ تاپتا ئۇ ئىختىيارسىز تۈردە ئۆزىنىڭ مەرھۇم ئاتىسى بوتاسۇن بۇقىنى ئەسلەپ قالدى . ئۇ ئوغلى قۇتادمىشقا چاڭئەن ، لوياڭ ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەشبالىق ، قوچۇ ، ئېۋىرغول[①] قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئۆي - ئىمارەتلەر ۋە قەلئە - سېپىللار توغرىسىدا ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ بېرەتتى . « ئوغلۇم قۇتادمىش ، — دېگەنىدى ئۇ ، — مەن ھارۋىكەشلىك ، كارۋانچىلىق قىلىپ ، يۇرت ئارىلاپ ، كۆپ شەھەرلەرنى كۆرگەن . شەھەر ۋە يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھەققىي تونۇپ يەتتىم . بىزنىڭ يايلاقلىرىمىزدىمۇ قەلئە - شەھەرلەرنى بىنا قىلىش توغرىسىدا كۆك تۈرك قاغانىمۇ ، بىزنىڭ ھازىرقى قاغانىمىزغىمۇ تەكلىپ بېرىپ باقتىم ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇشنى خالىمىدى . پۇقرالارنىڭمۇ كۆپ قىسمى ئەنئەنىۋى يايلاق تۇرمۇشىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ . لېكىن ، كىشىلەر ھامان بىر كۈنى شەھەر قۇرۇشنىڭ ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ . مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن » .

قۇتادمىشنىڭ كۆز ئالدىدا گويا مەرھۇم ئاتىسىنىڭ سۆزلەۋاتقان

① ئېۋىرغول — قۇمۇل شەھرىنىڭ قەدىمكى نامى .

سىياقى گەۋدىلىنىپ چىقتى ، گويا كى مەرھۇمنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق-لىرى تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بىلىنىپ كەتتى . « ئوغلۇم قۇتادمىش ، سەن چوقۇم بىناكارلىق ھۈنىرىنى ئۆگەنگىن . كېيىنچە كىشىلەر ھامان كىگىز ئۆي ۋە چېدىرلارنى تاشلاپ كېسەك ئۆيلەردە تۇرىدىغان بولىدۇ . شۇ چاغدا بۇ ھۈنەر ساڭا راسا ئەسقاتىدۇ » .

خىيالغا بېرىلىپ كەتكەن قۇتادمىش ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئۇزۇن ئاق لىباس كىيىشكەن ۋە خۇددى شۇنداقلا ئۇزۇن ئاق رومال ئارتىش-قان بەش - ئالتە راھىبەنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن بىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغانلىقىنى تۇيماي قالدى .

— قۇتادمىش ! — ھەيرانلىق ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئېيتىلغان بۇ خىتابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئېسىگە كەلدى ۋە ئىتتىك بۇرۇلۇپ ، ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتقان ئاق لىباسلىق ئايتولۇننى كۆردى .

يىگىت بىلەن قىز يۈگۈرۈپ كېلىشتىيۇ ، ئارىلىق قالدۇرۇپ توخ-تاپ قېلىشتى . قۇتادمىش ئايتولۇننىڭ ئىككى قولىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ مەھكەم قىستى .

— ئايتولۇن ، مەن قايتىپ كەلدىم .

راھىبە قىز بىر دەقىقە قۇتادمىشقا ئوتلۇق مېھرى بىلەن تى-كىلىپ - قادىلىپ تۇرۇۋالدى - دە ، يەنە دەرھال قوللىرىنى تارتىۋالدى .

— ئاھ قۇتادمىش ، بولمايدۇ ... ئۇلۇغ مانى تەلىماتلىرىدا قىز - يىگىتلەر نىكاھلانماي تۇرۇپ قول تۇتۇشسا گۇناھ بولىدۇ دېيىلگەن .

قۇتادمىش مەيۈسلىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى .

— قۇتادمىش ، — دېدى ئايتولۇن ، — مۇشۇ يەردە قالامسىز ؟ ياكى ... يەنە كېتەمسىز ؟

— ئەسلىدە سىزنى ئورخۇن بويىغا ئېلىپ كېتەي دەپ كەلگەنى-دىم ، — دېدى قۇتادمىش ، — بىراق ، ئەمدى قارارىمنى ئۆزگەرتتىم . مۇشۇ يەردە قالاي .

— ئەمدى كەتمەمسىز ؟ — قىز خۇشال بولۇپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى .

— مەن بۇ يەردە قېلىپ ، مۇنۇ ئۇستىلاردىن بىناكارلىق ھۈنە-
رىنى ئۆگىنەي دەيمەن ، — دېدى يىگىت ئۆي سېلىۋاتقان راھىب ۋە
ئىشلەمچىلەرنى ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىپ .

— ياخشى ئويلاپسىز ، قۇتادمىش . ئاقساقاللار « ئوغۇل بالا ھۈنەر
ئۆگىنىشى كېرەك » دەيدۇ ئەمەسمۇ .

— بىراق ، ئايتولۇن ، راھىبلار مېنى بۇ يەردە قالدۇرۇشقا ئۇ-
نامدۇ ؟

— ئۇنـايدۇ . مانىخەيلەر مۇساپىرلارنى يەكلىمەيدۇ . سىز بىردەم
ساقلاپ تۇرۇڭ . مەن باش روھانىي بىلەن سۆزلىشىپ باقاي .

ئايـتولۇن يۈگۈرگىنىچە ئىبادەتخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى ۋە ھا-
يـال ئۆتمەي ئاق ساقاللىق باش روھانىينى باشلاپ چىقتى . ئېيتقاندەك
باش روھانىي قۇتادمىشنى ئېلىپ قېلىشقا ماقۇل بولدى ، لېكىن يەنە
مۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى :

— ھۈنەر ئۆگىنىش ، ئەمگەك قىلىش دىنىمىزدا چوڭ ساۋاپ
ھېسابلىنىدۇ . بۇ يەردە بىناكارلىق كەسپىنى ئۆگىنىڭ . مانىخەيلەردىن
ئۆگەنسىڭىزمۇ ، تابغاچ ئۇستىلاردىن ئۆگەنسىڭىزمۇ ، ھەممىسى ساۋاپ-
لىق . ئەمما ، ئىبادەتخانىمىزدا تۇرىدىغان كىشىلەرگە بىز مانى تەلىماتلى-
رىنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك . بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز .

قۇتادمىش ئۇمىدسىزلەندى .

— بىراق ... بىز شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز ، — دېدى ئۇ .

باش روھانىي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— بىلىمەن ، — دېدى ئۇ ، — بىز ھېچكىمنى ئۆز دىنىمىزغا
كىرىشكە مەجبۇرلىمايمىز ، پەقەت ئەقىدىمىزنى سۆزلەيمىز . ئىشىنىش —
ئىشەنمەسلىك ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا .

— ئۇنـداق بولـسا ، ماقۇل ، — دېـدى قۇتادمىش بېـشىنى
ئىرغىتىپ .

باش روھانىي قۇتادمىشنى بىناكار ئۇستىغا تونۇشتۇردى .

— ئەمـىسە سىز ئالدى بىلەن لايچىلىقنى ئۆگىنىڭ ، — دېدى

ئۇستا قۇتادمىشقا ، — توپا بىلەن سامانىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، ئۇستىگە سۇ قۇيۇپ لاي چىقىرىڭ .

شۇنداق قىلىپ ، قۇتادمىش ياتاقتا ئورۇنلىشىپ ، هاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئىشقا چۈشۈپ كەتتى .

شۇ قۇرۇلۇش ئىشى بىلەن ياز ئۆتۈپ كەتتى . كۈز كەلدى . بىر كۈنى قۇتادمىش ئىشلەمچىلەر بىلەن بىرلىكتە يېڭىدىن سىلىنغان ئىما-رەتنىڭ ئۆگزىسىگە كاهىش ياتقۇزۇۋاتاتتى . كۆتۈلمىگەندە ئايتولۇن پەيدا بولۇپ قالدى .

— قۇتادمىش ، — دەپ چاقىردى ئۇ پەستە تۇرۇپ .

ئەسلىدە ئايتولۇن هەر كۈنى ئۇنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ئەكىلىپ بېرەتتى . شۇڭا ، قۇتادمىش ئۇنى كۆرۈپلا ئىختىيارسىز تۆردە قۇياشقا قاراپ قويدى .

— نېمە بولدى ، ئايتولۇن ؟ تېخى چۈش بولمىدىغۇ ، — دېدى ئۇ ئۆگزىدىن پەسكە قاراپ .

— ئورخۇن تەرەپتىن ئۇيغۇرلار كەپتۇ ، — دەپ توۋلىدى ئاي-تولۇن .

قۇتادمىش ئۆگزىدىن چۈشتى .

— نېمە دەيسىز ؟ — يىگىت چۈشىنەلمەستىن قايتا سورىدى ، — ئۇيغۇر قوشۇنى لوياڭدىن ئورخۇنغا قايتىپ كەتكەن ئەمەسمۇ .

— ياق ، بۇ قېتىم كەلگەنلەر قوشۇن ئەمەس ئىكەن . ئەلچىلەر كەپتۇ . راهىبەلەر بىلەن بىللە بېرىپ كۆردۈم . كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە ، سىلەرنىڭ قاغانىڭلار تابغاچ پادىشاهى بىلەن قۇدىلاشماقچىكەن . ئەلچىلەر نۇرغۇن ئاتلارنى هەم يەنە نۇرغۇن هارۋىلاردا سوۋغا - سالاملارنى ئې-لىپ كەپتۇ .

# ئون تۆتىنچى باب

## قۇدىلاشماق

تەڭرى ئوغلى تاڭ سۈزۈك يىراقتىكى ئورخۇن دەرياسى بويىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئەلچىلەرنى ئىنتايىن داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى. ئوردا قوبۇلخانىسىغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ كاتتا ئەرباب ۋە مۆتىۋەرلىرى يىغىلدى.

باش ئەلچى تەڭرى ئوغلىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى ۋە خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن سۆز ئاچتى:

— تەڭرىدە قۇت بولمىش بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قارا قاغان بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان بولۇپ، ئىككى ئوتتۇرىدا ئەڭ يېقىن قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارزۇسى بىلەن ئۆزلىرىگە سالام يوللىدى.

تاڭ سۈزۈكمۇ خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ دوستانە رەۋىشتە بېشىنى ئىرغىتتى.

— بايانچۇر قارا قاغان سالامەت بولغاي، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

باش ئەلچى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۈيۈك قاغانىمىز تەڭرى ئوغلى تاڭ سۈزۈك ئالىيلىرىغا ئاتاپ شەخسەن ئۆز نامىدىن سوۋغات ئەۋەتتى. بۇلار: بەش يۈز ئارغىماق، بۇلغۇن تېرىسى، ئۇنچە-مەرۋايىتلار ھەم ئاق كىگىز. يايلاق خەلقى ئاق كىگىزنى ئۇلۇغ كۆرىدۇ. تەخت ۋارىسى قاغان بولغاندا ئۇنى ئاق كىگىزدە كۆتۈرۈپ تەختكە ئولتۇرغۇزىمىز. شۇڭا، بىز ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلىرىمىزگىلا ئاق كىگىز تەقدىم قىلىمىز. بايانچۇر قاغان

تاڭ سۇزۇك ئالىيلىرىغا كۈيئوغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

تاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى قارا قاغاننىڭ سوۋغىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئەلچىلەر شەرىپىگە شاھانە زىياپەت بېرىلدى.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سۇزۇك يېقىنلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلەشتى.

— كېنىزەكلەردىن بىرىنى قۇنچۇي① دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۆزىتىپ قويايلى، — دېدى ۋەزىرلەردىن بىرى.

— توغرا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى يەنە بىر مويسىپىت ئەمەلدار، — پادىشاھنىڭ ئۆز قىزىنى باشقا يۇرتقا ياتلىق قىلىشى ئۆتمۈشتە كۆپ كۆرۈلمىگەن. پادىشاھلار، ئومۇمەن، خان جەمەتىدىكى قىزلارنى ياكى كېنىزەكلەرنى ئۆز قىزى ھېسابىدا ياتلىق قىلاتتى. بىزمۇ شۇنداق قىلايلى.

تەگرى ئوغلى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن تەخت ئۈستىدە ئۇزاققىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئەن لۇشەن توپىلىڭى بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنى گۇمران بولۇش گىردابىغا ئەكېلىپ قويدى، — دېدى ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، — ئۇيغۇر قوشۇنى توپىلاڭنى باستۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. توپىلاڭچىلار ھېلىمۇ تېخى ئۈزۈل-كېسىل تۈگەپ كەتمىدى. يوشۇرۇن خەۋپ يەنە مەۋجۇت. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ھەممىدىن مۇھىم ئىش بولۇپ قالدى.

تاڭ سۇزۇك سۆزىنى توختىتىپ، كۆپچىلىككە سىناق نەزىرىدە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ھەممەيلەن سۈكۈت ئىچىدە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. پادىشاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ياتلىق قىلىنمىغان بىرلا قىزىم قالدى. شۇ قىزىمنى قارا قاغانغا ياتلىق قىلاي.

— كەنجى قىزىڭىز نىڭگونىمۇ؟

---

① قۇنچۇي — خان قىزى، مەلىكە (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

— ھەئە ، شۇنى ... نىڭگو قىزىمنى .
— ىبراق ... بايانچۇر قاغان قىزىپ كەتكەن ئادەم تۇرسا ...
— بولدى ، مەن قارار قىلىپ بولدۇم . قۇنچۇينى ئۇزىتىشقا دەرھال تەييارلىق قىلىڭلار . بىر نەۋرە ئىنىم خەنجۇڭ بېگى لى يۈي مېنىڭ ئالاھىدە مۇشاۋىرىم ، مۇۋەققەت تەيتىش ۋەزىرلىك ئۇنۋانى بىلەن بايانچۇر قاغانغا « دانىشمەن ، باتۇر كۆل قاغان » دېگەن پەخرىي ئاتاقنى بېرىپ رەسمىيلەشتۈرگۈچى ئەلچى بولسۇن . بىر نەۋرە ئىنىم سول ياندىش ئامبال لى سۈن ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ ياندىش ئامبىلى ، مۇۋەققەت نايىپ تەيتىش ۋەزىرى ۋە شاقاۋۇللۇق ئۇنۋانى بىلەن نايىپ ئەلچى ھەمدە قۇنچۇي نىڭگونىڭ توي مەرىكىسىنى باشقۇرغۇچى بولسۇن ، ئاتاقلىق سەرۋەزىرلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىلەردىن بەھرىمەن بولغۇچى مۇۋەققەت ئوڭ قول ۋەزىر ، جىگو بېگى فېي مېەن چېگراغىچە ئۇزىتىپ قويۇشقا مەسئۇل بولسۇن .
يۈتۈن چاڭئەن ئاھالىسى تەۋرەپ كەتتى . « نىڭگو قۇنچۇي ئۇيغۇر قاغانغا خانىش بولۇش ئۈچۈن يولغا چىقىدىكەن » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ، قېرى ـ ياش ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قۇنچۇينى ۋە ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭغۇچى ئوردا ئەھلىنى كۆرۈش ئۈچۈن كوچىغا چىقىشتى . قۇنچۇي بايانچۇر قاغان سوۋغا قىلغان ئۇيغۇرچە ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ باشقىچە گۈزەل بولۇپ كەتكەنىدى . خەنجۇڭ بېگى لى يۈي قۇنچۇينى بەش يۈز ياساۋۇل بىلەن قوغداپ ماڭدى . تاڭ سۇزۇڭ ئارزۇلۇق قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ، ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن شاھانە سېرىق يىپەك تونىنى كىيىپ ، نىڭگو بىلەن بىر مەيدە ئولتۇرۇپ ماڭدى .
شيەنياڭغا كەلگەندە تاڭ سۇزۇڭ كاتتا زىياپەت بېرىپ ، قىزىنى يۈز مىڭ توپ يىپەك رەخت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى . خوشلىشىش ئالدىدا تەگرى ئوغلى قىزىغا ئىلھام بېرىپ مۇنداق دېدى :
— قىزىم ، سىز يىراققا كېتىۋاتىسىز . ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا تىرىشىڭ .

www.uyghurkitap.com

قۇنچۇي ئېغىر بىر تىنىق ئېلىپ ئاتىسىغا قارىدى . ئۇ ئوردا ئىـ
چىدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلاردىن تەلىم ئېلىپ ، خان جەمەتى ئىچىـ
دىكى قويۇق سىياسىي تۈس ئالغان تۇرمۇش شارائىتىدا پىشىپ يېتىلگەن
بىلىملىك ۋە ئەقىللىق قىز ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئورخۇندىن ئەلچىلەر
كەلگەندىن بۇيان ئاتا ــ ئانىسى ۋە ئۇستازلىرى بۇنداق تويلىشىشنىڭ
ئەھمىيىتى ، دۆلەتكە كەلتۈرىدىغان پايدىسى ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ ئۇنى
قايىل قىلغان ھەمدە يىراقتىكى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان ئۆزگىچە
يايلاق ھاياتىغا ئۆزىنى بېغىشلاشقا ماقۇل كەلتۈرگەنىدى .

كەلگۈسىدىكى نامەلۇملۇقتىن كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ تۇرغان
قۇنچۇي نەڭگو كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ، غەمكىن كۆزلىرى بىلەن ئاـ
تىسىغا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى .

ـــ ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن ، خان ئاتا ، ـــ دېدى ئۇ ، ـــ بۇـ
نىڭدىن سەككىز يۈز يىل ئىلگىرى خەن سۇلالىسىنىڭ قۇنچۇيلىرىدىن
شى جۈن ۋە جې يۈلار دۆلەت ئىشىنى ئەلا بىلىپ ، غەربىي يۇرتتىكى
ئۇسۇن خانىغا ياتلىق بولۇپ خىزمەت كۆرسەتكەنىكەن . قۇنچۇي ۋاڭ
جاۋجۈنمۇ ھون تەڭرىقۇتىغا ياتلىق بولۇپ دۆلەتكە نۇرغۇن پايدىلىق
ئىشلارنى قىلغانىكەن . بۈگۈنكى كۈندە مەن سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى
ئاقلاپ ، دۆلەتكە خىزمەت قىلىش يولىدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازىمەن . مەن
چوقۇم خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىتتىپاقـ
لىقنى داۋاملىق كۈچەيتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىمەن .

تەڭرى ئوغلى كۆزلىرىگە ياش ئالدى ، لېكىن دەرھال ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىپ قىزى بىلەن خوشلاشتى .

ھەشەمەتلىك قەسىرلەرنىڭ پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ
باقمىغان قۇنچۇي نەڭگو ئىككى ئاي جاپالىق يول يۈرۈپ ئورخۇن بويىغا
يېتىپ كەلدى . قۇنچۇينى قوغداپ كەلگەن خەنجۇڭ بېگى لى يۈي شاـ
مانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە پىرە ئويناپ ، گۈلخاننى توققۇز قېتىم ئايلىنىش
ۋە بۆرە بايرىقىغا تەزىم قىلىش قاتارلىق قائىدە ــ يوسۇنلارنى ئادا قىلغانـ
دىن كېيىن يېپەك چېدىرغا كىرىپ ، ئالتۇن تەختتە چارزا قۇرۇپ ئولـ

تـۇرغـان ئاق ساقاللىق بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانغا سالام بەردى .

ــ دانىشـمەن ۋە باتۇر قارا قاغانــغا مەلۇم بولغايكى ، ــ دېدى ئۇ ، ــ بىـز تەڭرى ئوغلى تاڭ سۇزۇڭ ئالىيلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۈيۈك تاڭ دۆلىتىنىڭ قۇنچۇيى نىڭگونى ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدۇق . پـادىشاھىمىز سۇزۇڭ ئالىيلىرى قاغان ئالىيلىرىنىڭ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق قىزىنى سىلىگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق دوستلۇقىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتمەكچى بولدى . ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈز- لەڭدىكى ھۆكۈمدارلار باشقا قوۋملار بىلەن قۇدىلاشقاندا ياتلىق قىلىن- غانلارنىڭ ھەممىسى ئاسراندى قۇنچۇيلار ئىدى . نىڭگو بولسا ، پادىشا- ھىمىزنىڭ ئۆز قىزى . ئۇ ھەم ئەخلاقلىق ، ھەم ساھىبجامال قىز . ئۇ ئا- رىلىقنى يىراق كۆرمەي سىلىگە ياتلىق بولغىلى كەلدى . قاغان ئالىيلى- رى ، ئەمدى سىلى پادىشاھىمىزنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ قالدىلا . بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ ، ئىناق ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ ئۆتسەك .

ــ تـەڭرى ئوغلى تاڭ سۇزۇڭ ئالىيلىرى تۈمەن مىڭ يىللار يا- شىسۇن ، ــ دېدى بايانچۇر قاغان ، ــ ئايالىم بىلگە قاتۇن يېقىندا كې- سـەلدىن ساقىيالماي قازا تاپتى . قۇنچۇي نىڭگو بۇنىڭدىن كېيىن قاتۇن- لۇق ئۇنۋانى بىلەن ئۇلۇغلىنىپ ، « نىڭگو قاتۇن » دەپ ئاتىلىدۇ . خان- لىقىمىزدا قاتۇنلار قاغاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندىكى ھوقۇق ۋە ئىم- تىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ . لى يۈي ھەزرەتلىرى ، بىز ئۇيغۇرلار تاڭ خـاندانلىقى بىلەن قېرىنداشتەك ئۆتۈۋاتىمىز . كالپۇك بولمىسا چىش تـوڭلايـدۇ . چوڭ ئوغلۇم قۇتلۇغ يابغۇ قوشۇن تارتىپ ئەن لۇشەن - ئەن چىڭشۈي توپىلىڭىنى باستۇرۇپ قايتىپ كەلدى . لېكىن ، توپىلاڭ- چىلار تېخى تولۇق تىنجىتىلغىنى يوق . مەن يەنە قوشۇن چىقىرىپ تاڭ سۇزۇڭ ئالىيلىرىغا ياردەم قىلىمەن .

قاغان بىلەن لى يۈي سۆھبەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن كاتتا توي مـەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى . ئاتلار ۋە قويلار سويۇلدى ، داش قازانلار ئې- سىلدى ، شامان ۋە باخشىلار گۈلخان يېقىپ ، پىرە ئويناپ ، قوڭغۇراقلى-

www.uyghurkitap.com

رىنى جىرىڭلىتىپ كېلىننى پاكلىدى . نەغمە ـ ناۋا ، ناخشا ـ ئۇسسۇل قىزىپ كەتتى .

كەچ كىرگەندە قۇنچۇي نىڭگو هون تەگرىقۇتىغا تەقدىم قىلىنغان ۋاڭ خاۋجۇن ۋە ئۇسۇن خانىغا ياتلىق بولغان شى جۈنلەرنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىرلەردىن ئايرىلىپ ، كىگىز ئۆيلەردە گۆش يەپ ، سۈت ئىچىپ قانداق ھەسرەتلەنگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھالدا ، ياش جەھەتتە ئۆز ئاتىسىدىنمۇ چوڭراق بولغان ئاق ساقاللىق بايانچۇر قاغاننىڭ چېدىرىغا كىرىپ كەتتى .

چاڭئەن ئوردىسىدىن قۇنچۇينى ئېلىپ كەلگەنلەر بىر ئايچە مېھمان بولغاندىن كېيىن قايتىشقا تەرەددۇت قىلدى . بايانچۇر قاغان ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى قۇتلۇغ چۇر تېگىن قوماندانلىقىدىكى ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئۇلارغا قوشۇپ تاڭ ئوردىسىنى قوغداش ئۈچۈن يولغا سالدى .

× × ×

قۇتلۇغ يابغۇ لوياڭدىن قايتىپ كېلىپ كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشنى يەنە باشلىۋەتكەنىدى . بۇ مەيپەرەس خانزادە كىگىز ئۆيدە بىرنەچچە يېقىنلىرى بىلەن گۆش يەپ ، مەي ئىچىشمەكتە ئىدى . ھەممەيلەننىڭ كەيپى ئۆرلەپ خېلى قىزىپ قالغان پەيتتە سورۇنغا يېڭى مېھمان كىرىپ كەلدى . سۆسەر تۇماق ، بۇلغۇن جۇۋا كىيگىنىدىن قارىغاندا ئۇمۇ ئېسىلزادىلەردىن بىرى ئىدى .

ــ كېچىكىپ قالدىڭمۇ ؟ ئەمدى كەلدىڭمۇ ؟ ــ دېدى قۇتلۇغ يابغۇ ئۇنىڭغا تاپا ـ تەنە قىلىپ .

يېڭى مېھمان ئۇلپەتداشلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ بەھۇزۇر ئولتۇردى .

ــ بۈيۈك قاغانىمىز مۇھىم ئىش بىلەن چاقىرتىپتىكەن . شۇڭا ، كېچىكىپ قالدىم ، ــ دېدى ئۇ .

— قانداق مۇھىم ئىش ئىكەن ئۇ ؟ — سورىدى قۇتلۇغ يابغۇ .
يېڭى مېھمان چۈشەندۈردى :
— نىڭگو قاتۇن چىدىر ۋە كىگىز ئۆيلەرگە كۆنەلمەپتۇ . « بۇ يەر بەك سوغۇق ئىكەن ، كېچىچە ئۇخلىيالمايۋاتىمەن » دەپتۇ . ئۇ يەنە « چاڭئەندىن ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۆي ـ ئىمارەت سالدۇرايلى » دەپتۇ . قاغان بىر نەچچىمىزنى چاقىرتىپ مەسلىھەتلەشتى . بىز « كۆپ ـ رەك ئېيىق تېرىسى تېپىپ نىڭگو قاتۇنغا سېلىپ بېرەيلى ، كىگىز ئۆينىڭ تۆپىسىگە يەنە قوشلاپ كىگىز ياپايلى ، ئۆينىڭ ئاستىغا ياغاچ ياتقۇزاي ـ لى » دېيىشتۇق .
— تابغاچ قاتۇن يەنە نېمە دەپتۇ ؟ — يابغۇ ئەمدى تەنە ئارىلاش سورىدى .
— ئەجەبا ، قاغان ئوغلى بۇ گەپلەردىن خەۋەرسىزمۇ ؟
— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ، ئۇ نايناق تابغاچ كەلگەندىن كېيىنلا مەن تۇغلا يايلىقىغا كەتكەن ، تېخى يېقىندىلا قايتىپ كەلدىم .
— شۇنداقتىمۇ ... — يېڭى مېھمان گەپ قىلالماي توختاپ قالدى .
سورۇن ئىشتىراكچىلىرى قاغان ئوغلىنىڭ قاتۇنغا بۇنداق ھۆر ـ مەتسىزلىك قىلىشىدىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قورقۇپ كېتىشتى .
— شەۋكەتلىك يابغۇم ، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ، — قاغان بىلەن قاتۇننى ھۆرمەتلەش يايلاقنا ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم .
— شۇنداق ، — دەپ ئۇنى قوللىدى يەنە بىرەيلەن ، — قاغان ئۇلۇغدۇر ، قاتۇن ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى . شۇڭا ، ئۇمۇ ئۇلۇغلىنىشى كېرەك .
قۇتلۇغ يابغۇ توختىماي ئىچىلىۋاتقان مەينىڭ تەسىرى بىلەن خېلى ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى . بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ تەرسالىقى تۇتسا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالاتتى . ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قورساق كۆپۈكىنى تۆككىلى تۇردى :

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— قاغان قىرىغاندا ئالجىدى ! بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالـ.
غاندا يىگىتلىك قىلىشنى كىم قويىدى ئۇنىڭغا ! مەن لوياڭدا ئۇزاقراق
تۇرالىلى دېسەم ئۇنىماي ، كەينى - كەينىدىن چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپ
قوشۇننى قايتۇرۇپ كەلدى . « پۇقرالارنى بوزەك قىپسىلەر ، قىز - چو.
كانلارنى بۇلاپسىلەر » دەپ ماڭا بىرمۇنچە كايىدى . ئەمدى ئۆزىچۇ ؟ ئۇ
جىرتاق كۆز تابغاچ جىنىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ
قالدى . ئەتىدىن كەچكىچە يوتقاندىن چىقماي ، خانلىقنىڭ ئىشلىرىنىمۇ
ئۇنتۇدى ... ئەمدى ئۇنىڭدىن قورقمايمەن ، ئۇنىڭغا بويسۇنمايمەن ، قو.
شۇنۇمنى ئېلىپ كېتىمەن ، يىراقلارغا كېتىپ ئۆزۈم ئايرىم تۇرىمەن ...

× × ×

بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان قىشلىققا مەخسۇس تىكىلگەن
ئاق كىگىز ئۆيدىكى ئالتۇن تەختتە ئۇستىگە سېلىنغان ئىككى قات ئېيىق
تېرىسىدە سۆسەر تۇمىقىنى باستۇرۇپ كىيىپ ، سۆسۈن تاۋار بىلەن
تاشلانغان قۇندۇز جۇۋىسىغا يۆگىنىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ گەۋدىسى
بىر ئاز مۈكچەيگەن ، ساقال - بۇرۇتى ئاقارغان بولسىمۇ ، ئۆتكۈر كۆز.
لىرى تەخت ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان مەسلىھەتچى تۇپەك ئالپ شۇلغا
مىختەك قادالغانىدى . قاغان مەلۇمات يەتكۈزگىلى كىرگەن بۇ مەسلە.
ھەتچىنىڭ بىر سۆزىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي ، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ تىڭ.
شىماقتا ئىدى .

— ھىم ، قۇتلۇغ يابغۇ شۇنداق دېدىمۇ ؟ — دېدى ئۇ بېشىنى
بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ ، — ئۇ راستىنىلا كەتمەكچى بوپتۇمۇ ؟

— شۇنداق ، بۈيۈك قاغانىم ، — دېدى تۇپەك ئالپ شۇل ، — ئۇ
ھازىر قول ئاستىدىكى قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋا.
تىدۇ . مەن ئۇنى توسۇپ قالالمىدىم .

— ھىم ، ماقۇل ئەمىسە ، — دېدى بايانچۇر قاغان ئاۋازىنى سو.
زۇپ ، — چىقىپ كەتسەك بولىدۇ .

تۆپەك ئالپ شۇل ئورنىدىن قوپۇپ ئېگىلگىنىچە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

قاغان ئۇزاقىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى .

— ئىسيان ! — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

× × ×

تاغ - داللار يېشىللىققا پۈركىنىپ ، ياز پەسلى كېلىپ قالغانىدى . قاغاننىڭ قارارگاھى جايلاشقان كەگرى ئوتلاقتا قاتار - قاتار كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەنىدى . ئۇ يەر - بۇ يەردە ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلار ۋە كالا - موزايلار كۆزگە چېلىقاتتى .

ھەممىدىن چوڭ ۋە كۆركەم ئاق كىگىز ئۆينىڭ يېنىدا بىر توپ ياش نۆكەرلەر ئۆزئارا چاقچاق قىلىشىپ ، چېلىشىپ ئويناشماقتا ئىدى . كىگىز ئۆيدىن شاپ بۇرۇتلۇق بىر سانغۇن چىقىپ ئۇلارغا توۋلىدى :

— سەپكە تىزىلىڭلار ! تابغاچ ئەلچىلىرى ئۇلۇغ بۇيرۇقنىڭ زىيارىتىگە چىقىدۇ .

نۆكەرلەر يانلىرىغا ئېسىقلىق قىلىچلىرىنى ۋە ئۇزۇن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ سەپكە تىزىلدى .

كىگىز ئۆيدىن يالتىراق تاۋار تونلار كىيىشكەن شالاڭ ساقاللىق ۋە قىسىق كۆزلۈك ئۈچ نەپەر تابغاچ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا چىقىپ كەلدى . سانغۇن ئۇلارنى سەل ئېگىزرەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان جايدىكى باشقا بىر ئاق كىگىز ئۆيگە باشلاپ كىردى . توققۇز بۇيرۇقلار باشلىقى قارا ساقاللىق ئىنانچۇ تون باغا تارقان رەڭدار گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان ئالا - بالداق يولۋاس تېرىسىدە سۈرلۈك قىياپەت بىلەن چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى . تابغاچ ئەلچىلىرى كىرگەندە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قائىدە - يوسۇنلۇق سالاملاشتى ۋە ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى . تابغاچلارمۇ يولۋاس تېرىلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى .

— بۈيۈك قاغانىمىزنىڭ بىرئاز تاۋى يوق بولۇپ قالدى ، —

www.uyghurkitap.com

دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان، — شۇڭا، ئۇ ھەر قايسىلىرى بىلەن زىياپەتتە بىللە بولۇشنى پېقىرغا ھاۋالە قىلدى.

— بايانچۇر قاغاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن! تۆمەن مىڭ يىللار سەلتەنەت سۈرۈپ ياشىسۇن! — دېيىشتى ئەلچىلەر.

داستىخان تارتىلىپ، زىياپەت باشلاندى. سۆز ئارىسىدا ئەلچىلەردىن بىرى سورىدى:

— خانزادە قۇتلۇغ يابغۇ سالامەت تۇرۇۋاتامدۇ؟

— ئۇ يېقىندا قازا تاپتى، — دەپ جاۋاب بەردى باغا تارقان.

تابغاچلار قايغۇسىنى ئىپادىلىدى:

— بىز بۇ مۇسىبەتتىن خەۋەر تاپماپتۇق.

— ئۇ كېسەلمىدى؟

— رەھمەتلىك توپىلاڭنى باستۇرۇشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنىدى.

— شۇنداق، ئۇ باتۇر ئىدى، — دېدى باغا تارقان، — لېكىن ئۇ ئۇرۇشتا داڭق چىقارغاندىن كېيىن كۆرەڭلەپ كەتتى، خاتالاشتى، قاغانغا ئۆكتە قوپتى. شۇڭا، ئېلىمىزنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادىتى بويىچە جازالاندى. ئۇ ئەمدى يورۇق دۇنيادىن كەتتى.

تابغاچلار «چۈشەندۇق» دېگەننى بىلدۈرۈپ، باشلىرىنى ئىرغىتتى.

× × ×

بايانچۇر قاغان يېپەك چېدىردىكى ئېيىق ۋە تۈلكە تېرىلىرى سېلىنغان كات ئۈستىدە گۈللۈك تاۋار بىلەن قاپلانغان توزغاق ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، ئۇچىسىغا قۇندۇز جۇۋىسىنى يېپىنغان ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ چوڭ ئوغلى قۇتلۇغ يابغۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇدا بىر نەچچە كۈنگىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمەي ئاھ ئۇرۇپ، ئاخىر تاۋى يوق بولۇپ يېتىپ قالغانىدى.

— ھەي قۇتلۇغ ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ ، ماڭىمۇ قىلدىڭ ! — دېدى ئۇ ئاچچىق يىغىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ ، — ئەجەبمۇ كۆيۈمسىز ، قارا كۆڭۈل ، قارام بولۇپ تۆرىلىپتىكەنسەن ...

نىڭگو قاتۇن قاغاننىڭ يېنىدا غەمكىن ئولتۇراتتى . ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى تېخى تولۇق ئۆگىنەلمىگەچكە كىشىلەر بىلەن راۋان سۆزلىشەلمەيتتى ، پەقەت ئايرىم سۆزلەرنىلا دېيەلەيتتى .

— ئىچىڭ ، — دېدى ئۇ بىر چىنە ئىسسىق شورپىنى قوش قوللاپ بىمار ئېرىگە سۇنۇپ .

قاغان بىلەن قاتۇننىڭ يېنىدا خىزمەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئىككى دېدەك قىز قاغاننى ئىككى ياندىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇشتى . بىمار شورپىنى ئوتلىدى .

شۇ ئەسنادا بىر چاپارمەن كىرىپ مەلۇمات بەردى :

— بۈيۈك قاغانىمغا مەلۇم بولغايكى ، تابغاچ ئەلچىلىرى سالامغا كەلدى .

نىڭگو قاتۇن ئۇيغۇرچىنى تولۇق بىلمىسىمۇ ، چاپارمەننىڭ مەلۇ-ماتىنى چۈشەندى ۋە ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن شادلىنىپ ، يۈرىكى تېپچەكلەپ كەتتى . ئۇنىڭ بايىقى پەرىشانلىق ھالىنى شامال ئۇچۇرتۇپ كەتكەندەك بولدى . ئۇ بىراقلا جانلىنىپ ، شوخ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن قاغانغا تىكىلدى .

— ئۇلار بىلەن تېزرەك كۆرۈشەيلى ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى بې-سىۋالالماي .

— مېھمانلارنى باشلاڭلار ، — دېدى قاغان ۋە كاتتىن چۈشتى .

نىڭگو قاتۇن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىدى . ئۇلار ھۇجرا قىلىنغان چېدىردىن چىقىپ ، تەخت قويۇلغان ئەڭ چوڭ چېدىرغا كىردى . قاغان ئالتۇن تەختكە چىقىپ ، چارا قۇرۇپ ئولتۇردى . قاتۇن خۇددى يۇمشاق ئاسلاندەك سىلىققىنا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتى .

تابغاچ ئەلچىلىرى ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقاننىڭ يول باشلىشى بىلەن قاغان چېدىرىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى ، ئىككى

www.uyghurkitap.com

تەرەپ ئۆزئارا ھال ـ ئەھۋال سوراشتى . باش ئەلچى سۆزىنى باشلىدى :

— ئۇيغۇر قوشۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭگە بېرىپ ، بىز بىلەن ماسلىشىپ جەڭ قىلغانلىقتىن زور غەلىبە قولغا كەلگەنىدى ، ئەن لۇشەن ـ ئەن چىڭشۈي توپىلىڭى ئاساسىي جەھەتتىن تىنجىتىلغانىدى . لېكىن ، ئۇيغۇر قوشۇنى قايتىپ كېتىشى بىلەنلا يەنە شى سىمىن توپىلاڭ كۆتۈردى .

— شى سىمىن تەڭرى ئوغلىغا تەسلىم بولغان ئەمەسمىدى ، — دېدى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان .

— شۇنداق ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى باش ئەلچى ، — شى سىمىن دەسلەپتە ئەن لۇشەنگە قوشۇلۇپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن . ئەن لۇشەن ئۆلگەندىن كېيىن ئەن چىڭشۈينىڭ باش مەسلىھەتچىسى بىلەن چىقىشالماي بۈيۈك تاڭ دۆلىتىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ، بىز تەرەپكە ئۆتكەنىدى . تەڭرى ئوغلى تاڭ سۇزۇڭ ئۇنى فەنياڭ ئايمىقىغا ئىراۋۇل قىلىپ تەيىنلىگەنىدى . بۇ يىل ئەتىيازدا قوماندان گوزىيى ئەن چىڭشۈينىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن خېنەنگە يۈرۈش قىلغانىدى . جەڭ باشلانغاندا شى سىمىن بىزدىن يۈز ئۆرۈپ ، ئارقا سېپىمىزگە تېگىش قىلىپ ، يېمەك ـ ئىچمەك ، ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى . ئارقىدىنلا سەكسەن مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلدى .

— جەڭ نەتىجىسى قانداق بولدى ؟ — بايانچۇر قاغان بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا سورىدى .

— جەڭ راسا قىزىپ كەتكەن مەزگىلدە تۇيۇقسىزدىن قارا بوران چىقىپ كەتتى ، ھەر ئىككى تەرەپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى . بوران دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ، ئادەملەرنى ئۇچۇرتۇپ يىقىتاتتى . سەپلەر بۇزۇلۇپ ، بىزنىڭ پىيادە جەڭچىلىرىمىز چېچىلىپ كەتتى . لېكىن ، شى سىمىننىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى ياتقۇزۇپ ، ئۆزلىرى شۇ ئاتلارنىڭ دالدىسىدا يېتىۋېلىپ ، بوراندىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋالدى ـ دە ، قايتىدىن ئاتلىنىپ چىقىپ ، بىزنىڭ دالادا چېچىلىپ

كەتكەن ئەسكەرلىرىمىزنى قوغلاپ قىرغىلى تۇردى. ئاخىر گوزيېي لوياڭدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

— كېيىن قانداق بولدى؟ — قاغان يەنە سورىدى.

— كېيىن شى سىمىن ئەن چىڭشۈينى ئۆلتۈرۈپ، يېقىندا ئۆزىنى «پادىشاھ» دەپ ئېلان قىلدى.

نىڭگو قاتۇن سۆھبەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىر ئوڭۇشسىزلىقى توغرىسىدا گەپ بولغاندا ئاھ ئۇرۇپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئولتۇراتتى.

— خان ئاتام ساق-سالامەتمۇ؟ چاڭئەندە ئۇرۇش بولدىمۇ؟ — دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سورىدى ئۇ.

— تەڭرى ئوغلى ساق-سالامەت، — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى باش ئەلچى، — ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئاساسەن خېنەن، خېبېيلاردا بولۇۋاتىدۇ. گوزيېي، لى گۇاڭبى، بارغۇت خۇيۇن قوشۇنلىرى توپىلاڭچىلارنى شەنشى تەۋەسىگە ئۆتكۈزمەي تىركىشىش جېڭى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

— شى سىمىننى پات ئارىدا تىنجىتىشتىن ئۈمىد بارمۇ؟ — يەنە سورىدى قاغان.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئەلچى، — لېكىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشلار جەريانىدا قوشۇنىمىزدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك يېتەرسىزلىك بايقالدى. بۇنىڭ بىرى، بىزدە ئاتلىق قوشۇن كەم. يەنە بىرى، بىزنىڭ مىس قونداقلىق ئوقيالىرىمىزنىڭ سۈپىتى تۆۋەن ئىكەن. ئۇيغۇر قوشۇنى ئىشلىتىۋاتقان ئوقيالار ئەۋرىشىم بولۇپ، ئوقنىڭ ئۇچۇش مۇساپىسى يىراق، دەللىك نىسبىتى يۇقىرى ئىكەن. شۇڭا، قوشۇنلىرىمىزنى ئۇيغۇر ئوقيالىرى بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇق. تەڭرى ئوغلى باتۇر ۋە دانىشمەن بايانچۇر قاغاندىن چاڭئەنگە بىر تۈركۈم ئوقيا ياساش ئۇستىلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

— بۆيۈك قاغانىم، — دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن ئىلتىجا قىلدى نىڭگو قاتۇن، — ئوقيا ئۇستىلىرىنى تېزرەك ئەۋەتىپ بېرەيلى.

ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئەمدى سۆز قىستۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتى :

— بۇيۇك قاغانىمىز بىلەن نىڭگو بىلگە قاتۇنغا چوڭ شەھەرلەردىكىدەك كېسەك ئۆي سالدۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغانىدۇق . شۇڭا ، چاڭئەندىن بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى ئەۋەتىپ بەرسەڭلار تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى .

— شۇنداق ، شۇنداق ، ئۆي بولمىسا بولمايدۇ ، — دېدى نىڭگو قاتۇن بېشىنى تېز - تېز ئىرغىتىپ ، — ئۇستىلارنى تېزرەك ئەۋەتىپ بېرىڭلار ، خان ئاتامغا ئېيتىڭلار .

— ئەلۋەتتە ، بۇ تەلىپىڭلارنى تەڭرى ئوغلىغا يەتكۈزىمىز ، ئۇستىلار كېچىكمەي بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئون كۈندىن كېيىن تابغاچ ئەلچىلىرى ئوقىيا ياسايدىغان ئۇيغۇر ئۇستىلارنى باشلاپ سەددىچىن سېپىلى تەرەپكە يولرۇپ كەتتى .

× × ×

بايانچۇر قاغاننىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى . قۇياش قىزدۇرۇپ تۇرغان تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاداققى ۋەسىيىتىنى ئېيتماقچى بولدى .

— ئىدىگەننى چاقىرىڭلار ، — دېدى ئۇ زەئىپلەشكەن ئاۋازدا .

دېدەكلەرنىڭ بىرى ئۆيدىن چىقىپ ، ئىشىك ئالدىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئىككى قورۇقچىغا :

— ئىككىنچى خانزادىنى چاقىرىڭلار ، — دەپ قويۇپ قايتىپ كىردى .

ھايال ئۆتمەي ئىككىنچى خانزادە ئىدىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقان خان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكتى .

— قاغان ئاتا ، مەن كەلدىم .

بايانچۇر قاغان كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ ئوغلىغا قارىدى.

— تالاغا چىقمەن، — دېدى ئۇ، — ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەڭگۈ تاشلارنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى. سەنمۇ بىللە بارغىن، ئوغلۇم.

خانزادە ئاتىسىنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە ئاق كىرگەن ئۇزۇن چاچلىرى ئۈستىدىن قىزىل تاۋار ياغلىقنى چىگىپ قويدى. قوروقچىلار قاغاننى ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ئاق ئاتقا مىنگۈزۈشتى. خانزادە ئىدىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقان، ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقان، مەسلىھەتچى ۋە بىتىكچى تۇپەك ئالپ شۇل ياغلاقار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. تۆت يۈز قورۇقچى ئۇلارنى قوغداپ ماڭدى.

تىنىق كۆك ئاسماندا قۇياش ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈپ تۇراتتى. ئورخۇن ۋادىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى كەڭ قۇچاق ئېچىپ دىللارنى سۆيۈندۈرەتتى. سۈزۈك دەريا سۈيى شوخ مەۋج ئۇرۇپ ئاقاتتى. ساھىلدىن باشلانغان كەڭرى يايلاق بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ۋە رەڭمۇ رەڭ ياۋا گۈللەرگە تولۇپ كەتكەنىدى. يىراقتىكى ئېدىرلار ئارىسىدا يېشىل چاتقاللار غۇژمەكلىشىپ كۆرۈنەتتى.

قاغان بىر نەچچە كۈندىن بېرى يوتقان تۇتۇپ يېتىپ بەكلا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا ئات ئۈستىدە چوڭ بولىدىغان يايلاق خەلقى ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئېگەردە راھەتلىنىپ ئولتۇرالايدۇ. بايانچۇر قاغانمۇ ئېتىنى مىنىپ يىراق - يىراقلارغا كۆز تىككىنىدە دىلى يورۇپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى.

ئېگىزلىكتە چوقچىيىپ تۇرغان مەڭگۈ تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئورنىتىلغان ئادەم سىياقىدىكى بالباللار كۆرۈندى. ئالىي مەرتىۋىلىك چەۋەندازلار ھەربىر مەڭگۈ تاشنىڭ ئالدىدا بىر ئەسناغىچە توختاپ ئېھتىرام بىلەن كۆز تىكەتتى. كۆل تېگىن، تونيوقۇق، بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرى ... بايانچۇر قاغان مەڭگۈ تاشلارغا رەتلىك ئويۇلغان يېزىقلارغا قاراپ ئۇزاققىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ يايلاق خەلقىنىڭ ئۇزاق، مۇرەككەپ، ئەگرى - توقاي تارىخىنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە

www.uyghurkitap.com

زامانلارغا گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرغان بۇ تاش پۈتۈكلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈۋاتامدۇ ياكى ئۇلاردىكى بايانلارنى ئىچىدە ئوقۇۋاتامدۇ ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى ، لېكىن ھەممەيلەن خۇددى قاغانغا ئوخشاشلا بۇ يېزىق ئويۇلغان تاشلاردىن يايلاق خەلقىنىڭ شەرەپلىك ئىش ئىزلىرىنى كۆرۈپ ، مەغرۇر قىياپەتتە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

— بۇ مۇقەددەس تاشلارنى كۆز قارىچۇقۇڭلاردەك بىلىپ ئاسراڭلار ، بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلىشنى ئۇنتۇماڭلار ، — دېدى قاغان قولى بىلەن مەڭگۈ تاشلارنى كۆرسىتىپ ، — بۇ تاشلارغا زامانلار ھەقىقىتى ، ئەجدادلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ياشاش ئىرادىسى پۈتۈلگەن . بۇ پۈتۈكلەردىن سىلەر نۇرغۇن ئىبرەتلىك ساۋاق ۋە ھايات يوللىرىنىڭ تۈرلۈك ئۆرنەكلىرىنى تاپالايسىلەر . بۇ بىزنىڭ مىراسلىرىمىز . بۇ مىڭ يىللىق ، تۈمەن يىللىق مەڭگۈ تاشلارنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارماڭلار . بۇ بىزنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ نىشانىسى بولۇپ قالغۇسى .

چەۋەندازلار خۇددى سېھىرلەنگەندەك ، خۇددى كۆك تەڭرى ۋە ئىلاھىي قۇياشقا بەيئەت قىلىۋاتقاندەك ، خۇددى قەدىمكى ئەجدادلار كۆك بۆرىگە ئەگىشىپ ھاياتلىق ۋە بەخت يوللىرىنى ئىزلىگەن ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلار قوينىدىكى يورۇق نۇقتىلارنى كۆرۈۋاتقاندەك جىمجىت ، جىمجىت بولۇشۇپ قاغاننىڭ بىر سۆزىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي تىڭشىماقتا ئىدى .

قاغان ئېتىنى دېۋەتتى . باشقىلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى . ئۇلار شۇ مېڭىشىدا تېرخىن دەرياسىغا يېقىن جايدىكى تۆپىلىككە چىقىپ ، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . قاغان شەخسەن ئۆزىنىڭ شەرىپىگە بېغىشلاپ ئورنىتىلغان بۇ تاشقا قاراپ تېخىمۇ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى ، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ، يولنى داۋاملاشتۇردى .

ئۇلار ئوردىغا ، يەنى قاغاننىڭ تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بايانچۇر قاغان ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقاننى قول ئىشارىتى بىلەن يېنىغا چاقىردى .

— مەندىن كېيىن خانلىقىمىزنىڭ ئالتۇن تەختىگە ئىككىنچى ئوغلۇم ئىدىگەن قۇتلۇغ بىلگە تارقان ۋارىسلىق قىلسۇن، — دېدى ئۇ، — سىلەر، مېنىڭ سادىق توققۇز بۇيرۇقلىرىم ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ ۋارىسىمنىڭ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار مېنىڭ روھىم ۋە خانلىقىمىزنى تىكلىگەن ئاتام كۆل بىلگە قاغاننىڭ مۇقەددەس روھى ئەمىن تاپىدۇ، سىلەردىن رازى بولىدۇ.

باغا تارقان ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى.

— بىز ھەممىمىز جېنىمىز، تېنىمىز بىلەن خانلىقىمىزنى ھەم قاغانىمىزنى قوغدايمىز، ھەر ئىشتا ئۇنى قوللايمىز، — دېدى ئۇ.

قاغان قورۇقچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتتىن چۈشتى. نىڭگو قاتۇن ئۇنى يۆلەپ يىپەك چېدىرغا ئەكىرىپ كەتتى.

بۇ بايانچۇر قاغاننىڭ يورۇق دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى پائالىيىتى بولۇپ قالدى. ئەتىسى، قارىغاي بويىدىن ئېگىزرەك ئۆرلىگەن ياز قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى چېدىرنىڭ شەرققە قارىتىلغان ئىشىكىدىن ئىچكىرىگە پارلاپ كىرىشكە باشلىغان مەزگىلدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى قاغانى بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان قوڭۇر يەردىكى ئادەملەر ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، كۆك ئاسماندىكى روھلار قاتارىغا قوشۇلدى.

خان جەمەتى ۋە ئوردا ئەھلى بوغۇزلانغان ئات ۋە قويلارنى قاغاننىڭ جەسىتى قويۇلۇپ، ئىشىك ئالدىغا قوتاز قۇيرۇقى ئېسىلغان ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئەتراپىغا تىزىپ ياتقۇزۇشتى ھەمدە يەتتە كۈن ھازا تۇتۇپ، كۆڭلەك - چاپانلىرىنىڭ ياقىلىرىنى يىرتىپ، كۆك بۆرىلەردەك ھۇۋلاپ يىغلىشىپ، ئېگىز دۆڭگە دەپنە قىلىشتى.

مەرھۇم قاغاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسى ئىدىگەن قۇتلۇغ تارقان ئاق كىگىزدە كۆتۈرۈلۈپ «تەڭرىدە قۇت بولمىش بۆگۈ قاغان» دېگەن قۇتلۇق نام بىلەن ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇزۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى قاغانى مىلادىيە 759 - يىلى يازدا تەختكە چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئون بەشىنچى باب

## بۆگۈ قاغان ۋە مانى روھانىيلىرى

مىلادىيە 761 ــ يىلى كۈز.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئورخۇن بويىغا يەنە ئەلچىلەر كەلدى. ئەمما، بۇ قېتىم كەلگەنلەر تابغاچ ئەمەس، بەلكى قاگشارلىق ۋە قويۇق قارا ساقاللىق غۇز قەبىلىسىنىڭ كىشىلىرى ئىدى.

بۆگۈ قاغان ئۇلارنى مەرھۇم ئاتىسى بايانچۇر قاغاندىن مىراس قالغان يېپەك چېدىردىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ كۈتۈۋالدى.

باش ئەلچى سۆزىنى باشلىدى:

ــ باتۇر ۋە دانىشمەن بۆگۈ قاغان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، بىز شەۋكەتلىك ئەن لۇشەن سانغۇن تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان يەن سۇلالىسىدىن ھۇزۇرلىرىغا سالام بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق.

ــ دېمەك، سىلەر شى سىمىنىڭ ئەلچىلىرى ئىكەنسىلەر ــ دە؟ ــ دەپ سورىدى بۆگۈ قاغان.

ــ شۇنداق، ئالىيلىرى، ــ دېدى ئەلچى، ــ لېكىن شى سىمىن سانغۇن ۋاپات بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى شى چاۋيى يەن سۇلالىسىنىڭ قاغانلىق ئورنىغا چىقتى. بىز ئەنە شۇ شى چاۋيى خاننىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدۇق.

بۆگۈ قاغان ئۈنچىقماستىن، ئەلچىگە سىناق نەزىرىدە تىكىلىپ قارىدى. باش ئەلچى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ شى چاۋيى خان بۆگۈ قاغان بىلەن ئىناق دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاتا ــ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان كونا ئاداۋەتنى تاشلاپ ئىت-

تىپاقلىشايلى . بىز بىرلەشسەك تاڭ سۈلالىسىنى ئاسانلا يىمىرىپ تاشلاي-مىز . ئۇ چاغدا شى چاۋيى خان تەخت ۋە ئوردا خەزىنىسىگە ئىگە بولسا، باتۇر بۆگۈ قاغانغا تاڭ سۈلالىسىنىڭ بىرقىسىم زېمىن ۋە ئاھالىسىنى بۆ-لۈپ بېرىدۇ .

بۆگۈ قاغاننىڭ بۇنداق تەكلىپكە نېمىدەپ جاۋاب قايتۇرغانلىقى تارىختا ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن ، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ھەرىكەت قوللانغان-لىقىنى كېيىنكى سەھىپىلەردىن كۆرىمىز .

× × ×

چاڭئەن كوچىلىرىغا بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر يۈك ئارتىلغان بىرنەچچە تۆگىنى ھەيدەپ كىرىپ كەلدى . بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇستۈبېشىنى چاڭ باسقان ، كىيىملىرى يىرتىلغان ، چىرايلىرى ھارغىن بولۇپ ، ئۇزۇن سەپەردىن كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنى كۆرگەندە « بۇ ساقاللىق غەيرىي ئادەملەر تەسلىم بولۇپ كەلگەن تو-پىلاڭچى غوزلارمۇ ياكى ئوردىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئۇي-غۇرلارمۇ ؟ » دېيىشىپ ، گۇمانسىراپ قارىشاتتى ھەمدە قانداقلا بولمى-سۇن ، ئۇلارغا يېقىن يولىماسلىقا تىرىشاتتى .

ھالبۇكى ، يول بويىدا قۇرۇلۇش قىلىپ ئۆي سېلىۋاتقان بىر توپ تامچىلار ئىچىدىن ياش بىر ئىشلەمچى ئايرىلىپ چىقىپ ئاشۇ ساقاللىق كىشىلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— قۇت بولسۇن ، يولۇچىلار ، سىلەر سوغدىلارمۇ ياكى تۈركىي بولامسىلەر ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— بىز قورداندىن كېلىۋاتىمىز ، قاسار تائىپىسىدىن بولىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان يېشى چوڭراق بىر چەۋەنداز ، — سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن ؟

— مېنىڭ ئىسمىم قۇتادمىش ، ئۇيغۇر تائىپىسىدىن بولىمەن ، بىر قوۋم ئىكەنمىز . كېلىڭلار ، بىر ئاز ئارام ئېلىپ ماڭغايسىلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يولۇچىلار قۇتادمىشقا خۇشاللىق بىلەن قاراپ غۇلغۇلا قىلىشتى:

— بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەۋاتىدۇ!

— مۇساپىرچىلىقتا شۇنچە ئۇزاق يۈرۈپ، ئاخىر ئۆز ئادەملىرىمىزدىن بىرىنى كۆردۇق!

ھەممىيلەن ئاتتىن چۈشتى ۋە قۇتادمىش بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— مېنىڭ ئائىلەمۇ قوردانلىق. يۈرۈڭلار، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى قۇتادمىش، — مەنمۇ ئۆز ئادەملىرىمىز بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولدى. بۇ يەردە تابغاچلار ۋە سوغدىلار بىلەن ئىشلەپ، ھۈنەر ئۆگەنگەچ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن.

مۇساپىرلار ماقۇل بولدى.

— بىز بۇ يەردە ھېچكىمنى تونۇمايمىز، — دېيىشتى ئۇلار، — ئازراق سودا قىلىپ، ھۈنەر-كەسىپلىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ پۇل تاپايلى دەپ كەلگەنىدۇق. يولدا بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ مال-مۈلكىمىزدىن ئايرىلدۇق، ئاران مۇشۇ بىرنەچچە تۆگىمىز قالدى.

قۇتادمىش ئىشلەمچى بۇرادەرلىرىگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قويۇپ، قوردانلىقلار بىلەن قايتتى. ئايتولۇن ئۆز يۇرتداشلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلدى ۋە داستىخان سېلىپ غىزا تەييارلىدى.

قۇتادمىش ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئايتولۇن ئاخىر مېنى مانى راھىبلىرىنىڭ گېپىگە كىرىشكە ماقۇل كەلتۈردى. مەن ئۆزۈممۇ ئىبادەتخانىدا تۇرغان كۈنلىرىمدە راھىبلارنىڭ پەتىۋالىرىنى تولا ئاڭلاپ بۇ دىنغا قىزىقىپ قالدىم.

— ئاخىر مانى دىنىغا كىردىڭىزمۇ؟ — سورىدى قوردانلىقلاردىن بىرى.

— ياق، — دېدى قۇتادمىش، — لېكىن باش روھانىيغا يالغاندىن كۆڭۈل ئېيتىپ «مانىخەي بولاي» دەپ قويدۇم.

— نېمىشقا يالغان سۆزلەيسىز؟

— چۈنكى، شۇنداق دەپ قويمىسام باش روھانىي مېنىڭ ئايتو-

لۇن بىلەن توي قىلىشىمغا قوشۇلمايتتى . مانا ئەمدى ئىككىمىز توي قىلىپ ، ئىبادەتخانىدىن ئايرىلىپ چىقتۇق ، مانا مۇشۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇق . مەن هازىر تابغاچ ئۇستاملار بىلەن بىناكارلىق قىلىۋاتىمەن .

قوردانلىقلارنىڭ چوڭى ئايتولۇنغا ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارىدى .

— بىز قوردانلىقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز . سىز نېمە ئۈچۈن ئاتا - بوۋىلىرىڭىزنىڭ يولىنى تۇتماي مانىخەيلەرگە ئەگىشىپ كەتتىڭىز ؟

ئايتولۇن باشتا خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى ، ئاندىن بېشىنى كەسكىن كۆتۈرۈپ ، ئىشەنچكە تولغان ئاۋازدا سۆزلىدى :

— مانى دىنى پاك دىن . بۇ دىن كىشىلەرنى ئىناقلىققا ، مېهرىبانلىققا باشلايدۇ ، ئۆچمەنلىك هەم دۈشمەنلىكنى يوقىتىدۇ . سىلەرمۇ باش روهانىينىڭ ۋەز - نەسىهەتلىرىنى ئاڭلاپ باقساڭلار قايىل بولىسىلەر .

— ئۇ ماڭا دائىم مۇشۇنىداق تەلىم بېرىدۇ ، — دېدى قۇتادمىش ، — قىزىق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ - دە ! بىز هەممىمىز بىر تائىپىنىڭ ئادەملىرى ، تىلىمىز بىر ، لېكىن دىنىمىز باشقا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . ئورخۇندىكىلەر شامان ئەقىدىلىرىنى ئۇلۇغلايدۇ ، سىلەر قوردان ، بەشبالىق تەرەپتىكىلەر بۇددا نوملىرىنى ئوقۇيسىلەر ، مانا ئەمدى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ چىققىلى تۇردى .

قوردانلىقلار ئەدەپ يۈزىسىدىن سۈكۈت قىلدى . ئۇلارنىڭ چوڭى گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى :

— بىزنىڭ هازىر تىجارەت قىلغۇدەك هېچقانچە مال - مۈلكىمىز قالمىدى . قۇرۇق قول بىلەن يۇرتىمىزغىمۇ قايتىپ كېتەلمەيمىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يوللار بەك خەتەرلىك ئىكەن . هەممە يەردە بۇلاڭچى ، قاراقچىلار قاتراپ يۈرىدىكەن .

— شۇنداق ، — دېدى قۇتادمىش ، — ئەن لۇشەن توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن بۇيان مانا بەش - ئالتە يىل بولۇپ قالدى ، جاهان تىنچ-

مايۋاتىدۇ ، هازىرمۇ ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتىدۇ . ۋەيران بولۇپ ، ئۆي ـ ماـ كانسىز قالغان بىر قىسىم سەرگەردانلار ئوغرى ، بۇلاڭچى بولۇپ كەتتى . بۇ كۈنلەردە سەپەرگە چىقىش ھەقىقەتەن خەتەرلىك . شۇڭا ، بىزمۇ ئورخۇن تەرەپكە كېتەلمەيۋاتىمىز .

ــــ بىزنى تابغاچ ئۇستىلارغا تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز ، ــــ دەپ ئۆتۈندى قوردانلىقلارنىڭ چوڭى ، ــــ ئەمگەك قىلىپ ، قايتىپ كەتكۈدەك دەسمايە تېپىۋالساق دەيمىز .

ــــ سىلەر قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ باقىقانمۇ ؟ ــــ سورىدى قۇتادمىش .

قوردانلىقلار مىيىقىدا كۈلدى .

ــــ قوردان دېگەن چوڭ شەھەر . ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۆي ـ ئىمارەتلەردە ياشايدۇ . پۇقرالار ئۆيلىرىنى ئۆزلىرى سالىدۇ . قورداندا ئۆي سېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق .

ــــ ئۇنداق بولسا ياخشى ، ــــ دېدى قۇتادمىش ، ــــ چاڭئەندە بولغان ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن ئۆيلەر ۋەيران قىلىنغان . شۇڭا ، هازىر تامـ چىلارغا ئىش كۆپ . مەن سىلەرگە ئىش تېپىپ بېرەي .

× × ×

مىلادىيە 762 ـ يىلى ياز .

بۆگۈ قاغان شاهانە يېپەك چېدىرىدىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇـ رۇپ ، چاڭئەندىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلدى .

ــــ باتۇر ۋە دانىشمەن بۆگۈ قاغانغا مەلۇم بولغايكى ، ــــ دېدى باش ئەلچى ، ــــ شەۋكەتلىك تاڭ سۇزۇڭ ئالىيلىرى تۇيۇقسىزدىن يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قازا تاپتى . خانزادە لى يۈي تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ تاڭ دەيزۇڭ دېگەن نام بىلەن ئۇلۇغلاندى . تەگرى ئوغلى تاڭ دەيزۇڭ شى چاۋيىنى يوقىتىپ تۇپلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى لى كونى باش قوماندان ، بۆگۈ قاغان ئالىيلىرىنىڭ قېيناتىسى بارغۇت خۇيۇننى مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى . تەگرى ئوغلى

تاڭ دەيزۇڭ بىلەن مۇئاۋىن قوماندان بارغۇت خۇيۇن سانغۇن بۆگۈ قاغاننىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ، توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلدۇ.

تابغاچ ئەلچىلىرى بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپلا قايتىپ كەتتى. يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۆگۈ قاغان شەخسەن ئۆزى تۆت مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ سەددىچىن سېپىلى تەرەپكە يول ئالدى.

تاڭ سۇلالىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇيغۇر قوشۇنى بۇ قېتىممۇ ئالدىنقى قېتىمقىسىغا ئوخشاش تاڭ ئوردىسىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىۋاتامدۇ ياكى شى چاۋيىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ توپىلاڭغا قوشۇلماقچىمۇ؟ هالبۇكى، بۆگۈ قاغان سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭگە كەلگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ شى چاۋيىغا قارشى قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ قېيناتىسى بارغۇت خۇيۇنغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن خانزادە لى كو، بارغۇت خۇيۇن ۋە بۆگۈ قاغاننىڭ قوشۇنلىرى بىرلىكتە هەرىكەت قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ قىلدى. ئاخىر شۇ يىلى كۈزدە ئۇيغۇر ـ تابغاچ قوشۇنلىرى شى چاۋيى قوشۇنىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، هەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، توپىلاڭچىلاردىن ئاتمىش مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، يىگىرمە مىڭ ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن. شۇ يىلى مىلادىيە هېسابىدا 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۆگۈ قاغان قوشۇنى زەپەر قۇچۇپ، شىددەتلىك هۇجۇم بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ئاستانىسى لوياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. شى چاۋيى لوياڭدىن قېچىپ چىقىپ، بىر ئورمانلىققا كەلگەندە ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 755 ـ يىلى 1 ـ ئايدا باشلانغان تارىختا مەشهۇر ئەن لۇشەن ـ شى سىمىن قوزغىلىڭى 762 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈزۈل ـ كېسىل باستۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

× × ×

بۇگۇ قاغان لوياڭدىكى ھەشەمەتلىك قەسىردە قىشلاپ تۇرۇپ قالدى. ھاۋا ئىلىپ، قارلار ئېرىگەندىن كېيىنمۇ كېتىشكە ئالدىرىمىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى ھۆكۈمدارى تاڭ دەيزۇڭ ئويلىمىغان يەردىن يەنە توپىلاڭ ياكى پاراكەندىچىلىكلەر چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ھازىرچە قايتىپ كەتمەي تۇرۇشىنى ئۆتۈنگەنىدى.

دەل ـ دەرەخلەر بىخ چىقىرىشقا باشلىغان قۇياشلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇگۇ قاغان بىر توپ قورۇقچى چەۋەندازلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قەسىردىن چىقتى. كىچىكىدىن تارتىپ كەڭ يايلاقلاردا ئەركىن يايراپ، ئات ئويىنىتىپ ئۆسكەن بۇ قاغان ھازىر تابغاچلارنىڭ ئىسسىق ئۆيلىرىدە يۇمشاق يوتقان ـ كۆرپىلەرگە يۆگىنىپ بىكار ياتىۋېرىشتىن زېرىكتى، مەيخورلۇق قىلىپ، گۈزەل دېدەكلەرگە بەدىنىنى ئۇۋۇلىتىپ ئېزىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىن رايى قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى ئات مىنىپ كوچا ـ كويلارنى ئايلىنىدىغان، شەھەر سىرتىغا چىقىپ چەۋگەن ئوينايدىغان، ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىدىغان ئادىتىنى قايتا باشلىغانىدى.

بۇگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئورخۇنلۇق قاغان چىرايلىق ئاق ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ، مانى ئىبادەتخانىسى جايلاشقان بىر كوچىغا كېلىپ قالدى. ئىبادەتخانا ئالدىغا نۇرغۇن ئادەم توپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئات بىلەن ئۆتۈش مۇمكىن بولماي قالدى. ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملەر تىقما ـ تىقماق بولۇپ، كوچىنى بىر ئالغانىدى.

— نېمە قىلىشقا يىغىلىپ تۇرغان ئادەملەر بۇ؟ — دەپ سورىدى بۇگۇ قاغان.

— مانىخەيلەر ئىبادەت قىلىشقا كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى قاغاننىڭ يېنىدا تۇرغان قورۇقچىلاردىن بىرى.

بۇگۇ قاغان ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ باشلىرى ئۈس-

تىدىن قارىدى . ئۇدۇلدىكى ئىبادەتخانىنىڭ كەڭ ئېچۋېتىلگەن دەرۋازىسىدىن ئاق لىباسلىق راھىبلار چىقىپ ، توپلىشىپ تۇرغان خالايىقنى ئارىلاپ نېمىلەرنىدۇر سۆزلەيتتى . ئۇلارنىڭ بىرى نەسىللىك ئاتلارغا مىنىپ تۇرغان قاغان ۋە ئۇنىڭ قورۇقچىلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى .

— تەخىر قىلغايسىلەر ، پاك دىندارلار ، ئىبادەتخانا ئىچى بوشىغاندا باش روھانىي سىزلەرنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ ، — دەيتتى راھىب ئەتراپتىكىلەرگە قايتا - قايتا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېگىلىپ .

— ئەي راھىب ، — دەپ چاقىردى ئۇنى بۆگۈ قاغان ، — نېمىدېگەن تولا ئادەم بۇ ؟ باش روھانىي ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ نېمە قىلىدۇ ؟

راھىب ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى :

— بۈگۈن ئىبادەتخانىدا تۆۋا ئىستىغپار ئوقۇلىدىغان كۈن . بۇ كىشىلەر ھاياتلىقتا بىلىپ - بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى باش روھانىيغا ئېيتىپ ، تۆۋا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن .

« بۇ نېمە كارامەت ، — دەپ ئويلىدى بۆگۈ قاغان ، — ئادەملەر پادىشاھ ، قاغانلارغىمۇ بۇنچىلىك ئىخلاس قىلمايدۇ . گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر ھۆكۈمرانلارنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قېچىپ كېتىدۇ ، ھېچكىممۇ بۇنداق ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ھۆكۈمدارلارغا ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى سۆزلەپ بەرمەيدۇ . قاغانلار ئۆز پەرمانلىرىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن بۇنچىلىك كۆپ خەلقنى بىر يەرگە يىغالمايدۇ » .

قاغان ئەجەبلەنگەن ۋە چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ ، ئۆز قەسرىگە قايتىپ كەتتى . شۇ كۈنى كېچىچە ئۇ مانىخەيلەرنىڭ تۆۋا قىلىش ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ شۇ قەدەر مۇستەھكەملىكىنى ئويلاپ تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى . « بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — مانى دىندارلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىنى شۇقەدەر بويسۇندۇرۇپ ، ئۆزىگە رام قىلىشىدا قانداق سىر بار ؟ »

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىنلا ئۇ « مانى ئىبادەتخانىسىغا بارىمەن » دەپ جابدۇندى .قاغانغا ھەمراھ بولۇپ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان پاخمۇاش ، چاڭگا ساقاللىق شامان بۇنىڭغا قارىتا نارازىلىق بىلدۈردى .

— شامان مۇخلىسلىرى مانى جىنلىرى بىلەن ئالاقىلەشسە بولمايدۇ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى غەزەپلىنىدۇ ، — دېدى ئۇ بۆگۈ قاغاننىڭ يولىنى توسۇپ .

— توسقۇنلۇق قىلما ، ھۆرمەتلىك شامان ، مانىخەيلەرنىڭ ئىچ سىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي دەيمەن ، — دېدى قاغان ۋە شاماننى بىر قولى بىلەن چەتكە رەت ئىتتىرىپ قەسىردىن چىقتى .

— ئەمىسە مەن پال سېلىپ باقاي ، — دېدى شامان ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ ، — مانىخەيلەر بىلەن كۆرۈشۈش پايدىلىقمۇ ، زىيانلىقمۇ ؟ مەن پېرە ئويناپ ، روھلاردىن سوراپ باقاي .

— بۇنىڭغا پېرە ئويناش ، پال سېلىش كەتمەيدۇ ، — دېدى بۆگۈ قاغان ۋە ئۇزۇن پۇتلۇق غاز بويۇن ئاق ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى . يىگىرمىدەك قورۇقچىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى .

ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار يېنىغا قىلىچ ئاسقان قارا ساقاللىق ، سۈرلۈك قاغاننى ۋە ئۇنىڭ قورۇقچىلىرىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى ۋە يۈگۈرگىنىچە باش روھانىيغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى .

— مەن سىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇستازىڭلار بىلەن كۆرۈشىمەن ، — دېدى قاغان ئىبادەتخانا قورۇسىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشقان ئىككى راھىبقا قاراپ .

دەل شۇ چاغدا ئىبادەتخانىنىڭ قىزىل سىرلانغان قوش قاناتلىق ئىشىكى ئېچىلىپ ، ئۇزۇن ئاق لىباس كىيگەن تاقىر باش روھانىي قورۇغا چىقىپ كەلدى .

— مەرھابا ، ئەي تەڭرىنىڭ ئەزىز بەندىسى ، — دېدى ئۇ بۆگۈ قاغانغا سىپايىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ .

قاغان ئاتتىن چۈشتى .

— ئۇلۇغ تەڭرى مانى بۇرخان شەرىپىگە سېلىنغان ئىبادەتخانىغا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قورال بىلەن كىرىشكە بولمايدۇ ، — دېدى يەنە ھېلىقى روھانىي .

بۆگۈ قاغان كەڭ تاسما كەمەرنى يېشىپ ، قىلىچىنى قوروۇق-چىلاردىن بىرىگە بەردى .

— مەرھابا ، ئەزىز مېھمان !

روھانىي بۆگۈ قاغاننى ئىبادەتخانىغا باشلاپ كىردى . ئۇلار ئازادە خانىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىگە چاژا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى .

— كەمىنىگىز مۇشۇ ئىبادەتخانىنىڭ باش روھانىيسى بولىمەن . كېلىشتىكى مۇددىئايىگىزنى بايان قىلغايسىز ، ئەي تەگرىنىڭ ئەزىز بەن-دىسى ، — دېدى روھانىي .

بۆگۈ قاغان سورىدى :

— نېمە ئۈچۈن مانىخەيلەر شۇنچە رايىش ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار روھانىيلارنىڭ تەلەپلىرىنى شەرتسىز ئادا قىلىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن گۇناھلىرىغا توۋا قىلىدۇ ؟

— بۇنىڭ ھەمــمــىسى دىنــنىڭ كۈچى ، — دېدى باش روھا-نىي ، — سىلەر دىنىمىزلار بۇنى چۈشەنمەيسىلەر .

— بىزنىگمۇ دىنىمىز بار ، — دېدى بۆگۈ قاغان ، — بىز شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، — دېدى باش روھانىي يەنىلا سىپايىلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ، — شامانلارنىڭ دەيدىغانلىرى دىن ئەمەس . شا-مانلار روھلارنى چاقىرىمىز دېيىشىدۇ ، لېكىن شۇ روھلارنى باشقۇرىدى-غان تەگرىلەرنى بىلمەيدۇ ، تەگرىلەرگە تېۋىنماستىن پال سېلىپ جا-دۇگەرلىك قىلىدۇ . بۇنداق قىلمىشلار تەگرىلەرنى غەزەپلەندۈرىدۇ .

— دىنىگىزنى ماڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ ، — دېدى بـۆگۈ قاغان ، — سىلەرنىڭ بۇ دىنىڭلاردا زادى نېمە خىسلەت بار ؟ شۇنى بىلگۈم كېلىدۇ .

— ياخشى گەپ ، — دېدى باش روھانىي ، — تەگرى مانى تە-لىماتىنى ئاڭلاپ دىندارلاردىن بولۇپ قېلىشىگىزنى تىلەيمەن . مانى يو-لىنى تۇتۇپ ، بىزنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىمىز بويىچە ئىش قىلسىگىز ئېلى-گىز تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ ، قائىدە - قانۇنلارنى بىلمەي يۈرۈۋەرسىگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىگىز بۇزۇلىدۇ .

— ياق ، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ قانۇنلىرىمىز بار . شۇ قانۇنلىرىمىز بويىچە ئىش بېجىرىمىز ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى بۆگۈ قاغان .

— قانداق قانۇن ؟ — سورىدى باش روھانىي .

بۆگۈ قاغان جاۋاب بەردى :

— غەلىيانچىلار ، خائىنلار ۋە قاتىللارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ . ئېرى بار ئايالغا باسقۇنچىلىق قىلغانلارمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ . ئەگەر كىمكى ياتلىق بولمىغان قىزنىڭ نومۇسىغا تەگسە شۇ قىزغا ئۆيلىنىشى شەرت . ئوغرىلار ئۆزلىرى ئوغرىلىغان مالنىڭ باھاسىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق جەرىمانە تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ . سوقۇشۇپ باشقىلارنى يارىلاندۇ-رۇپ قويغانلار تۆلەم تۆلەيدۇ . ئۇرۇش بولۇپ قالغاندا بارلىق ساغلام ئەركەكلەر ئاتلىنىپ قوشۇنغا كېلىدۇ .

باش روھانىي قاغاننىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى يەنە سىلىقلىقچە رەت قىلدى :

— يوقسۇ ، تەڭرىنىڭ ئەركە بەندىسى ، بۇ قانۇن ئەمەس ، بەلكى ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىڭلار . ئەمما ، ئۆرپ - ئادەت دېگەن مۇس-تەھكەم بولمايدۇ ، كىشىلەر يەنىلا بىلىپ - بىلمەي داۋاملىق گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىۋېرىدۇ . پەقەت ئىخلاسمەن دىندارلار ئۆزىنى گۇناھتىن ساقلايدۇ .

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ ؟

— چۈنكى ، ئۇلار تەڭرىلەردىن قورقىدۇ . مانا بۇ دىنىنىڭ كۈچى !

— دېمەك ، دىندارلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى چەكلەيدىكەن - دە .

باش روھانىي « شۇنداق » دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتتى .

بۆگۈ قاغان كۆزلىرىنى تۆۋەن قارىتىپ ، ئۇزاققىچە ئويلىنىپ ئولتۇردى .

— ئەگەر ھەممە خەلق شۇنداق بولسا نېمىدېگەن ياخشى ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ .

— بۇنداق بولۇش ئۈچۈن ھەممە خەلق مانى دىنىغا كىرىشى

كېرەك ، — دېدى يەنە باش روھانىي ، — بۈيۈك قاغان ، ئالدى بىلەن
سىز دىنغا كىرىڭ ، ئاندىن بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى تەڭرى مانى بۇرخان-
نىڭ نۇرلۇق يولىغا باشلاڭ . شۇنداق قىلسىڭىز ئېلىڭىزدە سىزنىڭ خا-
سىيىتىڭىز بىلەن ئۇلۇغ ئىشلار ، ياخشى خۇلقلار بارلىققا كېلىدۇ . ئەگەر
ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئېلىڭىز بۇزۇلىدۇ، يامان خۇيلۇق گۇناھكارلار كۆپە-
يىپ كېتىدۇ . شۇنداق بولغان چاغدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئارغىماق
ئېتىڭىز ، ئەقىل - پاراسىتىڭىز ، قەيسەر قوشۇنىڭىز ، ھېسابسىز باتۇر-
لىرىڭىز بىلەنمۇ خەلقىڭىزنى باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالىسىز .

— دىنىڭىزنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ ، — دېدى بۆگۈ
قاغان ، — بۇنىڭغا ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىكنى ئاندىن ئويلىشىپ باقاي .

— خوپ ، تەڭرىنىڭ ئەزىز بەندىسى ، — دېدى باش رو-
ھانىي ، — لېكىن بۇنى ئىككى جۈملە سۆز بىلەن چۈشەندۈرگىلى بول-
مايدۇ . قورۇقچىلىرىڭىز قايتىپ كەتسۇن . سىز مۇشۇ يەردە قېلىڭ .
مەقسەتكە لايىق سۆھبەتلىشەيلى .

بۆگۈ قاغان بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولدى ۋە بارلىق قورۇقچىلىرىنى
قايتۇرۇۋېتىپ ، ئىبادەتخانىدا يالغۇز قالدى . باش روھانىي يۇقىرى دەرى-
جىلىك راھىبلاردىن تۆت كىشىنى باشلاپ كىردى . ئۇلار ھەممىسى بۆگۈ
قاغانغا نۆۋەت بىلەن سۆزلەپ مانى دىنىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى :

— دىنىمىزدا ئەڭ ئالىي ئىلاھ ئەزرۇئا تەڭرىدۇر .

— ئالەمنى شەكىللەندۈرگۈچى بەش تەڭرى بار ، بۇلار : ھاۋا ،
شامال ، يورۇقلۇق ، سۇ ، ئوت تەڭرىلىرىدۇر .

— بىز ئىككى تەرەپ ، ئۈچ زامان ئەقىدىسىگە ئىشىنىمىز . ئىككى
تەرەپ دېگىنىمىز يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ، يەنى ياخشىلىق بىلەن
يامانلىقنى كۆرسىتىدۇ . بارلىق ياخشى نەرسىلەر يورۇقلۇقتىن ، بارلىق
يامان شەيئىلەر قاراڭغۇلۇقتىن مەيدانغا كەلگەن . ئۈچ زامان دېگىنىمىز
دەسلەپكى زامان ، ئارىلىقتىكى زامان ۋە ئاخىرقى زاماندىن ئىبارەت ئۈچ
پەيتنى كۆرسىتىدۇ . دۇنيا بىنا بولمىغان دەسلەپكى پەيتتە يورۇقلۇق بى-
لەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بولغان . ئۇلار بىر - بىرىگە

ئارىلىشالمىغان . ئارىلىقتىكى پەيتكە كەلگەندە قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇقنى بېسىپ كەتكەن . يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئارىلىشىپ كەتكەن . ئاخىرقى زامان كەلگەندە زور بالايىئاپەت يۈز بېرىپ ، پۈتۈن دۇنيا گۇمران بولىدۇ . يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ چەك - چېگرىسى قايتىدىن ئايرىلىدۇ . ئۇ چاغدا ئىبادەتنى تاشلىماي ، ياخشى ئىش قىلغان ئادەملەر جەننەتكە ، يامان ئىش قىلىش نىيىتىدىن يانمىغان گۇناھكارلار دوزاخقا كىرىدۇ .

روھانىيلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇزۇلدۇرمەي سۆزلەپ ، مانى دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى بايان قىلىشتى . بۆگۈ قاغان بارغانسېرى قىزىقىپ تىڭشىماقتا ئىدى . شۇ تەرىقىدە ئۇ ئۇدا ئىككى كۈنگىچە ئىبادەتخانىدىن چىقمىدى ، روھانىيلار بىلەن بىللە غىزالىنىپ ، بىللە يېتىپ - قوپتى . روھانىيلار بۆگۈ قاغانغا مانى بۇرخانىنىڭ تەرجىمىھالىنى سۆزلەيتتى ، مانى نوملىرىدىن ئۈزۈندىلەرنى ئوقۇپ شەرھلەيتتى . بۆگۈ قاغانمۇ بەزىدە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ، شامان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدىن سۆز ئاچاتتى ، يايلاق خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ماختاپ ناتىقلىق قىلاتتى . روھانىيلار تەرغىباتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى .

— بىز پاكىمىز ، بىز دىندارمىز ، — دەيتتى ئۇلار ، — تەڭرىنىڭ ئېيتقىنىنى تولۇق بېجىرىمىز ، تېنىمىزنى قالدۇرۇپ تەڭرىنىڭ ئالدىغا بارىمىز . تەڭرى بەرگەن ئەقلىڭىز بىلەن ئويلاپ بېقىڭ . بىلمىسىز ، نادان پېرىخۇنلارنىڭ كەينىگە كىرىپ خاتالاشتىڭىز . سىزگە ئەگىشىپ پۈتۈن تۈرك خەلقىمۇ خاتا يولغا كېتىۋاتىدۇ . مۇشۇنداق بولىۋەرسە خەلقىڭىز بۇلغىنىدۇ ، ئۇلارنى ھېچقانداق قىلىپمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمايسىز . شۇڭا ، تېزرەك دىنغا كىرىپ ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاڭ ، ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ئازابتىن ساقلاڭ .

شۇنداق قىلىپ ، ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە بۆگۈ قاغاننىڭ پىكرى بىر ئاز بوشىدى . ئۇ ئۆز ئىچىدە شامانلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى بىلەن بۇ دىندارلارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ، پىرە ئويناش بىلەن ئىبادەت قىلىشنى سېلىشتۇردى . « يايلاق خەلقى ئىچىدە جېدەل - ما-

جىرا ، پاراكەندىچىلىكلەر ئۆزلۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، قاتىللىق قىلمىشلىرى ئەزەل-دىن يوقىلىپ باقمىدى ، ئىسيانچىلار باش كۆتۈرۈپ تەختكە تەھدىت سالىدىغان ئىشلارمۇ ، قەبىلىۋازلىق ، يۇرتۋازلىق قىلىشىپ ئەلنى پار-چىلايدىغان جىنايى ئىشلارمۇ بۇرۇندىن تارتىپ يۈز بېرىپ تۇرغان . قا-غانلار قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇپمۇ ، شامانلار جىن - شەيتانلارنى قوغلاپ ، روھلارنى ياردەمگە چاقىرىپمۇ بۇنداق پاراكەندىچىلىكلەرگە خاتىمە بېرەلمىدى . ئادەملەرنىڭ پەيلى بۇزۇلسا ھايۋاندىن بەتەر بولۇپ كېتىدىكەن . قارىغاندا ، خەلق مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسا ئاندىن بۇنداق پاراكەندىچىلىك ۋە ھەر خىل ئەسكىلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن - دە ! ھەممە ئادەم مانا مۇشۇ دىندارلاردەك مۆمىن ، ئەدەپ - قائىدىلىك بولسا ئاندىن ئەل ئىچىدە خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىق بولى-دىغان ئوخشايدۇ » .

— ئېيتقىنىڭلار توغرا ، مەن سىلەرگە ئىشەندىم ، — دېدى بۆگۈ قاغان روھانىيلارغا قاراپ ۋە رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىر-غىتتى ، — مەن ئۆزۈمنى ۋە خەلقىمنى مەڭگۈلۈك ئازابتىن ساقلاپ ، توغرا يولغا مېڭىش ئۈچۈن مانى دىنىغا كىرىشنى قارار قىلدىم ! ماڭا مانى تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىڭلار .

باش روھانىي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، كۆزلىرىنى يۇقى-رىغا قاراتتى .

— ئەي ئەزرۇئا تەڭرى ، قۇدرىتىڭگە قايىلمەن ! — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى ئۇ ، — سېنىڭ كارامىتىڭ بىلەن بۆگۈ قاغاندەك تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ھۆكۈمدار بۈگۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەڭرى مانى بۇرخاننىڭ نۇرلۇق يولىغا قەدەم قويدى . ئۇ ئالەمنى ياراتقان تەڭرىلەرنى تونۇدى ، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ پەرقىنى كۆردى .

باشقا راھىبلارمۇ سالاپەتنى بۇزماي خىتاب قىلىشتى :

— ئەزرۇئا قۇدرەتلىكتۇر !

باش روھانىي بۆگۈ قاغانغا قاراپ سۆزلىدى :

— ئەي تەڭداشسىز باتۇر ۋە دانىشمەن بۆگۈ قاغان ، شۇنى بىلىڭكى ، دىنىمىزدا ئۈچ تەقىپ ، ئون پەرھىز يولغا قويۇلغان . ئۈچ تەقىپ دېگىنىمىز مۇنداق بولۇر : بىرىنچى ، ئېغىز تەقىپى . بۇ ھاراق ئىچمەسلىك ، گۆش يېمەسلىك دېگەننى بىلدۈرىدۇ . ئىككىنچى ، قول تەقىپى . بۇ خۇپپىيانە ھالدا يامان ئىش قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر . ئۈچىنچى ، كۆڭۈل تەقىپى . بۇ شەھۋانىيلىق ئىستىكىدە بولماسلىق دېگەن مەنىدە . ئون پەرھىز دېگىنىمىز مۇنۇلاردىن ئىبارەت : بۇتقا چوقۇنماسلىق ، يالغان سۆزلىمەسلىك ، ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق ، جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ، شەھۋانىيلىق قىلماسلىق ، ئوغرىلىق قىلماسلىق ، ئالدامچىلىق قىلماسلىق ، ناتوغرا يولدا ماڭماسلىق ، جادۇگەرلىك قىلماسلىق ، ھورۇن بولماسلىق .

— بۇ تەلىمنى ئېسىمدە ساقلايمەن ، — دېدى بۆگۈ قاغان .

باش روھانىي بۆگۈ قاغانغا ئۆگىتىشنى داۋاملاشتۇردى :

— ئەي تەڭرىنىڭ ئەزىز بەندىسى ، نەگە بارسىڭىز ، نەدە تۇرسىڭىز ، نەگە كىرسىڭىز ، نەدىن چىقسىڭىز « تەڭرى ، يارۇق[1] ، كۈچلۈك ، بىلگە » دېگەن تۆت سۆزنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەي دائىم يادلاپ تۇرۇڭ . شۇنداق قىلسىڭىز ئەزرۇئا تەڭرى سىزگە مەدەت بېرىپ ، ئىشلىرىڭىز ئاسان بولىدۇ . بۇنىڭدىكى « تەڭرى » دېگىنىمىز ئالىي ئىلاھ ئەزرۇئا تەڭرىنى بىلدۈرىدۇ . « يارۇق » دېگىنىمىز يورۇقلۇق ئىلاھلىرى بولمىش كۈن ، ئاي تەڭرىلەرنى بىلدۈرىدۇ . « كۈچلۈك » دېگىنىمىز تەڭرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بولمىش يورۇقلۇق ئەلچىلىرىدۇر . « بىلگە » دېگىنىمىز ئەزرۇئا تەڭرىنىڭ ئەقىل - پاراستى دېمەكتۇر . بۇ تۆت سۆزنى ھازىرلا يادلىۋېلىڭ .

بۆگۈ قاغان يادلىدى :

— تەڭرى ، يارۇق ، كۈچلۈك ، بىلگە .

باش روھانىي شادلانغان ھالدا خىتاب قىلدى :

---

[1] يارۇق — قەدىمكى تۈركىي تىلدا « يورۇقلۇق ، نۇر » .

— قۇتلۇق بولغايسىز ، ئەي تەڭرىنىڭ ئەزىز بەندىسى ! مانى روھى قەلبىڭىزنى يورۇتتى . ھازىرغا قەدەر مانىخەيلەر ئىچىدىن ھۆ-كۈمرانلار چىقىپ باقمىغانىدى . سىز مانىخەيلەرنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدىڭىز . شۇڭا ، بىز سىزنى شۇ بۈگۈنكى كۈندىن ئېتىبارەن « تەڭرىخان » دەپ ئاتايمىز .

— خوپ ، ھۆرمەتلىك باش روھانىي ، — دېدى بۆگۈ قاغان ، — ئەمدى سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار .

— ئىلتىماسىڭىزنى بايان قىلغايسىز ، بۈيۈك تەڭرىخان .

— پۇقرالىرىمغا مانى دىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ماڭا بىر نەچچە راھىبنى قوشۇپ بەرگەيسىز .

— بارىكاللا ! — باش روھانىي يەنە خۇشاللىق بىلەن خىتاب قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۆت راھىبنى قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ كۆرسەتتى ، — مانا بۇ راھىبلار سىزگە ياردەمچى ۋە مەسلىھەتچى بولسۇن .

— بۈيۈك تەڭرىخانىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا تەييارمىز ، — دې-يىشتى تۆت راھىب سىپايىلىك بىلەن باش ئېگىپ .

شۇنداق قىلىپ ، بۆگۈ قاغان « تەڭرىخان » دېگەن پەخرىي نام بىلەن ئۇلۇغلىنىپ ، مانى دىنىغا كىرگەن ھېسابتا بولدى . سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ قاغان ئەن لۇشەن — شى سىمىن توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى . مانا ئەمدى ئۇ غەلى-بىلىك جەڭ قىلىپ ، شى چاۋيى قولىدىن تارتىۋالغان شەرقىي ئاستانە لوياڭ شەھىرىدە سوغدى روھانىيلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن مانى دىنىنى پۈتۈن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورتاق دىنى قىلىشقا بەل باغلاپ ، تۆت راھىبنى ئېلىپ قەسىرگە قايتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× × ×

چاڭئەن. شۇ يىلىنىڭ تومۇز كۈنلىرى.

قۇتادمىش قورداىلىق مۇساپىرلار بىلەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇ ھازىر خېلى ئوبدانلا ئۇستا بولۇپ يېتىشىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ يوغان ـ يوغان خام كېسەكلەرنى رەتلىك تىزىپ تام قوپۇرۇش بىلەن بەند ئىدى.

— ئەي بۇرادەر، — دەپ چاقچاق قىلاتتى ئۇنىڭغا قورداىلىقلار، — قورداىلىق قىزغا ئۆيلىنىپ، مانا ئاخىر ئۆزۈڭمۇ ھەقىقىي قورداىلىق ئۇستا بولۇپ يېتىشتىڭ. تامچىلىق ھۈنىرىنى بىلمىگەن ئادەمنى قورداىلىق دېگىلى بولمايدۇ.

— بۇ ھۈنەرنى ئەمدى ئورخۇنلۇق يۇرتداشلىرىمغىمۇ ئۆگىتىمەن، — دەيتتى قۇتادمىشمۇ قورداىلىقلارغا خۇشخۇي بېقىپ.

شۇ ئەسنادا قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر تابغاچ ئۇلارغا قىزىقىپ توختاپ قالدى ۋە ئىككى قولىنى جۈپلەپ سالام بەرگەندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى:

— قارىسام تابغاچ ئەمەس ئىكەنسىلەر، ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتىسىلەر، نەدىن كەلگەن سىلەر؟

— بۇلار قوردانىدىن، مەن ئورخۇندىن كەلگەن، — دېدى قۇتادمىشمۇ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ.

— مەنمۇ ئۆتكەن ھەپتىدە ئورخۇندىن كەلگەن، — دېدى تابغاچ، — شۇڭا سىلەرنى كۆرۈپ سالام بەرگىلى كەلدىم.

— ئورخۇن بويىغا نېمە ئىش بىلەن بارغانىدىڭىز؟ — سورىدى قۇتادمىش.

— ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىغا ياتلىق بولغان نىڭگو قۇنچۇي ئۇچۇن ئۆي ـ ئىمارەت سالدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى تابغاچ.

— دېمەك، سىزمۇ بىناكار ئىكەنسىز ـ دە.

— شۇنداق . ئۇ يەرگە بىز ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلەمچىلەر بىللە بارغانىدۇق . نۇرغۇن ئىمارەتلەرنى سالدۇق ، ئەتراپىغا سېپىل سوقتۇق . شۇنداق قىلىپ ، ئورخۇن دەرياسىغا يېقىن جايدا پۈتۈن بىر شەھەر بىنا بولدى . ئۇيغۇرلار ئۇ شەھەرنى « قاتۇنبالىق » ①دەپ ئاتىۋالدى .

— تابغاچ ئۇستىلار يايلاققا ئىشلەشكە كەتتى دەپ ئاڭلىغانىدۇق ، لېكىن پۈتۈن بىر شەھەر قۇرۇلۇپ پۈتـكەنـلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن ، — دېدى قۇتادمىش .

— ھـازىر ئۇ يەرلەردە ئۆي سېلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ، — دېدى تابغاچ ، — يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى كىگىز ئۆيلەرنى تاشلاپ كېسەك ئۆيلەرگە كىرىشكە باشلىدى . ھازىر يەنە سوغدى روھانىيلىرى بىرنەچچە ئورۇندا مانى ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىۋاتىدۇ .

— ئۇ تەرەپلەردە كىشىلەر مانى دىنىغا كىرىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق . راستمۇ ؟ — دەپ سورىدى قوردانلىقلاردىن بىرى .

— راسـت ، — دېدى تابغاچ ، ـ تېخى يېقىندا بۆگۈ قاغان لويانگدىن مانى راھىبلىرىنى ئېلىپ ئورخۇن بويىغا قايتىپ كەلدى . ئۇ مانى دىـنىنى پۈتۈن خانلىقنىڭ رەسمىي دىنى ، بارلىق پۇقرالار بۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى كېرەك دەپ جاكارلاپتۇ .

تابغاچ يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆز يولىغا كـەتتى . قۇتادمىشنىڭ دىل ئارامى بۇزۇلغانىدى . ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى .

— بـۇرادەرلەر ، ئەمدى يۇرتۇمغا قايتمىسام بولمايدۇ ، — دېدى قۇتادمىش قوردانلىق شېرىكلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ ، — مەن بۇ يەردە بـىناكارلىق كەسپىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تۇرۇپ قالغانىدىم . تابغاچ ۋە سوغدى ئۇستىلاردىن ئۆگەندىم . ئەمدى يايلاقلاردا شەھەر بىنا قىلىش قۇرۇلۇشلىرىغا قاتنىشىمەن . سىلەرچۇ ؟ مەن بىلەن كېتەمسىلەر ؟

قوردانلىقلار ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشتى .

---

① قاتۇنبالىق — « خانىش شەھىرى » دېگەن مەنىدە ( قەدىمكى تۈركىي تىلدا ) .

www.uyghurkitap.com

— ماقۇل ، بۇرادەر قۇتادمىش ، — دېيىشتى ئاخىر ئۇلار ، — ئورخۇن يايلاقلىرىنىمۇ كۆرۈپ باقايلى .

ئۇلار ئىش ئورنىنى تاپشۇرۇپ ئىشلەمچىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆيلىرىگە قايتتى .

— ئەمدىغۇ مانى دىنىغا كىرەرسىز ؟ — دېدى ئايتولۇن قۇتادمىش قايتىپ كېلىپ ، بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن .

— بۇ گەپنى كېيىن قىلىشايلى ، — دېدى قۇتادمىش ، — ئالدى بىلەن يايلاققا بېرىۋالايلىچۇ .

— ماقۇل ، — دەپ رازىلىق بىلدۈردى ئايتولۇن .

# ئون ئالتىنچى باب

# مـانـى ۋە شـامـان

تـىنىق كۆك ئاسماندىكى ئالتۇن قۇياش يېشىل يايلاق ئۈستىگە ئۆزىنىڭ يارقىن نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى . ئورخۇن دەريـاسىنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرى مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا ئىدى . قۇتادمىش ، ئايتولۇن ۋە قوردانلىق ئىشلەمچىلەر ئىككى هارۋىغا يۈك ـ تاقلىرىنى بېسىپ بۇ پايانسىز كەڭرى يايلاققا يېتىپ كەلدى .

ــ مانا بۇ مېنىڭ يۇرتۇم ! ــ دەپ خىتاب قىلدى قۇتادمىش ئات ئۈستىدە زوقمەنلىك بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ ، ــ نېمىدېگەن گۈزەل يايلاق ! كۆردۈڭلارمۇ ؟

ــ راست گۈزەل يەر ئىكەن ، ــ دېيىشتى قوردانلىقلار تەستىنقلىغان تەرىزدە باشلىرىنى لىڭشىتىپ . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلىق ، بەزىلىرى هارۋىلاردا ئولتۇرۇشقانىدى .

ــ قاراڭلار ، سېپىل ! ــ دېدى ئايتولۇن ئولتۇرغان هارۋىنى هەيدەۋاتقان قوردانلىق يىگىت قولى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ .

ــ بـۇ قانداق گەپ ؟ ــ دەپ هەيران بولدى قۇتادمىش يىراقتىكى سېپىللارغا قاراپ ، ــ بۇ يەردە هېچقانداق سېپىل يوق ئىدىغۇ ! يۈرۈڭلار ، بېرىپ كۆرەيلى .

ئۇلار ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى بۇراپ سېپىلغا يېقىنلاشتى . يوغان ـ يوغان چاسا تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان هەيۋەتلىك سېپىلنىڭ دەرۋازىسىدىن ئىككى چەۋەنداز ئۇچىسىدىكى تۆمۈر ساۋۇت ۋە يانلىرىغا ئېسىلغان قىلىچ ـ خەنجەرلىرىنى شاراقلىتىپ چىقىپ كەلدى .

— توختاڭلار ! سىلەر نېمە ئادەم ؟ نەدىن كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن بىرى قۇتادمىشنىڭ ئالدىنى توسۇپ .
— بىز سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ، چاڭئەن شەھرىدىن كەلدۇق .
— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار ؟
— بۇ مېنىڭ يۇرتۇم ، — دېدى قۇتادمىش ، — مەن مۇشۇ يەردىن كەتكەن ، ئەمدى يەنە قايتىپ كەلدىم . ئەمدى سىلەردىن سوراپ باقاي ، بۇ سېپىل قاچان سېلىنغان ؟ يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا مەن بۇ يەردىن كەتكەندە بۇنداق سېپىل يوق ئىدى .
— بۇ ئادەتتىكى سېپىل ئەمەس . بۇ مەرھۇم بايانچۇر قاغاننىڭ كىچىك قاتۇنى نىڭگو قۇنچۇي ئۈچۈن سالدۇرۇلغان مەخسۇس قەلئە ، — دېدى چەۋەندازلارنىڭ بىرى .
— شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قەلئە « قاتۇنبالىق » دەپ ئاتالغان ، — دەپ چۈشەندۈردى ئىككىنچى چەۋەنداز .
— شەھەرگە كىرسەك بولامدۇ ؟ — سورىدى قۇتادمىش .
— بولىدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى چەۋەندازلاردىن بىرى ، — هازىر بۇ يەردە نۇرغۇن ئىشلەمچى ، هۈنەرۋەن هەم سودىگەرلەر ماكانلىشىۋاتىدۇ .
— شەھەرگە كىرىپ كۆرۈپ باقايلى ، — دېدى قۇتادمىش .
ئۇلار سېپىلنىڭ تۆمۈر بىلەن قاپلىنىپ قارا سىرلانغان يوغان قوش قاناتلىق دەرۋازىسىدىن كىردى .
— بۇ قانداق شەهەر ؟ — دېدى قوردانلىقلاردىن بىرى تەئەججۈپلەنگەن هالدا ئەتراپىغا قاراپ .
يېڭىدىن بىنا قىلىنغان بۇ قەلئە قوردانغا ياكى ئۆتتۈرا تۈزلەڭدىكى شەھەرلەرگە ئوخشىمايتتى . ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان چوڭ - كىچىك سودا دۇكانلىرى ۋە چاققانغىنا سېلىنغان بىر نەچچە ئۆيىنى هېسابقا ئالمىغاندا ئالاهىدە قۇرۇلۇشمۇ يوق ئىدى . ئەكسىچە ، هەممە يەردە خۇددى يايلاقتىكىگە ئوخشاش چېدىر ۋە كىگىز

ئۆيلەر تىكىلگەنىدى . چۈلۈۋۈرىدىن دەرەخ ياكى تۈۋرۈكلەرگە باغلاپ قويۇلغان ئات ۋە تۆگىلەر ئۇچراپ تۇراتتى . ئوگخۇل ـ دوگخۇل تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ بىر يەرگە كەلگەندە قۇتادمىش ئېتىنى توختىتىپ خىتاب قىلدى :

ــ قاراڭلار ، يەنە سېپىل بار ئىكەن .

دەرۋەقە ، بۇ ئۈزگىچە شەھەر ئىچىدە يەنە بىر كىچىك شەھەرچە بار ئىدى . بۇ شەھەرچىمۇ تۆت تەرەپتىن چاسا شەكىلدە سېپىل بىلەن قورشالغانىدى .

ــ بۇ يەرگە كىرىشكە بولمايدۇ ! ــ شەھەرچىنىڭ قىزىل سىرلانغان دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتۇپ تۇرغان جىسەكچى قۇتادمىشنىڭ ئالدىنى توسىدى .

ــ بۇ يەرگە نېمىشقا كىرىشكە بولمايدۇ ؟ ــ قۇتادمىش قىزىقىپ سورىدى .

ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيگەن نەيزىلىك جىسەكچى چۈشەندۈردى :

ــ بۇ قەلئەدە نىڭگو قاتۇن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ھەم چۆرە ـ چاكارلىرى بىلەن تۇرىدۇ . قارىغاندا ، سىلەر ياقا يۇرتتىن كەلگەندەك تۇرىسىلەر . قونالغۇ كېرەك بولسا تاشقى شەھەردىن ئىزدەڭلار .

ــ بۇ شەھەرنىڭ قاتۇنبالىق دەپ ئاتالغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە ، ــ دېدى قۇتادمىش ۋە ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى .

تاشقى شەھەردە مۇساپىرلار قونالغۇ قىلىدىغان دەڭلەر تەسىس قىلىنغانىدى . ئۇزۇن سەپەردە چارچىغان قۇتادمىش قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق دەڭلەرنىڭ بىرىگە كېلىپ توختىدى . ئۇلار ئاتلىرىنى ئېغىل قىلىنغان لاپاس ئاستىغا توختىتىپ ، ئۆزلىرى خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئاددىيغىنا بىر كۆرۈمسىز ئۆيگە كىرىشتى . دەڭ خوجايىنى سۇپىغا داستىخان سېلىپ ، ھېجىر ـ چىنىلەرگە چاي قۇيدى .

ــ بۇ شەھەر شۇنچە ئاسان پۈتۈپ چىقىپتۇ ـ ھە ؟ ــ قۇتادمىش ئەجەبلىنىپ سورىدى .

ــ شۇنداق ، ــ دېدى دەڭ خوجايىنى ، ــ شەھەر قۇرۇلۇشىغا

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا تۈزلەڭدىن، شۇنداقلا، قوچۇ[1]، بەشبالىق، كۇسەن[2] قاتارلىق جايلاردىن ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلەمچى ئۇستىلار ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن جىددىي تۇتۇش قىلىپ، ئىككى يىل بولغاندا مانا مۇشۇنچىلىك بىر شەھەرنى قۇرۇپ چىقىشتى.

— بۇ شەھەر تېخى بەك كىچىك، بەك ئاددىي ئىكەن، — دېدى قورداننىقلاردىن بىرى.

— شۇنداق، — دېدى يەنە دەڭ خوجايىنى، — لېكىن ھازىرمۇ يەنە قۇرۇلۇش توختاپ قالمىدى. ئىمكانىيىتى بولغان ھاللىق كىشىلەر داۋاملىق بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆزلىرىگە ئۆي سېلىۋاتىدۇ.

— باشقا جايلاردىمۇ شەھەر قۇرۇلۇشى بولۇۋاتامدۇ؟ — قۇتادمىش قىزىقىپ سورىدى.

— ھازىر بۆگۈ قاغان ئاستانە قىلىش ئۈچۈن ئايرىم شەھەر سالدۇرماقچى بولۇپ، ئىشلەمچىلەرنى يىغىۋاتىدۇ، — دېدى دەڭ خوجايىنى.

— بۆگۈ قاغان ھازىر قەيەردە؟

— ئورخۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ ماڭغاندا بۇ شەھەردىن ئۈچ كۈنلۈك يەردىكى يايلاقتا دەپ ئاڭلىدىم. ئۇ شەھەر قۇرۇلىدىغان يەرنى ئۆزى تاللاپ، ئۆزى نازارەت قىلىۋېتىپتۇ.

قۇتادمىش ئۆز ھەمراھلىرىغا قارىدى.

— ئەتە ئەتىگەندىلا يولغا چىقايلى، قاغاننى تاپايلى.

× × ×

گوياكى ئىلاھىي داستىخان كەبى كەڭ يېيىلغان يېشىل يايلاقتا رەڭمۇ رەڭ ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك كېپىنەكلەر ئۇچۇپ ـ قونۇپ، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە

---

① قوچۇ — ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئورنىدا بولغان شەھەر.

② كۇسەن — ھازىرقى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئورنىدا بولغان شەھەر.

يەنە يېڭىچە گۈزەللىك قوشاتتى. شۇ يايلاقنىڭ ئېگىزرەك كۆتۈرۈلگەن تەكشى تۆپىلىكىگە بۆگۈ قاغاننىڭ قارارگاھى قۇرۇلغانىدى. قىزىل رەڭلىك ئۈچ يىپەك چېدىر يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇردىكى چېدىرنىڭ كۈنچىقىشقا قارىتىلغان ئىشىكى ئالدىدا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق ئىزغىرىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

چېدىرلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە گېلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۈستىگە ئاق شايى داستىخان تارتىلغانىدى. ئۈچىسىغا قىزىل يىپەك تون كىيىپ، ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى ئۈستىدىن يېشىل تاۋار ياغلىق چىگىۋالغان بۆگۈ قاغان توزغاق تولدۇرۇپ تىكىلگەن يوغان تەكيىگە جەينىكى بىلەن تايىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قىمىز ئىچكەچ كاۋاپقا ئېغىز تەگمەكتە ئىدى. قوي تېرىسىدىن جىلتىكە كىيگەن ياش چاكار قىمىز تولدۇرۇلغان تورسۇقنى چالغىتىپ ئولتۇراتتى.

شۇ ئەسنادا يىراقتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ تىۋشى ئاڭلاندى. چاكار شۇ تەرەپكە نەزەر تاشلاپ، قاغانغا مەلۇم قىلدى:

— ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقان كەلدى.

ئۇلۇغ بۇيرۇق يېقىن كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. شۇ يەردە كاۋاپدانغا ئوتۇن كەسلەۋاتقان چاكار يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى يەرگە قېقىلغان تۆمۈر قوزۇققا باغلاپ قويدى.

— تەڭرىدە بولمىش بۆگۈ قاغانىغ قۇت بولسۇن[1]، — دەپ سالام بەردى باغا تارقان.

— سىزگىمۇ قۇت بولسۇن. ئولتۇرۇڭ، — دېدى قاغان.

ئۇلۇغ بۇيرۇق دادىل قەدەم تاشلاپ كېلىپ گېلەمگە ئولتۇردى. چاكار كۈمۈش كاسىغا تورسۇقتىن قىمىز قۇيۇپ ئۇنىڭغا سۇندى. بۆگۈ قاغان ئۇلۇغ بۇيرۇققا قاراپ قويۇپ، ئۈنچىقماستىن قىمىزنى ئوتلىدى. ئۇ مەزكۇر پېشقەدەم بۇيرۇققا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايتتى، چوڭ - كى-

① تەڭرىدىن يارالغان بۆگۈ قاغانغا بەخت يار بولسۇن (قەدىمكى تۈركىي تىلدا).

www.uyghurkitap.com

چىك ئىشلاردا ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى ، ئۇنى خانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ دانىشمەن دەپ ھېسابلايتتى . ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئىلگىرى كۆل بىلگە قاغان ۋە بايانچۇر ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانغا ئۇلۇغ بۇيرۇق بولۇپ خىزمەت قىلغان . مانا ئەمدى ئۈچىنچى ئەۋلاد ھۆكۈمدار بۆگۈ قاغانغىمۇ يەنە شۇ ئەمەل بىلەن خىزمەت قىلماقتا . ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك تۆھپە قوشقان ، دانالىقى ۋە قەھرىمانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان مەشھۇر زات ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۈچ ئەۋلاد قاغاننىڭ ئالدىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ ، خالىغان ۋاقىتتا ئۇلار بىلەن ئىختىيارىي كۆرۈشۈپ ، ئەركىن پاراڭلىشالايتتى . ھالبۇكى ، بۆگۈ قاغان ئۇنىڭ بەزى چاغلاردىكى تەكەللۇپسىز ئەركىنلىكىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى . شۇنداقتىمۇ ، قاغان ئۆزىنىڭ بۇنداق نارازىلىقىنى ئۆز ئىچىدىلا بىلىپ ، سىرتىدا چاندۇرمايتتى .

— بۈيۈك قاغانىمغا ئېيتىدىغان سۆزۈم بار ، — دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان بىر كاسا قىمىزنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن .

— سۆزلەڭ ، ئۇلۇغ بۇيرۇق .

— بۈيۈك قاغانىم ، پۈتۈن يايلاق خەلقى ، جۈملىدىن بىزمۇ ئەزەلدىن شامان يولىنى تۇتۇپ كەلگەن . ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى شامانلار ئارقىلىق بىزگە مەدەت بېرىپ تۇرىدۇ . بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىز ھەم ئېتىقادىمىز شامانلارغا باغلانغان . مانى ، بۇرخان دېگەنلەر بىزگە يات ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك روھلىرى ئۇلارنى قوللىمايدۇ . ھازىر ئەل ئىچىدە مانى دىنىغا قارشى تۇرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ .

قاغاننىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئالامەتلىرى روشەن ئىپادىلەندى .

— سىز بىلەن بۇ ھەقتە بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشتۇق ، — دېدى ئۇ ، — مانى دىنىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى كۆپ . بۇ دىن ئادەملەرنى ئىنساپقا باشلايدۇ . ئېلىمىزدىكى بارلىق قەبىلە ، تائىپىلەر بۇنىڭدىن كېيىن مانى بۇرخان ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىشى شەرت . مانى روھى بىزنىڭ كۈچىمىزگە كۈچ قوشىدۇ ، بىزنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرىدۇ .

ئۇلۇغ بۇيرۇق يەنە ئېتىراز بىلدۈردى :

— كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ، شامانلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن بىزمۇ ھەم بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرمۇ ئەزەلدىن تارتىپ ھازىرغىچە تەڭداشسىز قۇدرەتلىك بولۇپ كېلىۋاتىمىز . ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ ، باشقا دىنغا كىرسەك كۆك تەڭرى ، كۆك بۆرە ئېلىمىزگە بالايى - قازا ياغدۇرىدۇ .

— بەس ! — دەپ خىتاب قىلدى بۈگۈ قاغان جۇدۇنى ئۆر-لەپ ، — بىز يەنىلا كۆك تەڭرى ، كۆك بۆرىنى ئۇلۇغلايمىز ، ئەجدادلى-رىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرىغا سېغىنىمىز ، لېكىن ئەلنى سوراشتا شا-مانلارنىڭ پال سېلىپ ، پېرە ئويناشلىرى بىلەن ئەمەس ، مانى بۇرخان تەلىماتى بىلەن ئىش كۆرىمىز !

— بەللى ! — دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان كىنايىلىك تەلەپ-پۇزدا ، — بۇ ئىككى خىل ئېتىقادنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ قالدىغۇ .

ئەمدى بۈگۈ قاغان ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى .

— بەس ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى ئۇ ئۇلۇغ بۇيرۇققا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ ، — ئىككى ئېتىقاد بولسا نېمە بوپتۇ !

ئارىدا بىر ھازاغىچە ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . ئاندىن بۈگۈ قاغان يەنە سۆزلىدى :

— سىز ئالدى بىلەن روھانىيلارنىڭ بايانلىرىنى ئۆز قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلاپ بېقىڭ . ئۇلار سىزگە مانى نوملىرىنى ئوقۇپ بەرسۇن . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىگە قايىل بولىسىز .

— خوپ ، — دېدى ئىنانچۇ تون باغا تارقان ۋە پەرىشان ھالدا چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى ، — مەن قايتاي ، ئىجازەت بەرگەيسىز .

بۈگۈ قاغان ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى ئىرغىتتى . ئۇ-لۇغ بۇيرۇق ئېتىغا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى . يايلاق ئەنئەنىسىنى ئۆزگەر-تىپ ، مانى يولىغا ماڭغان قاغان ئالدىدىكى كۈمۈش كاسىغا قۇيۇلغان قىمىزنى ئىچىشنىمۇ ئۇنتۇپ ، ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى .

قاغاننىڭ ئۈچ چېدىرى تىكىلگەن جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان

يەردە يەنە بىر يېڭى يىپەك چېدىر كۆرۈنۈپ تۇراتتى . شۇ چېدىردىن ئۆزۈن ئاق لىباس كىيگەن تاقىر باش سوغدى روھانىي قېلىن بىر كى-تابنى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا چىقتى ۋە ئۇدۇل بۆگۈ قاغاننىڭ يېنىغا كېلىپ ، گېلەمگە يۈكۈندى . ئۇنىڭ بۇنداق ئەركىنلىكىدىن قاغان بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ ، ئۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولاتتى .

— نوم ئوقۇشنى باشلايمىزمۇ ، بۈيۈك قاغانىم ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سىپايىلىك بىلەن ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىپ .

— ئوقۇيلى ، — دېدى بۆگۈ قاغانمۇ بوش ئاۋازدا ، — ئاۋۋال قىمىز ئىچەيلى .

روھانىي چاكار سۇنۇپ بەرگەن كۈمۈش كاسىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن توسۇپ ، ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى .

— بىز مانى مۇرىتلىرى گۆش يېمەيمىز ، قىمىز ئىچمەيمىز .

— ھە راست ، دائىم ئۇنتۇپ قالىمەن ، — دېدى بۆگۈ قا-غان ، — لېكىن مەن گۆش يەپ ، قىمىز ئىچىدىغان ئادىتىمنى زادى ئۆزگەرتەلمىدىم .

— ئەزرۇئا تەڭرى بۈيۈك قاغانىمنى كەچۈرىدۇ ، — دېدى رو-ھانىي ، — چۈنكى بۆگۈ قاغان پۈتۈن بىر خانلىقنىڭ ئاھالىسىنى دىنى-مىزغا باشلىدى .

ئەمدى قاغان بۇ روھانىيدىن ھېيىققاندەك بولۇپ ، كاۋاپ بىلەن قىمىزغا ئېغىز تەگمەي شۈك بولۇپ قالدى .

— ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشىنى قاچان باشلايمىز ، بۈيۈك قاغا-نىم ؟ — دەپ يەنە سورىدى روھانىي .

— پات ئارىدا باشلايمىز ، — دېدى قاغان ، — قاتۇنبالىق شە-ھىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن ئۇستىلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتتى . تېخى تۈنۈگۈنلا قوچۇ ۋە بەشبالىق دىيارىدىن بىرقىسىم ئۇستىلار كەلدى . ئۇلارغا يەنە بىر تۈركۈم ئىشلەمچىلەرنى سەپلەپ بەرسەك ئىش باشلىنىدۇ .

روھانىي رازى بولغان قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە ،

قولىدىكى نوم كىتابنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. قاغان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىخلاس بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى. بىراق، نومنى داۋاملىق ئوقۇشقا نېسىپ بولمىدى. يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ شەپىسى ئاڭلاندى.

— قاغان بىلەن كۆرۈشىمەن، ئىلتىماسىم بار، — دېدى يېقىنلاپ كەلگەن چەۋەنداز ئۆزىنىڭ يولىنى توسقان قورۇقچىغا.

— بولمايدۇ، بۈگۈن قاغانىنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ، باشقا كۈنى كەل، — دېدى قورۇقچى ئۇنىڭغا يول بەرمەي.

بۆگۈ قاغان بۇرۇلۇپ ئۇلار تەرەپكە قارىدى ۋە ئۈنلۈك توۋلىدى:

— نېمە ئادەم سەن؟ بۇ ياققا كەلگىن.

بۇ يېڭى كەلگەن چەۋەنداز قۇتادمىش ئىدى. ئۇ قاغان ئالدىدا بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ بېشىنى ئەگدى ۋە گېپىنى ئۇدۇللا باشلىدى:

— بۈيۈك قاغانىم يېڭىدىن بىر شەھەر سالدۇرماقچى دەپ ئاڭلىدىم.

— شۇنداق. ئوردا تۇرىدىغان شەھەر سالدۇرماقچى بولۇۋاتىمىز، — دېدى بۆگۈ قاغان بۇ ناتونۇش يىگىتكە قىزىقسىنىپ قاراپ، — دادىل سۆزلەيدىغان ئەزىمەت ئىكەنسەن. ئەمدى سەنمۇ «شەھەر قۇرۇش ياخشى ئەمەس، ئاتا - بوۋىمىزدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ» دېمەكچىمۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، بۈيۈك قاغانىم، — دېدى قۇتادمىش ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ بېشىنى ئەگدى، — دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، پېقىرنىڭ ئۇزاقتىن بېرى شەھەر تۇرمۇشىغا ھېرىسمەنلىكى بار. پېقىرنىڭ مەرھۇم ئاتىسى يايلاقلىرىمىزدا شەھەر بىنا قىلىش توغرىسىدا كۆك تۈركلەرنىڭ ئۇزمىش قاغانىغا ۋە بىزنىڭ مەرھۇم بايانچۇر قاغانىمىزغا بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ بەرگەنىكەن. رەھمەتلىك ئاتام پېقىرغا «بىناكارلىق ھۈنىرىنى ئۆگەن، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزمۇ كېيىن ھامان بىر كۈنى شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشىنىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ھۈنەر ساڭا ئەسقاتىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

— ھىم ، مۇنداق دېگىن ، — دېدى قاغان بۇ سۆھبەتكە قىزىققان ھالدا ، — سېنىڭ ئاتاڭ كىم بولىدۇ ؟ ئۇنىڭ نام - شەرىپى نېمە ؟

— ئاتامنىڭ ئىسمى بوتاسۇن بۇقا . ئۇ كۆك تۈرك دەۋرىدىن تارتىپ ھارۋىكەشلىك قىلىپ ئۆتكەن .

— ھە ، ئېسىمدە بار ، ئېسىمدە بار ، — دېدى قاغان بېشىنى ئىرغىتىپ ، — ئىلگىرى ئۇ سودا كارۋانلىرىغا باش بولۇپ دائىم ئوتتۇرا تۈزلەڭگە ، ئالتاي ، قوچۇ ، بەشبالىق ، ئىلى قاتارلىق جايلارغا قاتناپ تۇراتتى . راست ، راست ، ئۇنىڭ شەھەر بىنا قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىنى مەنمۇ ئاڭلىغان . ھە ، دېمەك سەن شۇ كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەنسەن - دە ؟

— شۇنداق ، بوتاسۇن بۇقىنىڭ ئوغلى بولىمەن .

— ئەمىسە ، ئاتاڭنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ، بىناكارلىق ھۈنىرىنى ئۆگەندىڭمۇ ؟

— ئەلۋەتتە ، بۈيۈك قاغانىم . پېقىر چاڭئەن شەھىرىدە يەتتە يىل تۇرۇپ ، تابغاچ ۋە سوغدى ئۇستىلاردىن ئۆگەندىم .

— بۇ يەرگە شۇنى دېيىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ ؟

— شۇنداق ، بۈيۈك قاغانىم . شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگۈم بار .

— ھىم ، سەن ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ ؟

— يوقسۇ ، بۈيۈك قاغانىم . پېقىرنىڭ قوردان شەھىرىدىن كەلگەن شېرىكلىرى بار . ئۇلار ئۇستا تامچى .

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە قاغاننىڭ يېنىدا كىتاب تۇتۇپ ئولتۇرغان سوغدى روھانى سۆزگە ئارىلاشتى :

— قوردانلىقلار بۇتقا چوقۇنىدۇ . لېكىن ، بۆگۈ قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى يەرلەردە مانى دىنى رەسمىي دىن قىلىپ بېكىتىلدى . ئۇ قوردانلىق شېرىكلىرىڭ ئەمدى قانداق قىلماقچى ؟

قۇتادمىش بۇ سوئالغىمۇ دادىللىق بىلەن جاۋاب بەردى :

— مېنىڭ ئايالىممۇ قوردانلىق . ئۇ چاڭئەندە مانى دىنىغا كىرگەن . ئەمدى مەنمۇ بۈيۈك قاغانىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىپ ،

مانى تەلىماتىنى قوبۇل قىلىمەن . قورداىلىق بۇرادەرلىرىمۇ شۇنداق قىلـ
ماقچى .

ـــ ھىم ، ياخشى ، ـــ دېدى روھانىي رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمـ
سىرەپ .

ـــ ماقۇل ئەمىسە ، ـــ دېدى بۆگۈ قاغان قۇتادمىشقا دوستانە رەـ
ۋىشتە كۆز تىكىپ ، ـــ ئەتە ئەتىگەندە ئاشۇ قورداىلىق بۇرادەرلىرىڭنى
باشلاپ كەل . مېنىڭ ئادەملىرىم سىلەرنى شەھەر قۇرۇلۇشى بولىدىغان
يەرگە باشلاپ بارىدۇ .

× × ×

ئارىـدىن بىر يىل ئۆتتى . ئەنئەنىۋى شامان دىنىنىڭ ھىمايىچىـ
لـىرى بىلەن يايلاق تۇرمۇشىغا يېڭىدىن سىڭىپ كىرىۋاتقان مانى دىنىـ
نـىڭ تەرغىباتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار تېخىچە بېسىقـ
مايۋاتاتتى .

ئۆتۈكەن تاغلىرى ئىچىدىكى بىر قىشلاقتا چارۋىچىلار غۇلغۇلا
قىلىشماقتا ئىدى . قارا بۇرۇتىنى تەكشى قىرقىپ ياسىۋالغان قامەتلىك ۋە
سۈرلۈك بىر يىگىت ئوتتۇرىدىكى كۆتەك ھارۋىنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋېلىپ
سۆزمەنلىك قىلماقتا ئىدى . ئۇ بېشىغا بۆلغۈن تېرىسىدىن تىكىلگەن قالـ
پاق ، ئۇچىسىغا خۇددى تابغاچلارنىڭ ئېسىلزادىلىرىدەك سېرىق ئەجدىـ
ھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۇزۇن تاۋار تون كىيگەن بولۇپ ، قارىـ
ماققا كاتتا بايدەك كۆرۈنەتتى .

ـــ ئەي خالايىق ! ـــ دەپ ئۈنلۈك چاقىرىق قىلدى ئۇ ئەتراپتا
تـوپلىشىپ تۇرغان ئاتلىق ۋە پىيادە كىشىلەرگە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن
سەپسېلىپ ، ـــ بىز ئەزەل ـ ئەزەلدىن ئېگىز تاغلاردا بۆركۈتتەك ، كەڭ
دالا ـ چۆللەردە قاپلاندەك ئەركىن ياشاپ كەلگەن كۆچمەن خەلق . بىز
شەھەر سېپىللىرىنىڭ ئىچىدە قاپسىلىپ ياشىيالمايمىز ! سوغدىلارنىڭ ئۆز
ئىبادەتخانىلىرىنى قۇرۇپ ، روھىمىزنى بۇلغىشىغا يول قويمايمىز !

توپلنشىپ تۇرغانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاۋاز قوشتى :

ــ توغرا گەپ قىلدىڭ ، ماسمادار ! بىزگە شەھەر كېرەك ئەمەس ! بىزگە سوغدىلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى كېرەك ئەمەس !

ــ ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى تاشلاپ ، يات تائىپىلەرنى دوراش خائىنلارنىڭ ئىشى ! سەن بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدىڭ ، ماسمادار .

بۇ دەل ھېلىقى كونا قاراقچى ، قۇتادمىشنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ قالغان ماسمادار ئىدى . تىنچ ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئەسلا كۆنەلمەيدىغان بۇ كاللا كېسەر ھەر جايلاردا قاتراپ يۈرۈپ ، بۇلاڭچىلىق ۋە قاتىللىق قىلىپ ھارام بايلىققا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆتۈكەن باغرىغا كېلىپ ماكانلاشقانىدى . كېيىن يەنە جىنايەتلىك قارا كۆڭلىگە شەيتان كىرىپ ، گۈزەل ئادارقىزنى ئالداپ ئېلىپ قاچقانىدى . چاڭئەندە ئۇ ئىسيانكار سوغدىلار بىلەن بىرلىشىپ ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئىستىكىدە فەنياڭ ئايمىقىدىكى ئەن لۇشەن قوشۇنىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقانىدى . ئاخىر ئۆزىنىڭ ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكىنى چۈشىنىپ ، كەينى ـ كەينىدىن زەپەر قۇچۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇيغۇر قوشۇنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەن لۇشەن ـ شى سىمىن تەرەپدارلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ ، يەنە ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈكەن تاغلىرى ئىچىگە قايتىپ كەلگەنىدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ تىنىم تاپماي قۇتراپ تۇرىدىغان ياۋۇز تەبىئىتى يەنە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . « جىم ياتقاندىن پايدا يوق . مالىمانچىلىق ئىچىدىن نەپكە ئېرىشكىلى بولىدۇ ، ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ ، ــ مانا ھازىر تازا ئوبدان پۇرسەت كەلدى » .

ماسمادارنىڭ « پۇرسەت » دېگىنى شۇكى ، بۆگۈ قاغان مانى دىنىنى پۈتۈن خانلىقنىڭ رەسمىي دىنى دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن قارا بودۇن ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى ، نارازىلىق كەيپىياتى ئەۋج ئالدى . قاغاننىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا بويسۇنمايدىغان ، مانىخەيلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇرىدىغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى .

— قېرىنداشلار ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى كۆپچىلىكنىڭ غەزىپىنى كەيپىياتىدىن تېخىمۇ رىغبەتلەنگەن ماسىدار ، — ئازغۇنلار سىلىڭۋاتقان ئۆي - ئىمارەتلەرنى بۇزۇپ تاشلايلى ! بىزنىڭ تاغ - دالالاردا ياشايدىغان ئېسىل ئۆرپ - ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە يول قويمايلى !

تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈلدى :

— يۇرۇڭلار ، يۇرۇڭلار !

— ئازغۇن مۇناپىقلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى !

ئەنئەنىۋى ئېتىقادنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان كىشىلەر ئات - ئۇلاغلىرىنى مىنىشىپ ، قىلىچ ياكى خەنجەر - پىچاقلىرىنى يانلىرىغا ئېسىشىپ ، تاغدىن سەلدەك يامراپ چۈشكىلى تۇردى .

× × ×

ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى دائىرىسىدىكى قارا بالغاسۇن دېگەن جايدا يەنە بىر شەھەر قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى . بۇ شەھەر تېخى قۇرۇلۇپ بولماي تۇرۇپلا « ئوردۇبالىق » [1] دېگەن نام بىلەن ئاتالدى . پات ئارىدا قۇرۇلۇش ئىشلىرى تاماملانغاندىن كېيىن بۇ شەھەرگە بۆگۈ قاغان ۋە ئۇنىڭ توققۇز بۇيرۇقى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشماقچىدى .

قۇتادمىش ئۆزىنىڭ قوردانلىق بۇرادەرلىرى بىلەن بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا جىددىي ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالغانىدى . بۇ يەردە ئۇلاردىن باشقا قوچۇ ، بەشبالىق ، كۇسەن قاتارلىق جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن ئىشلەمچىلەر ۋە يەرلىك پۇقرالاردىن سەپەرۋەر قىلىنىپ كەلگەنلەرمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى . ئىش - ئەمگەك راسا قىزىپ كەتكەنىدى . بەزىلەر ئۆي سالماقتا ، بەزىلەر ياغاچچىلىق ، تۆمۈرچىلىك قىلىشماقتا ، يەنە بەزىلەر شەھەر ئەتراپىغا سېپىل قوپۇرماقتا ئىدى . سې-

---

[1] ئوردۇبالىق — ئوردا تۇرىدىغان شەھەر ، ئاستانە .

www.uyghurkitap.com

پىلدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا چوڭ خۇمدان بولۇپ، ئۇ يەردىمۇ بىر تۈركۈم ئىشلەمچىلەر خىش ۋە كاھىشلارنى پىشۇرۇپ تاۋلىماقتا ئىدى. قۇتادمىش قاتارلىق بىر نەچچەيلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان بىر ئىمارەتنىڭ ئۆگزىسىگە كاھىش ياتقۇزماقتا ئىدى.

ئەنە شۇنداق قىزغىن ئەمگەك قايىنىمىدا ئۆتۈۋاتقان قۇياشلىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇت كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. يىراقتا گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ تىزمىلىرى تەرەپتىن بىر توپ چەۋەندازلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئۇلار ئاز دېگەندىمۇ بەش - ئالتە يۈزچە ئادەم بولۇپ، ھەممىسى قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغانىدى. ئىشلەمچىلەر جىددىيلىشىپ قالدى. بۇ نېمە ئادەملەر؟ قارىغاندا، ئەلپازى يامانەك كۆرۈنىدۇ.

ھەممىدىن ئاۋۋال قۇتادمىش ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى.

— بۇرادەرلەر، دەرھال قوراللىنايلى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۆگزە ئۈستىدە تۇرۇپ.

بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىرقىسىم كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەمچىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان، بەزىدە ئۇرۇشۇپ، مۇشتلىشىپ قالىدىغان ياكى تاش، توقماقلارنى كۆتۈرۈپ ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشلار بىر نەچچە قېتىم كۆرۈلگەنىدى. توغرا، بۇنداق چاغلاردا قاغاننىڭ شەھەر قورۇلۇشىنى نازارەت قىلىپ، ئەتراپتا چارلاپ يۈرىدىغان چېرىكلىرى چاتاقچىلارنى قامچىلار بىلەن ساۋاپ قوغلىۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئىشلەمچىلەر ئېھتىيات يۈزىسىدىن يېنىغا قورال ئېلىپ يۈرىدىغان بولغانىدى. شۇنداق قىلغىنىمۇ دۇرۇس بوپتىكەن. قۇتادمىشنىڭ چاقىرىقى بىلەن ھەممەيلەن قوللىرىغا قىلىچ، پالتا، تۆمۈر گۈرزىلەرنى ئېلىپ تەييار تۇرۇشتى.

سىرتتىن كەلگەن چەۋەندازلار تېخى قورۇلۇپ پۈتمىگەن سېپىلنىڭ ئالدىدا توختاپ قالايمىقان ۋارقىراشتى. شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى.

— يۇرتداشلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۆز ئادەملىرىگە قاراپ ، — بۇ ئازغۇن مۇناپىقلارنىڭ ئۆيلىرىنى چېقىپ ، مال - مۈلكىنى ، خوتۇن - قىزلىرىنى ئولجا قىلىپ ئالايلى ! قورقماڭلار ، شامان ئەۋلىيالىرىمىز بىزنى قوللايدۇ !

قۇتادمىش ئۆگزىدىن ئۇنىڭغا قاراپ ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى .

— ئەي مەلئۇن ماسمادار ! بۇ سەنمىدىڭ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ، — سېنى ئىزلەپ تاپالماي يۈرەتتىم ، ئاخىر ئۆزۈڭ ئالدىمغا كەپسەن . ئەمدى ئەجىلىڭ توشتى ، پەسكەش قاراقچى !

— ئۆز قولۇم بىلەن جېنىڭنى ئالىمەن ! — دەپ جاۋابەن ۋارقىرىدى ماسمادار قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ .

شۇنىڭ بىلەن بۇ قۇترىغان توپىلاڭچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە شەھەر سېپىلىنىڭ تېخى دەرۋازا ئورنىتىلمىغان كىرىش ئېغىزىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىشتى . ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئائىلىلىرىنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىپ ، سېلىنىپ بولغان كېسەك ئۆيلەردە ياكى ئۆزلىرى تىكىۋالغان كىگىز ئۆيلەردە ۋاقىتلىق جايلاشقانىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ قويۇپ ، رەقىبلەرگە قاپلاندەك قەيسەرلىك بىلەن ئېتىلدى . ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ ، دەھشەتلىك ئۇر - يىقىت باشلىنىپ كەتتى . لېكىن ، توپىلاڭچىلار ئاتلىق بولغاچقا پىيادە ئىشلەمچىلەرنى روشەن ئۈستۈنلۈك بىلەن قىستاپ سۈرۈشكە باشلىدى . ئاخىر ، ئىشلەمچىلەر ئۆگزىلەرگە چىقىۋېلىپ ، ئاتلىقلارغا تاش ۋە كېسەكلەرنى ئاتتى ، ئوقياسى بارلار ئوق ئۈزدى .

قۇتادمىش ئەكسىچە ، ئۆگزىدىن چۈشتى ۋە بىر بۆلۈك ئەزىمەتلەرنى باشلاپ ، ئاتلىقلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى . قىلىچىنى شىددەتلىك ئوينىتىپ بىرىنىڭ ئېتىنى يىقىتتى ، ئىككىنچىسىنىڭ بىقىنىدىن تۆشۈك ئاچتى ، ئۈچىنچىسىنى ئېگەردىن تارتىپ چۈشۈرۈپ كاللىسىنى ئالدى . ئۇ ھامان ئىشلەمچىلەرنى سۈرۈپ كېلىۋاتقان ماسمادارغا يېقىنلى-

www.uyghurkitap.com

شىشقا تىرىشاتتى .
شۇ ئەسنادا شەھەر ئەتراپىدا چارلاپ يۈرگەن قاغان چېرىكلىرى كېلىپ قالدى . توپىلاڭچىلار ئۇلارنى كۆرۈپ ، ھېچنېمىگە قارىماي قاچ-قىلى تۇردى . لېكىن ، ماسمادار قېچىشقا ئالدىرىمىدى . ئۇ ئېتىنى چاپ-تۇرغىنىچە قۇتادمىشنىڭ ئالدىغا باستۇرۇپ كەلدى .
— سېنىڭ جېنىڭنى ئالماي تۇرۇپ كەتمەيمەن ! — دەپ ۋارقى-رىدى ئۇ بوغۇلۇپ كەتكەن ئاۋازدا .
ئىككىيلەن ، بىرى ئاتلىق ، بىرى پىيادە قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى . ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئىشلەمچىلەرنىڭ تولىسى قاغان چېرىكلىرىگە ئەگىشىپ ، قاچقان تو-پىلاڭچىلارنى قوغلاپ كېتىشكەن بولۇپ ، شەھەر ئىچىدە ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا قالغانىدى . ئۇلار يالغۇز قېلىپ جاھىللىق بىلەن ئېلىشىۋاتقان ماسمادارغا ئېتىلىپ كەلدى . بۇ جاھىل قاراقچى قۇتادمىشنى ئاسانلىقچە جايلىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ دەرمانسىز زەردى بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى - دە ، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ بەدەر قاچتى . قۇتادمىش ئىگىسىز قالغان بىر ئاتنى چەبدەسلىك بىلەن تۇتۇ-ۋېلىپ مىندى - دە ، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى . ماسمادار باشقا تو-پىلاڭچىلار كەتكەن تەرەپكە ماڭماستىن ، ئەكسىچە ، ئۆزى بىختەر دەپ ئويلىغان ئادەمزاتسىز ئوچۇق دالاغا يول ئالدى ، قۇتادمىش ئېتىنىڭ بى-قىنلىرىغا ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۆكچىلىرى بىلەن قاتتىق نىقتاپ ، ئۇنىڭ ئار-قىسىدىن بوراندەك ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى . ھايال ئۆتمەي ئۇ يېتىشىۋالدى . ئىنسۇجىن كۆرۈنمەيدىغان كەڭ دالادا ئىككى رەقىب قايتىدىن تۇتۇشۇپ كەتتى . پولات قىلىچلار بىر - بىرىگە قاتتىق سوقۇلۇپ ئوت چاقنىتاتتى ، ئاتلار تېپچەكلەپ ئەنسىز كىشنەيتتى . مەردنى مەيداندا سىنايدىغان بۇ يەكمۇ يەك ئېلىشىش ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىدى . قۇتادمىش مىنگەن ئات-نىڭ بېشىغا قىلىچ تەگدى . ئات « گوپ » قىلىپ يىقىلدى . قۇتادمىش ئېگەردىن قاڭقىپ چىقىپ ، قويۇق ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغان قارا تۇپراققا دومىلاپ كەتتى .

— ئەمدى تۇگەشتىڭ ! — ماسمادار تەنتەنىلىك ۋارقىرىدى ۋە ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ قىلىچىنى كۈچ بىلەن چاپتى .

قۇتادمىش چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى ـ دە ، قولىدىن چىقىپ كېتىپ يەردە ياتقان قىلىچىنى ئالدى ۋە شۇ ھامان ماسمادارغا ياندىن ئېتىلىپ كېلىپ قىلىچ ئۇردى . ماسمادار بىر يانغا قىيسىيىپ بىقىـنىنى تۇتقىنىچە ئېگەردىن چۈشۈپ كەتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۈزەڭگىگە ئىلىنىپ قېلىپ ، بېشى يەرگە تەگكەن ھالەتتە ساڭگىلاپ قالدى . ئۈركۈپ كەتكەن ئات بار كۈچى بىلەن دالانى بويلاپ چېپىپ كەتتى . قۇتادمىش ئاتنىڭ كەينىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ توختاپ قالدى .

ئۇنىڭغىچە ، شەھەردە قالغان ئىشلەمچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاتلىق ، بەزىلىرى پىيادە ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتى . قۇتادمىش ئاتلىقلاردىن بىرىنىڭ كەينىگە مىنگەشتى . كۆپچىلىك ماسـمادارنى سۆرەپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ كەينىدىن يەنە قوغلاپ باردى . ياش چەۋەندازلاردىن بىرى ئۇچقاندەك بېرىپ ئۇ ئاتنى تۇتۇۋالدى . قۇتادمىش يېقىن كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ قارىدى . ماسمادارنىڭ ئاللىقاچان جېنى چىقىپ كەتكەن بولۇپ ، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق تۇستە يوغان ئېچىلىپ قالغانىدى .

ئىشلەمچىلەرنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى پاراـكەندىچىلىكتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆي ـ ئۆيلەردىن تېرىلىپ چىـقىشقانىدى . قۇتادمىش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شەھەرگە قايتىپ كەلـگەندە ياشانغان ئاتا ـ ئانىلار ، ئاياللار ، ئۇششاق باللار ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى .

گۈزەل ئايتولۇن ئۇن سېلىپ يىغلىغان پېتى قۇتادمىشنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى .

— قۇتادمىش ... تەڭرىگە شۈكرى ، ساق ئىكەنسىزغۇ ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

× × ×

ئۆتۈكەن تاغلىرى بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان قارابالغاسۇن يايلىقى سۇلىرى ئەلۋەك، ئوت ــ چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن بولۇپ، تەبىئىي مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى ۋە مال ــ چارۋىسىنىڭ خىللىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئەڭ ياخشى نەسىللىك ئاتلار مۇشۇ يايلاقتا يېتىلەتتى، قوي ــ كالىلار ئەركىن يايراپ تېز كۆپىيەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەر خانلىقنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ھەر تەرەپتىكى تۈرلۈك قەبىلە ــ تائىپىلەرنىڭ خىرىس ۋە ھۇجۇملىرىغا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان كۆچمەنلىك تۇرمۇشىدا ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن تازا كۆڭۈلدىكىدەك تۇرالغۇ بولالايتتى. ئۆتمۈشتىكى كۆك تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قارابالغاسۇننى ئوردا قىلغان. بارلىق كۆك تۈرك خانلىرى ۋە ئۇيغۇر خانلىرىدىن كۆل بىلگە قاغان بىلەن ئۇنىڭ مىراسخور ئوغلى بايانچۇر قاغان بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ شاھانە يىپەك چېدىرلىرىنى تىكتۈرگەنىدى. ئەمدى بايانچۇر قاغاننىڭ ۋارىس ئوغلى بۆگۈ قاغان بۇ گۈزەل يايلاققا چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك شەھەر سالدۇردى. بۇ شەھەر تارىختا «قارابالغاسۇن» ۋە «ئوردۇبالىق» دېگەن ئىككى خىل نام بىلەن مەشھۇر بولدى.

بۆگۈ قاغان ئاستانە قىلغان بۇ شەھەرنىڭ ئېگىز قوپۇرۇلغان كۈنگۈرىلىك سېپىللىرى يايلاقنىڭ يېشىل ئارقا كۆرۈنۈشىدە ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى. يىراقتىن كېلىۋاتقان يىگىرمىچە چەۋەنداز ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، ئەنە شۇ ھەيۋەتلىك سېپىللارغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. سېپىلنىڭ قارا سىرلانغان يوغان تۆمۈر دەرۋازىسى ئېچىلدى. قىممەت باھالىق تاۋار تون كىيگەن سالاپەتلىك بىر كىشى تۇلپاردەك ئويناقلاپ تۇرغان قۇلا ئېتىنى دېۋىتىپ دەرۋازىدىن چىقتى ــ دە، ئۇدۇل ھېلىقى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان چەۋەندازلارنىڭ ئالدىغا باردى

ۋە ئۇلۇغ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى :
— قۇت بولسۇن ، ھۆرمەتلىك تۆرىلىرىم . ئۇردىغا مەرھەمەت قىلغايسىلەر . پېقىر ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى باش غوجىدار بولىمەن . بۈيۈك قاغانىم پېقىرنى ھەر قايسىلىرىنىڭ ئالدىغا چىقاردى .
يىراقتىن كەلگەن چەۋەندازلارمۇ باشلىرىنى ئېگىشىپ ، ئەدەپ بىلەن سالاملاشتى .
— شەھەر ناھايىتى چوڭ كۆرۈنىدۇ ، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاق ساقاللىق بىر مويسىپىت سىپىل تۈۋىدە ئېتىنى توختىتىپ ، — دەرۋازىلارمۇ مۇستەھكەم ئىكەن .
— شۇنداق ، — دېدى باش غوجىدار ، — بۇ شەھەرنىڭ ئون ئىككى دەرۋازىسى بار ، ھەممىسى مۇشۇنداق تۆمۈر بىلەن قاپلانغان .
ئۇلار شەھەرگە كىردى . ئەتراپتىكى كۆركەم ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە قاراپ ، بايىقى مويسىپىت يەنە ئېغىز ئاچتى :
— بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ ئۇستىلار ئىشلىگەن بولسا كېرەك ؟
— شۇنداق ، — دېدى باش غوجىدار ، — شەھەر قۇرۇلۇشىغا دەسلەپتە تابغاچ ۋە سوغدى ئۇستىلار كەلگەن ، كېيىنچە ئۆزىمىزنىڭ ئىشلەمچىلىرىمىزمۇ يېتىشىپ چىقتى .
— سېلېنگا دەرياسى بويىدىمۇ بىر چوڭ شەھەر بار ئىكەن ، — دېدى يەنە مويسىپىت .
— شۇنداق ، سېلېنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق شەھىرى بار . ئۇ شەھەردە ئاساسەن باي سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقان . ئۇ ئاۋات سودا شەھىرى . سوغدى ۋە تابغاچ سودىگەرلىرى دائىم شۇ شەھەرگە قاتناپ تۇرىدۇ . قارلۇق ، تاتار ، قىرغىز چارۋىچىلىرىمۇ كېلىپ ، ئات ـ ئۇلاغلىرىغا تۇرلۇك ماللارنى تېگىشىپ كېتىدۇ .
چەۋەندازلار يول بويىدىكى مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈشكەن ئاق لىباسلىق تاقىر باش روھانىيلارنى كۆرۈپ ، روشەن سېزىلىپ تۇرغان ئۆچمەنلىك بىلەن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تەتۈر قاراشتى .

www.uyghurkitap.com

— ھەممە يەرگە مانى جىنلىرى توشۇپ كېتىپتۇ، — دەپ غو-دۇڭشىپ قويدى مويسىپىت.

شەھەر مەركىزىدىكى كەڭرى تۆپىلىكتە يەنە ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان قەلئە بار ئىدى. قەلئەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېگىزلىكتە قاغاننىڭ ئۈچ چېدىرى تىكىلگەنىدى. ھېلىقى مويسىپىت باش غوجىدارغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— قاغان تېخىچە چېدىردا تۇرامدۇ؟

— شۇنداق. ئۇ قەسىر - سارايلارنى سالدۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ياز كۈنلىرى مۇشۇ چېدىرلاردا تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ھىم ... — دېدى مويسىپىت بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ، — قانداقلا بولمىسۇن، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئادەتلىرىنى ئۇنتۇماپتۇ.

ئۇلار ئىزغىرىن شامالدا يېنىك لەپىلدەپ تۇرغان بۆرە بايرىقىغا توققۇز قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى چوڭ چېدىرغا كىردى. قىزىل تاۋار تون كىيىپ، ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇزۇن چاچلىرىنى قىزىل ياغلىق بىلەن چىگىپ، تۆردىكى ئالتۇن تەختتە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان بۆگۈ قاغان مېھمانلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

باش غوجىدا ئوردىدىكى رەسمىيەت بويىچە قاغانغا مەلۇمات بەردى:

— تۆلىس قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغ بېگى ئۆزىنىڭ ئالتە ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقاللىرىنى باشلاپ بۈيۈك قاغانىمىزغا سالام بېرىش ئۈچۈن كەلدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى بۆگۈ قاغان تۆلىس قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغ بېگى بولمىش ھېلىقى مويسىپىتقا دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ، — تۆلىس بېگى مېنىڭ يېقىن سەپدىشىم. قەبىلە - ئۇرۇقلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىرنەچچە قېتىملىق تالاش - تارتىش ھەم پاراكەندىچىلىكلەردە ئۇ باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي مەن تەرەپتە تۇرغان. تۆلىس قەبىلىسى مېنىڭ توققۇز ئوغۇز قەبىلەم بىلەن ئەزەلدىن بىرلىكنى بۇزماي كەلگەن. شۇڭا، تۆلىسلەر مەن ئۈچۈن مېھمان ئەمەس، ئۆز با-

لىلىرىم .
قاغاننىڭ بۇنداق مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ سۆزلىشى تۆلىسلەرگە ئانچە تەسىر قىلمىغاندەك كۆرۈنەتتى . بىرنەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆز- لىرىدىن كېيىن تۆلىس بېگى كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلدى :
— بۇيۇك قاغانىم ئېيتقاندەك ، بىز تۆلىسلەر باشتىن - ئاخىر خانلىقىمىزغا ھەم قاغانىمىزغا سادىق بولۇپ كەلدۇق . لېكىن ، ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇياق ئەقلىمىزگە سىغمايدىغان ئىشلار بولۇۋاتىدۇ . ئەزەل - ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بۇزۇلۇپ كېتىۋا- تىدۇ . مانى روھانىيلىرى ھەممە قىشلاق ، ئايماقلىرىمىزدا ئۆزلىرىنىڭ يات ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ، شامان - باخشىلىرىمىزنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ . بالىلىرىمىز ئاتلار يولىنى تۇتماي ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇلار ئەجداد- لىرىمىزنىڭ مەڭگۈ تاشلىرىدىكى مۇقەددەس يېزىقلىرىنى تاشلاپ ، سوغ- دىلارنىڭ موي قەلەم بىلەن يازىدىغان غەيرىي يېزىقنى ئۆگىنىپ ، كۆن بويى « نوم » دەپ ئاتىلىدىغان گۇناھلىق كىتابلارنى ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتتى . مۇشۇنداق بولىۋەرسە خەلقىمىز ئاپەتتىن چىقىدۇ ، ئېلىمىز تۇگى- شىدۇ ! بىز بۇيۇك قاغانىمىزنىڭ مانىخەيلەرگە ئەگەشمەستىن ، پۇقرالارنى پارلاق يولغا باشلىشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمىز .
مويىسىپىت بەگ بىلەن كەلگەن تۆلىس ئاقساقاللىرىمۇ ئاۋاز قوشتى :
— بۇيۇك قاغانىم ، ئەجدادلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى !
— بۇيۇك قاغانىم ، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى قوغدايلى !
بۆگۈ قاغاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى . ئۇ زۇۋان سۈرمەستىن ئۇزاققىچە مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى .
— مانى دىنى بىز ئۈچۈن پايدىلىق ، — دېدى ئۇ ، — بۇ دىن بىزنىڭ ئەلنى سوراش ئىشلىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ . مانىخەيلەر تەڭ- رىدىن قورقىدۇ . ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىدۇ ، گۇنا- ھىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ ، يامانلىق ، ۋەھشىيلىك قىلمىشلىرىغا بېرىلمەس- تىن ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى چەكلەيدۇ . بىزنىڭ ھەممە پۇقرالىرىمىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

شۇنداق بولسا ياخشى ئەمەسمۇ .

مېھمانلار يەنە بىردەم ئۇنداق ـ مۇنداق دەپ باقتىيۇ ، بەربىر قا- غاننى قايىل كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ جىم بولۇشتى .

× × ×

تۆلىسلەر ئوردۇبالىقتا ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن قايتىپ ماڭدى . شەھەر سېپىللىرى كۆزدىن غايىب بولۇپ ، بىر ئېدىرلىققا كەل- گەندە ئۇلار بىر توپ ئېسىل سۈپەت چەۋەندازلارغا ئۇچراشتى .

— قۇت بولسۇن ، قەدىرلىك مېھمانلار ، — بۇ چەۋەندازلارنىڭ ئىچىدىكى چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ ، بوي ـ بەستى كې- لىشكەن مۆتىۋەر سۈپەت بىر كىشى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا سالام بەردى .

تۆلىس بېگى ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى .

— قۇت بولسۇن ، ئۇلۇغ بۇيرۇق ، — دەپ جاۋابەن سالام بەردى ئۇ ئۇ ئۇك قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ .

بۇ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئىدى .

— مېنىڭ ئۆيۈمدىمۇ مېھمان بولۇپ ئۆتكەيسىلەر ، — دېدى ئۇ تۆلىسلەرگە خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ .

— يەنە شەھەرگە قايتىپ بارامدۇق ؟ — سورىدى تۆلىس بېگى .

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، — دېدى ئۇلۇغ بۇيرۇق ، — مەن ياز پەس- لىدە يايلاقتا تۇرىمەن .

ئۇلار بىرلىكتە ئېدىرلىقتىن چىقىپ ، كەڭ دالاغا تىكىلگەن يىپەك چېدىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە كىگىز ئۆيلەرنى كۆردى . چې- دىر ئالدىغا گىلەم سېلىنغان بولۇپ ، شامان ۋە باخشىلار مۇكچىيىپ ئولتۇراتتى . باغا تارقاننىڭ ئىجازەت قىلىشى بىلەن چاكارلار ئالدىن تەي- يارلاپ قويۇلغان گۈلخانغا ئوت ياقتى . چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپې- يىپ كەتكەن شامان بەل ۋە مەيدىسىگە ئېسىۋېتىلگەن تۈچ قوڭغۇراق ، كۈمۈش قاداقلىرىنى جىرىڭلىتىپ ، پېرە ئويناشقا باشلىدى . ساھىبخانا

بىلەن مېھمانلارمۇ ئۆزنىڭغا ئەگىشىپ گۈلخان ئەتراپىدىن توققۇز قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن جىن ـ ئالۋاستىلاردىن پاكلانغان ھېسابلىنىپ چېدىرغا كىردى .

مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان تارتىلىپ ، مىس تاۋاقلاردا قوي ۋە كېيىك گۆشلىرى كەلتۈرۈلدى ، كۈمۈش كاسىلارغا قىمىز قۇيۇلدى .

غىزادىن كېيىن ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقان سۆز باشلىدى :

— ھەر قايسىڭلار بۇ يەرگە ياخشى تىلەك ۋە زور ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن كەلدىڭلار . لېكىن ، قاغانىمىز سىلەرنىڭ كۈتكەن يېرىڭلاردىن چىقمىدى .

تۆلىسلەر بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇلۇغ بۇيرۇققا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ سۈكۈت قىلىشتى .

— مەن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى چۈشەندىم ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى باغا تارقان ، — بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىز بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ . بىز بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ شامانلارنى قوغدىشىمىز كېرەك . مانى جىنلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك روھلىرىنى خۇش قىلايلى !

تۆلىسلەر جانلىنىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۈمىد ۋە تەنتەنە ئوتى بىلەن چاقناپ كەتتى .

× × ×

ئوردۇبالىق شەھىرىدىكى كاتتا ئىبادەتخانا ئىچىدە ئۆزۈن ئاق لىباس كىيگەن تاقىر باش روھانىي ئۆزىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقان يىگىرمە نەپەر ئۆزلىرىنىڭلا ئوقۇپ چۈشەندۇرمەكتە ۋە ناتىقلىق قىلىپ ۋەز ئېيتماقتا ئىدى :

— ئەي مۆمىن دىندارلار ، ئەزرۇئا تەڭرى قۇدرەتلىكتۇر ! ئالەمنى ياراتقۇچى بەش تەڭرى قۇدرەتلىكتۇر ! تەڭرى مانى بۇرخان

كۆرسەتكەن يول بارلىق تىرىك جانلارنى مەڭگۈلۈك راھەت ـ پاراغەتكە باشلايدىغان يورۇق يولدۇر ! مانى بۇرخانىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئازغۇن گۇناھكارلار گۇناھىنى تونۇدى ، ياخشى ـ يامانىنى ئايرىۋالدى . يامان خۇلقتا ئادەتلىنىپ ، ھەممە يەردە تىرىك جانلارغا زامىن بولۇپ قان تۆ-كۈپ يۈرگەن ئادەملەر ئەمدى ئىپتىزلارغا ئاشلىق تېرىپ ، كۆكتات يەي-دىغان بولدى ؛ تىغ كۆتۈرۈپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئادەملەر ئەمدى ياۋاش ، مۆمىن بولۇپ ، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىدىغان بولدى ...

بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئىپتىزلىقتا كەتمەن چېپىپ ئىشلەۋاتقان تېرىقچىلار بېلىگە باغلىغان پوتىسى بىلەن يۈزىدىكى تەرىنى سۈرتۈپ غودۇڭشىيتتى :

ـــ مانى دىنىغا كىردۇق دەپ نېمە جاپا بۇ ! گۆش يېمەي كۆك-تات يەيدىغان بولدۇق . ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا قويلىرىمىزنى ئوتلاشقا قو-يۇپ بېرىپ ، ئۆزىمىز يانپاشلاپ ياتاتتۇق . مانا ئەمدى ئەتىدىن كەچكىچە ئېتىزدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئىشلەيدىغان بولدۇق . تېخى روھانىيلار يىلدا بىر ئاي روزا تۇتمىساڭ بولمايدۇ دەپ سۇتىنمۇ ئىچكىلى قويمايدۇ . بۇنداق ئاچ قورساق ئورۇقلاپ يۈرۈپ ، دۈشمەن كېلىپ قالسا قىلىچنى قانداق تۇتىمىز ؟ قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرىمىز ياخشىلىققا تارتامدۇ ، يامان-لىققىمۇ ؟

گويا كى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بولدى . مىڭلىغان ئاتلارنىڭ تۆ-مۈر تاقىلىق تۇياقلىرى ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەپ قوڭۇر يەرنىڭ باغرىنى لەرزىگە كەلتۈردى . تۇچ دۇبۇلغا ، پولات ساۋۇت كىيىپ ، قىلىچ بىلەن قوراللانغان چەۋەندازلار ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرغان پېتى مانى ئىبادەتخا-نىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئېتىزلىقنى يانداپ ئۆتۈپ ، شەھەر مەر-كىزىگە ھۇجۇم قىلدى .

ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئۆزىنىڭ نۆكەرلىرىنى ۋە ياردەمگە كەلگەن تۆلىس لەشكەرلىرىنى باشلاپ بۆگۈ قاغانىنىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىردى . ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى شەخسەن بۆگۈ قاغانىنىڭ قو-ماندانلىقىدا ئاتلىنىپ چىقتى . بولۇپ ئۆتكەن قىسقا ، ئەمما رەھىم ـ

شەپقەتسىز جەڭدە باغا تارقان غەلىبە قىلدى . ئوردا ئىچى قانغا بويالدى . بۆگۈ قاغان ، ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە سوغدى روھانىيلىرىدىن بولۇپ ، جەمئىي ئىككى مىڭدەك ئادەم قىرىپ تاشلاندى .

بۇ پاجىئەلىك ۋەقە مىلادىيە 780 ـ يىلى يازدا يۈز بەردى . شۇ يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى ئۇلۇغ بۇيرۇقى بولغان ئىنانچۇ تون باغا تارقان ئاق كىگىزدە كۆتۈرۈلۈپ ، خانلىقنىڭ ئالتۇن تەختىگە ئولتۇردى ۋە قـات قـۇتلۇغ بىلگە قاغان دېگەن نام بىلەن ئۇلۇغلاندى . شۇنىڭ بىلەن ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ سەلتەنىتى ئاياغلىشىپ ، يېڭى قاغانىنىڭ ئەدىز ئۇرۇقى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى .

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى قىسىم

## بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار

## ئېتىم ئۆلسىمۇ قىلىچىم سۇنمىدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## تاپار بوۋاينىڭ ھېكايىسى

قارا بالغاسۇن يايلىقى ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ۋە ئارغىماق ئاتلىرى بىلەن داڭق چىقارغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەردىكى ئوردۇبالىق دەپ ئاتالغان كاتتا شەھەر ئۇنىڭ شۆھرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى. ئاستانە قىلىنغان بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى يىلدىن ـ يىلغا كېڭىيىپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەر كۆپىيىپ، كوچا ـ رەستىلەر بەرپا قىلىنىپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۈس ئالغانىدى. مىلادىيە 839 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ بۇ ئاستانىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى قەدىمىي شەھەرلەردىن قېلىشمايدىغان دەبدەبىسى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ يەرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭدىن، تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى جايلاردىن ۋە ھەتتا ئىران ۋە ئەرەب ئەللىرىدىنمۇ سودا كارۋانلىرى كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. بىرقىسىم سەيياھلار ئوردۇبالىقنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىللىرى ۋە ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلىرىگە قاراپ ھەيران بولغان قىياپەتتە سورىشاتتى:

— ئىلگىرى بۇ يەرلەردە شەھەر يوق دەپ ئاڭلىغانىدۇق. ئەسلى ئۇنداق ئەمەس ئىكەن ـ دە؟

يەرلىك ئاھالىلەر ئۇلارغا ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن جاۋاب بېرىشەتتى:

— ئىلگىرى بۇ يەرلەردە ھەقىقەتەن شەھەر يوق ئىدى. بۆگۈ قاغان دەۋرىدىن باشلاپ ئوردۇبالىق، قاتۇنبالىق، بايبالىق دېگەن چوڭ شەھەرلەر بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جاي ـ جايلاردا كىچىك

قەلئە شەھەرچىلەرمۇ بار . ئۇلارمۇ كېيىن چوڭ شەھەرلەرگە ئايلىنىدۇ .
دەرۋەقە ، ئومۇمىي ئەھۋال شۇنداق ئىدى . جۇملىدىن ، ئوردۇبالىق شەھىرىدىمۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرى تېخىچە توختاپ قالغىنى يوق .
باھار پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ ، ئالتۇن قۇياش يەر ـ جاھاننى قىزدۇرۇشقا باشلىغانىدى . ئوردۇبالىق كوچىلىرىدىن بىرىدە يېڭىدىن بىر ئۆي سېلىنماقتا ئىدى . ئۇزۇن قارا بۇرۇتلۇق ئۇستا قۇرۇلۇۋاتقان ئىمارەتنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان ئۇلى ئۇستىگە كېسەكلەرنى رەتلىك تىزىپ تام قوپۇرۇشقا تۇتۇش قىلغانىدى . دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرىنى يېشىل شايى ياغلىق بىلەن چىڭ تارتىپ چېگىۋالغان ياش يىگىت يۇمشاق سېرىق توپىغا سامان ئارىلاشتۇرۇپ ، سۇ قۇيۇپ ، لاي ئەتمەكتە ئىدى . ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى ئېرىق بويىدا چاچ ـ ساقاللىرى خۇددى يېڭى ياغقان قاردەك ئاقارغان بوۋاي تاش ئوچاققا ئوت قالاپ ، چويۇن قازاندا گۆش پىشۇرۇۋاتاتتى .
ـــ ھەي ئۆتەمىش ، ـــ دەپ ۋارقىرىدى بوۋاي ھېلىقى لاي ئېتىۋاتقان يىگىتكە قولىنى پۇلاڭلىتىپ ، ـــ ئاتاڭنى چاقىر ، گۆش پىشتى ، بۇياققا كېلىڭلار .
ئۆتەمىش ئىسمىلىك يىگىت قولىدىكى كەتمەننى يەرگە قويۇپ ، تام قوپۇرۇۋاتقان ئۇستىنى چاقىردى :
ـــ ئاتا ، بوۋام چاقىرىۋاتىدۇ ، گۆش پىشتى دەيدۇ .
ئۆتەمىش بىلەن ئاتىسى ئېرىقتا يۈز ـ قوللىرىنى يۇيۇپ ، ئوچاقنىڭ يېنىدىكى كەسلەپ قويۇلغان كۆتەكلەرگە ئولتۇردى . بوۋاي ھېجىر قاچىلارغا شورپا ، گۆش ئۇسۇپ ئۇلارغا بەردى . غىزادىن كېيىن بوۋاي ھارغىن كۆزلىرىنى ئوغلى بىلەن نەۋرىسىگە قارىتىپ ئالدىرىماي سۆزلىدى :
ـــ قېرىدىم ، سالامەتلىكىم ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . چۈشلىرىمگە ئايان بولدى ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھلىرى مېنى چاقىرىۋاتىدۇ . تۈنۈگۈن ئىبادەتخانىغا بېرىپ ، باش روھانىي ئالدىدا ئۆمرۈمدە بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمغا توۋا قىلدىم . ھەر كۈنى ئەتىگەندە ،

كەچتە ئەزرۇئا تەكرىنى ياد ئېتىپ ، مانى بۇرخان ھەققىدە ئىبادەت قىلىشۋاتىمەن . شۇنداقتىمۇ ، ئەھۋالىم ياخشىلانمىدى . كۈندىن - كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتىمەن . ئەتە بىر كۈن ئىشنى توختىتايلى . شامان ، باخشىلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار . ئۇلار پېرە ئويناپ باقسۇن ، پال سېلىپ باقسۇن .

— بوۋاي ، — دېدى ئۆتەمىش ، — روھانىيلار دائىم مانى مۇخلىسلىرى شامانغا ئىشەنمەسلىكى كېرەك ، پېرە ئويناش گۇناھ بولىدۇ دەيدىغۇ .

— ھەي بالام ، — دېدى بوۋاي نەسىھەت قىلغان تەلەپپۇزدا ، — بۇ دېگەن ئاتا - بوۋىمىزدىن كېلىۋاتقان ئۇدۇم ، بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز . بىز مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز . بۇنىڭدا شەك يوق ، لېكىن شامانلىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈسەك بولمايدۇ ، بۇمۇ ئېغىر گۇناھ .

ئۆتەمىش يەنە سورىدى :

— مانى نوملىرىدا تىرىك جانغا ئوۋال قىلىشقا بولمايدۇ ، گۆش يېيىشكە بولمايدۇ دەپ يېزىلغان . بىز قوي - كالىلارنى سويۇپ ، كېيىك - بۆكەنلەرنى ئوۋلاپ ، گۆش يەيمىزغۇ ؟

— ھەمىشە مۇشۇنداق گەپلەرنى سورايسەن ، — دېدى بوۋاي ، — سورىغىنىڭغۇ ياخشى . كۆپ سورىغان كىشى كۆپنى بىلىدىغان بولىدۇ . بىراق ، بۇ گەپلەرنى مەنمۇ تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن ، بالام . ئىبادەتخانىلاردىكى روھانىيلار ئۆيلەنمەيدۇ ، گۆش يېمەيدۇ . بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى . بىز ئەمگەك قىلىپ جان باقىدىغان ئادەملەر گۆش يېمىسەك قانداق بولىدۇ ؟ ھەممە ئادەم ئۆيلەنمىسە نەسلىمىز قۇرۇپ كەتمەمدۇ .

سۆڭەك غاجىلاپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق تاقىر باش ئۇستا ، يەنى ئۆتەمىشنىڭ ئاتىسى سۆزگە ئارىلاشتى :

— بۇنداق گەپلەرنى تولا ئويلاپ كەتمە ، ئۆتەمىش . تىرىكچىلىك قىلىش مۇھىم . ھۈنەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەن .

— ئاتاڭ توغرا دەيدۇ ، — دېدى بوۋاي ، — سەنمۇ ئاتاڭغا

ئوخشاش ئۇستا بىناكار بولۇپ چىقىشىڭ كېرەك . بۇ مېنىڭ ئاتامدىن قالغان ھۈنەر . ئائىلىمىزنىڭ شەجەرىسىنى ئۇنتۇپ قالمىغىن ، ئۆتەمىش بالام . ئاتامنىڭ ئاتىسى بوتاسۇن بۇقا ئىسىملىك كىشى بولۇپ ، ئۇ ئۆزى كارۋانچى ، ھارۋىكەش بولسىمۇ ، بىناكارلىق كەسپىنى ئۆگىنىپ ، يايلاقلىرىمىزدا شەھەر بىنا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتىكەن . لېكىن ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئاخىر ، ئاتام قۇتادمىش ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىپ ، بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپتۇ . ئۇ يايلاقلىرىمىزدىكى بىرىنچى تۆركۈم ئۇستىلاردىن بولۇپ قالغانىكەن .

— رەھمەتلىك قۇتادمىش بوۋام ناھايىتى مەشھۇر كىشى ئىدى ، — دەپ سۆز قاتتى ئۆتەمىشنىڭ ئاتىسى ، — « قۇتادمىش ئۇستام » دېسە ، ئۇنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق ئىدى .

ئۆتەمىش يەنە بوۋىسىدىن سورىدى :

— سىزمۇ بىناكارلىق ھۈنىرىنى شۇ ئاتىڭىزدىن ئۆگەنگەنمۇ ؟

— شۇنداق ، بالام . ئۇ شەخسەن ئۆزى ماڭا بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكەن . بۇرۇن مېنىمۇ كىشىلەر « تاپار ئۇستام » دەپ ھۆرمەت قىلىشاتتى . ئەمدى قېرىدىم . ئەمدى كىشىلەر مېنى ئاددىيلا قىلىپ « تاپار بوۋاي » دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ قالدى .

تاپار بوۋاي تۇيۇقسىزدىن قاتتىق يۆتىلىپ كېتىپ ، سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى . ئۆتەمىش بوۋىسىغا يېقىن سۈرۈلۈپ كېلىپ ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك - يېنىك مۇشتلاپ قويدى . ئۆتەمىشنىڭ ئاتىسى ھېجىرغا ئازراق شورپا قۇيدى .

— بۇنى ئىچىۋېلىڭ ، ئاتا .

تاپار بوۋاي شورپىنى بىر - ئىككى ئوتلاپ تىنچلاندى ۋە نەۋرىسىگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى .

— مەن ئۆز ئاتامدىن ئۆگەنگەن بۇ ھۈنەرنى كېيىن سېنىڭ ئاتاڭغا ئۆگەتتىم . ئۇمۇ ئاتاقلىق ئۇستا بولۇپ چىقتى . مانا ئەمدى ئۇنىمۇ « باسان قارا » دېسە ھەممە ئادەم تونۇيدۇ .

ئۆتەمىشمۇ بوۋىسى بىلەن ئاتىسىغا كۈلۈپ قارىدى .

— بۇ ھۈنەرنى ئاتام ئەمدى ماڭا ئۆگىتىۋاتىدۇ.
باسان قارا ئوغلىنىڭ ئۇزۇن چاچلىق بېشىنى ئالقىنى بىلەن سىلاشتۇرۇپ، ئەركىلىتىپ قويدى.
— سەنمۇ ئاتاقلىق ئۇستا بولۇپ چىقسەن، — دېدى ئۇ.
تاپار بوۋاي چوڭقۇر بىر تىنىق ئېلىپ «ئۇھ» تارتتى ۋە يەنە سۆزلىدى:
— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ قوردان شەھىرىگە بىر بارسام بولاتتى. رەھمەتلىك ئانامنىڭ يۇرتىنى بەك كۆرگۈم كېلىدۇ. ئالەمنى ياراتقۇچى بەش تەڭرى خالىسا، ئۆتەمىشنىڭ تويىدىن كېيىن ھەممىمىز بىرلىكتە قوردانغا بىر بېرىپ كېلەيلى.
— ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىمىز، — دېدى باسان قارا، — بۇ ئۆيىنى كۆزگىچە پۈتتۈرۈپ، ئۆتەمىشنىڭ تويىنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن چوقۇم سىزنى قوردانغا ئاپىرىمەن.
تاپار بوۋاي نەۋرىسى ئۆتەمىشنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىنى بايقاپ چۈشەندۈردى:
— مېنىڭ ئانام ئايتولۇن ئەسلى قوردانلىق چىققان ئىكەن. قوردانىنى بەك چوڭ، ئاۋات شەھەر دېيىشىدۇ. لېكىن مەن شۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۇ يەرگە تېخى بارالمىدىم.
— ئەمدى بارايلى، بوۋا، — دېدى ئۆتەمىش.
— تەڭرى مانى خالىسا، شۇنداق قىلىمىز، بالام.
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتا، قوردانغا چوقۇم بارىمىز، — دېدى باسان قارا.

# ئىككىنچى باب

## بۇ يۇرتلارغا كۆز تەگدىمۇ ؟

بىناكار ئۇستا باسان قارا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۆتەمىش سېلىۋاتقان ئۆي پۈتەي دەپ قالغانىدى . تومۇز كۈنلىرى يېتىپ كېلىپ ، ھاۋا چىدىغۇسىز ئىسسىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئەتىدىن كەچكىچە ئارام ئالماي جىددىي ئىشلىمەكتە ئىدى . يولدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇلارغا قاراپ توختاپ قالاتتى ۋە قايىل بولغان تەرىزدە باشلىرىنى ئىرغىتىپ خىتاب قىلىشاتتى :

— پاھ ، نېمىدېگەن چوڭ ئۆي بۇ ! خۇددى بەگلەرنىڭ قەسىرلىرىدەك قىلىۋېتىپسىلەر .

باسان قارا ئۇلارغا خۇشخۇي بېقىپ جاۋاب قايتۇراتتى :

— ئوغلۇمنىڭ توينى قىلماقچىمەن . شۇڭا ، چوڭراق قورۇ ـ جاي قىلىشىمىزغا توغرا كەلدى .

باسان قارا ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كاھىش ياتقۇزماقتا ئىدى . ئۆتەمىش يەردىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان كاھىشلارنى ئۇنىڭغا بىردىن ـ بىردىن ئېتىپ بېرەتتى . شۇ ئەسنادا كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىن پاخمۇاش شامانغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەم بىرمۇنچە ئات ، كالا ، قويلارنى ھەيدىگەن ھالدا چىقىپ كەلدى . توپ ئىچىدىكىلەر قۇرۇلۇشچىلارغا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراشتى :

— ئەي باسان قارا ، تېخىچە ئۆيۈڭنىڭ غېمىدىلا يۈرەمسەن ؟ ئەلنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ ئېغىر كۈنلەرنى كۆرمەيۋاتامسەن ؟ ئۆگزىدىن چۈش ، بىز بىلەن ماڭ .

باسان قارا ھاپىلا ــ شاپىلا ئۆگزىدىن چۈشتى .

ــ روھلاردىن مەدەت تىلەشكە بارامدۇق ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ خالايىقتىن .

ــ شۇنداق ، باسان قارا ، ئۇدا نەچچە يىل بولدى ، بىزنى پالاكەت باسقىلى تۇردىغۇ .

ــ راست دەيسەن ، بۇرادەر ، ــ دېدى باسان قارا ۋە ئوغلى ئۆتەمىشنى باشلاپ توپقا قېتىلدى .

ياش ــ قېرى ، چوڭ ــ كىچىك بولۇپ ، ئاللاھازەل ئىككى مىڭدەك ئادەم پاخمۇۋاش شامانغا ئەگىشىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى . يول بويى كىشىلەر تەرەپ ــ تەرەپتىن غۇلغۇلا قىلىشتى :

ــ قاراڭلار ، پۈتۈن يايلاقتا ئوت ــ چۆپنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىنى ! ئۈچ يىلدىن بېرى بىر تامچە يامغۇر يېغىپ قويمىدى ــ ھە !

ــ بۇ بىر چوڭ بەختسىزلىكنىڭ بېشارىتى ، يۇرتداشلار . ئۈچ يىلدىن بېرى يازدا يامغۇر ياغمىسا ، قىشتا قار چۈشمىسە ... دەريا ــ ئېقىنلارنىڭمۇ سۈيى تارتىلىپ كەتتى .

ــ ھەي ، بىزنىڭ بۇ يۇرتلىرىمىزغا كۆز تەگدىمۇ نىمە ، قېرىنداشلار ! چارۋا ماللىرىمىز قىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئاچارچىلىقتا ئادەملەرمۇ ئۆلگىنى ئۆلۈپ ، قالغىنى ھەر تەرەپلەرگە چېچىلىپ ، تۇزۇپ كېتىۋاتىدۇ .

بىر تەكشى تۆپىلىككە چىققاندا ، ئالدىدا كېتىۋاتقان شامان قولىدىكى ھاسا تايىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، خالايىقنى توختاشقا بۇيرۇدى . كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئولتۇرۇشتى . غۇلغۇلا بېسىقتى . ھەممە ئادەم شاماننى قۇتقۇزغۇچى ئەۋلىيادەك كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىلتىجا بىلەن كۆز تىكىشتى .

چاچ ــ ساقاللىرى بىر قۇچاق بولۇپ پاخپىيىپ كەتكەن شامان قورقۇنچلۇق چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن كىشىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئىككى قولىنى يۇقىرىغا سوزۇپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى :

— سىلەر كۆك تەڭرىدىن يۈز ئۆردۈڭلار ! مېھرىبان ئۇماي ئانىمىزدىن يۈز ئۆردۈڭلار ! سىلەر يات تائىپىلەرنىڭ يالغان گەپلىرىگە ئىشىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا كىرىپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتىڭلار !

خالايىق ئىچىدىن « راست دەيدۇ » ، « راست شۇنداق » دېگەن ئۆكۈنۈش سادالىرى ئاڭلاندى . شامان يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— سىلەر توغرا يولدىن ئازدىڭلار . شۇڭا ، جىن - ئالۋاستىلار بىزگە پالاكەت ياغدۇرۇۋاتىدۇ ، ھەممە يەردە يامان كېسەل تارقىلىپ كەتتى . ئادەملەر ئاچلىقتىنمۇ ، كېسەلدىنمۇ ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ .

خالايىق يەنە ئۈنىڭغا دوست تارتىشتى :

— راست شۇنداق ، شامان راست دەيدۇ .

شامان كۆزلىرىنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇقراق چەكچەيتىپ ، تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى :

— قۇربانلىققا ئاتىغان ماللىرىڭلارنى بوغۇزلاڭلار ! قان ئاققۇزۇپ كۆك تەڭرىدىن مەدەت تىلەيلى ! گۈلخان تەييارلاپ ئوت يېقىڭلار !

كۆپچىلىك دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى . گۈلخانغا ئوت يېقىلدى ؛ ئات ، كالا ، قويلار بوغۇزلىنىپ ، گۈلخان ئەتراپىغا تىزىپ ياتقۇزۇلدى . شامان بېلىگە ئېسىلغان قوڭغۇراقلارنى جىرىڭلىتىپ ، « ھۇم ! ھۇم ! » دەپ زىكىر سوقۇپ پېرە ئويناشنى باشلىدى . ئۇ پىرقىراپ ، سەكرەپ ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراش بىلەن جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ ، ئاخىر ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا بوغۇزلانغان ئات ، كالىلارنىڭ ئارىسىدا تىپىرلاپ يېتىپ قالدى . كۆپچىلىك يەنە غۇلغۇلا قىلىشتى :

— ئەمدى ياخشى بولدى . ئۇ روھلار بىلەن كۆرۈشۈۋاتىدۇ .

شامان ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن خالايىق قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنى شۇ گۈلخان ئەتراپىدا قالدۇرۇپ ، شەھەرگە قايتىپ كەتتى .

قەھەتچىلىك ئىچىدىكى قاتتىق كۈنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋەردى . شاماننىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتتى ، كۆك تەڭرى ھەققىدە قۇربانلىق قىلىشنىڭمۇ پايدىسى بولمىدى . پۈتۈن يايلاق خەلقىدە يەيدىغانغا

يا ئاشلىق ، يا گۆشنىڭ تايىنى قالمىدى . ئاچارچىلىقتا ئورۇقلاپ ھالى قالمىغان كىشىلەر ئارىسىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كەتتى . ئادەملەر ئائىلە ـ ئائىلە بويىچە قىرىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى . ئەلنى ۋەھىمە باستى . جان قايغۇسىدا قالغان ئادەملەر ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ ، ھەركىم ئۆزى بىلگەن ياقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكىلى تۇردى . كوچىلاردا ئادەم كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى . ئىگىسىز قالغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ھاڭغىرقاي ئېچىلىپ تۇراتتى . ھۇنەرۋەن ، كاسىپلار دۇكانلىرىنى تاقاشتى . سودىگەرلەرمۇ بۇ يەرلەرگە ئاياغ باسمايدىغان بولۇپ كەتتى .

باسان قارا تېخىچە بوشاشماي ئۆي سېلىشنى داۋاملاشتۇردى . بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسى يېپىلىپ ، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئورنىتىلىپ بولدى . ئەمدى تاملىرىغا سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاق بېرىۋەتسىلا ئىش پۈتىدۇ . تاپار بوۋاي ئوغلى بىلەن نەۋرىسىنى چاقىردى .

— بىر ئاز دەم ئالغاچ قورساقنى توقلىۋېلىڭلار . گۆش يوق بولسىمۇ ، ئازراق تېرىق يەيلى .

شۇ ئەسنادا يىراقتىكى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلىق تەرەپتىن ياش بىر قىز يۈگۈرۈپ كەلدى .

— ئۆتەمىش ، — دەپ توۋلىدى ئۇ تېخى يېقىن كەلمەي تۇرۇپلا .

قورۇلغان تېرىقنى خالتىدىن ئۇچۇملاپ ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋاتقان ئۆتەمىش ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزغا قارىدى .

— ئايتوزۇن ! — دېدى ئۇ ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .

قىز يېقىن كېلىپ توختىدى . ئۇ تېز يۈگۈرگەنلىكتىن ئىككى مەڭزى تاڭ شەپىقىدەك قىزىرىپ ، ھاسراپ تۇراتتى . ئۆتەمىش ئۇنىڭ گۈللۈك چىتتىن كۆڭلەك كىيىلگەن زىلۋا بويىغا ، ئۇششاق ئۆرۈلگەن قوڭۇر چاچلىرى ئۈستىدىن ھال رەڭ يىپەك ياغلىق چىگىپ تېخىمۇ گۈ-

زەللىشىپ كەتكەن ئايدەك جامالىغا ئىنتىزارلىق بىلەن كۆزلىرىنى تىكتى . قىز قانداقتۇر چۈشىنىكسىز ھاياجاندىن ئۆزىنى بېسۋالالماي نازۇك قول- لىرىنى كۆكسىگە قويغان ھالدا يىگىتكە يېنىش - يېنىشلاپ قارايتتى ، بىر نېمە دېمەكچى بولاتتىيۇ ، سۆزىنى قانداق باشلىشىنى بىلەلمەي چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىق ئالاتتى .

— ئايتۇزۇن ، نېمە بولدى ؟ — سورىدى ئۆتەمىش ، — بوۋام بىلەن ئاتامدىن دائىم قېچىپ يۈرەتتىڭ . بۈگۈن ئەجەب ئالدىراپ كېلىپ قاپسەنغۇ ؟

— ئۆتەمىش ، — دېدى قىز تېخىچىلا ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ، — ئاتام بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىمىز دەيدۇ .

— ھە ؟ قاچان ؟ نەگە ؟ — دېدى يىگىت ھاڭ - تاڭ بولۇپ .

— بىلمەيمەن . ئىشقىلىپ ، بۇ يەردىن كەتمىسەك بولمايدۇ دەيدۇ .

باسان قارا بىلەن تاپار بوۋايمۇ ئۇلارنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئەنسىرى- گەن ھالدا يېقىن كەلدى .

— نېمە بولدى ، قىزىم ؟ ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ ؟ — دەپ سو- رىدى تاپار بوۋاي .

ئايتۇزۇن ئۆزىنى بېسۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى - دە ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، ھېلىقى ئېتىزلىق تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى . بۇ قىز ئەسلى ئۆتەمىشنىڭ لايىقى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئائىلىسى يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ ئېتىزلىقتا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى . ئايتۇزۇننىڭ ئاتىسى تۇكەل بۇغا تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا باسان قارىنىڭ ئەلچىلىرىگە داس- تىخان سېلىپ ، بۇ ئارزۇلۇق يالغۇز قىزىنى ئۇنىڭغا كېلىن قىلىپ بې- رىشكە رازىلىق بىلدۈرگەنىدى . ئەمدى ئۇنىڭ تۇيۇقسىزدىن كۆچۈپ كەتمەكچى بولغىنى قانداق گەپ ؟

تاپار بوۋاي ، باسان قارا ۋە ئۆتەمىش قىزنىڭ كەينىدىن ئالدىراپ مېڭىشتى .

— بۇ يەردىن كەتمىسەك بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى ،

تۇغقانلار ، ـــ دېدى تۆكەل بۇغا بولغۇسى قۇدىلىرىغا ئۇدۇل قارىيالماستىن ، تىت ـ تىت بولغان قىياپەتتە ۋە قاپىرىپ يىرىكلىشىپ كەتكەن ئالىقىنى بىلەن تاقىر بېشىنى سىلاشتۇردى .

ـــ ھەر ئىش بولسىمۇ مەسلىھەت بىلەن بىر نېمە دېيىشەمدۇق ، ـــ دېدى باسان قارا .

ـــ ھەممىمىز بىللە كېتەيلى ، تۇغقانلار ، ـــ دېدى تۆكەل بۇغا ئۈمىدسىزلەنگەن ، ھەسرەتلەنگەن ئاھاڭدا ، ـــ ئېتىمىزغا تېرىغان ئاشلىق ، كۆكتاتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتتى . سۇ يوق ... كالا ، قويلىرىمىزنىڭمۇ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ كەتتى . بۇ ئەتراپتىن تۈزۈكرەك ئوت ـ چۆپمۇ تاپقىلى بولمىسا ... بۇ يەردە تۇرىۋەرسەك ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمىز . ئايتۆزۈننىڭ ئانىسى بۇلتۇر ئەتىيازدا قازا قىلغانىدى .... مۇشۇنداق ئاچلىقتىن ، كېسەلدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار ئازمۇ ؟ تۈنۈگۈن كەچتە نېرىقى ھويلىدىكى قوشنىمىزنىڭ ساپساقلا بىر ئوغلى ئۆلۈپ قاپتۇ ... تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىت ئىدى .

تاپار بوۋاي كۆزلىرىگە ياش ئالدى .

ـــ بۇ جاھاننىڭ ئىچى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ! ـــ دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاپ ، ـــ بىزنىڭ بۇ ئاۋات يۇرتلىرىمىزغا راستتىنلا كۆز تەگدىمۇ ؟

بىر چەتتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان ئايتۆزۈن ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ ، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى .

ـــ بىزمۇ كېتەيلى ، ئاتا ، ـــ دېدى ئۆتەمىش ئاتىسىغا يېقىنراق كېلىپ .

باسان قارا كونىراپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ياغلىقنى تاقىر بېشىدىن يۇلۇپ ئېلىپ ، ئىككى قولى بىلەن مىجىقلىغىلى تۇردى .

ـــ كەتمەي تۇرايلى ، تۆكەل بۇغا ، ـــ دېدى ئۇ ، ـــ ئەل نېمە بولسا بىزمۇ شۇ . ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ مۇشۇ يەرلەردە ياشاپ كەلدۇق . ئەمدى نەگە بارىمىز ؟ بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر . سىلىۋاتـ

قان ئۆيىمىز پۈتەي دەپ قالدى . بالىلارنىڭ تويىنى قىلىۋېتەيلى . ئۆ- تەمىشنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتكەنگىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالدىغۇ . قانداق قىلىمىز ؟ تەقدىر شۇنداق ئىكەن . ئىككى ئائىلە بىرلىشىپ جان بېقىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى . تىرىك جاندا ئۈمىد بار . غەيرەت قىلايلى .

تاپار بوۋاي قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ يۆتىلىپ كەتتى .

— مەنمۇ كېسەلچان بولۇپ كەتتىم ، — دېدى ئۇ ، — بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، ئۆمرۈم ئاز قالدى . كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بالىلارنىڭ تو- يىنى قىلىۋېتەيلى . تۆكەل بۇغا ، سەنمۇ ئۆز بالامدەك . كىچىكىڭدىن تارتىپ كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان . ئوبدان ئويلاپ باققىن ، قالغان گەپلەر بولسا ، كېيىن يەنە سۆزلىشەيلى .

— ماقۇل ئەمىسە ، — دېدى تۆكەل بۇغا ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى .

دەل شۇ چاغدا ئېتىزنىڭ نېرىقى بېشىدىن يانداپ كېلىۋاتقان بىر هارۋا كۆرۈندى . ئەسكى - تۈسكى لاتا - لۇقىلىرى بېسىلغان ئېگىز چاقلىق هارۋىغا خوتۇن - بالىلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ ، ئورۇقلاپ قوۋۇرغى- لىرى چىقىپ قالغان قوتۇر ئاتنى چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ كېتىۋاتقان كې- سەل چىراي ئادەم تاپار بوۋاي قاتارلىقلارغا سەل ئېگىلىپ سالام ئېيادى- سىنى بىلدۈردى .

— هەي بۇرادەر ، يول قاياققا ؟ — دەپ توۋلىدى باسان قارا .

هارۋىلىق ئادەم چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ ، ياشاڭغىراپ تۇرغان چې- قىر كۆزلىرى بىلەن باسان قارىغا قاراپ ، مېڭىشىنى توختاتماستىن جاۋاب بەردى :

— كۆچۈپ ماڭدۇق ، بۇرادەر . ئۆي - جايىنىمۇ ، هەممىنى تاشلاپ ماڭدۇق . بىزنىڭ قەبىلىنىڭ ئادەملىرى سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ . بىزمۇ ئۇلاردىن قالمايلى دېدۇق . بۇ يەردە ئۆلۈپ تۈگەيدىغان ئوخشاي- مىز . جان بېقىش ئەۋزەل .

كېلەڭسىز كۆتەك ھارۋا تاراقلاپ ، غىچىرلاپ ئۆتۈپ كەتتى. تۆكەل بۇغا ھارۋىنىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى .

— كىشىلەر ئۇرۇق - ئۇرۇقلىرى بويىچە كۆچۈۋاتىدۇ ، ھەتتا پۈتۈن - پۈتۈن قەبىلىلەرمۇ كېتىۋاتىدۇ ، — دېدى ئۇ .

# ئۈچىنچى باب

## تاغ - دالىلار ئىڭرىماقتا

ئوردۇبالىق شەھىرىنىڭ مەركىزىي قىسمى تۆپىلىك بولۇپ، شۇ تۆپىلىكتە مەزمۇت ۋە قېلىن تاش سېپىللار بىلەن قورشالغان ھەيۋەتلىك قەلئە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ قەلئە «ئالتۇنلۇق» ياكى «ئالتۇن ئوردا» دەپ ئاتىلاتتى. ئورخۇن خانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى ئايدىڭلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ قاتۇنى، توققۇز بۇيرۇقى ۋە خاس قورۇقچىلىرى بىلەن ئەنە شۇ قەلئە شەكلىدىكى ئالتۇن ئوردىدا تۇراتتى.

قاغاننىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. بىرىدىن بىرى كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەكتە ئىدى. ئاچارچىلىق ھەم كېسەللىكتىن ئۆلۈۋاتقانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. قوشۇنلاردا ئات يېتىشمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى توسۇۋالغىلى بولمايۋاتىدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن قىرغىزلار بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن تاتابىلار ئايرىلىپ چىقتى. شەرقتە قىتانلار، غەربتە قارلۇقلار ئۆكتە قوپقىلى تۇردى. ھازىر پەقەت توققۇز ئوغۇزلار بىلەن تۆلىسلەرلا تەۋرەنمەي تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق، بۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئاقساقال، ئەمەلدارلارنىڭ جەڭگى - جېدەللىرى كۆپىيىپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ، ھېچكىمنىڭ گېپىگە ھېچكىم كىرمەيدىغان قاتمال ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە ئىدى.

ئايدىڭلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغاننىڭ راسا بېشى قاتتى. ئۇنىڭ كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان، كۈندۈزى گېلىدىن غىزا ئۆتمەي-

دىغان بولۇپ كەتتى . دەردمەن قاغان ئوردا ئىچىدىكى ئارامگاھتا ھەسرەتلىك خىياللار بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تەنھا ئولتۇراتتى . كۆك بۆزدىن ئازادە يەكتەك كىيگەن كوسا مەھرەم ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ كىردى ـ دە ، قول قوشتۇرۇپ مەلۇمات بەردى :

ـــ بۈيۈك قاغانىمغا مەلۇم بولسۇنكى ، يان تېگىن تۆرەم قەدەم تەشرىپ قىلدى .

ـــ كىرسۇن ، ـــ دېدى ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان بوش ۋە مىسكىن ئاۋازدا .

بوي ـ بەستى كېلىشكەن ، تۇرقىدىن جەسۇرلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يان تېگىن قاسراقسىمان پولات ساۋۇتىنى شاراقلىتىپ كىردى ـ دە ، قاغان ئالدىدا بىر تىزىغا چۆكۈپ ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئالدى .

ـــ كۈن تەڭرىدە بولمىش ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغانىم قۇت بولسۇن ، ـــ دەپ سالام بەردى ئۇ .

ـــ قۇت بولسۇن ، يان تېگىن ، ـــ دېدى قاغان ئۇنىڭغا ئىلاجى بار خۇشخۇي كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ ، ـــ قېنى ، ئولتۇرغىن ، قانداق يېڭىلىقلار بار ؟ ئەل ئىچىدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ؟ سۆزلەپ بەرگىن .

قاغان بىلەن تېگىن سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان ئېيىق تېرىلىرىگە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇشتى . قاغانىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەپتىدىن ئۇنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا بىلىپ تۇرۇشقا نەقەدەر تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەشكە بولاتتى . يان تېگىننىڭ تۇرقى ـ سىياقىدىن ۋە سۆزلىگەندىكى تەلەپپۇزىدىن يوشۇرغىلى بولمايدىغان غەزىپى قايناپ ـ تېشىپ تۇراتتى .

ـــ ئەل بۇزۇلدى ، قارا بودۇن تاپتىن چىقتى ، ـــ دېدى ئۇ ، ـــ ھەممە يەردە باشباشتاقلىق ، تەرتىپسىزلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى . تاردۇش① بەگلىرى باشقا ئۇرۇقلارغا تېگىش قىلىپ ، چارۋا ماللارنى بۇلاپ ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە تىغ كۆتۈرۈپ ، بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ . بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال

① تاردۇش ـــ بىر قەبىلىنىڭ نامى .

قوشۇن تارتىپ، ئۇلارنىڭ يايلاقلىرىغا يۈرۈش قىلدىم. تاردۇشلار نەسىھەتلىرىمگە قۇلاق سالماي ئۆكتە قوپتى. جەڭ بولدى. ئۇلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ قاچتى. مەن ئۇلارنىڭ بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، پۇقرالىرىنى قايتۇرۇپ كەلدىم.

— ياخشى، ياخشى قىپسەن، پان تېگىن! شۇنداق قىلىش كېرەك ... شۇنداق قىلىش كېرەك ... — قاغان ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆزلەپ كەتتى. قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىپ تۇرغان ئادەم كىچىككىنە ئۈمىد بولغۇدەك بىر گەپنى ئاڭلاپ قالسا ئەنە شۇنداق ئالدىراپ كېتىدۇ.

پان تېگىن ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنىمش بىلگە قاغان دېگەن شۇنچە دەبدەبىلىك سەلتەنەت نامى بىلەن ئاتالغان ھۆكۈمدارنىڭ شۇ تاپتىكى بىچارىلەرچە تۇرقىغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈردى.

— بۈيۈك قاغانىم، — دېدى ئۇ ئاشكارا بىلىنىپ تۇرغان ئەيىبلەش تەلەپپۇزى بىلەن، — ئەھۋالىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىۋاتىدۇ. سىز ئەلنىڭ ئاتىسى. قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇنداق ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرىۋەرمەي ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانغايسىز، كەسكىن قارار چىقارغايسىز.

بۇنداق تەلەپپۇزدا ئېيتىلغان سۆزلەردىن قاغان تېخىمۇ تەمتىرەپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن چارىسىزلىكىگە تەن بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىنى غەيرەتلىك ھەم پاراسەتلىك ھۆكۈمران سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

— ئىلگىرى قاغانلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىمۇ ھازىرقىدەك قاتتىقچىلىقنى كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى ئۇمۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ھازىرقى ۋەزىيەتتە بىرەر كەسكىن قارار چىقىرىشمۇ تەس. قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئىجرا قىلىش تېخىمۇ تەس. ھازىرقى ئەمەلدارلار بىلەن تېگىنلەر بۇرۇنقىلاردەك جاسارەتلىك ئەمەس.

پان تېگىن بۇ گەپلەرنىڭ تەنە قىلىش مەنىسىنى چۈشەندى.

— قاغاندىن يارلىق چۈشسە پېقىر پان تېگىن جان پىدالىق بى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەن ئېجرا قىلىمەن ، ــ دېدى ئۇ .
ــ ئەمىسە مەندىن يارلىق ! ــ دەپ خىتاب قىلدى قاغان . ــ بۈگۈندىن باشلاپ قارا بودۇندىن سىلىق يىغىلسۇن ! بۇ ئىشقا سىز مەسئۇل بولغايسىز .
ــ بۇنداق قىلساق بولماسمىكىن ، بۈيۈك قاغانىم ، ــ دەپ ئېتىراز بىلدۈردى پان تېگىن ، ــ ھازىر يايلاقلىرىمىزدا قەھەتچىلىك بولۇۋاتىدۇ . قارا بودۇننىڭ سىلىق تۆلىگۈدەك ھالى يوق .
ــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟ ئوردا خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالدى . قوشۇندا ئات يېتىشمەيدۇ . قىيىنچىلىقلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ ، جاسارەتلىك پان تېگىن ! يىراقنى يېقىن قىلىدىغان سودىگەرلەرمۇ بۇ نەس باسقان يايلاقلارغا كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى .
ــ شۇنداقتىمۇ ، سىلىق يىغىشقا بولمايدۇ ، ــ دېدى پان تېگىن قەتئىيلىك بىلەن .
ــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟ ئوردا ئەھلى ئاچ قېلىۋاتىدۇ ، ــ قاغان ئاچچىقىنى باسالماي قاتتىق ۋارقىرىدى .
ــ چارۋىچىلاردا چارۋا يوق ، دېھقانلاردا ئاشلىق يوق ! ئۇلار قانداق قىلىدۇ ؟ ــ پان تېگىنمۇ قاغانغا قاتتىق تەگدى ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تەزىم قىلدى - دە ، تېز - تېز قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى .
ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنىمش بىلگە قاغان ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەن ھېس قىلىپ ، دەرمانسىز غەزەپتىن تىترەپ كەتتى .
ــ خەپ توختاپ تۇر ، گەدەنكەش مۇناپىق ! ــ دەپ بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى ئۇ ۋە ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ ، خۇددى قەپەسكە سولانغان قاپلاندەك خانا ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ كەتتى .
دەل شۇ چاغدا ئاق يىپەك كۆڭلەك كىيگەن ۋە كۆپتۈرۈپ ياسالغان قاپقارا قويۇق چاچلىرىغا ئالتۇن زىخچىلار قادالغان تەخمىنەن ئوتتۇز

بەش ياشلار چامىسىدىكى تابغاچ ئايال ئەنسىرىگەن ھالەتتە ئىشىكتىن ئالدىراپ كىرىپ كەلدى .

— نېمە بولدى ، بۈيۈك قاغانىم .

— تەيخې قاتۇن ، — دېدى قاغان مېڭىشتىن توختاپ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئامراق ئايالىنى كۆرۈپ ئاچچىقىنى بېسىۋالغان بولسىمۇ ، يەنىلا كۆڭلى پەرىشان ھالەتتە گەپ قىلماي بېشىنى ساڭگىلاتتى ۋە ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتا سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى .

ئەسلى كېلىپ چىقىشى تاڭ سۇلالىسى قۇنچۇيلىرىدىن بولۇپ ، ئۇيغۇر قاغانغا ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن « قاتۇن » دېگەن سۈپەت بىلەن ئۇلۇغلانغان ساھىبجامال تەيخې ھەر دائىمقىدەك ئالاھىدە سىلىق نازاكەت بىلەن ئاستا كېلىپ قاغانىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى .

— بۈيۈك قاغانىم ، بۇ يەردىن كېتەيلى ، كۆچۈپ كېتەيلى ، — دېدى ئۇ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ .

قاغان غەم باسقان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى . ئۇ ھەر دائىم تابغاچلارچە گۈزەللىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تەيخې قاتۇنىنىڭ ئاق سۈزۈك يۈزىگە ، قاپقارا قىيغاچ كۆزلىرىگە قارىغىنىدا يۈرەك - باغرىغا گوياكى يېقىملىق تۇيغۇلار ئىللىق ئېقىم بولۇپ قۇيۇلۇۋاتقاندەك مۇلايىملىشىپ قالاتتى ۋە ئۇنىڭ خۇددى ئەركە مۈشۈكتەك ئۆزىگە يۇمشاققىنا سۈركىلىپ تۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنى قانچە ئاڭلىسىمۇ زېرىكمەيتتى .

— نەگە كېتىمىز ، تەيخې ؟ نەگە كېتەلەيمىز ؟ — دېدى ئۇ چوڭقۇر مۇڭ - ھەسرەتكە تولغان ئاۋازدا .

— مېنىڭ يۇرتۇمغا كېتەيلى ، بۈيۈك قاغانىم . بۈيۈك تاڭ دۆلەتىنىڭ ئوردىسى بىزنى قارشى ئالىدۇ .

ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنىمىش بىلگە قاغان تېخىمۇ چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى .

— مەن قاغان تۇرسام ، — دېدى ئۇ چۈشكۈنلەشكەن بوش ئاۋازدا ، — بۇ يايلاقلارنى تاشلاپ ، ئۆز خەلقىمنى تاشلاپ نەگىمۇ

بارالايمەن ؟

تەيخى قاتۇن ئېرىنىڭ بىلىكىگە يۇمشاق كۆكسىنى يېقىپ چىڭ قۇچاقلىدى .

ــ دائىملىقتا ئەمەس ، ۋاقتىنچە كېتىپ تۇرايلى ، ــ دېدى ئۇ ، ــ چاڭئەنگە ياكى لوياڭغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇرايلى . بۇ يەردىكى ئەھۋال ياخشىلانغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلسەك بولىدىغۇ .

قاغاننىڭ ئىچكى ھېسسىياتى بىرقەدەر تەڭپۇڭلىشىپ ، ئىرادىسى قەتئىيلەشتى .

ــ بولمايدۇ ! ــ دېدى ئۇ كەسكىن تەلەپپۇزدا .

تەيخى قاتۇن ئۈنسىز يىغلىدى ۋە كۆڭلىكىنىڭ كەشتىلەنگەن كەڭ يېڭى ئىچىدىن ھال رەڭ يىپەك قولياغلىقىنى چىقىرىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى .

ــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز ، بۈيۈك قاغانىم ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ يىغىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئاۋازدا ، ــ ئوردا ئىچىدىمۇ يىمەكلىكنىڭ تايىنى قالمايۋاتىدۇ . ھەممە يەردە كېسەل تارقىلىپ كېتىۋاتىدۇ . ئۆزىڭىز بىلىسىز ، تېخى يېقىندىلا مېنىڭ ئىككى دېدىكىم كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى . بىزگىمۇ كېسەل يۇقماي قالارمۇ ؟

قاغان سۈيىدىن چۈشۈپ يەنە قاپاقلىرىنى تۈرگەن ھالدا ئۇيان ـ بۇيان ماڭغىلى تۇردى .

ــ ئوردىغا ئاتاقلىق ئەمچىلەرنى چاقىرتىمىز ، ــ دېدى ئۇ ، ــ سىرتتىن كېلىدىغان ئادەملەرنى كىرگۈزمەيمىز . شامانلارغا پېرە ئوينىتىپ جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلايمىز . ئات ـ تۆگىلەرنى بوغۇزلاپ مۇقەددەس روھلاردىن مەدەت تىلەيمىز . ئىبادەتخانىغا بېرىپ توۋا دۇئالىرىنى ئوقۇپ ، تەڭرى مانى بۇرخانغا تېۋىنىپ ، ئەزرۇئا تەڭرىدىن ، ئالەمنى ياراتقۇچى بەش تەڭرىدىن ئامانلىق تىلەيمىز .

ــ ھەممىشە مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز ، ــ تەيخى قاتۇن قېيىداپ سۆز ياندۇردى ، ــ مانىخەيلەرگىمۇ ئەگىشىسىز ، شامانلارغىمۇ ئىشىنىسىز . ئۇلارنىڭ زادى قايسىسىنىڭ يولى توغرا ؟

— بەس ! — دەپ قاغان يەنە غەزەپلەندى ، — بۇنداق ئىشلار بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن ! بۇ دېگەن بىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز . خالىساڭ سەنمۇ كۆڭزى - مىڭزىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرىۋەر .

— ئەمىسە يېمەكلىك مەسىلىسىنى قانداق قىلىمىز ؟ — تەيخې قاتۇن بولدى قىلماستىن يەنە سورىدى .

— بۇمۇ سېنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشىڭ ئەمەس ، — دېدى قاغان ، — يېمەكلىك تېپىلىدۇ .

تەيخې قاتۇن خۇددى يۇمشاق مۇشۇكتەك سۈپىدىن سىلىققىنا سىيرىلىپ چۈشتى ۋە يەنە قاغاننى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى .

× × ×

ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ ، ئىبادەتخانىغا باردى ۋە مۆمىن مانىخەيلەرگە خاس ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا تىلاۋەت قىلدى .

باش روھانى ۋەز ئېيتىپ بىر تالاي سۆزلىدى :

— ئادەملەردە ئىنساپ قالمىدى . ئادەملەر تەڭرى مانى بۇرخاننىڭ مەڭگۈ يورۇق تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ . ئۇلار ۋەھشىيلىك قىلىپ ئۆزئارا ئۇرۇشۇۋاتىدۇ ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ ، جانلىقلارنىڭ تەڭرى بەرگەن جانلىرىغا زامىن بولۇپ ، قان تۆكۈپ گۆش يەۋاتىدۇ . شەھەر ۋە يايلاقلىرىمىز گۇناھغا تولۇپ كەتتى . شۇڭا ، يورۇق تەڭرىلەرنىڭ غەزىپى كەلدى . تەڭرىلەر گۇناھكارلارنى جازالاش ئۈچۈن بېشىمىزغا بالايى - ئاپەت ياغدۇرۇۋاتىدۇ . ئەي ، كۈن تەڭرىدە بولمىش ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان ! سىز ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغى ، سىز بۇ ئەلنىڭ ئاتىسى ! سىز گۇناھكارلارنى جازالاڭ ، پۈتۈن بودۇننى ئەدەپ - ئەردەم ۋە ئىنساپقا باشلاڭ . شۇ چاغدىلا تەڭرىلەر بىزنى قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ . ئەزرۇئا تەڭرى سىزگە زىيادە

كۈچ بەرسۇن !

باش روھانىينىڭ ۋەز ئېيتىشى تېخى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا ئىبا-دەتخانا سىرتىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلاندى .

## تۆتىنچى باب

## ئاپەت ئۈستىگە پاراكەندىچىلىك

ئىبادەتخانا ئىچىگە يالتىراق تاۋار تون كىيگەن خام سېمىز بىر ئادەم ئىمكانقەدەر تېزرەك مېڭىشقا تىرىشىپ، خىرىلداپ ۋە پۈشۈلداپ كىرىپ كەلدى. ئاخىرقى كۈنلەردىن بېرى كېچە - كۈندۈز دەككە - دۈككە ئىچىدە يۈرۈشكە كۆنۈپ كەتكەن ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان «يەنە نېمە بولغاندۇ ؟» دېگەن سوئال مەنىسى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئايانچلىق كۆزلىرى بىلەن بۇ يېڭى كىرگەن كىشىنىڭ ھاياجانلىنىشتىن قىزىرىپ كەتكەن ئەتلىك يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

تاقىر باش، ئاق لىباسلىق باش روھانىي سالاپەتىنى بۇزماستىن ئۆزۈن ئاق ساقىلىنى ئاستا سىلاپ قويىدى ھەمدە يېڭى كىرگەن كىشىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— مەرھابا، ئۇلۇغ بۇيرۇق كۆلۈگ باغا تارقان. ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسىڭىز يۈكۈنۈپ ئولتۇرغايسىز.

كۆلۈگ باغا تارقان ئىسمىلىك بۇ كىشى ھەقىقەتەن ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغاننىڭ باش ۋەزىرى، يەنى ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىدى.

— يوقسۇ، ھۆرمەتلىك باش روھانىي، — دېدى ئۇ ئالدىراش تەزىم قىلىپ، — بۈگۈن ئىبادەت قىلىشقا چولام تەگمەيدۇ، مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى.

— نېمە ئىش ؟ — قاغان ئالدىراپ سورىدى.

— بۈيۈك قاغانىم، سىرتقا چىقايلى، — دېدى ئۇلۇغ بۇيرۇق كۆلۈگ باغا تارقان.

ئايدىنلىق بىلگە قاغان باش روھانىي بىلەن خوشلىشىشىمۇ ئۈنتۇپ ، ئولتۇرغان يېرىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە ، سىرتقا چىقتى .
— يايلاقتىكى بىرمۇنچە ئۇرۇق قەبىلىلەر ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ ! — دېدى ئۇلۇغ بۇيرۇق تەشۋىشلەنگەن ۋە ھاياجانلانغان ھالدا ئاق كىرگەن شالاڭ ساقىلىنى تىترىتىپ .
قاغاننىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ كەتتى .
— قايسى ئۇرۇقلار ؟ قايسى قەبىلىلەر ؟ — سورىدى ئۇ .
— مەنمۇ تېخى ئۇجۇر ـ بۇجۇرنى بىلىپ كەتكۈدەك بولمىدىم ، — دېدى كۈلۈگ باغا تارقان ، — بۇ خەۋەرنى تېخى بايىلا چاپارمەندىن ئاڭلىدىم . ئېشىتىشىمچە ، قارابالغاسۇن بېگى قوشۇن تارتىپ باشباشتاقلىق قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق .
— قارابالغاسۇن بېگى ؟
— شۇنداق ، بۈيۈك قاغانىم ، ھېلىقى مەن بىلەن ئىسىمداش بولسىمۇ ، ھەمىشە پىقىر بىلەن پۇت تېپىشىپ يۈرىدىغان قاپىقى يامان ، پەيلى بۇزۇق بەگچۇ .
— كۈلۈگ بەگمۇ ؟
— شۇنداق ، بۈيۈك قاغانىم ، دەل شۇ ، كۈلۈگ بەگ .
قاغاننىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى .
— چاتاق بوپتۇ ، چاتاق بوپتۇ ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ ، — يۈرۈڭ ، ئوردىغا قايتايلى .
ئۇلار دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ ، مەھرەم ۋە قوروقچىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەر مەركىزىدىكى تاش قەلئەگە قايتىپ كېلىشتى .
— كۈلۈگ بەگ بۇ ئەتراپتىكى بەگلەرنىڭ كاتتىسى ، — دېدى قاغان سارايغا كىرىپ ، ئېيىق ۋە يولۋاس تېرىلىرى سېلىنغان كەگرى سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، — كۈلۈگ بەگ چاتاق چىقارسا ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ . سىز دەرھال قول ئاستىڭىزدىكى قوشۇننى باشلاپ ، پاراكەندىچىلىكنى توختىتىڭ . كۈلۈگ بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭغا مېنىڭ يارلىقىمنى يەتكۈزۈڭ .

— ياش ئۈستىگە ، بۈيۈك قاغانىم .

× × ×

ئۇلۇغ بۈيرۇق كۆلۈگ باغا تارقان ئۆزىگە ئىسمداش بولغان كۆ-
لۈگ بەگنى بەك ئۆچ كۆرەتتى . ئۇ « ئۇلۇغ بۈيرۇق » مەنسىپىگە ئېـ
رىشكەندىن كېيىن يىراق - يېقىندىكى بارلىق بەگ ۋە مۆتىۋەرلەر ئۇنىڭغا
تۆۋەنچىلىك بىلەن باش ئېگىپ تەزىم قىلىشىدىغان بولدى . پەقەت مۇشۇ
كـۆلۈگ بەگلا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ، كۆلۈگ باغا تارقانغا يېلىنماي ،
خۇددى بۈيرۇقلار بىلەن ، ھەتتا ئوردا بىلەنمۇ كارى يوقتەك يۈرەتتى .
كـۆلۈگ باغا تارقان باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن تۈر-
لۈك قىلىقلارنى چىقىرىپ ، پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ يۈرگىنىنى كۆرگەندە
ئۆزىنى ھەقىقىي قۇدرەتلىك ھوقۇقداردەك ھېس قىلىپ ، دىلى يورۇپ
كېتەتتى . ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن قورقۇپ ، چۆچۈپ تۇرۇشىنى
خالايتتىكى ، قاغان ۋە بۈيرۇقلاردىن باشقا ھەرقانداق بەندىنىڭ ئۆزى
بىلەن باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇئامىلىدە بولۇشىنى ھەرگىز ياقتۇرمايتـ
تى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، كۆلۈگ بەگنىڭ ئارتۇقچە تەكەللۇپسىز مۇئامىـ
لىسى ئۇنىڭ دىلىغا قاتتىق تېگەتتى .

« خەپ توختاپ تۇر ! سېنىمۇ ئوگدا قويىدىغان كۈنلەر كېلىپ
قالار » دەپ ئويلايتتى ئۇلۇغ بۈيرۇق . ئۇ ھامان بۇ قاپىقى يامان بەگكە
ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن پۇرسەت ۋە باھانە ئىزدەيتـ
تى . مانا ، ئاخىر پۇرسەت كەلدى ، باھانە تېپىلدى . كۆلۈگ بەگ ئۆز
ئەتـراپىدىكى باشقا بەگلەر بىلەن چىقىشالماي ئۇرۇش قوزغىدى . ئايدىنـ
لىق ئۇلۇغ مۇنىمش بىلگە قاغان بۇ ماجىرانى تىنجىتىش ۋەزىپىسىنى كۆ-
لۈگ باغا تارقانغا تاپشۇردى . « ئەمدى ئاشۇ ھاكاۋۇر كۆلۈگ بەگنىڭ
نوخلىسىنى ئالىدىغان پەيت كەلدى ، — دەپ ئويلىدى باغا تارقان ، —
ھەر قانچە باي بولساڭمۇ ، ھەرقانچە يامان بولساڭمۇ قاغانغا تەڭ كېلەلـ
مەيسەن ، ئەخمەق بەگ ! »

ئەنە شۇنداق ئىلھامبەخش خىياللار بىلەن روھلىنىپ، مەنىۋى كۈچ توپلىغان ئۇلۇغ بۇيرۇق كۆلۈگ باغا تارقان ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ يۈرۈشكە ئاتلاندى.

ئۇرۇش بولۇۋاتقان جايغا يېقىنلاشقانسېرى قاچقۇنلار كۆپلەپ ئۇچراشقا باشلىدى. ئېچىرقاپ ئورۇقلاپ كەتكەن، ئۈستۈبېشى جۇل - جۇل بولۇپ، ئەپتىدىن نامراتلىق ۋە بىچارىلىك يېغىپ تۇرغان ياش - قېرى، ئەر - ئايال ۋە ئۇششاق باللار ھارۋىلىق، ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇشۇپ توپ - توپى بىلەن كۆچمەكتە ئىدى. كۆلۈگ باغا تارقان ئۇلاردىن سورايتتى:

— نېمە ئادەم سىلەر؟ نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

ھارغىن كۆچمەنلەر ئۇنىڭغا نۇرسىز كۆزلىرىنى تىكىپ:

— ھەممە يەردە ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. جان بېقىشقا ئامالسىز قالدۇق. تىرىكچىلىك قىلغىلى بولغۇدەك يەرنى ئىزلەپ ماڭدۇق، — دېيىشەتتى - دە، يولىنى داۋاملاشتۇراتتى.

كۆلۈگ باغا تارقان شۇ ئۇرۇش بولۇۋاتقان يەرلەرنى كۆزلەپ، قوشۇننى تېز سۈرئەت بىلەن باشلاپ توختىماي ئىلگىرىلىدى.

قوشۇننىڭ ئالدى تەرىپىدە سۈرەتلىنىپ ياتقان قات - قات ئېدىرلار ئارىسىدىن يىگىرمە - ئوتتۇزدەك چارلىغۇچى ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلدى - دە، ئاشۇ ئېدىرلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. كۆلۈگ باغا تارقان ئېتىغا قامچا ئۇردى.

دەرۋەقە، ئۇيۇققا تاقاشقان كەڭ دالادا گويا كى دوزاخ ئوتى قاينىماقتا ئىدى. مىڭلىغان چەۋەندازلار ئىككى سەپتىن بىر - بىرىگە ئېتىلىپ، دەھشەتلىك قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كەتكەنىدى. كۆلۈگ باغا تارقان ئېگىز تۆپىلىكتە ئېتىنى توختىتىپ، بىر ئەسناغىچە جەڭ مەنزىرىسىنى كۆزىتىپ تۇردى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان سانغۇن بىر قولى بىلەن جەڭ مەيدانىنى كۆرسىتىپ دېدى:

— كۈنچىقىش تەرەپتىن كېلىۋاتقانلار كۆلۈگ بەگنىڭ ئادەملىرى ئىكەن.

— شۇنداق ، — دېدى كۆلۈگ باغا تارقان .

— دەرھال قوشۇن تارتىپ ئۇرۇشنى توختىتايلى ، — دېدى يەنە سانغۇن .

ئۇلۇغ بۇيرۇق بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن بېشىنى ئاستا چايقىدى .

— ياق ، ئۇلار يەنە ئۇرۇشۇپ باقسۇن .

سانغۇن سەل ئەجەبلەنگەن ۋە رازى بولمىغان قىياپەتتە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى .

— نېمىشقا ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ، — بىز بۇ يەرگە ئۇرۇشنى توختىتىش ئۈچۈن كەلدۇققۇ .

كۆلۈگ باغا تارقان قاپىقىنى تۈرۈپ ئۈنچىقمىدى . ئۇ كۆلۈگ بەگ قوشۇنىنىڭ كۆپرەك تالاپەت تارتىشىنى ، مۇمكىن بولسا پۈتۈنلەي تارمار بولۇشىنى كۈتەتتى . لېكىن ، ئۇزاق ئۆتمەي ئەھۋال ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى . كۆلۈگ بەگنىڭ قوشۇنى تەدرىجىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى . قارشى تەرەپنىڭ سەپلىرى يېمىرىلىپ ، ئات ۋە ئادەملىرى كەينى - كەينىدىن قىرىلىپ يىقىلغىلى تۇردى . ئەمدى تۆپىلىكتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان كۆلۈگ باغا تارقاننىڭ چىرايى جىددىيلەشتى .

— قوشۇنىنى ئاتلاندۇرۇڭ ! ئۇرۇشنى توختىتايلى ، — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ يېنىدىكى سانغۇنغا .

شۇنىڭ بىلەن ئوردۇۋالىقتىن كەلگەن قوشۇن تۆپىلىكتىن تېزلىكتە يامراپ چۈشۈپ ، جەڭ مەيدانىغا بۆسۈپ كىردى . ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيىپ ، قاۋۇل قارا ئارغىماققا مىنگەن سانغۇن قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياڭراق ئاۋازدا ۋارقىرىدى :

— قاغاندىن بۇيرۇق ! جەڭ توختىسۇن !

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭدە كۆزلىرى قىزىرىپ ، چىرايلىرى دەھشەتلىك تۈس ئالغان چەۋەندازلىرى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى تارتىشتى . ھايال ئۆتمەي جەڭ توختىدى . ئوردۇۋالىقتىن كەلگەن سانغۇن

يەنە ۋارقىرىدى :

— قاغاندىن بۇيرۇق ! ئۆز بارگاھلىرىڭلارغا قايتىڭلار ! كىم بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىسا شۇ قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ !

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سانغۇن ۋە چاۋۇشلىرى قاغاننىڭ بۇيرۇقنى ئېلىپ كەلگەن بۇ سۇرلۇك سانغۇنغا كۆز تىكىپ ، ئارىسالدىچىلىقتا تۇرۇپ قېلىشتى . ئۇلار « بۇ سانغۇن راست قاغاننىڭ يېنىدىن كەلگەنمۇ ؟ » دېگەن گۇمان بىلەن كۆڭۈللىرىنى توختىتالمايۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ۋەھالەنكى ، ھەر ئىككى سەپتىكىلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇ سۇرلۇك سانغۇننىڭ يېنىدا يالتىراق تاۋار تونغا پۈركەنگەن ھالدا ئاق ئارغىماقتا كىدىيىپ ئولتۇرغان كۆلۈگ باغا تارقاننى تونۇدى .

— راست ، بۇلار قاغاننىڭ يېنىدىن كەپتۇ ، — دېيىشتى ئۇلار .

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ ھورى بېسىلىپ ، ئۆز بارگاھلىرىغا قايتىشتى .

— كۆلۈگ بەگنىڭ تۇرالغۇسىغا بارايلى ، — دېدى كۆلۈگ باغا تارقان .

كۆلۈگ بەگنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى . بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى قېيىنزارلىق ياقىسىدا بىرنەچچە چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەن بولۇپ ، ئەتراپتا ئېگەرلەنگەن ئاتلار دەرەخ شاخلىرىغا باغلانغانىدى ، نەيزىلىك قاراۋۇللار ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ تۇرۇشاتتى . ئوتتۇرىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە كۆركەم يىپەك چېدىردىن ھالقىسمان پولات ساۋۇت كىيگەن بەستلىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى .

— قۇت بولسۇن ، مېھمانلار ، — دېدى ئۇ كۆلۈگ باغا تارقان بىلەن ھېلىقى سانغۇنغا تىك بېقىپ ، لېكىن تەزىم قىلمىدى ، ئېگىلىپمۇ قويمىدى .

— قۇت بولسۇن ، كۆلۈگ بەگ ، — دېدى سانغۇن ۋە ئۇنىڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ، بېشىنى ئەگدى .

ئۇلۇغ بۇيرۇق كۆلۈگ باغا تارقان ئۇنچىقماستىن كۆلۈگ بەگكە مىختەك قادىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا « مەن كاتتا ھوقۇقدار »

دېگەندەك تەكەببۇرلۇق ئىپادىسى ۋە شەخسىي ئۆچمەنلىك ئالامەتلىرى خېلى ئېنىق سېزىلىپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغان كۆلۈگ بەگنىڭ دولقۇنسىمان بۇدۇرلىشىپ كەڭ يەلكىلىرىگە چېچىلىپ چۈشكەن ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرىغا ، قىسقا قىرقىلغان قويۇق ساقال ـ بۇرۇتىغا ۋە بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ قورقۇمسىز قارا كۆزلىرىگە قا- رىغانسېرى جۇدۇنى ئۆرلىدى . « بۇنىڭ يوغانچىلىقىنى قارا ! — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — ئوردىدىن كەلگەن مەندەك بىر ئۇلۇغ بۇيرۇقنىڭ ئالدىدا قىلچە ھېيىقماستىن گىدىيىپ تۇرۇشىنى ! خەپ توختاپ تۇر ... »

— مەرھەمەت ، — دېدى كۆلۈگ بەگ خوجايىنلارچە تەكەللۇپ- سىز قول ھەرىكىتى بىلەن چېدىر ئىشىكىنى كۆرسىتىپ .

ھەممەيلەن چېدىر ئىچىگە كىرىپ ، گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان قاپلان ۋە تۈلكە تېرىلىرىگە ئولتۇرۇشتى . كۆلۈگ باغا تارقان ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى كۆرسىتىپ ، بۇ مەنمەنچى بەگنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش مەقسىتىدە گەپنى ئۇدۇل قاغاننىڭ سەلتەنەتلىك نامىدىن باشلىدى :

— كۆن تەڭرىدە قۇت بولمىش ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان سىزگە يارلىق چۈشۈردى .

— ياخشى گەپ ، قاغاننىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈش ھوقۇقى بار ، — دېدى كۆلۈگ بەگ يەنىلا سالاپىتىنى بۇزماستىن .

— مانا يارلىق ، — كۆلۈگ باغا تارقان تاۋار تونىنىڭ قوينىدىن يارلىق يېزىلغان قىلىن سېرىق قەغەزنى چىقىرىپ ساھىبخانا بەگكە ئۇزاتتى .

بەگ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ سوغدى يېزىقىدا پۈتۈلگەن يارلىقنى ئېلىپ مۇنداقلا بىر قاراپ قويدى ـ دە ، ئالدىغا قويۇپ قويدى .

— مەن ئۆزىمىزنىڭ تۈرك يېزىقىنى بىلىمەن ، مانىخەيلەرنىڭ سوغدى يېزىقىنى تېخى ئۆگەنمىدىم ، — دېدى ئۇ .

كۆلۈگ باغا تارقاننىڭ ئوغىسى قايىنىدى .

— قاغاننىڭ يارلىقىغا بۇنداق مەنسىتمەسلىك بىلەن جاۋاب قى- لىش ئېغىر گۇناھ ، كۆلۈگ بەگ ! — دېدى ئۇ ، — قاغان سىزنىڭ يەنە

ئۇرۇش قوزغاپ ، مۇنداق پاراكەندىچىلىك سېلىشىڭىزنى چەكلىدى . دەرھال قاغاننىڭ ھۇزۇرىغا داخىل بولۇپ ، گۇناھىڭىزغا تۇۋا قىلغايسىز ، كۆلۈگ بەگ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— كۆلۈگ باغا تارقان ، — دېدى ئۇ ئېرەن قىلمىغان قىياپەتتە ، — سىز ئايدىنلىق قاغانغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ ، ھازىر مەن بەك ئالدىراش ، ئوردۇبالىققا سەپەر قىلىشقا ۋاقتىم يەتمەيدۇ . ئىشلىرىم پۈتـ كەندە چوقۇم ئوردىغا كىرىپ قاغان بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلىشـ مەن ، ھازىرچە ئالدىرىماي تۇرسۇن .

كۆلۈگ باغا تارقاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سانغۇن سۇرلۇك قىيا-پىتى بىلەن كەسكىن تەلەپپۇزدا خىتاب قىلدى :

— قاغانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىسىز ، كۆلۈگ بەگ ! ئەردەم قائىدىمىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ !

كۆلۈگ باغا تارقاننىڭ چېقىر كۆزلىرى چەكچىيىپ ، شالاڭ سا-قىلى تىترەپ كەتتى .

— قاغانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ئىسياندىن دېرەك بېرىدۇ ! — دېدى ئۇ ، — سىز ھەتتا بۈيۈك قاغانىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى ئاتىغاندا ئۇنىڭ « ئۇلۇغ » ، « بىلگە » دېگەن سۈپەتلىرىنىمۇ تىلغا ئالمىدىڭىز . بۇ گۇناھ ... ئەڭ ئېغىر گۇناھ !

ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئىككى قاراۋۇل بۇ غەزەپلىك قاتتىق ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ، قىلىچلىرىنىڭ دەستىلىرىنى چىڭ تۇتۇشقان ھالدا چېدىر ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى . كۆلۈگ بەگ تەمكىنلىك بىلەن ئۇلارغا قول ئىشارىتى قىلدى .

— ھېچ ئىش يوق ، چىقىپ كېتىڭلار .

قاراۋۇللار يەنە چىقىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇشتى . كۆلۈگ بەگ خۇددى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى :

— مەندە گۇناھ يوق ، مەن ئۇرۇش قوزغىمىدىم . باشقىلار تىغ كۆتۈرۈپ كېلىپ مېنىڭ يايلاقلىرىمنى بېسىۋالسا ، يىلقىلىرىمنى بۇلاپ

كەتسە مەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىمەنمۇ ؟ ھەممە يەردە كىشلەر ئەدەپ ـ ئەردەم دېگەننى ئۇنتۇپ كەتتى ، تەرتىپ ـ ئىنتىزام بۇزۇلدى . كېسەل تارقىلىپ ئادەملەر ئۆلۈۋاتىدۇ . قەھەتچىلىكتە جان قايغۇسىدا قالغان ئادەملەر بەئەينى قۇترىغان ھايۋانغا ئوخشاپ قالدى . لېكىن ، بىزنىڭ قاغانىمىز نېمە قىلىۋاتىدۇ ؟ ئەلنى قوغداپ ، تەرتىپ ئورنىتىپ ، خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن ئۇ نېمە قىلدى ؟

كۆلۈگ باغا تارقان بىلەن سانغۇن قاغاننى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئەيىبلەۋاتقان بۇ ئۆز سۆزلۈك بەگكە دەھشەت ۋە ھەيرەت ئىچىدە قاراپ گويا قېتىپ قېلىشتى . كۆلۈگ بەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— قاغان ئەلنى تۈزەش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىش قىلمىدى ، ھېچقانداق ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنالمىدى . قاغان قابىل بولمىسا ئەلنىڭ كۈنى تەس بولىدىكەن .

كۆلۈگ باغا تارقان بۇ گەپلەردىن قورقۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى . سانغۇن ئورنىدىن دەس تۇردى .

— سىز قاغانغا بويسۇنمايمەن دېمەكچىمۇ ؟ — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلدى ئۇ .

كۆلۈگ بەگمۇ ئورنىدىن قوپتى .

— مەن پەقەت قاغان ئەلنىڭ غېمىنى يېيىشى كېرەك دېمەكچىمەن ، — دېدى ئۇمۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ .

سانغۇن بىلەن بەگ بەجايىكى قانلىق جەڭ مەيدانىدا دوقۇرۇشۇپ قالغان رەقىبلەردەك بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىش نەزىرى بىلەن قارىشىپ قېلىشتى . كۆلۈگ باغا تارقان ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى . ئۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى .

— بولدى ، سانغۇن ، بىز قايتايلى ، — دېدى ئۇ ۋە چېدىردىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى . سانغۇنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى . ئىككىيلەن دەرھال ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە ، كۆلۈگ بەگكە « خوش » مۇ دېمەستىن ئۆز قوشۇنى ئارام ئېلىۋاتقان جايغا چېپىپ كېتىشتى .

— قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى ، — دېدى

سانغۇن .

— ياق ، هازىر بولمايدۇ ، — دېدى باغا تارقان ، — ئەمدى تېزرەك قايتىپ ئەھۋالنى قاغانغا مەلۇم قىلايلى .

شۇنىڭ بىلەن ئوردىنىڭ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ھېچقانداق ھەرىكەت قىلالماستىن ئوردۇبالىققا قايتىپ ماڭدى . ئۇلۇغ بۇيرۇق كۆلۈگ باغا تارقان زەردىگۈش بولۇپ ئېگەر ئۈستىدە تولغىناتتى .

« خەپ توختاپ تۇر ، كۆلۈگ بەگ ! خەپ توختاپ تۇر ... »

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## بۈيۈك قاغان بۈيۈك ئەمەس

تاپار بوۋاي بىلەن ئوغلى باسان قارا هارۋىغا ئولتۇرۇپ، بولغۇسى قۇدىسى تۆكەل بۇغىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار كىگىز سېلىنغان سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ تىنچلىق، ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن تاپار بوۋاي سۆز ئاچتى:

— گېپىمگە قۇلاق سالغىن، تۆكەل بۇغا، يېڭى ئۆيىمۇ پۈتتى، كۆچۈپ كىرىۋالدۇق. ئەمدى ئايتۇزۇن قىزىمنى ئۆرپ - ئادىتىمىز بويىچە رازى - رىزالىق بىلەن توي قىلىپ ئەكىرىۋالساقلا بولىدۇ. رازىلىق بەرگىن، تۆكەل بۇغا، بۇ ئىشنى يەنە كەينىگە سوزمايلى.

تۆكەل بۇغا تاقىر بېشىنى ساڭگىتىلىپ، بىر ئەسناغىچە ئۈنچىقماستىن پۈشۈلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كۆك بۆز كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يەنىمۇ كەڭرەك ئېچىۋېتىپ، تۈكلۈك مەيدىسىنى قاشلاپ قويدى.

— مەنمۇ بۇ ئىشقا رازى بولۇپ تۇرۇۋاتىمەنغۇ، تاپار بوۋاي، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ دەيدىغىنىم، بۇ يەردىن كېتەيلى. سۈيى ئەلۋەك، ئورمانغا يېقىن بىرەر جايغا بېرىپ، هېچبولمىغاندا بىلىق تۇتۇپ، ئوۋچىلىق قىلىپ بولسىمۇ بىر مەزگىل جان بېقىپ تۇرايلى. جاهان ئوڭشالغاندا يەنە قايتىپ كەلمەيمىزمۇ. بۇ يەردە يا ئېتىزدىن هوسۇل چىقمىسا، يا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن خاتىرجەم بولالمىساق... بۇ شەهەردە ئاچلىقتىن، كېسەلدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار ئازمۇ؟

بىر ئەسناغىچە ئېغىر جىمجىتلىق هۆكۈم سۈردى. تاپار بوۋاي

ئۇھ تارتىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. باسان قارا قانداقتۇر بىر بەلگىسىز نۇقتىغا تىكىلگىنىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ كەتتى.

— مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭلار، قېرىنداشلار، — دېدى يەنە تۆكەل بۇغا، — سىلەرغۇ ھۇنەرۋەن خەق، قول - ئىلكىڭلاردا بار. لېكىن، ماڭا ئوخشاش تېرىقچىلارنىڭ كۈنى تەس بولدى. دەريا - ئېقىنلار قۇرۇپ كەتتى، يا ئاسماندىن بىر تامچە يامغۇر چۈشمىسە...

— قۇدا بولغاندىن كېيىن بارنى تەڭ كۆرمەمدۇق، تۆكەل بۇغا، — دېدى تاپار بوۋاي.

تۆكەل بۇغا بېشىنى چايقاپ، ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ھېلىغىچە جىم ئولتۇرغان باسان قارا، — باشتا توينى قىلايلى. ئاندىن سىلەر ئۆتەمىش بىلەن بىللە تاغقا چىقىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلەرسىلەر. مەن بۇ يەردە شاگىرتلىرىم بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ تۇراي.

تۆكەل بۇغا ئەمدى رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ تاقىر بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا تاشقىرىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ۋە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ قالايمىقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۈچ سۆھبەتداش بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى - دە، دەرھال ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ تاشقىرىغا چىقىشتى. يانلىرىغا قىلىچ، خەنجەر ئاسقان بەش - ئالتە چەۋەنداز ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ئۆيلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى كەڭرى مەيداندا توختىدى. ئۆي - ئۆيلەردىن چىققان بىر توپ ياش - قېرى كىشىلەر، ھەتتا بىر قىسىم ئاياللار ۋە ئۇششاق باللار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ چەۋەندازلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. تاپار بوۋاي باشلىق ئۈچەيلەنمۇ توپقا قوشۇلۇپ، ھېلىقى چەۋەندازلار توختىغان يەرگە كەلدى.

— نېمە ئىش بولغاندۇ؟ بۇ ئوردىنىڭ ئادەملىرىغۇ، — دېدى تۆكەل بۇغا.

ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ ھەر خىل تەخمىنلەر بىلەن غۇلغۇلا قى-
لىشماقتا ئىدى .

— قاغاننىڭ ئۇقتۇرۇشى بار ئوخشىمامدۇ ؟

— ھاشارغا بارىدىغان ئىشمۇ يا ؟

— ياكى سېلىق يىغىدىغان ئىشمۇ ؟

چەۋەندازلار ئىچىدىكى ئويناقلاپ تۇرغان قارا ئارغىماققا مىنگەن
بىرەيلەن ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىغا ئۆتتى ۋە ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
ۋارقىرىدى :

— ئەي خالايىق ، ئاكىلاكىلار ، ئاكىلىمىدىم دېمەكىلار ! قاغاننىڭ
بۇيرۇقىنى يەتكۈزىمەن .

باسان قارا بۇ جاكارچى چەۋەندازنى تونۇۋالدى ۋە كىشىلەر ئا-
رىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ خىتاب قىلدى :

— ئەي بارمان يۈز بېشى ، سالامەتمۇ سەن ؟ قاغاننىڭ قانداق
بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلدىڭ ؟ قۇلاققا ياققۇدەك گەپ بارمۇ ؟

بارمان يۈز بېشى كېلىشكەن قىران كىشى ئىدى . ئۇزۇن قوڭۇر
چاچلىرى سەلكىن شامالدا ئۇچۇپ ئويناپ تۇراتتى . قىسقا قىرقىلغان
بۇرۇتى ۋە چىنىڭ ھىمرىلگەن قارا قاشلىرى ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن يۈ-
زىگە ئالاھىدە بىر خىل باھادىرلىق تۈسىنى بېرىپ تۇراتتى . ئۇ ئوڭ
ياندىن ئېزمىلەنگەن ئاق بۆز كۆڭلىكىنىڭ بېلىدىن كەڭ تاسما كەمەر
باغلاپ ، قىلىچ ئاسقانىدى . ئۇنىڭ غاز بويۇن قارا ئارغىمىقىمۇ كوكۇلىسى
ۋە يالى تەكشى قىرقىلغان چىرايلىق بېشىنى سىلكىپ ، پۇرقۇپ ، يەرنى
تېپىپ ، ئىگىسىنىڭ سۆلىتىگە سۆلەت قوشۇپ تۇراتتى .

— ھە بۇرادەر ، سەنمۇ چىقىپسەن - دە ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ
ئالدىدا تۇرغان باسان قارىغا كۆز تىكىپ ، — قاغاننىڭ بۇيرۇقىنى يەت-
كۈزىمەن . سېنىڭ قۇلىقىڭغا ياقامدۇ ، ياقمامدۇ ، بۇنى بىلمەيمەن . لې-
كىن ، قاغاننىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلماقلىق ھەربىر پۇقرانىڭ مەجبۇرى-
يىتى .

يىراق - يېقىندىن يەنە كىشىلەر كېلىپ ، توپ ئۇلغايدى ،

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆپەيدى .

— ئەي ئەزىمەت ، قېنى گېپىڭنى قىل . قاغاننىڭ قانداق بۇيرۇقى بار ؟ — كىشىلەر ھەر تەرەپتىن خىتاب قىلىشتى .

— قاغاننىڭ بۇيرۇقى ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى بارمان يۈز بېشى ، — ئات مىنىپ ، قىلىچ تۇتالايدىغانلىكى ئەركەكلەر ئەتە ئەتىگەندە جەڭگىۋار ھالەتتە ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىپ تەخ بولۇڭلار ! ئۇرۇش بولدى ، ھەممە ئادەم شەھەر مۇداپىئەسىگە ئاتلىنىشى كېرەك .

يۈز بېشىنىڭ جاكارىنى ئاڭلاپ جەم بولۇشقان ئادەملەر يەنە چۇقان كۆتۈرۈشتى :

— ئۇرۇش !

— كىم بىلەن ئۇرۇشىمىز ؟

— قايسى دۈشمەن كەلدى ؟

بارمان يۈز بېشى ئېتىنى دېۋىتىپ ، يۈرۈشكە تەمشەلدى .

— قايسى دۈشمەن كەلگەنلىكىنى مەنمۇ ئۇقمىدىم ، — دېدى ئۇ خالايىققا بىر قۇر سەپسېلىپ ، — ئىشقىلىپ ، دۈشمەن كەلگەنلىكى ئېنىق . يولنى بوشىتىڭلار ، يۈرتداشلار ، باشقا مەھەللىلەرگە بېرىپ ئۇقتۇرۇش قىلىشىم كېرەك .

كىشىلەر ئىككى ياققا ئايرىلىپ ، چەۋەندازلارغا يول بەردى . يۈز بېشى ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ باسان قارىغا خىتاب قىلدى :

— ئوغلۇڭ ئۆتەمىش كۆرۈنمەيدىغۇ ، ئۇستام ؟ ئۇ چوقۇم قوشۇنغا قاتناشسۇن .

× × ×

بۇ چاغدا ئۆتەمىش بىلەن ئايتۇزۇن شەھەر سىرتىدىكى دالادا ئاستا قەدەملەر بىلەن يانمۇ يان كېتىپ باراتتى . ئۇلار ئىككىسى يالغۇز قالغاندا قانچە سۆزلەشسىمۇ گېپى تۈگىمەيتتى . چوڭلار تالاش ـ تارتىش

قىلىشىۋاتقان « بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىش ياكى كەتمەسلىك » مەسىلىسى ئۇلار ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى . مۇھىمى ، ئۇلار ئىككىسى ئىلاجى بار تېزرەك توي قىلىۋالسا ، نەدە تۇرسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ !

— ئاتام بىلەن بوۋام كۆچمەيمىز دەپ ئەجەبمۇ كاجلىق قىلىۋاتىدۇ ، — دەيتتى ئۆتەمىش ، — ياز كۈنلىرى تاغقا چىقىپ ئۇۋ قىلساق ياخشى ئەمەسمۇ .

— مېنىڭ ئاتام كۆچىمىز دېسە كۆچىمىز دەپ ئەجەبمۇ تەرسالىق قىلىۋاتىدۇ ، — دەيتتى ئايتۇزۇن ، — باشقىلارمۇ كۆچۈپ كەتمەي ياشاۋاتىدىغۇ .

— بىراق ، راستىنى ئېيتقاندا ، بۇ ئەتراپتا جان بېقىشمۇ تەس بولۇپ قالدى ، — دېدى ئۆتەمىش ، — قارىغىنا ، ھەممە يەر قاقاسلىشىپ كەتتى ، ئوت - چۆپلەر تۈزۈك ئۆسمىدى ، ئۆستەڭلەرمۇ قۇرۇپ كەتتى .

— ھەئە ، راست ، — دېدى ئايتۇزۇن ئۇيان - بۇيانغا كۆز يۈگۈرتۈپ .

دېمىسىمۇ ، ئادەم نەگە قارىسا ھەممە يەردە قۇرۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلەر پاخاللىشىپ كۆڭۈلسىز مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى .

— بۇ دالادا ئۇۋ قىلغۇدەك توشقان ، كەكلىك دېگەنلەرمۇ قالمىدى ، — دېدى ئۆتەمىش .

ئايتۇزۇن ئۈنچىقماستىن ئۆتەمىشكە يېپىشتى . يىگىت خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك سىلىققىنا ھەرىكەت بىلەن ئۇنى باغرىغا باستى . ئۇلار گوياكى بىر جان ، بىر تەن بولۇپ بۇ قاقاس دالادا ئۇزاققىچە ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ كەتتى .

ئۇشتۇمتۇت قانداقتۇر بىر تۇتۇق سادا ئاسماننى قاپلاپ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندەك ، قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچ يەرنى تىلغاپ تىترىتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . يىگىت بىلەن قىز چۆچۈپ باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى ، « بۇ نېمە ؟ » دېگەندەك قىلىپ بىر - بىرىگە قاراشتى ، ئاندىن باشلىرىنى شەھەر تەرەپكە بۇراشتى . شەھەر سېپىلىنىڭ ئىككى

دەرۋازىسىدىن بىراقلا زور قوشۇن ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە سەلدەك ئېقىپ كىلىۋاتاتتى .ئاسماننى قاپلىغاندەك ، يەرنى تىترىتىۋاتقاندەك بىلىنگەن سادا ئەسلىدە ئەنە شۇ ئون مىڭلىغان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۇپۇرلەشلىرى ئىدى . يىگىت بىلەن قىز بىر ـ بىرىنى قويۇۋېتىپ ، قىلىچ ، نەيزىلەر بىلەن قوراللىنىپ ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىشىپ ، جەڭگىۋار ھالەتتە دالاغا ئىچكىرىلەپ كىتىۋاتقان ئاتلىق قوشۇنغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قېلىشتى .

— ئۇلار نەگە بارىدىغاندۇ ؟ — دىدى ئۆتەمىش ۋە بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كىيىن قىزنىڭ قولىنى تارتتى ، — يۈر ، ئايتوزۇن ، شەھەرگە قايتايلى ، نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقايلى .

ئاخىرقى ۋاقىتلاردىن بۇيان قەھەتچىلىك ئەۋج ئالغانسېرى ئۇ ئۇرۇق بىلەن بۇ ئۇرۇق ، ئۇ قەبىلە بىلەن بۇ قەبىلە يايلاق ، سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ئىشلار پات ـ پات سادىر بولۇپ تۇراتتى . ئەمما ، ئوردىنىڭ زور قوشۇنى ھەرىكەت قىلىنىدىغان ئەھۋاللار ئادەتتە كۆپ كۆرۈلمەيتتى .

ئۆتەمىش بىلەن ئايتوزۇن شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىشى بىلەنلا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھاجايانلىنىپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە « قاغان ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئوردا قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپتۇ » دىگەن گەپنى ئاڭلىدى .

× × ×

شۇنداق قىلىپ ، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە ئۆتەمىش بىلەن ئايتوزۇننىڭ توي ئىشى ئەمەلگە ئاشمىدى . تۇكەل بۇغمۇ تاغ ۋە يايلاق تەرەپلەرگە كۆچۈپ كىتىش ئويىدىن يالتايدى ، چۈنكى بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شەھەردىن چىقىپ دالادا يۈرۈش خەتەرلىك بولاتتى ، ئەلۋەتتە . ئۆتەمىش ئاتىسى باسان قارا بىلەن شەھەرنى مۇداپىئە قىلغۇچى پىدائىيلار قوشۇنىغا قاتناشتى .

ئالاھازەل ئون مىڭ پىدائىي، بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى پىيادە، ھەر كىم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن قىلىچ، نەيزە ياكى ئوقيا بىلەن قوراللانغان ھالدا ئوردا قەلئەسى ئالدىدىكى كەڭرى مەيداندا يىغىلىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. قەلئەنىڭ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى ھەيۋەتلىك غىچىرلاپ كەڭ ئېچىلدى. ئۇلۇغ بۇيرۇق كۆلۈگ باغا تارقان تۆت يۈز قورۇقچى چەۋەندازلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرۋازىدىن چىقىپ، پىدائىيلار قوشۇنى ئالدىغا كەلدى. شەھەر مۇداپىئەسىگە مەسئۇل سانغۇن ئېتىنى يورغىلىتىپ كېلىپ، ئۇلۇغ بۇيرۇقنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— بۇ پىدائىيلارنى سېپىل دەرۋازىلىرىنى ساقلاشقا قويماقچىمەن، — دەپ مەلۇمات بەردى ئۇ.

— ياخشى، — دېدى باغا تارقان، — ئۇلارنى سېپىلنىڭ ئون ئىككى دەرۋازىسىغا تەڭ تەقسىم قىلىڭ.

— خوپ، — دېدى سانغۇن ۋە پىدائىيلار قوشۇنىنى باشلاپ ماڭدى.

كۆلۈگ باغا تارقان شەھەر سېپىلىنىڭ ئون ئىككى دەرۋازىسىنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، مۇداپىئە ئىشلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئوردىغا قايتتى. ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنەمىش بىلگە قاغان سارايدىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالدى.

— خوش، ئىشلار قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

كۆلۈگ باغا تارقان جاۋاب بەردى:

— ئىشلار جايىدا، بۈيۈك قاغانىم. ئوردا قوشۇنى بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە ئىسيانچىلارنى باستۇرىدۇ. مەن قوشۇن قوماندانىغا باش ئىسيانكار كۆلۈگ بەگنىڭ ئۆلۈكى بولسا ئۆلۈكىنى، تىرىكى بولسا تىرىكىنى ئوردىغا يەتكۈزۈشنى ئالاھىدە تاپىلىدىم. مۇبادا ئويلىمىغان يەردىن شەھەرگە تېگىش قىلىدىغان تەۋەككۈلچىلەر چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ سېپىللىرىمىز مۇستەھكەم، قورۇقچىلىرىمىز خىل، پىدائىيلارمۇ كۆپ.

ھېچقانداق دۈشمەن شەھەرگە بېسىپ كىرەلمەيدۇ.

ئايدىنلىق قاغان «چۈشەندىم» دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— كۆلۈگ بەگ يامان ئەمەس، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. پان تېگىن كەتمەي تۇرسا بولاتتى. ئۇ تەدبىرلىك، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ نۆكەرلىرىمۇ جەڭلەردە داڭق چىقارغان. ئۇلار ھازىر تازا ئەسقېتىپ قالاتتى.

قاغاننىڭ بۇ سۆزلىرى كۆلۈگ باغا تارقاننىڭ كۆڭلىگە تەگدى. «ئۇ مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەمىشە پان تېگىننى ماختايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنداقتىمۇ، چاندۇرماستىن گەپ قىلدى:

— بۈيۈك قاغانىم پان تېگىننى كەتكۈزمىسە بولماسمىدى؟

قاغان ھەسرەتلىك قىياپەتتە قولىنى بوشقىنا سىلكىپ قويدى.

— ئۇنى تۇتۇپ قالالمىدىمغۇ. شەھەردە ئىچىم سىقىلىپ كەتتى، يازنى تاغدا ئۆتكۈزىمەن دەپلا تۇرۇۋالدى. تۇيۇقسىزدىن بۇنداق چوڭ ئىسيان كۆتۈرۈلۈشىنى مەنمۇ بىلمىدىم، ئۇمۇ ئويلىمىغان - دە.

كۆلۈگ باغا تارقان بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن بوش ئاۋازدا:

— ئۇ ھازىر قاغانىنى قوللامدۇ ياكى كۆلۈگ بەگنىمۇ؟ بۇ ھەقتە بىر نېمە دېيىش تەس، — دەپ قويدى.

قاغان ئۇنىڭغا «لىپ» قىلىپ بىر قارىدىيۇ، زۇۋان سۈرمەستىن بېشىنى ساڭگىلاتتى. ئۇ پان تېگىننىڭ باغا تارقانى ياراتمايدىغانلىقىنى، تارقاننىڭمۇ پان تېگىننى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. «نېمىدېگەن چىقىشالمايدىغان خەق بۇ، — دەپ خاپا بولۇپ ئويلىدى قاغان، — ئەمەلدار، بۇيرۇقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق. سىرتىدا چاندۇرمىغىنى بىلەن ئىچىدە بىر - بىرىگە غۇم ساقلايدۇ، بىر - بىرىگە ئاستىرتىن ئورا كولىشىدۇ. ئېخى ھەددىدىن ئېشىپ مانا ئەمدى ئوردىغىمۇ، قاغانغىمۇ ئۆكتە قوپىدىغانلار چىقىۋاتىدۇ. كىم بىلىدۇ، بۇلارنىڭ قايسىلىرى يەنە قانداق ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ تېخى؟»

— بولىدۇ ، سىز گە ئىجازەت ، — دېدى قاغان .
كۆلۈگ باغا تارقان تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنىمش بىلگە قاغان ئالتۇن تەختتە ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى . ئەتىگەندىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامدا بولماي ، گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى . ئۇ قوشۇنلارنى ئاتلاندۇرۇپ ، شەھەر مۇداپىئەسىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى .
« كۆلۈگ بەگ خەتەرلىك رەقىب ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — قاغان جەمەتى ئىچىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنى قوللايدۇ . باشقا بەگلەر ئىچىدىمۇ ئۇنىڭ ئابرۇيى يۇقىرى . بۇ ئالتۇن تەختكە كۆزىنى قىزارتىۋاتقانلار ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتىدۇ . ئەمدى مەن كىمدىن پايدىلىناي ؟ كىمگە ئىشىنەي ؟ جەمەتىمىز ئىچىدىكىلەردىن بىر پان تېگىن بۇ شەھەردە مەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقاندى . لېكىن ئۇمۇ ھە دېسىلا مەندىن نارازى بولۇپ ، خانلىقنى ياخشى باشقۇرالمىدى دەپ كەينىمدىن غاجاپ ، غودۇڭشىپ يۈرىدۇ ، پەرمانلىرىمغا قۇلاق سالمايدۇ ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدۇ . مانا ئەمدى ئۇمۇ مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە يېنىمدا بولماي يىراقتىكى تاغلارغا كېتىپ قالدى » .
قاغان قولاشمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن ئالتۇن تەختتىن چۈشۈپ ، ئېغىرلاشقان قەدەملىرى بىلەن سارايدىن چىقتى . بۇنداق چاغلاردا قاغاننىڭ ھالىغا يېتىپ ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي غەمگۇزار بولالايدىغان بىردىنبىر كىشى يەنىلا ئاشۇ ئوتى يامان تابغاچ قاتۇن ، ئاشۇ ئاسلاندەك يۇمشاق ، جىڭجۇي تىپاتىرلىرىدىكى پەرىزاتلاردەك نازاكەتلىك تەيخې قاتۇن !
قاغان ھۇجرىغا كىرگەندە تەيخې قاتۇن تابغاچ ئۇسلۇبىدا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ قويۇرۇلغان كاڭ ئۈستىدىكى قات ـ قات سېلىنغان شايى كۆرپىلەردە تىزلىرىنى قۇچاقلىغان ھالەتتە مۇكچىيىپ ئولتۇراتتى . ئاخىرقى كۈنلەردىن بېرى ئۇ تولا ئاھ ئۇرۇپ ، ئۇھ تارتىپ ، ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە يۈرسىمۇ ، يەنىلا ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي ، پەرداز قىلىشنى ئۇنتۇماي ، ياسىنىپ ـ تارىنىپ يۈرەتتى . قاپقارا قويۇق چاچلىرىغا ئالتۇن زىخچىلار سانجىلىپ ، مەرۋايىتلار ئېسىلغان ، قىيغاچ كۆزلىرى ئۈستىلىق

بىلەن سۇرمىلىنىپ، مەڭزىلىرى ئەڭلىك بىلەن قىزارتىلغان، نازۇك بىلەكلىرىگە سۇزۇك قاشتېشىدىن بىلەزۈكلەر سېلىنغانىدى. ئۇ ئېرىنى كۆرۈپ، كاڭدىن ئىتتىك چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى خۇددى يېڭى ياغقان قاردەك ئاپئاق يىپەك كۆڭلىكى شۇ قەدەر سىپتا ۋە شۇقەدەر نېپىز ئىدىكى، بەدىنىنىڭ ھەممە ئوي ـ دۆڭ يەرلىرى خىلىلا ئېنىق نامايان بولۇپ تۇراتتى.

ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان ھەر دائىم تەيخې قاتۇن بىلەن يالغۇز قالغاندا ۋە بولۇپمۇ ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغاندا، ئۇنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ئاشۇ سېھىرلىكۈچى ئاجايىپ يېقىملىق پۇرىقىنى پۇراپ قالغاندا گوياكى قان تومۇرلىرىغا ئىللىق ئېقىم تارقىلىۋاتقاندەك بولۇپ، بارلىق خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. بۇ خۇيى تاتلىق تابغاچ قاتۇن ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ قوينىدا ياتسىمۇ ئۇنىڭغا ھېچ تويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

تەيخې سىلىققىنا كېلىپ ئېرىگە يېپىشتى. قاغان قاتۇنىنى باغرىغا بېسىپ، يىرىك ساقىلىنى ئۇنىڭ يۇمران مەڭزىگە ياقتى. تەيخېنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. قاغان ئۇنىڭ مۇرىلىرىدىن تۇتۇپ، ئاشۇ ياشلىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى.

— يەنە يىغلاۋاتىسەنغۇ، بولدى، يىغلىما، — دېدى ئۇ.

تەيخېمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى تۇيۇۋاتقاندەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردىن كېتەيلىچۇ، چاڭئەنگە بارايلى... ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى سېغىنىپ كەتتىم.

قاغان ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— ماقۇل، تەيخې. ئىسيان باستۇرۇلغاندىن كېيىن سېنى چاڭئەنگە ئاپىرىپ كېلەي، بولامدۇ؟ ئەمدى يىغلىما.

تەيخې ئاق يىپەك قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلۈمسىرىدى.

— بىراق، ئىسيان قاچان باستۇرۇلىدۇ؟

— بۇ مالىمانچىلىقنى ئىمكانقەدەر تېزرەك تۈگىتىشكە تىرىشىمەن. ئۇلارنى باستۇرۇشقا بىر قوشۇن ئەۋەتتىم. ئەتە ـ ئۆگۈن شەخسەن ئۆزۈم زور قوشۇننى باشلاپ، ھەل قىلغۇچ زەربە بېرىشكە ئاتلىناي دەۋاتىمەن.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ، بۈيۈك قاغانىم! سىز قاغان تۇرۇپ جەڭگە چىقسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئۇنداق قىلماڭ... مەن تۇل بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن... تابغاچ پادىشاھلىرى ئۆزلىرى جەڭگە چىقمايدۇ...

— قورقما، تەيخې، مەن ھېچنېمە بولمايمەن. ھازىرقى ئەھۋالدا مەن ئۆزۈم جەڭگە چىقمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

× × ×

ئىسيانچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن قوشۇن كۆلۈگ بەگنىڭ قوشۇنى بىلەن بولغان چوڭ جەڭدە قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئوردا قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى قىرىپ تاشلاندى، بىر قىسمى كۆلۈگ بەگ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، قالغانلىرى ئاتلىرىنى ئايىماي چاپتۇرۇپ ئوردۇبالىققا قېچىپ كېلىۋالدى. ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان مەغلۇبىيەتتىن روھى چۈشكەن، تۈگ ـ ئەلەملىرىنى يوقاتقان، بەزىلىرى ئاتلىرىدىن ئايرىلغان، بەزىلىرى يارىدار بولۇپ، باش ـ كۆزلىرىدە قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ ئىچىگە زەھەر قۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتتى. غەزەپ ۋە قورقۇنچ ئالامەتلىرى گىرەلىشىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاماللىدى. ئۇ خۇددى روھىنى يوقاتقاندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىر، ھەممە ھېس ـ تۇيغۇلارنى غەزەپ ئوتى بېسىپ چۈشتى. قاغان يىپەك تونىنى سېلىپ تاشلاپ، پولات قاسراقلىق ساۋۇت كىيدى، ئالتۇن كەمىرىگە بېزەكلىك قىلىچىنى ئاستى. شەھەر مۇداپىئەسىگە ئۇلۇغ بۇيرۇقنى مەسئۇل قىلىپ قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاساسلىق قوشۇن بىلەن باش ئىسيانكار كۆلۈگ بەگنىڭ ئالدىغا يۈرۈش قىلدى.

ئوردۇبالىق شەھىرىدىن ئىككى كۈنلۈك يەردىكى كەڭ دالادا

ئىككى تەرەپنىڭ سەپلىرى توقۇنۇشتى . ھەر ئىككى تەرەپتە ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراق لەپىلدەيتتى ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭچىلىرى « كۆك تەڭرى ! » ، « كۆك بۆرە ! » دەپ ئۇران تـوۋلايتتى . بەجايىكى ئەپسانىۋى يىرتقۇچلاردەك قۇترىغان ئادەمـلەر ئۆز قانداش ـ قېرىنداشلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلاتتى . جېنىدىن ئايرىلغان ئات ۋە ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتسىز تەنلىرى پۈتۈن ئەتراپقا چېچىلىپ كەتتى . تۆمۈر تىغلارنىڭ بىر ـ بىرىگە جاراڭـ لىق سوقۇلۇشلىرى ، جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ قـىيقاس ـ چۇقانلىرى ، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ، ياربدارلارنىڭ داد ـ پەريادلىرى گويا پەلەكنى قاپلىدى .

بـارا ـ بارا كۆلۈگ بەگ تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى . ئايدىنـ لـىق ئۆلۈغ مۇنمىش بىلگە قاغان تەشەببۇسكارلىقنى قولدىن بېرىپ قويدى . ئۇنىڭ سەپلىرى يىمىرىلىپ ، چېكىنىشكە يۈزلەندى . قاغان جان ئاچچىقىدا قىلىچ ئۇرۇپ ، ئالغا ئىنتىلىپ ، ئەسكەرلىرىگە مەدەت بېرىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى ، لېكىن ئامال بولمىدى . قاغاندىن تەلەي قاچقانىدى . ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈمىدى يوققا چىقتى . قاغانىنىڭ بۈيۈكلۈكى يەرگە ئۇرۇلدى .

ئۇ ئامـان قـالغان بىرقىسىم نۆكەرلىرى بىلەن جەڭ مەيدانىدىن تـەستە قېچىپ چىقىپ ، ئۇچقۇر ئېتىنىڭ خاسىيىتى بىلەن قۇتۇلۇپ قـالدى . ھالبۇكى ، قاغان ئەمدى ئوردۇبالىققا قايتالمايتتى . شەھەرگە باـ رىدىغان بارلىق يوللارنى ئىسيانكارلار ئىگىلەپ بولغانىدى . قاغان يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا ئېتىنى ئەسەبىيلەرچە چاپتۇرۇپ ، ئادەمزاتسىز دالاغا ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى . كۆلۈگ بەگنىڭ زەربىدار قىسمى ئۇدا بىر نـەچچە كۈنگىچە ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلىدى . قاغانىنىڭ نۆكەرـ لىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئازايدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قوغلاپ يېتىشىپ كـەلگەن رەقىبلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا قازا تاپتى ، بەزىلىرى قاـ غاندىن يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتتى .

ئاسماندا تولۇن ئاي ۋە سانسىز يۇلتۇزلار خۇددى ھېچ ئىش بولـ

مىغاندەك نازۇك جىمىرلاپ، قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن جىمجىت دالاغا ئۆزلىرىنىڭ سۈتتەك ئاق نۇرىنى تۆكۈپ تۇراتتى. ئايدىڭلىق ئۇلۇغ مۇنمىش بىلگە قاغان بەجايىكى باشپاناھسىز قاچقۇن سەرگەرداندەك بېشىنى ئېگەرگە قويۇپ، قۇرۇپ كەتكەن يۇمشاق توپا ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ، ئۇيقۇ قاچقان كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئېغىر خورسىنىپ ئاھ ئۇراتتى. ئۇ بىر بۈيۈك قاغان ئىدى، ئەمدى نېمە بولدى؟ ئىككى مىڭغا يەتمەيدىغان نۆكەر بىلەن خۇددى ئۇۋۇچىدىن ئۈركۈپ كەتكەن قۇلاندەك قېچىپ يۈرىدۇ. قېنى ئۇنىڭ ئاستانىسى؟ قېنى ئۇنىڭ ئالتۇن تەختى؟ قېنى ئۇنىڭ قاتۇن ۋە چۆرىلىرى؟

سەرگەردان قاغان تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە ئوردىدىكى ئۆز ھۇجرىسىنى كۆردى. ئۇ يۇمشاق مامۇق كۆرپىلەردە تەيخې قاتۇنىنىڭ ئاپئاق تەنلىرىنى سىلاپ، مىسلىسىز راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياتاتتى. تەيخې قاتۇن ئۇنىڭغا ئەركىلەپ يېپىشاتتى ۋە « كېتەيلىچۇ ... چاڭئەنگە كېتەيلىچۇ ... » دەپ تەكرار - تەكرار پىچىرلايتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى قاغاننىڭ قۇلاقلىرىدىن يىراقلاپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ...

نۆكەرلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى قاغاننى ئويغىتىۋەتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى قاغان ئۇيقۇچىلىقتا ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا قاراپ.

— چارلىغۇچىلار قايتىپ كەلدى. ئوردۇبالىق قولدىن كېتىپتۇ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قاغاننىڭ بېشى ئايلاندى. ئۇزاققىچە خامۇش ھالەتتە زۇۋان سۈرمەستىن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، چاچ - ساقاللىرىنى توپا بېسىپ چىگىشلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۈيۈك قاغانغا زادىلا ئوخشىماي تۇراتتى. ئۇ خۇددى كۆچىدىن قالغان رەزگى بوۋايدەك ئورنىدىن تەستە قوپتى ۋە پۇتلىرىنى سۆرەپ، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېدىرلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن نۆكەرلەر قانداق قىلىشنى بىلمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى .

قاغان ئېدىرلىق ئارىسىدا توختاپ ، كەمىرىگە ئېسىلغان خەنجەرىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ ئېقىپ چۈشتى . بۈيۈك قاغان ئەمدى بۈيۈك ئەمەس ، قۇدرەتلىك ئەمەس ئىدى .

— ئەزرۇئا تەڭرى ، مانى بۇرخان ! روھىمنى قۇتلۇق قىلغايسىلەر ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ كۆزلىرىنى يۇقىرىغا قارىتىپ .

ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، خەنجەر تۇتقان قولى تىترەپ كەتتى . ئۇ تـوساتتىن شامانلارنىڭ روھلارغا مۇراجىئەت قىلىشلىرىنى ئويلاپ قـالدى ، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇمنى ، قۇياش ئېتىقادىنى ئېسىگە ئالدى ۋە ئېدىر ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە ، قىپقىزىل نۇر چېچىپ ، ئۇپۇقتىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قۇياشقا كۆز تىكتى . قۇياش ئۇلۇغدۇر ! قۇياشقا يۈز تۇتقان ئادەمنىڭ دىلى يورۇق بولىدۇ !

قاغان خەنجەرنى مەھكەم سىقىملاپ ، بار كۈچى بىلەن گېلىغا سۈركىدى . ئۇ يىقىلدى ۋە ئۇلۇغ قۇياشقا ئىنتىلىۋاتقان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ دۈم يېتىپ قالدى . ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنىمىش بىلگە قاغاننىڭ بوينىدىن ئاققان قىپقىزىل قان قاغجىراپ كەتكەن قۇرۇق تۇپراقتا ئۇيۇپ قالدى .

# ئالتىنچى باب

## ئالتۇن تەختتە ئۆسمۈر قاغان

ئوردۇبالىق مۇداپىئەسىگە مەسئۇل بولۇپ قالغان كۆلۈگ باغا تار-
قان چاپارمەنلەردىن قاغان باشلاپ كەتكەن زور قوشۇننىڭ مەغلۇبىيە-
تىنى ئۇققاندىن كېيىن مىسلىسىز ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ كەتتى ، كۆز-
لىرى قاراڭغۇلىشىپ ، كېكىردىكىگە ئاچچىق بىر نەرسە كەپلىشىپ قال-
غاندەك بولدى . ئىش چاتاق ! ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ چىڭ
تۇرۇپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش كېرەكمۇ ؟ ياكى شەھەردىن چېكىنىپ
چىقىپ ، قاغاننى ئىزدەش كېرەكمۇ ؟ كۆپ ئويلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى .
كۆلۈگ بەگنىڭ قوشۇنى ھايال بولماي شەھەر سېپىللىرى تۈۋىدە پەيدا
بولۇشى مۇمكىن ئىدى .

كۆلۈگ باغا تارقان ئالدىراپ - تېنەپ ئېتىغا مىندى - دە ، قو-
رۇقچى نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەلئەدىن چىقتى .

— بارمان يۈز بېشىنى چاقىرىڭلار ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى
ئۇ قەلئە سىرتىدىكى جىسەكچىلەرگە .

ھەش - پەش دېگۈچە بارمان يۈز بېشى ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپ-
تۇرۇپ يېتىپ كەلدى .

— دەرھال جەڭچىلىرىڭ بىلەن ئاتلىنىپ ، بايبالىق شەھىرىدىن
ياردەمچى قوشۇن باشلاپ كەل ! — تارقان يەنە قاتتىق ۋارقىراپ بۇيرۇق
بەردى .

بارمان يۈز بېشى ئۆزىنىڭ يۈز نەپەر جەڭچىسىنى باشلاپ ، ئات-
لىرىنى قويۇندەك چاپتۇرغىنىچە شەھەردىن چىقىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ

ئىچىدە ئۆتەمىشمۇ بار ئىدى . ئۇشتۇمتۇت ئاتلىنىش بۇيرۇقى چۈشكەندىن كېيىن ئۇ شەھەردىكى قىسمىدا قالغان ئاتىسى باسان قارا بىلەن چالا - پۇچۇق خوشلىشىۋىلىشقا ئاران ئۈلگۈردى . « بوۋام بىلەن خوشلىشالمىدىم ، ئايتۇزۇننى كۆرەلمىدىم » دەپ ئەلەم بىلەن ئويلىدى ئۇ سەپداشلىرىنىڭ قاتارىدا ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ . ئۆتەمىشنىڭ ئىچى پۇشۇپ ، كۆڭلى يېرىم بولدى . « ئۇلار بىلەن كۆرۈشەلمەي قالارمەنمۇ ؟ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە كىمنىڭ قانداق بولۇشىنى ھېچكىم پەرەز قىلالمايدۇ . جان بار يەردە قازا بار ... لېكىن ئۇرۇش دېگەن ئۇرۇش . جەڭچىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇرۇش قىلىش » .

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ ئىككىنچى كۈنى كۆلۈگ بەگنىڭ مىڭ كىشىلىك چارلىغۇچىلار قوشۇنىغا دوقۇرۇشۇپ قالدى . بارمان يۈز بېشىنىڭ جەڭچىلىرى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . مىڭ دېگەن مىڭ ، يۈز دېگەن يۈز . قىسقىغىنا تەڭسىز چېپىشىشتىن كېيىن بارمان يۈز بېشىنىڭ سەكسەندەك ئادىمى ئامان قالدى . ئۇلار بايبالىق تەرەپكە ئۆتەلمەي ، بېشى قايغان تەرەپلەرگە قېچىپ قۇتۇلدى .

× × ×

ئوردۇبالىق سېپىللىرىنىڭ ئىچىدە تىت - تىت بولۇپ تۇرغان كۆلۈگ باغا تارقان سىرتتىن ياردەمگە ئېرىشەلمىدى . ئۇ كۈندە نەچچە قېتىم سېپىل ئۈستىگە چىقىپ كۆزلىرى تالغۇچە تۆت ئەتراپقا زارىقىپ قارايتتى .

— نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ دۇنيا ! — دەپ ئەسەبىيلىشىپ خىتاب قىلاتتى ئۇ ، — يا بارمان يۈز بېشىدىن دېرەك يوق ، يا باشقا بەگ - تارقانلارنىڭ قاغانغا سادىق بولغانلىق ئالامىتى يوق . خۇددى بۇ ئاستانىنى ھەممە ئادەم ئۇنتۇپ كەتكەندەك ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

ۋەھالەنكى ، ئاستانە ئۇنتۇلمىغانىدى . ياز بىلەن كۈز تۇتاشقان

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈلۈگ بەگنىڭ قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇن ئوردۇبالىقنى مۇھاسىرىگە ئالدى. كۈلۈگ باغا تارقان سېپىل ئۈستىدە سىرتقا قاراپ، ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سانغۇنلىرىغا بۇيرۇق بېرىشكە تەمشەلدىيۇ، نەپىسى بوغۇلۇپ، ئاۋازى چىقماي قالدى.

سىرتتىكىلەر ھۇجۇمنى باشلىدى. شەھەرنى قوغدىغۇچىلار ئۇلارغا قارىتىپ ئوقيالاردىن ئوق ئۈزدى، سېپىللارغا قويۇلغان شوتىلارنى ئىتتىرىپ غۇلاتتى، يېقىن كەلگەنلەرگە تاش-كېسەكلەرنى ئاتتى. جەڭ ئوتى قىزىپ كەتتى.

كۈلۈگ باغا تارقان سېپىلدىن ئالمان-تالمان يېنىپ چۈشتى. ئۇ كەچ كىرگۈچە ئوردا قەلئەسىدىن چىقمىدى. تۈن نىسپى كەلگەندە خوتۇن-باللىرىنى ۋە يۈك-تاقلىرىنى ھارۋىلارغا بېسىپ، ئوردا قورۇقچىلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. شەھەرنىڭ ئىچىدىكىلەرمۇ، سىرتىدىكىلەرمۇ بۇ خۇپىيانە قېچىشنى تۇيماي قالدى. تۈن قاراڭغۇسى قاچقۇنلارنى يۇتۇپ كەتتى.

كۈلۈگ باغا تارقان چۆل-داللاردا ئون بەش-يىگىرمە كۈنلەرگىچە تېنەپ يۈرگەندىن كېيىن ئايدىنلىق ئۇلۇغ مۇنىمىش بىلگە قاغاننىڭ پىتراپ كەتكەن ئادەملىرىنى ئۇچراتتى. «قاغان ئۆلدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندا بۇ قاچقۇن تارقاننىڭ يۈرىكىگە نەشتەر سانجىلغاندەك بولدى. ئوردۇبالىق ھۇجۇم باشلىنىپ ئىككىنچى كۈنى قولدىن كەتكەنىدى. ئەمدى قاغانمۇ يوق بوپتۇ. تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى! جاننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك.

كۈلۈگ باغا تارقان قېچىپ يۈرۈپ بارغانلا يېرىدە قارشى ئېلىنمايدىغان مېھمان بولدى. ئۇنى قوللايدىغان ئادەم چىقمىدى. قارىغاندا، ھەممە يەردە كۈلۈگ بەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قوبۇل قىلىنماقتا ئىدى. قاچقۇن تارقان يايلاقتىن يايلاققا قېچىپ يۈرۈپ، جېنىنى سىغدۇرغۇدەك جاي تاپالماي قالدى. كۈلۈگ بەگنىڭ ئىزچىلىرى ئۇنى ئۈزۈلدۈرمەي قوغلاشنى داۋاملاشتۇردى. شۇ كۈنلەردە تارقان خۇددى ئوۋچىلاردىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

قىچىپ ھالى قالمىغان تەنھا جەرەنگە ئوخشاپ قالدى . « ئەمدى نەگە
باراي ؟ — دەپ ئاچچىق ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىپ ئۆيلايتتى ئۇ ، —
ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشسەملا كاللام ئېلىنىدۇ . بۇنداق قېچىپ يۈرۈپ جې-
نىمنى ساقلاپ قالالمىغۇدەكمەن . بۇ كۆلۈگ بەگ دېگەن مۇتتەھەمنىڭ
دەككىسىنى بېرەلىگۇدەك بىر يۆلەنچۈك تېپىلماسمۇ ؟ »

كۆلۈگ باغا تارقان ئويلىغانسېرى بىرلا خىيال ئۇنىڭ قىزىپ
كەتكەن مېڭىسىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى . « قىرغىزلار ! — دەپ
ئويلايتتى ئۇ ، — بۇ مۇتتەھەم كۆلۈگ بەگكە قىرغىزلاردىن باشقىسى
تېتىيالمايدۇ » . تارقان يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمەستىن ئىككىلىنەت-
تى . « باشقا ئامال بارمۇ ؟ » دەپ ۋەزىيەتنى قايتا - قايتا تەھلىل
قىلاتتى . ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا تولا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خانلىققا ئارام
بەرمىگەن چوڭ - چوڭ قەبىلىلەر ئەمدى جىمىپ كەتكەنىدى . قىتان ،
باسمىل ، تاتابى ، توققۇز تاتار ، ئۈچ قارلۇق ، سىر - تاردۇش قەبىلە-
لىرى ئاللىقاچان ئۆزلىرىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قانۇنلۇق پۇقرا-
لىرى ھېسابلاپ تىنچ ياشايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇلارنىڭ خانلىققا
قارشى تۇرغان ئىشلىرى ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولۇپ ، پەقەت
مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەردىلا ساقلىنىپ قالغان . ئاخىرقى ۋاقىتلار-
دىن بېرى كۆچمەنلەرنىڭ يايلاق ۋە سۇ تالىشىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان
ئۇرۇش - ماجىرالىرى ھەرقانچە كۆپەيگەن بولسىمۇ ، بەرىبىر ھېچكىمنىڭ
خانلىققا قارشى تۇرۇش ، ھوقۇق تالىشىش مۇددىئاسى كۆرۈلمىدى .
« ئالتۇن تەختتە كىم ئولتۇرسىمۇ ئۇلارنىڭ كارى يوق » دەپ ئويلىدى
كۆلۈگ باغا تارقان . ئۇ قايسى تەرەپتىن ئويلىسىمۇ ھامان ئاشۇ « قىر-
غىزلار ! قىرغىزلار ! » دېگەن سادا ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيدىغان بولۇپ
قالدى .

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى كۈنلەردە سابىق
كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ تەركىبىدە بولغان ھەرقايسى تائىپىلەر ھوقۇق
تالىشىپ ، كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغاشتى . قىتان ، تاتابى ، توققۇز تا-
تار ، ئۈچ قارلۇق ۋە قىرغىز قەبىلىلىرى ئۆزئارا ماسلىشىپ ، ياغلاقار ئۇ-

رۇقىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ ، توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىـ
قىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى . ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى ھۆـ
كۈمدارى كۆل بىلگە قاغان بۇ توپىلاڭلارنىڭ ھەممىسىنى باستۇرۇپ ،
يايلاقنى تىنجىتتى . بۇلاردىن پەقەت قىتانلارلا ئۇيغۇر خانلىقىغا قوشۇلـ
ماي ، ئامۇر دەرياسى بويلىرىغا كېتىپ ئايرىم بولۇۋالدى . لېكىن ئۇزاق
ئۆتمەي ئۇلار ئەن لۇشەننىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز ئىختىـ
يارلىرى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىغا قوشۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ماـ
جىرا بېسىققاندەك بولدى . ئەپسۇسكى ، مىلادىيە 758 ـ يىلى ئۇيغۇر قوـ
شۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى ئەن لۇشەنگە قارشى ئۇرۇشقا باغلىنىپ قالـ
غانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قىرغىزلار يەنە ئىسيان كۆتۈردى . نەتىـ
جىدە ، ئۇيغۇر قوشۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى ئۇرۇش تېخى تولۇق ئاـ
ياغلاشماي تۇرۇپلا قايتىپ كېلىپ ، قىرغىزلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى ۋە
ئۇلارنــى باستۇرۇپ ، يېنسەي دەريا ۋادىسى بىلەن بايقال كۆلى ئەتراپىـ
دىكى جايلارنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
پەلەك چاقى ئايلىنىپ ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سەلتەنىتى كەينى ـ كەينىدىن
ئېغىر بۆھران ئۆتكەللىرىگە دۇچ كەلدى . خان جەمەتى ئىچىدىكى ئىتـ
تىپاقسىزلىق ئۇلغايدى ، ھەرقايسى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى
جەڭگى ـ جېدەللەر كۆپىيىپ ، مۇقىمسىزلىق ھالىتى ئۇزاق داۋاملاشتى .
قىرغىزلار ، ئەكسىچە ، تەدرىجىي كۈچ توپلاپ زورايدى . شۇنىڭ بىــلەن
مىــلادىيە 818 ـ يىلى ئۇلار ئۇيغۇر خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ، يېنسەي
ۋادىسىدا ئۆزلىرىنىڭ خانلىقىنى تىكلىدى . ئىچكى ماجىرالارغا پېتىپ
قالغان ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرى بۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق ھەرىكەت
قوللانمىدى . قىرغىزلار شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي ئۇيغۇر خانلىقى
تەۋەسىگە داۋاملىق باستۇرۇپ كىرىپ ، پاراكەندىچىلىك سېلىپ كەلـ
مەكتە ئىدى . بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان قىرغىز خانلىقىنىڭ ئالىي ھۆـ
كۈمدارى ئاجو ئىسىملىك قاغان « سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى
بارلىق يايلاقلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىمنى تىكلەيمەن » دەپ داۋراڭ سالماقتا
ئىدى .

ئوردۇبالىقتىن قېچىپ چىقىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كۆلۈگ باغا تارقان يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىرغىزلارنى پاناھ تارتماقچى بولدى . ئۇ ئۆزىگە سادىق بولغان ئىككى مىڭدەك چەۋەندازنى باشلاپ ، بۇنداق سوغۇق كۈز كۈنلىرى ئادەم ئاياغ باسمايدىغان چۆلگە ئىچكىرىلەپ يوشۇرۇنۇپ ياتقانىدى .

ئاسماننى ئېغىر قارا بۇلۇتلار قاپلىغان بولۇپ ، سوغۇق شامال گۇركىرەپ سوقۇپ تۇراتتى . تىتىلىپ ، كىرلىشىپ كەتكەن كىگىز ئۆيدىن كۆلۈگ باغا تارقان چىقىپ ، سەل نېرىدا قۇرۇپ كەتكەن ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە غەمكىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىر چاۋۇشنى ئىشارەت بىلەن چاقىردى .

ــ ئەسكەرلەرنى يىغ ، يولغا چىقايلى ، ــ دېدى تارقان .

ــ نەگە بارىمىز ؟ ــ سورىدى چاۋۇش .

كۆلۈگ باغا تارقان ھېرىپ ھالى قالمىغان ئادەمدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ شۈك بولۇپ كەتتى . ئۇ جۇدەپ ، كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ ، ئون يىللىق قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى .

ــ يېنسەي ۋادىسىغا ... قىرغىزلار تەرەپكە بارىمىز ، ــ دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا .

چاۋۇشمۇ ھەسرەتلىك قىياپەتتە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈلۈغ ـ كىچىك تىنندى .

كۆلۈگ بەگدىن ئۆچ ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئوردىدىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈستىكى كۆلۈگ باغا تارقانغا ئۈزلۈكسىز غەيرەت بېرىپ تۇراتتى . ئۇ ھەرقېتىم كۆلۈگ بەگنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ئىختىيارسىز تۇردە « خەپ توختاپ تۇر ! » دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى .

شۇنداق قىلىپ ، كۆلۈگ باغا تارقاننىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئاچ قالغان ، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىككى مىڭ چەۋەنداز ئورۇقلاپ ، قوتۇرلاشقان ئاتلىرىنى مىنىپ ، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ھارۋىلارغا جايلاشتۇرۇپ ، شىمال تەرەپتىكى يېنسەي ۋادىسىغا يول ئالدى .

× × ×

شۇنچە ئاسانلا ئوردا ئىشلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن كۆلۈگ بەگ زەپەر قۇچقان ھالدا ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ، ئوردۇبالىقنى ئىشغال قىلدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ ئىتائەت بىلدۈرۈشتى. كۆلۈگ بەگ ئۇلارنى كەچۈردى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ئاتىدارچىلىق قىلدى.

— سىلەر قاچقۇن باغا تارقانغا ئەگەشمەڭلار، — دېدى ئۇ، — باغا تارقان بىرقىسىم شەخسىيەتچى تۆرىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئايدىنلىقنى تەختكە چىقارغانىدى. بىز بارلىق خان جەمەتىگە ھەم كۆپچىلىك بەگ - تۆرىلەرگە ۋاكالىتەن ھەقىقىي قانۇنلۇق قاغاننى تەختكە ئولتۇرغۇزىمىز.

شۇنداق قىلىپ، خان جەمەتىنىڭ ۋەكىللىرى، نۇرغۇن بەگ - تۆرىلەر ئوردۇبالىققا يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. قىممەت باھالىق كىمخاب تون كىيىپ، قويۇق ئۆسكەن قوڭۇر ساقال - بۇرۇتىنى تەكشى قىرقىپ ۋە تاراپ ياسانغان كۆلۈگ بەگ ئالاھىدە تەنتەنىلىك قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. كۆپچىلىك ئۈن - تىن چىقارماي ئۇنىڭغا تىڭلىدى.

— ئايا ئاقىل تۆرىلەر، ئايا باتۇر تېگىنلەر، — دەپ سۆز باشلىدى كۆلۈگ بەگ، — بىز بۈگۈن كۈن تەڭرى ھەم ئاي تەڭرىنىڭ خالىشى بىلەن، ئەجدادلىرىمىز روھلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ھەقىقىي قاغان بولۇشقا مۇناسىپ نامزاتنى تاللىدۇق ھەم ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمدارىمىز قىلىپ سايلىدۇق. ئۇنى خاندانلىقىمىزنىڭ ئالتۇن تەختىگە چىقىرايلى!

ئاق ساقاللىق ئىككى تۆرە شاھانە قىزىل تون كىيىپ، بېشىغا قىزىل ياغلىق تاڭغان ئاقپىشماق بىر ئۆسمۈر بالىنى ئىككى ياندىن يېتىلەپ كېلىپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزدى.

— مانا ئۇ بىز سايلىغان نامزات قوزا تېگىن، — دەپ جاكارلىدى ئاق ساقاللىق تۆرىلەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— قوزا تېگىننى تەختكە ئولتۇرغۇزايلى ! بۇگۈندىن ئېتىبارەن ئۇ بىزنىڭ قاغانىمىز بولىدۇ ! — دەپ چاقىرىق قىلدى ئىككىنچى تۆرە .

كۆپچىلىك قولمۇ قول تۇتۇش قىلىپ ، قوزا تېگىن ئولتۇرغان ئاق كىگىزنى كۆتۈرۈپ ، تۆردىكى ئالتۇن تەختنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى . بايىقى ئىككى ئاقساقال يەنە قوزا تېگىننى ئىككى ياندىن يۆلەپ ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇزدى . كۆپچىلىك تەخت ئالدىدا تىزلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى .

— بۈيۈك قاغانىمىز قۇتلۇق بولسۇن !

« بۈيۈك قاغان » دېگەننىڭ مەنىسىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدىغان ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلاردىكى قوزا تېگىن يوغان - يوغان مۇنچاقتەك قارا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ، ھېلى ئۇنىڭغا ، ھېلى بۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى .

يېڭى قاغاننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش مۇراسىمى ئاياغلىشىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ باش قەھرىمانى كۈلۈگ بەگ يەنە بىر قېتىم مۆتىۋەرلەرنى يىغدى .

— ئايا مۆھتەرەم يارانلار ، — دېدى كۈلۈگ بەگ ، — ھەممىمىز بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ئۆزىمىزنىڭ قاغانىمىزنى تىكلىدۇق . قاغان جەمەتىنىڭ رازىلىقى بىلەن پېقىر ئۇلۇغ بۇيرۇق بولۇپ سايلاندىم . ئەمدى مەسلىھەتلىشىدىغان يەنە بىر ئىش قالدى . ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆدۈمىمىز بويىچە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن قاتۇن يېڭى قاغانغا ياتلىق بولۇشى كېرەك . ھازىر تەيخې قاتۇن تۇل بولۇپ قالدى . يېڭى قاغانىمىز تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بالا . شۇڭا ، ھەر قايسىلىرى مۇۋاپىق تاپسا ، تەيخېگە مەن ئىگىدارچىلىق قىلسام دېگەن ئويۇم بار .

مۆتىۋەرلەرنىڭ كۆزلىرىدە نارازىلىق ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى .

— بولماسمىكىن ، مۆھتەرەم ئۇلۇغ بۇيرۇق ، — دېيىشتى ئۇلار ، — تەيخې قاتۇن تابغاچ خاننىڭ قىزى . ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، ئۇيغۇر قاغانلىرىدىن ئىككىسىگە قاتۇن بولدى . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا قاغانغا ياتلىق بولۇشى كېرەك . ھازىرقى قاغانىمىز بالاغەتكە

يەتكەندىن كېيىن تەيخې قاتۇننى ئۆز ئۆلكىگە ئالدۇ.

كۆلۈگ بەگ ئارتۇق گەپ قىلالمىدى. تۆرىلەر قايتىپ كېتىشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا پان تېگىنمۇ قاتناشقانىدى. يىغىن باشلىنىپ ئاياغلاشقۇچە ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، كۆزلىرى خىيالچان، چىرايى مىسكىن كۆرۈنەتتى. سارايدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇ ھېچكىمگە قارىماستىن ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۆز ئۆيىگە يول ئالدى. ئۇنىڭ ئۆيىمۇ مۇشۇ قەلئە ئىچىدە ئىدى. ئۇشتۇمتۇت كىمدۇر بىرى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا ياندىشتى. پان تېگىن ئۆزىنىڭ خىيال دۇنياسىدىن قايتىپ، ياندىشقان كىشىگە قارىدى.

ـــ ھە، بۇ سەنمىدىڭ، ئۆگە تېگىن؟

ياندىشىپ كەلگەن ئۆگە تېگىن ئىسمىلىك بۇ كىشى قارىماققا پان تېگىندىن چوڭراق بولۇپ، چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق سانجىشقا باشلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئېغىر ـ بېسىق پان تېگىنگە قارىغاندا تېتىك، ھەرىكەتچان ۋە سۆزمەن كۆرۈنەتتى.

ـــ ئەجەب خىيالچان كۆرۈنىسەنغۇ؟ نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ.

پان تېگىن بىر دەقىقە سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن خۇشياقمىغان تەلەپپۇزدا:

ـــ ھېچنېمە ... ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم، ـــ دەپ قويدى.

ئۆگە تېگىننىڭ ئىچىدە دەيدىغان گەپلىرى باردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ سۆھبەتدىشىنىڭ كەم سۆزلۈكىگە پەرۋا قىلماستىن يەنە سۆزلىدى:

ـــ ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئويلايدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ تۇرمامدۇ. مەسىلەن ئالايلى، بالا قاغان چوڭ بولغۇچە يېشى ئوتتۇزدىن ئېشىپ قالغان تەيخې قېرىپ كەتمەمدۇ؟

پان تېگىن تېرىككەندەك قىلدى.

ـــ بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ـــ دېدى ئۇ تېخىچە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ـــ بالا قاغان يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن تەييار بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭغىچە قاتۇنمۇ قېرىپ كەتمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى ئۆگە تېگىن ، — ىبراق تەيخىنى يەنە نەچچە يىلغىچە ساقلىتىپ ، ئۇنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىشىنىڭ نېمە هاجىتى ؟ راستىنى ئېيتسام ، تەيخىنى مەن ئالايمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم . ىبزمۇ خان جەمەتىنىڭ ئەزاسىغۇ . ىبزنىڭ قايسى شەرتىمىز توشمىغۇدەك ؟

— تەختتە كىم ئولتۇرغان بولسا قاتۇن شۇنىڭ ، — پان تېگىن قىسقىلا جاۋاب قايتۇردى .

— هە بەللى ! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىممۇ شۇ ، — دېدى ئۆگە تېگىن چىرايىنى جىددىيلەشتۈرۈپ ، — ىبزنىڭمۇ قاغان بولۇشقا شەرتىمىز توشىدىغۇ ! بۇ كۆلۈگ بەگ دېگەن هېيلىگەر تۈلكە هەممىمىزنى ئويىنىتىۋاتىدۇ . ئۇ قوزا تېگىننى قورچاق قاغان قىلىپ تىكلەپ قويۇپ ، ئەمەلىي هوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدى .

— بولدى ، ئاغزىڭنى يۇم ! — دەپ خىتاب قىلدى پان تېگىن ، — مۇشۇنداق يېنىكلىكىڭنى قاچان تاشلايسەن ؟ هازىر هەممە يەردە كۆلۈگ بەگنىڭ ئايغاقچىلىرى بار . مۇشۇ گەپلىرىڭ ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا ...

ئۆگە تېگىن تېرىكتى .

— ئاشكارىلىنىپ قالسا قانداق بولىدىكەن ؟ — دېدى ئۇ ئېتىنى توختىتىپ ، — توختا ، سەن بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن .

پان تېگىنمۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى .

— بېشىڭنى ئېچىڭگە تىقىپلا يۈرسەنغۇ . ئاشۇ كۆلۈگ بەگدىن قورقامسەن ؟ — دېدى ئۆگە تېگىن ئاچچىقىنى باسالماي .

پان تېگىن يەنىلا هېچقانچە جىددىيلەشمىدى .

— كۆلۈگ بەگ ئوردۇبالىقنى ئىشغال قىلغاندا مەن يايلاقتا ئىدىم ، — دېدى ئۇ ، — ئەگەر ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىن بۇرۇنراق خەۋەر تاپقان بولسام ، بەلكىم ئۇنى توسۇشقا هەرىكەت قىلغان بولار ئىدىم . ئايدىنلىق قاغان ئەلنى سوراشتا ئىقتىدارسىز بولغانلىقى راست . لېكىن ، ئۇنى زورلۇق بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئاقساقاللارنىڭ كېڭىشىش يولى بى-

لەن ئالماشتۇرۇش كېرەك ئىدى ...

ئۆگە تېگىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

ــ لېكىن ، كۆلۈگ بەگ قوشۇن تارتىپ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى ...

پان تېگىنمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى :

ــ ئەمدى بىزمۇ كۆلۈگ بەگنى ئاغدۇرىمىز دەپ يەنە بىر قېتىم قىرغىنچىلىق يۈرگۈزەمدۇق ؟ ئۇنىڭسىزمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك دەردىمىز بار . خەلقىمىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ ، تارقىلىپ ، توزۇپ كېتىۋاتىدۇ . بىز هازىر تەخت ماجىراسىدىن ساقلىنىپ ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ، ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىشىمىز كېرەك ، بولمىسا ھەممىمىز تۈگىشىمىز .

ئۆگە تېگىن بىزار بولغان قىياپەتتە قولىنى سىلكىپ قويدى .

ــ بولدىلا ! ساڭا گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ .

× × ×

بارمان يۈز بېشى ھەر خىل توقۇنۇشلاردىن ئامان قالغان ئەللىكتەك ئادىمىنى باشلاپ يايلاقتىن يايلاققا ، قىشلاقتىن قىشلاققا كۆچۈپ يوشۇرۇنۇپ يۈرەتتى . ئۇ ئالدىنقى قاغاننىڭ ئوردا قورۇقچىلىرىدىن بولغاچقا ، يېڭى قاغاننىڭ قولىغا چۈشۈپ جازاغا تارتىلىشتىن قورقاتتى . لېكىن ، باشقىلارنىڭ ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلىرى چىققىلى تۇردى . بەزىلەر يېڭى قاغانغا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن بەگلەرگە قوشۇلۇپ ، قايتىدىن ئوردۇبالىققا تېگىش قىلىش تەكلىپىنى ئېيتىشتى . بەزىلەر يېڭى قاغانغا تەسلىم بولايلى دېيىشتى . يەنە بەزىلەر قىرغىزلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش كېرەك دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇشتى . بارمان بۇ پىكىرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلمايتتى .

ــ بۇ يەردىن يىراقراق بىر يۇرتقا بېرىپ ئوۋچىلىق ، بېلىقچىلىق قىلىپ جان بېقىپ تۇرايلى . كېيىنكى ئەھۋالنى كېيىن كۆرەرمىز ، ــ دەيتتى ئۇ .

بۇ تەكلىپكە باشقىلار كۆنمىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ يۈز بېشىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر ھەر ياقلارغا تارقىلىپ كېتىشتى . بەزىلەر يېڭى قاغاننىڭ كەڭچىلىك قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئوردۇبالىققا قايتىپ كەتتى . بەزىلەر كەڭچىلىككە ئېرىشىشتىن ئۈمىد كۈتمەستىن يېنسەي ۋادىسىغا يول ئالدى . بىر مۇنچىلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا كېتىشتى .

بارمان يۈز بېشىنىڭ يېنىدا يالغۇز ئۆتەمىشلا قالدى . ئۇلار ئىككىسى دالالاردا جەرەن ، توشقان ئوۋلاپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكۈزدى . ئۆتەمىشنىڭ ئىچى قايناپ ، بۇرۇقتۇرما بولاتتى . ئاتىسىنى ، بوۋىسىنى ئويلاپ خاتىرجەمسىزلىنەتتى ، سۆيگىنى ئايتۇزۇنى ھەر ئەسلىگەندە يۈرىكى ئاچچىق ئۆرتىنىپ ئېچىشقاندەك بولاتتى . « ئۇلار نېمە بولۇپ كەتكەندۇ ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ، — ئامان تۇرغانمىدۇ ؟ ياكى ... » ئۆتەمىش بۇ « ياكى » دىن كېيىنكى ئېھتىماللىقنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى .

— بارمان يۈز بېشى ، ئوردۇبالىققا قايتىپ كېتەيلى ، — دېدى ئۇ ، — شەھەرگە مەخپىي كىرىپ ، قاياشلىرىمنى ئېلىپ چىقايلى . ئاندىن باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلارمىز .

— ماقۇل ، — دېدى بارمان ئىلاجسىزلىقتا ، — سوغۇق چۈشۈپ قالدى ، دالادا بۇنداق تېنەپ يۈرىۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ . مەنغۇ بىر قارا يېتىم . بىرمۇ تۇغقىنىم يوق . يېشىم سەندىن خېلى چوڭ بولسىمۇ ، تېخى ئۆيلەنمىدىم . بارىدىغان يېرىممۇ يوق . سەن بىلەن بىللە باراي .

شۇنداق قىلىپ ، كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى گۈركىرەپ تۇرغان بۇلۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئوردۇبالىققا يېتىپ كەلدى . ئىلاجى بار تونۇش - بىلىشلەرگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشىپ ، جىسەكچى ۋە قاراۋۇللاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ، ئۆتەمىشنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى . ھويلا ئىچى ۋە پۈتۈن ئىمارەت گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەن بولۇپ ، بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى . ئات - ئۇلاغ ۋە مارۋىلارمۇ يوق ، ئىشىك - دېرىزىلەر تاختايلار بىلەن مىخلىۋېتىلگەنىدى . ئۆتەمىش ئۇياق - بۇياقنى ئايلىنىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن يەنە ئېتىغا مى-

نىپ ، ئايتۇزۇنلەرنىڭ ئۆيىگە باردى . ئۇ يەردىمۇ ھېچكىم يوق ئىدى .
بارمان يۈز بېشى ئۆتەمىشكە تەسەللى بەردى :
— كۆڭلۈڭنى بۇزما ، ئۇكام ، يەنە ئىزلەپ باقايلى ، دېرىكى بولۇپ قالار .
ئىككىيلەن ئەتراپتىكى دېھقانلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ تاپار بوۋاي ، باسان قارا ، تۆكەل بۇغا ۋە ئۇنىڭ قىزى ئايتۇزۇننىڭ بىرلىكتە شەھەردىن خۇپىيانە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى .
— ئۇلار قېچىپ كەتمىسە بولمايتتى ، — دەپ چۈشەندۈردى بىر كېسەلچان قېرى بوۋاي ئۇزۇن تاياققا تايىنىپ تۇرۇپ ، — يېڭى قاغاننىڭ چېرىكلىرى شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن شەھەر مۇداپىئەسىگە قاتناشقانلارنى قوغلاپ ، ئۆيمۇ ئۆي ئىزدەپ يۈرۈپ قىرغىن قىلدى ، شەھەرنى ئۈچ كۈنگىچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ، خوتۇن ـ قىزلارنى قۇللۇققا تۇتۇپ كېتىشتى ...
ئۆتەمىش بىلەن بارمان يۈز بېشى شەھەرگە قانداق خۇپىيانە كىرگەن بولسا ، خۇددى شۇنداقلا ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن قايتا دالاغا چىقىپ كەتتى .
— مەن ئۇلارنى يەنە ئىزلەيمەن ، ئۇلارنى تاپمىسام بولمايدۇ ، — دېدى ئۆتەمىش .
— ئەلۋەتتە ، — دەپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى بارمان يۈز بېشى ، — مەنمۇ ساڭا ھەمدەمدە بولىمەن . ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىمىز باغلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ . باشقا شەھەر ۋە قىشلاقلارنى ئارىلاپ كۆرەيلى .
ئىككىيلەن ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ ، دالاغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى .

www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

## قىرغىز ئاتلىرى كىشنىمەكتە

بۇ يەرلەردە قىش بالدۇر كېلىپ ، ئۇزاق داۋاملىشىدۇ . يېنسەي دەرياسى قىرغاقلىرىغا تولۇپ ، جۇش ئۇرۇپ ئاقماقتا . دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چەكسىز ئوتلاقلاردا ئوت ــ چۆپلەر سارغىيىپ غازاڭلاشقا باشلىغانىدى . شىمالدىن توختىماي سوقۇپ تۇرغان سوغۇق شامال قىش كۈنلىرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ئەسلىتىپ ، كۆك ئاسمان يۈزىنى ئېغىر قارا بۇلۇتلار بىلەن يېپىپ تۇراتتى . سەھەردە ياغقان تۈنجى قار تەبىئەتكە يېڭىچە تۈس بېرىپ ، پۈتۈن ئەتراپنى ئاق دۇنياغا ئايلاندۇردى . پەقەت ئاشۇ ھەيۋەتلىك يېنسەي دەرياسىلا ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي ، ئۇششاق بۇژغۇنلۇق دولقۇنچىلارنى ھاسىل قىلىپ توختىماي ئېقىپ تۇراتتى . ئۇشتۇمتۇت تەبىئەتنىڭ بۇ كۆركەم ۋە سەلتەنەتلىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ساداسى ئاڭلاندى .

تەخمىنەن بىرەر مىڭدەك قىرغىز چەۋەندازلار ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرۇپ كېلىپ ، بىر ئېگىز تۆپىلىكتە توختىدى ۋە پەس تەرەپتىكى تۈزلەڭگە كۆز تىكتى . قارلىق تۈزلەڭدە ئىككى مىڭچە ئاتلىق ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالغانىدى . ئۇلارنىڭ يىراق يەرلەردىن كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . ئورۇقلاپ ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئاتلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ، پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ كەلمەكتە ئىدى . ساقال ــ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ ، چىرايلىرى قارىداپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ تۇرقى ــ سىياقىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى . تولىسىنىڭ ئۇستۇبېشى يىلىڭ ۋە يىرتىق بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەرگە سودا ياكى زىيارەت ئۈچۈن كەلمىگەنلىكى

ئېنىق ئىدى.

قىرغىزلار ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ پەسكە چۈشتى.

— توختاڭلار! نېمە ئادەملەر سىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلارنىڭ ئاتامانى.

— بىز ئۇيغۇرلار، قىرغىز قېرىنداشلارنى پاناھ تارتىپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى تۆزلەڭدە كېلىۋاتقان ئاتلىقلاردىن بىرى.

قېلىن جۇۋىلار ھەم ئاق كىگىز قالپاقلارنى كىيىشكەن قىرغىزلار قارلىق دالادا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ سەرگەردان سۇپەت كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە جانلىق ۋە جەسۇرانە قىياپەتتە كۆرۈنەتتى.

بۇ سەرگەردان ئۇيغۇرلار توپى ئىچىدىن چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن خام سېمىز بىرى ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

— مەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ بۇيرۇقى كۆلۈگ باغا تارقان بولىمەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئۇ، — مېنى ئوردىغا باشلاپ ئاپىرىڭلار، سىلەرنىڭ قاغانىڭلار بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشىم بار.

يانلىرىغا قىلىچ، خەنجەر ئاسقان بۇ قىرغىزلار بىجىرىم ۋە قاۋۇل ئاتلىرىنى ئويناقلىتىپ، ئۇلارنى قورشاپ ماڭدى.

قىرغىزلارنىڭ ئوردىسى يېنسەي دەرياسىغا يېقىن يەردىكى تۆز-لەڭگە جايلاشقان بولۇپ، قاغانىنىڭ تۇرالغۇسى ئەنئەنىۋى تۈرك ئادىتى بويىچە ئۈچ چېدىردىن تەشكىل تاپقانىدى. ئەتراپتا يەنە بىرمۇنچە كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەنىدى. بۇلغۇن تېرىسىدىن ئۈچلۈق قىلىپ تىكىلگەن قال-پىقىغا بۈركۈت پېيىنى قادىۋالغان قىرغىز چاۋۇش كۆلۈگ باغا تارقاننى ئۈچ چېدىرنىڭ ئوتتۇرىدىكىسىگە باشلاپ كىردى. تۆردىكى ئورۇنغا ئېـ-يىق ۋە قاپلان تېرىلىرى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قات - قات تاۋار كۆرپە سېلىنغان بولۇپ، قىرغىزلارنىڭ قاغانى چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ساقىلىغا ئاق كىرگەن، ياشىنىپ قالغان ئادەم بولسىمۇ، بەستلىك، پالۋان سۇپەت ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق كىگىز قالپىقى ۋە ئۈچىسىدىكى قاپقارا يۇڭلىرى يالتىراپ تۇرغان قۇندۇز جۇۋىسى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى .
كۆلۈگ باغا تارقان ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى .
— تەڭرىدە قۇت بولمىش ئاجو قاغاننىڭ قۇت بولسۇن ، — دەپ سالام بەردى ئۇ .
قىرغىزلار ھۆكۈمدارىنىڭ ئىسمى ئاجو ئىدى . قىرغىزلار بۇرۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاقساقال - تۆرىلىرى ، جۈملىدىن ئاجومۇ ئوردۇبالىقتىكى قاغان ۋە بۇيرۇقلارنى ئوبدان تونۇيتتى .
— تىنىچ تۇردۇڭمۇ ، باغا تارقان ؟ قېنى ، ئولتۇرغىن ، — دېدى ئاجو قاغان ئۆزىنى ئۇستۈن تۇتقان تەلەپپۇزدا .
كۆلۈگ باغا تارقان ئېيىق تېرىسىگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .
گۈللۈك تاۋار تونىنىڭ كۆكرەك قىسمىغا ھەر خىل مۇنچاقلارنى ئېسىپ ، پەي قادالغان ئۈچلۈق قالپاقلىرى ئاستىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئۆرۈن ئۆرۈمە چاچلىرىغا كۈمۈش بېزەكلەر ئاسقان ئىككى دېدەك ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىپ ، مىس تاۋاقتا پىشۇرۇلغان قوي گۆشى ، ئوتتۇرا تۈزلەڭنىڭ جانان چىنىلىرىدە بوزا كەلتۈردى . مېھمان بىلەن ساھىبخانا غىزاغا ئېغىز تەگكۈزگەچ پاراڭلاشتى .
تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ساھىبخانا مېھماننىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى سورىمايدۇ . شۇڭا ، ئاجو قاغانمۇ ئارتۇق گەپ قىلماستىن ، مېھماننى گۆش يېيىشكە ۋە بوزا ئىچىشكە زورلاپ ئولتۇردى . نەق گەپنى كۆلۈگ باغا تارقان ئۆزى باشلىدى .
— بېشىمىزغا كۈن چۈشتى ، بۈيۈك ئاجو قاغان ، — دېدى ئۇ ، — قارا نىيەتچى كۆلۈگ بەگ ئاستانىمىزنى ئىشغال قىلىۋالدى . قانۇنلۇق قاغانىمىز قازا تاپتى . توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئامالسىز قالدۇق . بۇ ئىسيانكارلارغا يول قويساق مالىمانچىلىق كېڭىيىپ ، قىرغىز يۇرتلىرىدىمۇ پاراكەندىچىلىك تۇغۇلۇشى مۇمكىن . كۆلۈگ بەگ بۇ يەرلەرگىمۇ جەزمەن يۈرۈش قىلىدۇ .
ئاجو « چۈشەندىم » دېگەننى ئىپادىلەپ بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ

قويدىيۇ ، ئۈنچىقمىدى . كۆلۈگ باغا تارقان باتۇرلۇقتا داڭقى چىققان بۇ ھۆكۈمدارنى قايىل كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— باش ئىسيانكار كۆلۈگ بەگ ئۇيغۇر ، قىرغىز خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى دەپسەندە قىلىپ ، شامانلىرىمىزنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى ، ئۆزىمىزنىڭ تۈرك يېزىقىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، سوغدىلارنىڭ قاملاشمىغان يېزىقىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ ... تۇخۇمى قۇرۇغۇر مانىخەيلەرگە ئەگىشىپ ...

— بولدى ، بولدى ، — ئاجو ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ، — بۇ گۇناھلارنى يالغۇز كۆلۈگ بەگكىلا دۆڭگەپ قويغىلى بولمايدۇ . كۆلۈگ بەگ تېخى ئەمدىلا ھوقۇق تارتىۋاپتۇ . بىراق ، سەن دەۋاتقان گۇناھلىق ئىشلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ . سىلەر ھەممىڭلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرىغا ھۆرمەت قىلماستىن ، مانى دىنىغا كىرىپ كەتتىڭلار ، شامانلىرىمىزنى خارلىدىڭلار ! بىزگە ئوخشاش قېرىنداشلىرىڭلارنى چەتكە قايرىپ قويۇپ ، قېنىمىز قوشۇلمايدىغان سوغدىلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتىڭلار !

باغا تارقان ئاجو قاغاننىڭ ئىلتىپاتسىز تەلەپپۇزدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى ھەمدە كۆلۈگ بەگنى يامان كۆرسىتىمەن دەپ ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى چۈشەندى .

— بۈيۈك قاغانىم ، — دېدى ئۇ ئولتۇرغان يېرىدە يەنە قايتا - قايتا بېشىنى ئېگىپ ، — بۈيۈك قاغانىم ، دانا گەپ قىلدىڭىز ! بىز گۇناھكار ! بىز ئازدۇق ! ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى تاشلاپ ، سوغدىلارنىڭ مانى جىنلىرىغا ئەگىشىپ كەتتۇق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى بىزنى قوللىمايدىغان بولۇپ كەتتى ... شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىزنى پالاكەت باستى ...

— ھىم ، بولدى ، بولدى ، — دېدى يەنە ئاجو قولىنى سىلكىپ ، — بۇ گەپلەرنى دەۋېرىشنىڭ پايدىسى يوق . پاناھ ئىزدەپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەن بولساڭلار پاناھلىق بېرىمىز . بۇ يەردە قانچىلىك تۇرۇشنى خا-
لىساڭلار شۇنچىلىك تۇرىۋېرىڭلار . سىلەر بىزنىڭ مېھمىنىمىز ھەم دوس-
تىمىز .

كۆلۈگ يەنە تەكرار باش ئەگدى .

— تەشەككۈر ، بۈيۈك قاغانىم ، تەشەككۈر ! سىزگە بىر تەكلى-
پىم بار ، ماقۇل كۆرەمسىز كىن ؟

ئاجۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدە كۆلۈگنىڭ قانداق تەكلىپ بېرىدى-
غانلىقىنى ئالدىنقاچان پەملەپ بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

— قانداق تەكلىپ ؟ — دېدى ئۇ .

كۆلۈگ قىسقا يۆتىلىپ ، جىددىيلەشكەن ھالەتتە ئورنىدىن قوز-
غىلىپ قويدى .

— كۆلۈگ بەگ پۈتۈن خانلىقنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى ، —
دېدى ئۇ ، — نۇرغۇن بەگ - تارقانلار ئۇنى قوللاپ چىقتى . ھازىر قىر-
غىزلاردىن باشقا ھېچقانداق قوشۇن ئۇنى يېڭەلمەيدۇ .

ئاجو سۆھبەتتىدىشىغا تىكىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن
« گېپىڭنى داۋاملاشتۇر » دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى . كۆلۈگ باغا
تارقان گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— كۆلۈگ بەگ دائىم ئالدىنقى قاغاننى « قىرغىزلارنىڭ ئايرىم
خانلىق بولۇۋېلىشىغا يول قويدى » دەپ ئەيىبلەيتتى . ئۇ ئۆزىنى مۇس-
تەھكەملەپ ، ئالدى - كەينىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن چوقۇم سىزلەرگە
قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا
پۇرسەت بەرمەي ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوشۇن تارتىپ ، ئۇنى ئاغ-
دۇرۇپ تاشلاش كېرەك !

ئاجو شالاڭ ئۆچكە ساقىلىنى سىلاشتۇرغاچ ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا
يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مەدەت تىلەۋاتقان قاچقۇن تارقانغا سىناق نەزىرى
بىلەن بىر ئەسناغىچە تىكىلىپ قارىدى .

— سىڭنىڭچە ، كۆلۈگ بەگنى ئاغدۇرغىلى بولامدۇ ؟ — دەپ
سورىدى ئۇ .

كۆلۈگ باغا تارقان ئاجونى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، ئالدىراپ - تېنەپ سۆزلەپ كەتتى:

— بۈيۈك قاغانىم، قىرغىز قوشۇنى باتۇرلۇقتا تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر ئېلىدە ئۇدا بىر نەچچە يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولغاچقا چارۋا - ماللار قىرىلىپ، ئاچارچىلىق بولۇۋاتىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ، ئۆلۈم - يېتىم كۆپىيىپ كەتتى. پۇقرالار ھەر تەرەپلەرگە كۆچۈپ، پىتىراپ كەتتى. ئاقساقال - تۆرىلەر ئىچىدە بىرلىك يوق. بەگ، بۇيرۇقلار ئۆزئارا زىتلىشىپ، بىر - بىرىنى قەستلەپ تۇرۇشىدۇ. ھەر قايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەر پۈت تېپىشىپ، ئۇرۇشۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، قوشۇن ئىچىدىمۇ ئىتتىپاقلىق يوق، تەرتىپ - ئىنتىزام بۇزۇلغان. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ غەلىبىلىك جەڭ قىلالىشى تەس.

ئاجو قاغان ئۈنچىقماستىن ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— قىش پەسلى ئۆتۈپ كەتسۇن، — دېدى ئۇ ئاخىر.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلاقلىرى تۈۋىدە گوياكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قىرغىز ئاتلىرىنىڭ ئۇلۇغ يۈرۈش تەقەززالىقى بىلەن ھەيۋەتلىك كىشنىگەن سادالىرى ئاڭلانغاندەك بولدى؛ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قىرغىز باتۇرلىرىنىڭ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئۇران توۋلىغان ئاۋازلىرى ئاجو قاغانىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. قىرغىز قاغانىنىڭ قېنى قىزىدى، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى. «ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان ئارزۇلۇق پەيت يېتىپ كەلدى!» دەپ ئويلىدى ئۇ.

قىرغىز ئاقساقاللىرى ئۆتمۈشتىكى كۆك تۈرك خانلىقىنىمۇ ھەم ھازىرقى ئۇيغۇر خانلىقىنىمۇ قوشۇلۇشقا ئۇنىماي، بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەنىدى. كۆك تۈرك خانلىرىمۇ، ئۇيغۇر قاغانلىرىمۇ ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى كۆپ قېتىم باستۇرغانىدى. لېكىن، قىرغىزلار باشتىن - ئاخىر تىنچىمىدى. ئۇلار نوقۇل قوراللىق كۈرەش قىلىش بىلەنلا مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن تەد-

رنجىي ھالدا سىياسىي كۈرەش تاكتىكىسىنى قانات يايدۇردى . ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇستۈنلۈك تالىشىپ تۇرۇۋاتقان تۈركەش ۋە تۇبۇت ( تىبەت ) خانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇردى ، ئابىغاچلارغا ئىتائەت بىلدۈرۈپ ، تـاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ۋە زور ماددىي بايلىقنى قولغا كەلتۈردى .

ئاجو ئاقساقال پۈتۈن قىرغىز خەلقىنى قوزغاپ ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم خانلىق تىكلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا ئىچكى ـ تاشقى قىيىنچىلىقلارغا بوغۇلۇپ ھېچ ھالى قالمىغان ئۇيغۇرلار قارشىلىق كۆرسەتمىدى ، ئاجونى قىرغىزلارنىڭ قاغانى دەپ ئېتىراپ قىلدى . لېكىن ، ئاجو شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلمىدى . ئۇ ئەمدى قىرغىزلارنىڭ قاغانى بولۇش بىلەنلا قانائەت قىلمايتتى ، بەلكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى بارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشنى كۆزلەيتتى . شۇنىڭ بىلەن ئاجو قاغان ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەپلىك پەيتىنى كۈتۈپ ۋەزىيەتنى كۆزتىشكە باشلىغانىدى . مانا ئەمدى شۇ كۈتكەن ئەپلىك پەيت يېتىپ كەلدى . دەرھال ئاتلىنىش كېرەك ! ئالتۇندەك پۇرسەت كەلدى ! بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا يول قويۇلسا ، كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ .

كۈلۈگ باغا تارقان كەلگەندىن كېيىن ئاجو قاغاننىڭ دىل ئارامى بۇزۇلدى . ئۇ كېچە ـ كۈندۈز ئۇيغۇر ئېلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئويلاپ ، جىددىي تەييارلىقتا تۇتۇش قىلدى . ھالبۇكى ، تاغ ـ دالالارنى قاپلىغان ئاپئاق قارغا قاراپ ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى چايقايتتى . قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە زور قوشۇن بىلەن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىشقا بولمايدۇ ـ دە . ئاجو قىرغىز ئاقساقاللىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى . كېڭەشتە كۈن ئىسسىپ ، قارلار ئېرىگەندە يۈرۈشكە ئاتلىنىش قارار قىلىندى .

قىرغىز ئاقساقاللىرى ھاياجانغا كەلدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن چاقناپ كەتتى .

— بۇ قېتىم بىز چوقۇم يېڭىمىز ! — دەپ مۇلاھىزە قىلىشتى

ئۇلار ، — ئاجو قاغاننىڭ ئانىسى تۈركەش ، قاتۇنى تۈبۈت سانغۇننىڭ قىزى . شۇڭا ، تۈركەشلەر بىلەن تۈبۈتلەر بىزنى قوللايدۇ . تابغاچلارمۇ بىزگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ . ئۇلار بىزگە ماددىي ياردەم بېرىۋاتىدۇ . ئۇلارمۇ بىزنىڭ گۇمران بولۇشىمىزنى خالىمايدۇ ، ئۇيغۇرلار ھازىر پۈتۈنلەي يېتىم قالدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بىزنىڭ بۇ يەرلەردە تەبىئىي ئاپەتلەر بولۇپ باقمىدى . ھەر تەرەپتىن قارىغاندىمۇ بەخت قۇشى بىز تەرەپكە ئۇچۇپ كەلمەكتە .

شۇنداق قىلىپ ، قىرغىزلار تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن باھار پەسلى يېتىپ كەلدى . لاي ـ پاتقاقلار قۇرۇپ ، يايلاقلاردا دەسلەپكى ئوت ـ چۆپلەر ئۈنۈشكە باشلىغان ئىللىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈز مىڭ كىشىلىك قىرغىز ئاتلىق قوشۇنى سەپكە تۇرغۇزۇلدى . ئاجو قاغان شەخسەن ئۆزى ئاق بوز ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ سەپ ئالدىدا تۇراتتى . يوغان گۈلخانغا ئوت يېقىلدى . ئۇزۇن چاپان كىيىپ ، بەل ۋە كۆكرەكلىرىگە قوڭغۇراق ۋە قاداقلارنى ئاسقان چار ساقاللىق شامان پىرە ئويناشقا باشلىدى . قىلىچ ۋە ئوقيالار بىلەن قوراللانغان ئون مىڭلىغان ئاق قالپاقلىق قىرغىزلار شاماننىڭ ئەسەبىي ھەرىكەتلىرىگە چوڭقۇر ئېتىقادى بىلەن ئۈنچىقماستىن قاراپ تۇرۇشاتتى . شامان ياقىلىرىنى يىرتىپ ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ :

— ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھلىرى بىزنى قوللاۋاتىدۇ ! جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلايلى ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىغاندا كىشىلەر ھەر تەرەپكە قارىتىپ ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزۈشتى .

ئاجو باھادىرلارچە ئۇلۇغۋار قىياپەتتە شامانغا ۋە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا كۆز تىكىپ تۇراتتى . چاچلىرى پاخپىيىپ ، ساقاللىرى چىگىشلىشىپ كەتكەن شامان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ خىتاب قىلدى :

— مەن ئاخشام كېچىچە ئۇخلىماي پال سالدىم ، يۇلتۇزلارغا قارىدىم ، سېنىڭ يولۇڭ ئوچۇقتۇر . زور غەلىبە ، زور شەرەپ سېنى كۈتۈپ تۇرماقتا . بۈگۈن سەھەر تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقسام بىر ئاق

www.uyghurkitap.com

بۇغرا بېشىنى جەنۇب تەرەپكە سوزۇپ يېتىپتۇ. بۇ جەنۇبتىكى ئورخۇن، ئۆتۈكەن تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلساڭ سەپىرىڭ قۇتلۇق بولىدۇ دېگەنگە بېشارەتتۇر. ئىككى يىلدىن بېرى ئورخۇن، ئۆتۈكەن تەرەپلەردىن بۇغا - مارallar كۆپلەپ بىز تەرەپكە كۆچۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردىن ئامەت قاچتى دېگەنگە بېشارەتتۇر.

ئاجو قاغان ئاق قالپاقلىق بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەڭ يەلكىلىرىنى كېرىپ، چوڭقۇر تىنىق ئالدى. ئۇنىڭ تۇرقى تېخىمۇ سالتەنەتلىك، تېخىمۇ مەغرۇر تۇس ئالدى. ئۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ئىرغىپ ئېتىغا مىندى - دە، ئاشۇ جەنۇب تەرەپكە سۆز بىلەن تەرىپلىگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن كۆز تىكتى. ئۇنىڭ بويلۇق ئاق بوز ئېتى خۇددى ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك تۆمۈر تاقىلىق تۇياقلىرى بىلەن قوڭۇر يەرنى تىلغاپ، تېپچەكلەپ، ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قاتتىق كىشنىدى. قوشۇندىكى باشقا ئاتلارمۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقاندەك تەرەپ - تەرەپتىن پۇرقۇپ كىشنىگىلى تۇردى.

ئاجو قاغان ئىزگىنىنى قويۇۋەتتى. تاقەتسىزلىنىپ، تېپىرلاپ تۇرغان ئاق بوز ئارغىماق جەنۇب تەرەپكە قۇيۇندەك ئۇچۇپ كەتتى. يۈزمىڭ كىشىلىك ئاق قالپاقلىق قوشۇن ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.

# سەككىزىنچى باب

## ئاخىرقى جەڭلەر

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى بۇ ئەڭ چوڭ ۋەقە ۋە ئەڭ چوڭ پاجىئە مىلادىيە 840 ـ يىلى ئەتىيازدا باشلانغانىدى .

قىرغىز قوشۇنى ئۇيغۇر يايلاقلىرىغا كىرگەندە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى . بۇ جايلاردىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇياق ـ بۇياققا كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ ، يايلاق ۋە قىشلاقلار ئىگىسىز قالغان يەرلەرگە ئوخشايتتى . كۆچمەي قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى قىرغىزلارنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ يوشۇرۇندى ، يەنە بىر قىسمى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاجونىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە كېلىۋاتقان كۆلۈگ باغا تارقان يول بويى ئۇچرىغان ئاھالىلەرگە تەشۋىق قىلاتتى :

— قارا نىيەتچى كۆلۈگ بەگ زورلۇق بىلەن ھوقۇق تارتىۋالدى . بىز ئۇنى جازالاپ ، ئىلگىرىكى ئايدىنلىق بىلگە قاغاننىڭ قانۇنلۇق ۋارىسىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز . بىزگە قوشۇلۇڭلار ! ئاجو قاغان ئادالەتنى ياقلاپ ، بىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدى .

ھالبۇكى ، بۇ تەشۋىقاتنىڭ ھېچقانچە ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى . قىرغىز قوشۇنى ئوردۇبالىققا يېقىنلاشقانسېرى ۋەزىيەت جىددىيلەشكىلى تۇردى . يول بويىدىكى ئۇيغۇر ئاقساقاللىرى ئۆز ئادەملىرىنى جەڭگە چاقىرىپ ئاتلىنىپ چىقتى . بىر نەچچە قېتىملىق چوڭ ـ كىچىك جەڭلەردە بۇ ئاقساقاللارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم بۆلۈنمە ھالىتىدىكى تارقاق قوشۇنلىرى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولدى . ئاخىر قىرغىزلار ئوردۇبا-

لىققا قىستاپ كەلدى .

ئاجو ئاق بوز ئارغىمىقنى دېۋىتىپ ، شەھەر سېپىلىغا يېقىن كەلدى ۋە پۈتۈن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى :

— ئەي گۇناھكار مانىخەيلەر ! ئاڭلاپ قويۇش ، مەن قۇدرەتلىك قارا قىرغىز خاندانلىقىنىڭ بۈيۈك قاغانى بولىمەن ! قورقۇنچاق چاشقاندەك سېپىل ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ قاغان بولۇۋالغان قايسىڭ ؟ سەن ئەمدى تۈگەشتىڭ . سېنىڭ تەقدىرىڭ مېنىڭ قولۇمدا . سېنىڭ ئالتۇن ئورداڭنى ۋەيران قىلىمەن ، ئالتۇن تەختىڭگە ئېتىمنى باغلاپ ، ئۆزۈمنىڭ تۇغۇمنى قادايمەن ! مەن بىلەن ئېلىشالىغۇدەك قۇربىڭ بولسا مەيدانغا چىق . ئەگەر ئۇنچىلىك مادارىڭ بولمىسا بۇ يەردىن كەت !

شۇ ھامان سېپىلنىڭ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسى كەڭ ئېچىۋېتىلدى . سېپىل ئىچىدىن ئۇيغۇر قوشۇنى ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە چىقىپ كەلدى . بۇ قوشۇنغا كۆلۈگ بەگ شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلغانىدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى غەزەپلىك چىرايى بەئەينى رىۋايەتلەردىكى جەڭ ئىلاھىنى ئەسلىتەتتى . ئۇنىڭ قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلگەن بولۇپ ، چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرىدىن گوياكى ئوت چاقناپ تۇراتتى . چېكىلەپ تېگىلگەن شەلپەر ياغلىقىنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرغان ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى ئىزغىرىن شامالدا ئۇچۇپ ، پولات ساۋۇت كىيىلگەن كەڭ يەلكىلىرىگە چېچىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ غاز بويۇن ئاق ئارغىمىقى بەئەينى قاناتلىق تۇلپاردەك ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى . قولىدىكى ئەگرى قىلىچى كۈن نۇرىدا خۇددى ئەينەكتەك ۋالىلدايتتى . ئۇنىڭ شۇ قەدەر باھادىر سۈپەت كۆرۈنۈشى ئۆز جەڭچىلىرىگە غەيرەت ئاتا قىلسا ، دۈشمەنلىرىنىڭ تەنلىرىنى شۈركەندۈرەتتى .

ئاجو قاغان ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ قالدى .

— بۇ كۆلۈگ بەگ دېگەن ھەقىقەتەن باتۇر ئەزىمەت ئوخشايدۇ ، — دېدى ئۇ .

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كۆلۈگ باغا تارقان دەرھال ئىپادە بىلدۈردى :

— ئۇ بەك يامان نەرسە ، بۆيۈك قاغانىم . ئۇنى يوقاتمىغۇچە شەھەرنى ئالغىلى بولمايدۇ .

— ئۇنىڭ شۇنداق يامان نەرسە بولۇشىنى خالايمەن ، — دېدى ئاجو ، — باتۇرنى يەڭگەن ئادەملا باتۇر ھېسابلىنىدۇ .

كۆلۈگ بەگ ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا خۇددى ئاق تۇلپاردا ئۇچـۇپ كېلىۋاتقاندەك يېقىنلاشماقتا ئىدى . ئاجومۇ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈردى . ھەرئىككى تەرەپـنىڭ جەڭچىلىرى ھېسابسىز قورقماس ئارسلانلاردەك ئۇران توۋلاپ ، چۇقان سېلىپ بىر ـ بىرىگە ئېتىلدى . كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە سەپلەر ئارىلىشىپ ، دەھشەتلىك ئۇر ـ يىقىت باشلىنىپ كەتتى .

ئوردۇبالىق ئەتراپىلىرىدىكى قارا بالغاسۇن يايلاقلىرىدا بۇنداق دەھشەتلىك جەڭ مەنزىرىسى تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى . كۆچىنىپ قىلىچ ئۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ غەزەپلىك نىدالىرى ، ئادەملەردىن بەتەر جىدديلىشىپ ئۇر كۆپ كەتكەن ئاتلارنىڭ ئەنسىز كىشنەشلىرى ، پولات تىغلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى جاڭ ـ جۇڭ قىلغان سادالىرى ، ياربدارلارنىڭ جان ئاچچىقىدا ئۈن سېلىپ ئىڭراشلىرى گوياكى يەر ۋە ئاسماننى قاپلاپ ، كەڭ دالانى مىسلىسىز دوزاخقا ئايلاندۇردى . ئۈچ يىلـدىـن بېـرى قىشـتا قار ، يازدا يامـغۇر ياغـماي قاغـجىراپ كەتـكەن تۇپـراقـقا ئۇيـغۇرلار ۋە قىرغىزلارنىڭ ئىسـسىق قانـلىرى تۆكۈلـمەكتە ئىدى .

ئاجو قاغان جەڭ ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزىتىپ ، ئۇنۇملۇك قو- ماندانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر ئېگىز تۆپىلىككە چىقىپ تۇردى . قارىسا ، ئۇيغۇر قوشۇنى تەدرىجىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، قىرغىزلارنىڭ سەپ- لىرىنى يىمىرىپ بۆسۈپ ئۆتمەكتە ئىدى . بولۇپمۇ ، كۆلۈگ بەگنىڭ شـەخسىي قەھرىمانلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ۋۇ- جـۇدىدا جىسمانىي كۈچمۇ ، قىلىچۋازلىق ماھارىتىمۇ ، قورقماس يۈرەكمۇ تـولۇق مۇجەسسەملەشكەنىدى . ئۇ ھامان سەپنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى ، ۋا- لىلداپ تۇرغان قىلىچىنى چەبدەسلىك بىلەن ئوينىتىپ ، ھەربىر چاپقاندا

رەقىبلەردىن بىرىنى يىقىتماي قويمايتتى.

ئاخىر قىرغىزلار ئۆز بارگاھلىرىغا چېكىندى. كۆلۈگ بەگمۇ ئۆز قوشۇنىنى شەھەرگە قايتۇرۇپ كەتتى.

قىرغىزلار بارگاھ قىلغان ئېگىز تۆپىلىكتىكى ئاق كىگىز ئۆيدە ئاجو قاغان بىلەن كۆلۈگ باغا تارقان بوزا ئىچىشكەچ ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئاجونىڭ چىرايىدا بۇرۇنقى مەغرۇرلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا خىيال سۈرۈپ قالدى ۋە مۇنداق دېدى:

— مانىخەيلەرنى گۆش يېمەيدۇ، سۈت ئىچمەيدۇ، ئۇلار ھەتتا قۇرت - قوڭغۇزنىمۇ ئۆلتۈرمەيدىغان ياۋاش مۆمىن خەلق دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئەجەبا، بۇ ئۇيغۇر مانىخەيلەر خۇددى قۇترىغان قاۋانلاردەك بىزنىڭ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق جەڭچىمىزنى قىرىپ تاشلىدىغۇ؟

باغا تارقان چۈشەندۈرگىلى تۇردى:

— مانى تەلىماتلىرىغا پەقەت دىندارلار بىلەن بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرلا ئەمەل قىلىدۇ. كۆپچىلىك پۇقرالار ئاتاقتىلا مانىخەي. ئۇلار بىر تەرەپتىن مانى ئىبادەتخانىلىرىدا ئىبادەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شامانلارغا سىغىنىدۇ، گۆشنىمۇ يەۋېرىدۇ، سۈت تۇرماق مەي - شارابنىمۇ ئىچىۋېرىدۇ.

— ھىم، — دەپ ئاۋازىنى سوزدى ئاجو، — مەن تېخى ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا كىرىپ، دائىم روزا تۇتىمىز، پەرھىز قىلىمىز دەپ تۈزۈك بىر نېمە يېمەي ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ يۈرىدىغان، جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشىپ كەتكەن خەق دەپ يۈرۈپتىمەن.

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى تارقان بېشىنى چايقاپ، — ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇس ئەمەس، لېكىن ئۇلار ئىتتىپاقلىشالمايدۇ، ئۆزئارا چىقىشالمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق خاھىشى ناھايىتى كۈچلۈك.

— ھىم، — ئاجو يەنە ئاۋازىنى سوزۇپ بېشىنى ئىرغىتتى، — ئۇنداق بولسا ئۇلارنى ھامان يېڭەلەيدىكەنمىز.

× × ×

كۆلۈگ بەگ ئوردۇبالىق قەلئەسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال يېقىنلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى .

— ئەھۋالىمىز ئېغىر ، — دېدى ئۇ ، — قىرغىزلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن . بۇ قېتىمقى جەڭگە ئۇلارنىڭ پەقەت ئوتتۇرا قىسمىلا قاتناشتى . ئوڭ ۋە سول قانات قىسىملىرى تېخى بۇ يەرگە يېتىپ كەلمىدى . ئەگەر ئۇلار بىرلەشمە ھۇجۇم قوزغىسا شەھەرنى ئۇزاققىچە ساقلاپ تۇرالىشىمىز تەس .

— كېڭەش ئىشتىراكچىلىرى غۇلغۇلا قىلىشتى :

— بۇ شەھەردىكى ئون ـ يىگىرمە مىڭ قوروۇقچى نۆكەرلەر بىلەنلا چوڭ ئۇرۇش قىلغىلى بولمايدۇ . باشقا جايلاردىكى قوشۇنلارنىمۇ سەپەرۋەر قىلىش كېرەك .

— بارلىق تېگىن ، تارقانلارنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك .

— بىراق ، بەگ ـ تۆرىلىرىمىز بىر ـ بىرىگە ئاداۋەت ساقلاپ ، تېخىچە ئۆزئارا تىركىشىپ ، توقۇنۇشۇپ تۇرۇۋاتسا ئۇلارنى قانداقمۇ بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولسۇن .

— تېخى بىر قىسىم ئاقساقاللىرىمىز قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ بىزگە قارشى تۇرۇۋاتامدۇ .

كۆلۈگ بەگنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى .

— ئۆگە تېگىن بىلەن پان تېگىنگە دەرھال چاپارمەن ئەۋەتەيلى ، — دېدى ئۇ .

باشقىلار يەنە غۇلغۇلا قىلىشتى :

— مۇشۇ ئىككى تېگىن كەلگەن بولسىمۇ چوڭ ئىش بولاتتى . بىراق ، ئۇلار كېلەرمۇ ؟ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىزگە بويۇن تولغاپ ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ يۈرمەمدۇ .

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ ! ئۆگە تېگىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئۆكتىچىلىك قىلىپ ، بىزگە تەھدىت سېلىپ يۈرۈۋاتامدۇ .

— توغرا ، پان تېگىنمۇ ئىچىدىكى گېپىنى دېمەي جىم يۈرگىنى

بىلەن بەرىبىر بىزنى قوللىمايدۇ .

— راست ، ئۇلار بىزگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ ، شەھەردە تۇرمايمىز دەپ چىقىپ كېتىشتىغۇ .

كۆلۈگ بەگ قول ئىشارىسى قىلىپ ، باشقىلارنى سۆزلەشتىن توختاتتى .

— ئېيتقىنىڭلار دۇرۇس ، — دېدى ئۇ ، — لېكىن هازىرقىدەك جىددىي پەيتتە ئۇلار بىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىدۇ . مەن ئۇلارنى چۈشىنىمەن . ئۇلار قىرغىزلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ .

كېكەش ئاياغلاشتى . شۇ كۈنىلا ئەڭ ئېسىل ئارغىماقلارغا مىنگەن چاپارمەنلەر ئۆگە تېگىن بىلەن پان تېگىنىنىڭ تۇرار جايلىرىغا يۈرۈپ كەتتى . ۋەھالەنكى ، چاپارمەنلەر بىر كۈنلۈك يەرگە ئۇزاپ بارغاندا قىرغىزلارغا دوقۇرۇشۇپ قېلىپ ھەممىسى ھالاك بولدى .

ئاچو ئۆزىنىڭ ئوڭ قانات ۋە سول قانات قىسىملىرىنى كۆلۈگ بەگنىڭ مۆلچەرىدىكىدىن خېلى بالدۇر يىغىپ ، ئوردۇبالىققا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى . ئوردۇبالىق گەرچە ئورخۇن ، سېلېنگا ۋادىلىرىدىكى قەلئە ، شەھەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولسىمۇ ، ئوتتۇرا تۈزلەڭدىكى تاب-غاچلارنىڭ شەھەرلىرىدەك ئۇنداق چوڭ ئەمەس ، سېپىللىرىمۇ ئۇنداق ئېگىز ئەمەس ، دەرۋازىلىرىمۇ ئۇنداق مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى . يۈزمىڭ قىرغىز شەھەرنى تولۇق چەمبەر شەكلىدە قامال قىلىپ ، ئون ئىككى دەرۋازىنىڭ ھەممىسىگە تەڭلا تېگىش قىلدى . شەھەر مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇلارغا ئوقيادىن ئوق ياغدۇردى ، تاش ـ كېسەكلەرنى ئاتتى ، سېپىلغا شوتا قويۇپ چىقىپ كەلگەنلەرگە نەيزە سانجىدى ، شوتىلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتى .

قىرغىزلار بىر كۈن كەچكىچە ئۈزۈلدۈرمەي ھۇجۇم قىلدى . سېپىل تۈۋىلىرىگە ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى دۆۋىلىنىپ كەتتى . شۇنداق-تىمۇ ، ئۇلار بولدى قىلمىدى ، كەينى ـ كەينىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋەر-دى . ئىككىنچى كۈنىگە كەلگەندە ئۇلار تۆمۈر باشلىق يوغان لىم يا-غاچلار بىلەن ئۇرۇپ ـ سوقۇپ يۈرۈپ بىر دەرۋازىنى بۇزدى . قىلىچۋاز-

لىق ، نەيزىۋازلىق باشلىنىپ كەتتى . بىردەمدىلا دەرۋازىنىڭ ئىچى ـ تېشىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر تالاي ئادەملىرى جان ئۈزۈپ يېتىپ قالدى . ئۇنىڭغىچە ئىككىنچى دەرۋازىمۇ پاچاقلاندى . قىرغىزلار خۇددى تۇغانى بۆسۈپ ئۆتكەن زور كەلكۈندەك شەھەر ئىچىگە يامراپ كىرىشكە باشلىدى . شەھەر ئاھالىسى قىلىچ ، نەيزە ، پالتا ، گۈرزىلەرنى كۆتۈرۈ- شۈپ ، كوچا ـ كوچىلاردا قانلىق جەڭگە چۈشۈپ كەتتى . پۈتۈن شە- ھەر گويا ھالاكەت قاينىمىغا ئايلاندى .

كۈلۈگ بەگ باشتىن ـ ئاياغ بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ ، شەھەر مۇداپىئەسىگە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلدى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە جان تىكىپ جەڭ قىلىۋاتقان نۆكەرلەر سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىستېلاچىلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى كەينى ـ كەينىدىن قايـ تۇرغان بولسىمۇ ، بارغانسىرى قىرىلىپ ئاز قالماقتا ئىدى .

ـــ كـۈلـۈگ بـېـگىم ، ئەمـدى شەھەردىن بۆسۈپ چـىـقىپ كېـتەيلى ، ـــ دېدى سانغۇنلاردىن بىرى .

كۈلۈگ بەگ تولا قىلىچ چېپىپ چارچىغان ، ھاسىرىغان ، كۆز- لىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا جەڭ مەيدانىغا بىرقۇر نەزەر تاشلىدى .

ـــ قاغانىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ كېتەيلى ، ـــ دېدى ئۇ .

ئۇلار خان جەممەتى ماكانلاشقان ئىچكى قەلئەگە كىردى . كۈلۈگ بەگ سارايدىن ئۆسمۈر قاغان قوزا تېگىننى يېتىلەپ چىقتى .

ـــ قاغانىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ، شەھەردىن چىقىپ كېتىڭلار ، مەن سىلەرنى قوغداپ تۇرىمەن ، ـــ دېدى ئۇ سانغۇنلاردىن بىرىگە .

ھالبۇكى ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى . قىرغىزلار مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، پۈتۈن شە- ھەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى . ھايال ئۆتمەي ئۇلار ئىچكى قەلئەگىمۇ بېسىپ كىردى .

ـــ قاغانىنى قۇتقۇزۇڭلار ! ـــ دەپ ۋارقىرىدى كۈلۈگ بەگ ۋە قىلىچىنى يالڭاچلاپ ياۋنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى .

لېكىن ئۇ ئېتىغا مىنىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى . قىرغىزلار ھەر تەرەپتىن

www.uyghurkitap.com

ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇنى قورشىۋالدى . كۆلۈگ بەگ خۇددى تۇزاققا چۈشكەن ئارسلاندەك غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ ، چاقماق تېزلىكىدە ئۇياق ـ بۇياققا قىلىچ ئۇردى . بىر قىرغىزنىڭ ئېتى قاتتىق كىشنەپ يەرگە « گۈپ » قىلىپ يىقىلدى . شۇ دەقىقە ئىچىدە تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇرۇلغان قىلىچلارنىڭ زەربىسىدە باش ـ كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا بويالغان كۆلۈگ بەگمۇ مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرماس بولۇپ يىقىلدى .

ئۆسمۈر قاغان قورقۇپ يىغلاپ كەتتى . نۆكەرلەر ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ قوغداپ ، ھۇجۇمچىلار بىلەن قاتتىق تىركىشىپ ئېلىشتى . لېكىن ، بۇنداق تەڭسىز ئېلىشىشمۇ ئاسانلا ئاياغلاشتى . ئۆسمۈر قاغان ۋە بارلىق نۆكەرلەرنىڭ بىرى قالماي ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى .

قىرغىزلار تەنتەنىلىك چۇقان سېلىپ ، ئوردا ئىچىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا كىرىشتى . بۇ يەردە ئالتۇن ـ كۈمۈش ، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە ھەرخىل قىممەتلىك بۇيۇملار ناھايىتى كۆپ ئىدى . قىرغىزلار بۇ نەرسىلەرنى قويۇنلىرىغا ، تاغار ـ خالتىلىرىغا تىقىپ ، ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ بۇلاڭچىلىقتا بەسلەشمەكتە ئىدى . ئۇشتۇمتۇت كىمدۇر بىرىنىڭ :

— ۋاھ ، بۇنىڭغا قاراڭلار ! — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلغىنى ئاڭلاندى .

بۇ خىتابنى ئاڭلىغان يېقىن ئەتراپتىكى قىرغىزلار تېخىمۇ چوڭ بايلىق تېپىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ، نەقىشلىك ئىشىكى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىشتى . بۇ تەيخې قاتۇننىڭ ھۇجرىسى ئىدى . يوتقان ـ كۆرپىلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كاڭ ئۈستىدە سۇس قىزىل رەڭلىك تاۋار كۆڭلەك كىيگەن تەيخې قاتۇن تەنھا ئۆزى دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى . ھۇجرىسىغا زورلۇق بىلەن بېسىپ كىرگەن قورال‌لىق كىشىلەرگە ياشقا تولغان ۋەھىملىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قالغان بۇ ئېسىلزادە تابغاچ ئايال شۇ تاپتا خۇددى ئەپسانىۋى رىۋايەتلەردىكى سىرلىق قەسىرلەردە تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالىدىغان خاسىيەتلىك ساھىبجامالغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى .

قىرغىزلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماي :

— بۇ مېنىڭ ئولجام! — دەپ خىتاب قىلدى-دە، ئىتتىك كېلىپ، تەيخېنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۆرە تۇرغۇزدى.

— بولمايدۇ! — دېدى قىرغىزلارنىڭ يەنە بىر چوڭى، — ئۇ قاتۇن. ئۇنى ئاجوغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك.

× × ×

قىرغىزلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى ئوردۇبالىقنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئاجو ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇسى بويىچە ئوردىغا كىرىپ ئاق بوز ئېتىنى ئالتۇن تەختكە باغلىدى، ئوردىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئۆزىنىڭ تۇغىنى تىكلىدى. ئاندىن ئۇ غالىبانە قىياپەتتە ساراي ئىچىنى ئايلىنىپ چىقتى-دە، يەنە ئۆزىنىڭ دالادىكى بارگاھىغا قايتىپ كەتتى. بۇ قىر ھۆكۈمدارى شەھەردە تۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇ شەھەر ئاھالىسىنى راھەتپەرەسلىككە بېرىلىپ، ھۇرۇنلىشىپ كەتكەن يارىماس خەلق دەپ ياراتمايتتى.

— بۈيۈك ئاجونى تابغاچ قاتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلايلى، — دېدى قىرغىز جەڭچىلەردىن بىرى.

ئاجو ئىنكار قىلىش مەنىسىدە بىر قولىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— خاتالاشتىڭ، باتۇر جەڭچى، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرمەيمەن، ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كىرىڭلار.

قىرغىزلار قورقۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن تەيخې قاتۇننى ئاجونىڭ ئاق كىگىز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىشتى. تەيخېنى باشلاپ كىرگەن ئاقساقال مۇراجىئەت قىلدى:

— ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە مەغلۇپ بولغان خانىنىڭ خوتۇنى غالىب خانغا تەئەللۇق بولىدۇ. تەيخې ئەمدى بۈيۈك ئاجوغا خوتۇن بولۇشى كېرەك.

ئاجو مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنى ئايرىم كىگىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاقساقال يەنە تەيخېنى باشلاپ چىقىپ كەتتى . ئاجو ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان ئىككى سانغۇنغا قاراپ مۇنداق دېدى :

— بۇ تابغاچ خوتۇننى ئاتا - ئانىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بې-رەيلى . ئۇنى بۇ يەردە تۇتۇپ قالساق بولمايدۇ .

— ئۇنى خوتۇن قىلمامسىز ؟ — دەپ سورىدى سانغۇنلاردىن بىرى .

— ياق ، — دېدى ئاجو ، — بۇ خوتۇننى تۇتۇپ قالساق تابغاچ خاننىڭ ئاچچىقى كېلىشى مۇمكىن . تابغاچلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قوي-مايلى .

— دانا پىكىر ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى سانغۇنلار-نىڭ بىرى .

— توغرا ، — دەپ سۆزگە قوشۇلدى ئىككىنچى سانغۇن ، — تەيخېنى تۇتۇپ قالساق تابغاچ پادىشاھ قىزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ بىزگە قارشى تەدبىر قوللىنىشى مۇمكىن .

ئاجو سانغۇنلاردىن بىرىگە ۋەزىپە تاپشۇردى :

— سەن قول ئاستىڭدىكى قوشۇنۇڭ بىلەن تەيخېنى ھىمايە قى-لىپ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىققىن ، چاڭئەنگە بېرىپ ئۇنى تابغاچ پادى-شاھىنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگىن ، بىزنىڭ تابغاچلارغا داۋاملىق سادىق بولىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقىن .

— خوپ ، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن ، بۇيۇك ئاجو .

× × ×

كۆلۈگ بەگ بىلەن چىقىشالماي ، شەھەردە تۇرۇشتىن يالتىيىپ ، قارا بالغاسۇن يايلاقلىرىدا بارگاھ قۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆگە تېگىن قىر-غىزلارنىڭ ئوردۇبالىققا ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپلا قول ئاستى-دىكى قوشۇننى باشلاپ يۈرۈشكە ئاتلاندى . ئوردۇبالىققا بىر كۆنلۈك يول قالغان يەرگە كەلگەندە چارلىغۇچىلار يىراقتىن كېلىۋاتقان قىرغىز قو-

شۇنىنى بايقىدى .

قېنى قىزىق ئۆگە تېگىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى .

— بىكارچىلىقتا ئىچىم سىقىلىپ ، بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەنىدىم . مانا ئەمدى مەن قىلىدىغان ئىش چىقىپتۇ . قېنى ، قىرغىزلارنىڭ كارامىتى قانچىلىك ئىكەن ، مەن بىر كۆرۈپ باقايچۇ ! — دېدى ئۇ ۋە قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ، ئېتىنى بوراندەك چاپتۇردى .

ئۆگە تېگىنگە دالادا ئۇچرىغان بۇ قوشۇن ئۇرۇشقا كېتىۋاتقانغا ئوخشىمايتتى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈستى يېپىق مەپىلەر ۋە يۈك بېسىلغان كۆتەك ھارۋىلار بولۇپ ، قىرغىز چەۋەندازلار شۇلارنى قوغداپ كېتىۋاتاتتى . ئۆگە تېگىننىڭ جەڭچىلىرى ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى . قىرغىزلار ئۆزلىرىگە خاس قەيسەرلىك بىلەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى . ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ قەيسەرلىكىمۇ ، ئەلۋەتتە ، ئۇلاردىن قېلىشمايتتى . بىر مەيدان دەھشەتلىك چېپىشىشتىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ بىرى قالماي ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى . ئۆگە تېگىننىڭ جەڭچىلىرى ھارۋا ، مەپىلەرنى ئاختۇرغىلى تۇردى .

قىممەتلىك رەختلەر بىلەن يېپىلىپ ، ھەممىدىن كۆركەم بېزەلگەن بىر مەپىدە تەيخى قاتۇن ئولتۇراتتى . يەنە بىر مەپىنىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق بىر قىرغىز مۆتىۋەرنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتى تۈگۈلۈپ ياتاتتى . تەيخى ئۆگە تېگىننى تونۇيتتى . شۇڭا ، ئۇ دەرھال قورقۇنچىنى بېسىۋالدى .

— ئۇلار مېنى چاڭئەنگە ئاپىرىپ قويماقچى بولغان ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشكەن ئۆگە تېگىنگە .

ئۆگە تېگىن تەيخېگە بىردەم قارىۋالغاندىن كېيىن ئۈنچىقماستىن باشقا ھارۋىلارنى ئارىلاپ چىقتى . ھارۋىلارغا توپ - توپ يىپەك رەختلەر ، ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملار ، سۆسەر ۋە بۆلغۈن تېرىلىرى ، زىننەتلىك ئېگەر - توقۇملار دۆۋىلەپ بېسىلغانىدى .

— ئوردۇبالىقتا قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلارنى تابغاچ پادىشاھىغا تەقدىم قىلماقچى بوپتۇ - دە ، — دېدى ئۆگە تېگىن .

تەيخې قاتۇن مەيدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى ۋە ئەتراپتا قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان جەسەتلەرنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى . ئۆگە تېگىن ھارۋىلارنى كۆرۈپ بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇزاقتىن بېرى بۇ تابغاچ خوتۇنغا كۆزى چۈشۈپ يۈرەتتى ، ئۇنىڭ يايلاق ئاياللىرىغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە گۈزەللىكىگە ھەۋەس قىلاتتى ، ئۇنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باقسام دەپ ئىچى قىزىيتتى . مانا ئەمدى تەقدىر بۇ تابغاچ خېنىمنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

ئۆگە تېگىن تەيخېگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ ، تامىقىنى قىرىپ قويدى .

— قورقماڭ ، ئەمدى سىزگە ھېچكىم چېقىلالمايدۇ ، — دېدى ئۇ .

تەيخې گەپ قىلمىدى . سادىر بولۇۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەلەردىن ئۇ تېخىچە ئېسىگە كېلەلمىگەنىدى . ئۆگە تېگىن يەنە گەپ قىلدى :

— قىرغىزلار كۈلۈگ بەگنىمۇ ، قاغاننىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ . ئەمدى مەن قاغان بولىمەن . شۇڭا ، سىز ئەمدى مېنىڭ ئەمرىمگە ئۆتتىڭىز ، مېنىڭ قاتۇنۇم بولىسىز .

تەيخې نېمە دېيىشىنى ، نېمە ئويلىشىنى بىلمەي ، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى . ئۆگە تېگىن يوغان دىقماق قوللىرى بىلەن تەيخېنىڭ يۇمشاق بەدىنىنى ئۆزىگە تارتىپ ، ئۇنى مەيدىن چۈشۈردى ۋە مەھكەم قۇچاقلىدى ، يىرىك ساقال - بۇرۇتىنى ئۇنىڭ سۈزۈك مەڭزى ۋە بويىنىغا ياقتى .

× × ×

يان تېگىن ئوردۇبالىق پاجىئەسىنى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن

ئۇقتى ۋە ئۇمۇ دەرھال قوشۇن تارتىپ چىقتى . بۇ چاغدا پۈتۈن قارا بالـ
غـاسۇن دىيارى قىرغىزلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى . پان تېگىننىڭ
قوشۇنى نەگىلا بارسا ، ھەممە يەردە قىرغىزلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالاتـ
تى . ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىمدىن چوڭ ـ كىچىك جەڭلەرنى قىلىپ ،
بـەزىدە ئىلگىرىلەپ ۋە بەزىدە چېكىنىپ دالادا ئايلىنىپ يۈرۈشكە توغرا
كەلدى .

ـــ بۇنداق تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە قارىـ
غۇلارچە ئۈسۈپ يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ ، ـــ دېدى پان تېگىن سانـ
غـۇنلارغا ، ـــ ئالدى بىلەن ئەھۋالنى ئېنىقلاپ ، ۋەزىيەتنى چۈشىنەيلى .
دەرھال قىرغىزلار تەرەپلەرگە چارلىغۇچىلار ھەم تەجرىبىلىك ئايغاقچىلار
ئەۋەتىلسۇن .

ئەۋەتىلگەن چارلىغۇچى ۋە ئايغاقچىلار ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ
كېلىپ مەلۇمات بېرىشتى .

ـــ ھىم ، ئەمدى ياخشى بولدى ، ـــ دېدى پان تېگىن قانائەتـ
لەنگەن ھالدا ، ـــ ئۇلارنىڭ ئاجو دېگەن باشلىقىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىـ
قىنى ئەمدى بىلدىم .

شۇنىڭ بىلەن پان تېگىن قوشۇنى ئايغاقچىلارنىڭ يول باشلىشىدا
تېز ئىلگىرىلەپ ، ئىككى كۈندىن كېيىن ئاجونىڭ بارگاھىغا يېتىپ
كەلدى ۋە تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى .
قىرغىزلار بۇنداق كۈتۈلمىگەن زەربىدىن ئالاقزادە بولۇپ ، ئۆزلىرىنى
ئوڭشىۋالالماي قالدى . ئاجو ئۆزىنىڭ ئەڭ خىللانغان باتۇرلاردىن تەشـ
كىللەنگەن قورۇقچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ جەڭگە چۈشتى . شۇ ئەسنادا
ئۇيـغۇچىلىقتا پىتىراپ كەتكەن باشقا قىرغىزلارمۇ ئېسىنى يىغىۋېلىپ قايـ
تۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى .

بۇ قىرغىزلار ئۇيغۇر يېرىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن بۇيانقى ئەڭ
قـاتتىق جەڭ بولدى . ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭچىلىرى بىر ـ بىرىدىن
قېلىشمايدىغان باتۇرلار ئىدى . ئۇلار ئارسلانلاردەك ھۆركىرەپ ، قاپلانـ
دەك شـىددەت بىلەن بىر ـ بىرىگە ئېتىلاتتى . ھەربىر جەڭچى بىر قەـ

دەممۇ كەينىگە چېكىنمەي مىسلىسىز جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشـ
ماقتا ئىدى . ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەجەل تاپقان يىگىتلەر ئات ئۇستىدىن
قوگۇر يەرگە دوملاپ چۈشكىلى تۇردى .

شۇ ئەسنادا يېقىن ئەتراپتىكى باشقا قىرغىز قوشۇنلىرى بۇ جەڭـ
دىن خەۋەر تېپىپ تېزلىكتە يېتىپ كەلدى . پان تېگىن سان جەھەتتە
نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان قىرغىزلارغا يەنە قارامىلىق بىلەن ھۇجۇم
قىلىۋېرىشتىن باش تارتىپ ، ئۆز قوشۇنىنى چېكىندۈردى .

تاڭ يورۇپ قالغان مەزگىل ئىدى . قىرغىزلار ئۇلارنى توختىماي
قوغلىدى ، لېكىن ھەر قانچە كۈچەپمۇ يېتىشەلمىدى . ئاجو ئۇلارنىڭ
كەينىدىن قاراپ زوقمەنلىك بىلەن خىتاب قىلدى :

— ھەي ! نېمىدېگەن ئېسىل ئاتلار ! نېمىدېگەن باتۇر ئەزىمەتلەر
بۇلار ! بولدى ، قوغلاشنى توختىتىڭلار !

سانغۇنلاردىن بىرى ئېتىراز بىلدۈردى :

— بۈيۈك ئاجو ، ئۇلارنى بىراقلا يوقاتمىغۇچە توختىمايلى .

ئاجو تەمكىنلىك بىلەن بېشىنى چايقاپ قويدى .

— ياق . بۆكتۈرمىگە چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن .

قىرغىزلار قوغلاشنى توختاتتى . ئۇيغۇرلارمۇ كەينىگە قاراپ
توختىدى . ئۇلارنىڭ قاتارىدىن چىرايلىق قارا گىر ئاتقا مىنگەن بىرى
ئايرىلىپ چىقىپ قىرغىزلارغا يېقىنراق كەلدى ۋە قاتتىق ۋارقىراپ مۇنداق
دېدى :

— ئەي ئاجو ، ئادەملىرىڭنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆرەڭلەپ
كەتمە ! مېنى تونۇپ قوي ، مەن پان تېگىن بولىمەن . بىز يەنە كۆرۈ-
شىمىز . ئەدىپىڭنى ئۆزۈم بېرىمەن !

پان تېگىن شۇ گەپنى دەپلا كەينىگە بۇرۇلدى ــ دە ، ئېتىنى قۇ-
يۇندەك چاپتۇرۇپ يىراقلاشتى . بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدىلا ئۇيغۇر قو-
شۇنى كۆزدىن غايىب بولدى . ئاجو ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ
تۇرۇپ قالدى . خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئاق بوز ئات مىنگەن بىر يە-
گىت كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى .

— ئاجو ئاتا، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
— ئوغلۇم، بۇ پان تېگىن مەن ھازىرغا قەدەر كۆرگەن رەقىبلەر ئىچىدىكى ئەڭ يامىنى ئىكەن ، — دېدى ئاجو ، — ئۇنى يوقاتمىساق بىزگە خاتىرجەملىك بولمايدۇ .
يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە نارازىلىق ئالامەتلىرى ئىپادىلەندى .
— ئەسلىدە بۈگۈن جەڭنى توختاتماي ، مۇشۇ بىر قېتىمدىلا ئۇنى يوقىتىش كېرەك ئىدى ، — دېدى ئۇ .
ئاجو بېشىنى چايقىدى .
— ئۇلار يەڭ تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلغان بولغاچقا سەپلىرىمىز چېچىلىپ كېتىپ ، نۇرغۇن چىقىم تارتتۇق . بۇنداق ئەھۋالدا داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش خەۋپلىك بولىدۇ . تەۋەككۈلچىلىك قىلمايلى . بىز ئالدى بىلەن قوشۇننى قايتىدىن رەتكە سېلىپ ، پۇختا تەييارلىق قىلايلى . ئاندىن پۈتۈن كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۇنى يوقىتىمىز .
— بولىدۇ ، ئاجو ئاتا ، — دېدى يىگىت بۇ گەپلەرگە قايىل بولغان قىياپەتتە ، — لېكىن بىر ئىلتىماسىم بار ، بۇ پان تېگىن دېگەن ئەبلەخنى يوقىتىشقا مېنى ئەۋەتىڭ .
ئاجو تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن شالاڭ ساقىلىنى سىلاش تۇرغاچ ئوغلىغا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قويدى .
— پان تېگىننى يوقىتىش جېڭىگە پۈتۈن قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ ھەممىمىز بارىمىز . زەربىدار قىسىمغا سەن قوماندان بولىسەن .
— خوپ ، ئاجو ئاتا .
شۇنداق قىلىپ ، ئاجونىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە قىرغىز قوشۇنى قايتىدىن رەتكە سېلىنىپ ، پان تېگىننى يوقىتىش جېڭىگە ئاتلاندى .
تىنىق ئاسماندىكى باھار قۇياشى خۇددى يەر يۈزىدىكى تىنچ يا شاشنى خالىمايدىغان بۇ ئىنسانلارغا شادلىق ۋە دوستلۇق ھېسسىياتىنى ئاتا قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ يارقىن ۋە ئىللىق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى . يىراق ـ يېقىندىكى ئورمان ۋە چاتقاللار قېشىچە يالىڭاچ تۇرغان گەۋدىلىرىگە يېشىل تونلار كىيىشكە باشلىغانىدى .

دالالاردا توپ ـ توپ يۇرگەن جەرەنلەر ئۇچراپ قالاتتى . ئاسماندا گاھى رەتلىك سەپ تارتىپ ئۇچۇۋاتقان تۇرنىلار ، گاھى « غاق ـ غاق » دەپ قىچقىرىشىپ ئۆتۈۋاتقان غاز ـ ئۆردەكلەر كۆزگە چېلىقاتتى .

ئەنە شۇنداق كۆكۈللەرنى سۆيۈندۈرىدىغان گۈزەل كۆللەرنىڭ بىرىدە پان تېگىننىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ماڭغان قىرغىز قوشۇنى ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى كەڭ يايلاققا يېتىپ كەلدى . ئاسمان رەڭگىنى ئېلىپ ۋە يېقىملىق شاۋقۇن سېلىپ ، ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا ، مەخمەلدەك يېشىللىققا پۈركەنگەن يايلاق دىللارنى مەھلىيا ئەيلىگۈچى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى .

پان تېگىن مۇشۇ يايلاقتا بارگاھ قۇرغانىدى . بىر قىسىم ئاقساقاللار نارازى بولۇپ ، « بۇنداق يىراق يەرلەرگە چېكىنىپ نېمە قىلىمىز ؟ قىرغىزلارغا ئۇزۇلدۇرمەي زەربە بېرىش كېرەك » دېيىشكەنىدى . پان تېگىن ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەنىدى :

ــ ھازىر قىرغىز قوشۇنى سان جەھەتتىمۇ ، تەشكىللىنىش جەھەتتىمۇ بىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . بىز ئېھتىياتچان ۋە ھەرىكەتچان بولۇشىمىز كېرەك . بىز ھۇجۇم قىلىش ، چېكىنىش ، يەنە ھۇجۇم قىلىش ۋە يەنە چېكىنىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇلارنى يايلاقلىرىمىزغا ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ ، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى ئۇزارتىشىمىز كېرەك . شۇنداق بولغاندا ، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي قىسىملىرى بىر ـ بىرىدىن ئۇزۇن مۇساپە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنى بىردىن ـ بىردىن يوقىتىشقا ئىمكانىيەت ھازىرلىنىدۇ .

پان تېگىننىڭ بۇ تەدبىرى مەنتىقىي جەھەتتىن ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئاجىز ئۆز قوشۇنىنى بۆلمىدى ، ئۇرۇش سېپىنى كېڭەيتمىدى ، بەلكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ توپلىشىپ ياشاش ئادىتى بويىچە بىرلىكنى بۇزماي ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، پان تېگىنگە نۇقتىلىق زەربە بېرىشكە ئاتلاندى . قىرغىزلار تاغ ـ دالا خەلقلىرىگە خاس چىدام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرىدا كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئىلگىرىلەپ ، پان تېگىننىڭ تاكتىكىسىنى بۇزۇۋەتتى . ئون مىڭلىغان

قىرغىز چەۋەندازلار گوياكى يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان ئوتلۇق لاۋا. دەك پۈتۈن دالانى قاپلاپ يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئۇلارنى بۇنداق تېزلىكتە تەشكىللىنىپ يېتىپ كېلەلەيدۇ دەپ ئويلىماپتىمەن، — دېدى پان تېگىن ھەيران بولۇپ ۋە ئۆزىنىمۇ چاقماق تېزلىكىدە قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ جەڭگە تەييار بولدى.

جەڭ باشلاندى. تەڭداشسىز قۇدرەتلىك ئىككى قوشۇن توقۇ. نۇشتى. ئۇيغۇر ۋە قىرغىز ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى تەگكەنلىكى يەردە ئۇلارغا تەڭ تۇرالىغۇدەك رەقىب تېخى تېپىلمىغانىدى. مانا ئەمدى داڭقى چىققان شۇ ئىككى باتۇر قوشۇن بىر - بىرىگە ئېتىلدى. ئورخۇن قۇ. ياشى بۇنداق دەھشەتلىك جەڭنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي بۇنداق قاراملىق بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئەزىمەتلەرنى كۆ. رۈپ كۆك ئاسمانمۇ ھەيرەت ئىچىدە قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئېگىز تۆپىلىكتە تۇرۇپ جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىۋاتقان ئاجو ھەم. مىدىن بەكرەك ھاياجانلانماقتا ۋە جىددىيلەشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ھازىر زەربىدار قىسمغا قوماندانلىق قىلىپ، پان تېگىن بىلەن يۈزمۇيۈز جەڭ قىلماقتا ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىر نەچچە قېتىملىق جەڭ. لەرگە قوماندانلىق قىلغان ۋە ئانچە كۈچىمەيلا غەلىبە قازىنىپ قايتقانى. دى. بىراق، ھازىر ئەھۋال باشقىچە كۆرۈنەتتى. پان تېگىننىڭ ئەس. كەرلىرى قىرىلىپ - قىرىلىپ كېتىۋاتسىمۇ ھېچ قورقۇپ قالمىغاندەك ئەمەس ئىدى. قىرغىزلارمۇ قىرىلىپ، تۆكۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق. تىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپ چارچىمىغاندەك، بولدى قىلمىغاندەك ئە. مەس!

ئۇشتۇمتۇت قىرغىزلارنىڭ سەپلىرى يىمىرىلدى. جەڭ ئىلاھى ئۇيغۇرلارغا ئوڭ كۆزىدە قارىغاندەك بولدى. قىرغىزلار مالىمانچىلىق ئى. چىدە چېكىنگىلى تۇردى. ئاجو تۆپىلىكتە تۇرۇپ، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى پەملىيەلمەي قالدى. ئۇ ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن بىر تۇرۇپ دالاغا چېچىلىپ كەتكەن قىرغىز قالپاقلىرى. غا، بىر تۇرۇپ ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ قېچىپ كېلىۋاتقان بىر

www.uyghurkitap.com

توپ چەۋەندازغا قاراپ قالدى. ئاشۇ قېچىپ كېلىۋاتقان چەۋەندازلار تۆپىلىككە چىقىپ ئاجونىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئۈستۈبېشى قانغا بويالغان بىر كىشىنى ئېگىرىنىڭ ئالدىغا توغرىسىغا ياتقۇزۇپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۈچ - تۆت چەۋەنداز دەرھال ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۈستۈبېشى قانغا بويالغان شۇ كىشىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە ياتقۇزدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئاجونىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. يەردە ياتقان بۇ كىشى ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. ئاجو ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ:

— ئوغلۇم... يۈرىكىم... باغرىم... — دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئوغلىنىڭ يوغان ئېچىلىپ قېتىپ قالغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى. ئاجونىڭ ئوغلى ئاللىقاچان مەڭگۈلۈك دۇنياغا كەتكەنىدى.

بۇ چاغدا پان تېگىنمۇ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قوشۇنىنى قايتۇرۇپ كەتتى.

× × ×

ئۇرۇش ئوتى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى. گەرچە ئاستانە ئوردۇبالىق قولدىن كەتكەن، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى قاغانلار ئۆلۈپ تۈگىگەن بولسىمۇ، پۈتۈن ئەل ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانىدى. بەزىلەر جەڭ قىلىۋاتقان بەگ، تارقانلارنىڭ چوڭ - كىچىك قوشۇنلىرىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشتى، بەزىلەر ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ چىقىشتى.

يايلاق ۋە قىشلاقلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بارمان يۈز بېشى بىلەن ئۆتەمىشمۇ ئەنە شۇنداق ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن بىر توپ كىشىگە قوشۇلدى. بۇ كىشىلەر بارمان يۈز بېشىنى ئۆزلىرىگە ئاتامان قىلىۋېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇنقى يۈز بېشى ئەمدى مىڭغا يې-

قىن ئادەمگە باشلىق بولۇپ قالدى . ئۇ ئاشۇ پىدائىيلارنى باشلاپ ، قىرغىزلارنىڭ كىچىك ئەترەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ، دالا ۋە يايلاقلاردا ئايلىنىپ يۈردى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار قىرغىزلار ۋە ئۇلارغا ئەل بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا دوقۇرۇشۇپ قالدى . جەڭ بولدى . بارمان يۈزبېشىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قىلىچۋازلىق ماھارىتى ئۆزنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ تاڭ قالدۇردى . ئۇ خۇددى كۆكتىن شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقان قىران بۈركۈتتەك قىرغىزلار ۋە ئاسىي ئۇيغۇرلارنىڭ سەپلىرىگە بۆسۈپ كىرىپ كېتەتتى ـ دە ، چاقماق تېزلىكىدە قىلىچ ئۇرۇپ يول ئاچاتتى . ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن ئادەملەر ۋە ئاتلار كەينى ـ كەينىدىن موللاقلاپ چۈشكىلى تۇردى .

جەڭ داۋامىدا ئۆتەمىشمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى . ئۇمۇ باتۇرلۇقتا بارماندىن قېلىشمايتتى . ئۇنىڭمۇ قېنى قىزىپ ، خەتەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ساقالسىز يۇمران مەڭزىلىرى قىزىرىپ ، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى . ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن غۇلاچلاپ قىلىچ ئۇرۇپ ، ئالدىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى ئۇچۇرتۇپ يىقىتاتتى .

بۇ قېتىمقى جەڭمۇ خۇددى قارا بالغاسۇن يايلاقلىرىنىڭ ھەممە جايلىرىدا بولۇۋاتقان چوڭ ـ كىچىك جەڭلەرگە ئوخشاشلا قەھرىمانلىق داستانىنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ قالدى . ھەر ئىككى تەرەپ قىلچە بوشاشماستىن ، جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى . بارمان پىدائىيلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى قىرىلىپ كەتتى . قىرغىزلارنىڭ تالاپىتى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بولدى .

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ئىشقىلىپ ، ئاخىر جەڭنىڭ ئاياغلىشىدىغان پەيتىمۇ كەلدى . قىرغىزلار جەڭنىڭ بەك ئۇزاق سوزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى . ئۇلار باشقا ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ چېكىندى . ئەمما ، بارمان ئۆز جەڭچىلىرىنى توختاتمىدى . ئۇلار قىرغىزلارنىڭ كەينىدىن خۇددى كۆلەڭگىدەك قېلىشماي كېلىۋەردى . ئۆتەمىش ئېتىنى چۆل بورىنىدەك ئۇچۇرتۇپ ، قېچىپ كېتىۋاتـ

www.uyghurkitap.com

قان قىرغىزلار ئارىسىدىكى يالتىراق تاۋار تون كىيگەن بىر كاتتىۋاشقا يېتىشىۋالدى ۋە ئېگەردىن سەكرەپ چىقىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىككى گەۋدە ئات ئۇستىدىن يىقىلىپ، داق يەردە دومىلاپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسى راسا چېلىشىپ، مۇشتلاشقاندىن كېيىن ئۆتەمىش يەڭدى. ئۇ ئۇزۇن چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن بۇ خام سېمىز ئادەمنى بېسىۋېلىپ، مۇشتى بىلەن نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى ـ دە، ياقىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. ئۆتەمىش «دۈشمەننىڭ چوڭلىرىنى ئىلاجى بار تىرىك تۇتۇش كېرەك» دېگەن تەلىمنى ئۇنتۇمىغانىدى.

بۇ چاغدا جەڭمۇ ئاخىرلاشقانىدى. قىرغىزلار ئۇچقۇر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، يىراقتىكى ئېدىرلار ئارىسىدا غايىب بولدى. بارمان يۈزبېشى ئۆتەمىشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى ۋە توپىغا مىلىنىپ، ئاق كىرگەن ئۇزۇن چاچ ـ ساقاللىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن مۆتىۋەر سۈپەت تۇتقۇنغا تىكىلىپ قارىدى.

— بۇ سەنمىدىڭ، ئاسىي مۇناپىق! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ.

بۇ تۇتقۇن كۆلۈگ باغا تارقان ئىدى. بارمان يۈزبېشى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى. كۆلۈگنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— توختاپ تۇر، بارمان، مەن ساڭا چۈشەندۈرەي، — دېدى ئۇ ھودۇققان ھالدا تىلى كالۋالىشىپ، — مەن سېنىڭ باشلىقىڭ... سەن بىلەن ئىككىمىز كۆلۈگ بەگكە قارشى كۈرەش قىلغانىدۇق... مەن كۆلۈگ بەگنى جازالاپ، قانۇنلۇق قاغاننى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن ئاجۇدىن ياردەم سورىدىم...

بارمان قىلىچىنى غەزەپ بىلەن چاپتى. كۆلۈگ باغا تارقاننىڭ بېشى بىر ياقتا، تېنى بىر ياقتا يېتىپ قالدى.

# توققۇزىنچى باب

## ئۇيۇقتا تەگرىتاغ بوستانلىرى

ئاجوغا ئوغلىنىڭ ئۆلۈمى بەكمۇ ئېغىر كەلدى . بىر نەچچە كۈنىنىڭ ئىچىدىلا ئۇ ئورۇقلاپ ، يۈزىدىكى قورۇقلىرى كۆپىيىپ ، گەۋدىسى مۈكچىيىپ قالغانىدى . قارىماققا ئۇ بىراقلا ئون يىللىق قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىنتايىن ئەسەبىيلىشىپ ، ئوغلى ئۈچۈن قىساس ئېلىش ئىستىكى ئۇنىڭ باغرىنى ئۆرتەپ كاۋاپ قىلدى . ئۇ پۈتۈن قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ پان تېگىن قوشۇنىغا ئۈزۈلدۈرمەي زەربە بەردى .

پان تېگىن سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان قىرغىز قوشۇنىغا قارشى قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ چېكىنمەكتە ئىدى .

— چېكىنىپ نەگە بارىمىز ؟ — دەپ سورىدى سانغۇنلاردىن بىرى .

— باشتا ئۆگە تېگىننى تېپىپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشەيلى . ئاندىن باشقا بەگ ، تۆرىلەرنىڭ قوشۇنلىرىنىمۇ بىرلەشتۈرەيلى ، — دېدى پان تېگىن .

شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئۆگە تېگىننى ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر يەردىن تاپتى . پان تېگىن ئۇنىڭ چېدىرىغا كىرىپلا گەپنى ئۇدۇل باشلاپ دوق قىلدى :

— ئەي ئۆگە تېگىن ، دۇنيا نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ؟ سەن نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتىسەن ؟ بۈرۈن كۆلۈگ بەگنى ئاغدۇرايلى دەپ ھەممىدىن

بەكرەك قايناپ يۈرەتتىلىك ، ئەمدى بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ يېتىۋاپسەن. غۇ ؟ بۈرۈن مېنى كۆلۈگ بەگكە قارشى چىقمىدىڭ ، قورقۇنچاق دەپ ئەيىبلەيتتىلىك . ئەمدى سېنى نېمە دېسەم بولىدۇ ؟

ئۆگە تېگىن ئۇنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىگە پەرۋا قىلمىدى .

ــ نېمانچە تېرىكىسەن ، پان تېگىن ؟ قىرغىزلار بىلەن مەنمۇ ئۇرۇشتۇم . لېكىن ، ئۇلار بەك كۆپ ئىكەن . ئويلىشىپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ .

ــ مۇشۇنداق چاغدا يەنە ئويلاشقۇدەك نېمە ئىش بار ؟ ــ دېدى پان تېگىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ .

ئۆگە تېگىن بىر ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن تامىقىنى قىرىپ قويۇپ چۈشەندۈردى :

ــ قاغانلىرىمىز ئۆلۈپ تۈگىدى . ھازىر بىز ئالدى بىلەن بىر قا. غاننى تىكلىشىمىز كېرەك . شۇنداق قىلساق ، قاغانىنىڭ نامى بىلەن ئەلنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايمىز .

پان تېگىن چىرايىنى ئاچماي ئېتىراز بىلدۈردى :

ــ قاغاننى ئاقساقاللار كېڭىشى سايلاپ چىقىشى كېرەك . ھازىر ھەممە يەردە ئۇرۇش بولۇۋاتسا ، ئاقساقاللارنى كىم يىغىدۇ ؟ كىمنى قاغان قىلىمىز ؟

ئۆگە تېگىن گەپنى تومتاق قىلىدىغان ، ئۇدۇل سۆزلەيدىغان ئا. دىتى بويىچە كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى ئېيتتى :

ــ ھازىر خان جەمەتى ئىچىدە ئورۇن ـ مەرتىۋىسى ئەڭ چوڭى مەن ، تېگىنلەر ئىچىدىكى يېشى ئەڭ چوڭىمۇ مەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، تەيخې قاتۇن ماڭا ياتلىق بولدى . مېنى قاغان دەپ ئېلان قىلىڭلار . مەن پۈتۈن ئەلنى سەپەرۋەر قىلاي .

پان تېگىن ئاچچىقىنى بېسىۋالالماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ سۆزلىدى :

ــ ماقۇل ، مەنمۇ سېنى قاغان دەپ ئېتىراپ قىلاي . لېكىن ، بۇنى كىمگە ئېلان قىلىمىز ؟ پۈتۈن خەلق ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بى.

لەن چېچىلىپ كەتتى . ھازىرقى ئۇرۇشتا كىمنىڭ تۆھپىسى ئەڭ كۆپ بولسا ، شۇ قاغان بولىدۇ . بىز قوشۇنلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ جەڭگە چىقايلى ! ھازىرقى بىرىنچى ئىشىمىز جەڭ قىلىش !

ئۆگە تېگىن ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى . پان تېگىن ئادەتتە كەم سۆز ، ئېغىر ـ بېسىق ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ بۇنداق كەسكىن تەلەپ- پۇزدا سۆزلەپ تەشەببۇسكارلىق قىلىشىنى ئۆگە تېگىن كۆرۈپ باقمىغا- نىدى . شۇ تاپتا پان تېگىننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ، چىراي ئىپادىسى يۈكسەك پىداكارلىق ۋە قەھرىمانلىق تۇسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى .

بىرقىسىم كىشىلەر ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ناھايىتى جانلىق ۋە باتۇر كۆرۈنىدۇ ، لېكىن تازا ھالقىلىق سىناق پەيتىگە كەلگەندە ئۇنداق باتۇر بولالماي قالىدۇ . ئەكسىچە ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قارىماققا ياۋاش ، ئېغىر ـ بېسىق كۆرۈنىدۇ ، ئەمما لازىم بولغاندا يانار تاغدەك پارتلاپ چىقالايدۇ . ئۆگە تېگىن بىرىنچى خىلدىكى ، پان تېگىن ئىككىنچى خىلدىكى ئادەم بولۇپ چىقتى .

ئىككى تېگىننىڭ سۆھبىتى ھېچقانداق نەتىجە بەرمىدى . پان تېگىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە نەپرەتلەنگەن ھالدا ئۆگە تېگىننىڭ بارگا- ھىدىن قايتىپ چىقتى .

قىرغىزلار بارغانسېرى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ ، ھەممە يەرنى بېسىپ كەلمەكتە ئىدى . ئۇيغۇر بەگلىرى بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ بىرلىشەلمىدى . ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز يۇرتىنى ، ئۆز ئۆيىنى قوغدايمىز دەپ يەككە ـ يېگانە ھالدا ئېلىشىپ ، نەتىجىدە ھېچ نەرسىنى قوغدىيالماي ، كەينى ـ كەينىدىن تىرىپىرەن بولۇپ ، ھەر ياقلارغا چېچى- لىپ قاچماقتا ئىدى .

پۇقرالارنى ۋەھىمە باستى . قارا بالغاسۇن ياپلاقلىرىدا « قارا بو- دۇن » دەپ ئاتالغان ئاۋام پۇقرالار ئات ۋە تۆگىلەرگە يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ ، ھارۋىلارغا بالا ـ چاقىلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ ، نەگە بېرىشىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەي تېنەپ يۈرۈشەتتى .

بارمان يۇز بېشى كۆچ ـ كۆچ ئېقىمى ئىچىدىكى كىشىلەرنى ئا-

رىلاپ ، باتۇرلارنى جەڭگە چاقىرىپ ، ئەركەكلەرنى تەشكىللەپ ئەسكەرلىككە ئېلىپ ، تىنىم تاپماي ، كېچە ـ كۈندۈز ئېگەردىن چۈشمەي دالالارنى كەزمەكتە ئىدى . ئۆتەمىش سەرسان بولۇپ تېنەپ يۈرگەن كىشىلەر توپلىرى ئىچىدىن ئۆزىنىڭ بوۋىسىنى ، ئاتىسىنى ، ئايتۇزۇنى ئىزلەيتتى ، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي تىت ـ تىت بولاتتى .

قىرغىزلارنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ئويلىمىغان يەردىن ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالاتتى ـ دە ، قېچىپ كېتىۋاتقان پۇقرالارنى ئۇرۇپ ـ چېپىپ ، ئات ـ ئۇلاغ ۋە مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ كېتەتتى . بارمان يۈز بېشى مۇشۇنداق ئەھۋالنى ئۇقۇپلا قالسا دەرھال جەڭچىلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ باراتتى ـ دە ، جان پىدالىق بىلەن جەڭگە چۈشۈپ كېتەتتى .

بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى . بارمان جەڭچىلىرى بىلەن دالادا كېتىپ باراتتى . ئۇشتۇمتۇت يىراقتىكى دۆڭنىڭ كەينىدىن ئاتلىق ، تۆگىلىك ، هارۋىلىق ۋە پىيادە ئادەملەر چىقىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياش ـ قېرى ، ئەر ـ ئايال ۋە كىچىك باللارمۇ بار ئىدى . بارمان ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ شۇلارنىڭ ئالدىغا باردى . ئاياللار ۋە باللار هۆكرەپ يىغلىماقتا ئىدى .

— قىرغىزلار ... قىرغىزلار ... — دەيتتى ئۇلار قوللىرى بىلەن يىراق بىر ياقلارنى كۆرسىتىپ .

تۆگىگە مىنىۋالغان تاقىرباش بوۋاي كۆز يېشىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى :

— ئۆي ـ ماكانلىرىمىزنى تاشلاپ قېچىپ كېلىۋاتقانىدۇق . ئۇشتۇمتۇت قىرغىزلار كېلىپ قالدى . ئۇلار « بىزگە قۇل بولساڭلار ئۆلتۈرمەيمىز » دەپ بىرمۇنچە ئادەملەرنى تۇتۇپ كېتىشتى . بىز ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇق .

بارمان قىلىچىنى يالىڭاچلاپ جەڭچىلىرىگە قارىدى .

— يىگىتلەر ، ئالغا !

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشتى ۋە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا

يىراقتا كېتىۋاتقان قىرغىزلارنى كۆردى. قىرغىزلار قۇللۇقتا تۇتۇلغان ئوتتۇز ـ قىرىقتەك ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. قارىغاندا، قىرغىزلار خېلى كۆپ بولۇپ، بارماننىڭ جەڭچىلىرىدىن بەش ـ ئالتە ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ھالبۇكى، بارمان، ئۆتەمىش قاتارلىق پىدائىيلار شۇ تاپتا تۇتقۇنلارنى قۇتۇلدۇرۇشتىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى. ئۇلار خۇددى تۈلكە، توشقانلارغا ئۆزىنى ئاتقان بۈركۈتلەردەك ئېتىلىپ كەلدى. ھايات ـ ماماتلىق تەڭسىز جەڭ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭچىلىرى قۇترىغان قاپلانلاردەك ھەيۋەت بىلەن بىر ـ بىرىگە تاشلاندى. تۇتقۇنلار قىيا ـ چىيا ۋارقىرىشىپ ھەر تەرەپلەرگە قېچىشتى.

ئادەملەر رەھىم ـ شەپقەت دېگەننى ئۇنتۇشقانىدى. ئارسلانلار، قاپلانلار تالاشسا ئۇزاق ئۆتمەي بولدى قىلىشىدۇ. لېكىن، ئادەملەر بۇنداق شارائىتتا بولدى قىلمايدۇ، قارشى تەرەپنى ئۇجۇقتۇرۇپ تۈگـتىۋەتمىگۈچە توختىمايدۇ. قانغا مىلەنگەن جەسەتلەر ھەر ياندا چېچىلىپ، تېز كۆپەيگىلى تۇردى. ئىگىسىز قالغان ئاتلار ئۈركۈپ كەتكەنلىكتىن قاتتىق كىشنەپ جەڭ مەيدانىدىن قاچماقتا ئىدى.

بارماننىڭ پىدائىيلىرى خۇددى مۆلدۈر تەگكەن باشاقلاردەك قىرىلىپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. نېمە دېگەنبىلەنمۇ بىر ئادەمنىڭ بەش ـ ئالتە ئادەمگە تەڭ كېلىشى تەس بولىدۇ ـ دە. ئۆتەمىش ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ ـ كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن غۇلاچلاپ قىلىچ ئۇرۇپ چارچىدى، بىلەكلىرى تالدى، تىنىقلىرى ئېغىرلاشتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ قىلچە بوشاشماي، چېكىنمەي قىرغىنچىلىقتا بەسلەشمەكتە ئىدى. ئۇ ئادەم ۋە ئاتلارنى ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن چېپىپ كەينى ـ كەينىدىن يىقىتماقتا ئىدى.

ئاخىر قىرغىزلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. بارماننىڭ جەڭنى داۋاملاشتۇرغۇدەك جەڭچىلىرىمۇ قالمىدى. جەڭ مەيدانى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بەزىلەر ئۇرۇشۇۋاتقان، بەزىلەر قېچىۋاتقان، بەزىلەر قوغلاۋاتقان... ئۆتەمىش ئۆپچۆرىسىگە غىل ـ پال قاراپ بارماننى كۆرەلمىدى.

باشقا جەگچىلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئۇستى ــ ئۇستىلەپ كېلىۋاتقان قىرغىزلارغا قىلىچ ئۇرۇپ قوغدىنىپ ، ئاستا ــ ئاستا چېكىنىشكە باشلىدى . ئۇ بەلكىم قېچىپ قۇتۇلار ئىدى . ئۇ قىرغىزلارنى خېلى ئارقىدا قالدۇرۇپ ، جەڭ بولغان يەردىن يىراقلاپ كەتكەنىدى .

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ھېلىقى تۇتقۇنلارغا چۈشۈپ قالدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىگىسىز قالغان ئاتلارنى تۇتۇپ قاچماقتا ، بەزىلىرى بېشى قايغان تەرەپلەرگە يۈگۈرۈپ ئوي ــ چوڭقۇرلارغا مۆكۈنمەكتە ئىدى . قىرغىزلار ئۇلارنى قوغلاپ بەزىلىرىنى قامچا بىلەن ساۋاپ ، بەزىلىرىنى قىلىچ بىلەن چاناپ ، بەزىلىرىنى قىل ئارقانلار بىلەن باغلاپ ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى .

كىيىملىرى يىرتىلىپ ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر ياش قىز چىر ــ چىر چىرقىراپ ، خۇددى ئوۋچىدىن قاچقان كېيىك بالىسىدەك يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى . ئۆتەمىش ئۇنىڭغا بىر قارىدى ــ دە ، يۈرىكى « قارت » قىلىپ ، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . بۇ قىز ئۇنىڭغا تونۇشتەك ، ناھايىتى يېقىن تونۇشتەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇ دەرھال ئېتىنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى ۋە كۆزلىرىنىڭ خاتا كۆرمىگەنلىكىگە ئىشەندى . بۇ قېچىپ كېلىۋاتقان قىز دەل ئايتۇزۇن ئىدى ، ئۆتەمىش شۇنچە ئۇزاقتىن بېرى ھەر جايلاردا ئىزلەپ تاپالمايۋاتقان ئۆزىنىڭ سۆيگىنى ئايتۇزۇن ئىدى .

ئۆتەمىشنىڭ كۈچىگە كۈچ ، جېنىغا جان قوشۇلغاندەك بولدى . ئۇ ئايتۇزۇن تەرەپكە ئېتىنى چاپتۇردى ئەمەس ، بەلكى قاناتلىنىپ ئۇچتى . شۇ ئەسنادا بىرنەچچە قىرغىز ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قىزنى ئارىغا ئېلىۋالدى . ئۇلار بۇ ئولجىنى تالىشىپ ھەرياقتىن قول سېلىشتى . ئايتۇزۇن ھەددىدىن ئارتۇق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ يېتىپ قالدى . قىرغىزلاردىن بىرى ئات ئۈستىدىن چاققانلىق بىلەن ئېگىلىپ ، ئۇنى قامالاپ كۆتۈردى ــ دە ، ئېگەرنىڭ ئالدىغا ياتقۇزۇۋالدى . ئەمما ئۇ ئولجىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرمىدى . ئۆتەمىش مىسالى قارا بوراندەك ئۇچۇپ كېلىپ قىلىچ ئۇردى . قىز بولاگچىسى موللاقلاپ چۈ-

شۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئايتۇزۇنمۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ كەتتى-دە، دەرھال قوپۇپ قېچىشقا تەمشەلدى.

— ئايتۇزۇن! — دەپ توۋلىدى ئۆتەمىش ۋە ئۇنى كۈچلۈك قولى بىلەن كۆتۈرۈپ، ئېگەرنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

ئايتۇزۇن بۇ جىددىي پەيتتە ھەرقانچە قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سۆيگىنىنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭ بويىنىغا ئىككى قولى بىلەن گىرە سېلىپ قۇچاقلىۋالدى. ھاياجان ۋە خەۋپ-خەتەر تۈيغۇسىدىن ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان ئىككى ئوتلۇق تەن بىر-بىرىگە چىرمىشىپ، يېپىشىپ كەتتى. ئۇلاردىن بەتەر قېنى قىزىپ، تىپىرلاپ تۇرغان ئارغىماق يۇلقۇنۇپ چاپقىنىچە ئۇلارنى ياۋ ئارىسىدىن ئېلىپ قاچتى. بىر توپ قىرغىزلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۆتەمىش ئۆتۈكلىرىنىڭ قاتتىق ئۆكچىلىرى بىلەن ئېتىنىڭ بىقىنلىرىغا نىقتاپ، ئۇنى يەنىمۇ تېز چېپىشقا زورلايتتى. لېكىن، قارا تەرگە چۆمگەن ئارغىماق ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ مۆجىزە كۆرسىتەلمەيتتى. قىرغىزلار چۇقان سېلىپ بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ئالدى تەرەپتە ئۇ باشتىن بۇ باشقا كەڭ سوزۇلغان چوڭقۇر بىر يار كۆرۈندى. ئۆتەمىش ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتمىدى. ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئات بار كۈچىنى يىغىپ ئېتىلىپ سەكرىدى. ئاشىق-مەشۇقلارنى ئېلىپ ئۇچقان ئات خۇددى كۆلدىن قانات قېقىپ كۆتۈرۈلگەن غازدەك مۇئەللەقتە بىر تىپىرلىدى-دە، يارنىڭ قارشى قېشىغا يېتەلمەي پەسكە چۈشۈپ كەتتى. يار لېۋىدىكى ئات تۇياقلىرىدىن يىمىرىلىپ چۈشكەن تاش-تۇپىلار ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تۆكۈلۈپ كەتتى.

ئۆتەمىش يارنىڭ ئۇ چېتىگە سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەلەيمىز دەپ ئويلىدىمۇ ياكى قوغلىغۇچىلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈشنى خالىمىدىمۇ، ئىشقىلىپ، مۇشۇ يولنى تاللىۋالدى. بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق ئېتى بىلەن قوشۇلۇپ كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر يارنىڭ تېگىدىكى چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى.

www.uyghurkitap.com

× × ×

بارمان يۈزبېشى ئويمان يەردە هوشىدىن كېتىپ ياتاتتى. قانچى-
لىك ۋاقىت ياتتىكىن، ئىشقىلىپ، هوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچقاندا
پۈتۈن ئەتراپتا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بېشى غۇ-
ڭۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ تەستە زېھنىنى يىغىپ جەڭ قىلغان ۋاقتى-
نى، مىنگەن ئېتىنىڭ قىلىچ زەربىسىدىن يىقىلغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئې-
گەردىن قاڭقىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى
ئىشلارنى بىلمەيتتى. قارىغاندا، ئۇ مۇشۇ ئويمانغا يىقىلىپ چۈشۈپ بېشى
قاتتىق يەرگە ئۇرۇلۇشتىن زەخىملەنگەنىدى. پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىز-
لىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆمىلەپ ئويماندىن چىقتى.
قارىسا، كۆز يەتكۈدەك ئارىلىقتىكى ھەممە يەردە ئادەملەرنىڭ جەسەت-
لىرى، ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى، قىلىچ، نەيزە، قالقانلار قالايمىقان چېچى-
لىپ ياتاتتى.

بارمان قاتتىق ئاغرىۋاتقان بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ
ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇشتۇمتۇت، بىر چەتتە شېغىلنىڭ شىرتىلدىغان ئا-
ۋۇشى ئاڭلاندى. بارمان بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ شۇ ياققا قارىدى.
يىراقتىن بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. بۇ ئادەم ئۆزىمۇ، دۈشمەنمۇ؟ بارمان
قىمىر قىلماي ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرىۋەردى. ئۆز بولسىمۇ، دۈشمەن بول-
سىمۇ، ئىمجان هالەتتە ئولتۇرغان بارمان چارىسىز ئىدى.

يوچۇن ئادەم يېقىن كەلدى.

— بارمان يۈزبېشى! بۇ سەنمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ.

— هە ... سەنمىدىڭ، باسان قارا؟ — بارمان زەئىپلەشكەن
ئاۋازدا شۇ گەپنى ئاران ئېيتالىدى.

بۇ ھەقىقەتەن، تېخى بايىقى جەڭدە سۆيگەن يارى بىلەن بىللە
قۇربان بولغان ئۆتەمىشنىڭ ئاتىسى باسان قارا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسى-
دىكى ئوڭ ياندىن ئىزمىلەنگەن ئاق بۆز كۆڭلىكى كىرلىشىپ يىرتىلىپ
كەتكەن، كۆك بۆز شىمىنىڭمۇ بىر تىزى تېشىلىپ قالغان، چاچ - سا-
قاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاستا كېلىپ بارماننىڭ يې-

نىدا ئولتۇردى .

— ئوغلۇم ئۆتەمىش قېنى ، بارمان ؟ ئۇ سەن بىلەن كەتكەنىدىغۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

بارمان بىر ئەسناغىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردى . ئاندىن باسان قارىنىڭ ئۈمىد ۋە ئىلتىجا بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى .

— ئۇ باشتىن ـ ئاياغ مەن بىلەن بىللە بولدى ، — دېدى ئۇ ، — بۈگۈنكى جەڭگىمۇ بىز بىللە كەلگەنىدۇق ...

— ھە ، ئاندىن كېيىنچۇ ؟ ئۇ قېنى ؟

— كۆرمەيۋاتامسەن ، باسان قارا ، مەنمۇ تېخى ھېلىلا ھوشۇمغا كەلدىم ... مەنمۇ سەندىن « ئۆتەمىشنى كۆردۈڭمۇ » دەپ سوراي دەپ تۇراتتىم .

باسان قارا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئەمدى بارمانغا گەپ قىلماستىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئۆلۈكلەرنى ئارىلاپ ، ھېلى ئۇنىڭغا ، ھېلى بۇنىڭغا ئېڭىشىپ قاراپ ئىزلىگىلى تۇردى . بارمانمۇ تەستە قوپۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى . باسان قارا ھەربىر جەسەتنى كۆرگەندىن كېيىن يۈرىكى ئېچىشقاندا ھالدا :

— ئەمەس ... ئەمەس ... — دەپ پىچىرلايتتى .

شۇ تەرىقىدە ئۇ پۈتۈن جەڭ مەيدانىنى ئالا قويماي ئارىلاپ چىقتى .

— يوق ، — دېدى ئۇ ئاخىر ئىزلەشنى تاماملاپ ۋە يەنىلا يىراق ـ يېقىنغا نەزەر تاشلاپ .

— بەلكىم قېچىپ قۇتۇلغاندۇ ، — دېدى بارمان .

— ئايتۇزۇنمۇ تېپىلمىدى ، — دېدى يەنە باسان قارا .

— ئاتاڭ تاپار بوۋاي نەدە ؟ — دەپ سورىدى بارمان .

باسان قارا ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەتتىن روھى چۈشكەن ھالدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ يەرگە ئولتۇردى .

— ئاتام قىرغىزلار ئوردۇبالىققا ھۇجۇم قىلىشتىن ئىككى كۈن

ئىلگىرى كېسەلدىن ساقىيالماي تۈگەپ كەتكەنىدى، — دېدى ئۇ.

— ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاك روھلىرى ئۇنى خۇشال قىلسۇن، — دېدى بارمان، — ئايتۇزۇننىڭ ئاتىسى تۈكەل بۇغىچۇ؟

باسان قارا يەنە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

— ئۇنى تېخى بايا ئەنە ئاۋۇ يەرگە كۆمۈپ قويدۇم، — دېدى ئۇ قولى بىلەن بىر چەتنى كۆرسىتىپ، — بىز ھەممىمىز يۇرتداشلار بىلەن بىللە كۆچۈپ كېتىۋاتقانىدۇق. ئايتۇزۇن قىزىمۇ ئاتىسى بىلەن بىللە ئىدى. كېيىن قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق... ئاندىن سىلەر كەلدىڭلار... يالغۇز مەنلا قېچىپ قۇتۇلۇپتىمەن. قىرغىزلار كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ تۈكەل بۇغىنىڭ جەسىتىنى تاپتىم، لېكىن ئۇنىڭ قىزى نەگە كەتكەندۇ؟

شۇ تاپتا ئۇلار ھەر ئىككىسى كۆڭلىدە «ئۇ قىزنى قىرغىزلار تۇتۇپ كەتكەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاشتى، ئەمما بۇنداق كۆڭۈلسىز گەپنى ئېغىزلىرىدىن چىقىرالمىدى.

باسان قارا ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمدى نېمە قىلىمىز؟ نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئەمدى قانداق قىلاتتۇق؟ ئۆزىمىزنىڭكىلەرنى ئىزلەپ تېپىشىمىز كېرەك، — دېدى بارمان.

ئۇلار ئىككىسى جەڭ مەيدانىدىن ياخشىراق قىلىچ، خەنجەرلەرنى تاللىۋېلىپ كەمەرلىرىگە ئاستى، ئوقيا ۋە ئوق قاچىلانغان ساداقلارنى يەلكىلىرىگە ئارتتى. باسان قارا تېخىچە بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇرغان بارمان يۈزبېشىنى يۆلەشتۈرۈپ ماڭدى.

— بۇنداق كېتىۋەرسەك قىرغىزلار يىراقتىن بىزنى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى بارمان، — ياخشىسى، ئاۋۇ يارنىڭ تېگى بىلەن ماڭايلى.

— راست دەيسەن، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى باسان قارا.

ئىككىيلەن يارنىڭ ئاسان چۈشكىلى بولىدىغان يانتۇراق يېرىنى

تاللاپ ئاستا تۆۋەنگە چۈشتى . ئۇلار يارنىڭ تېگىدە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۆتەمشى بىلەن ئايتۇزۇننىڭ قانغا بويىلىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جەسەتلىرىنى ئۇچراتتى . باسان قارا :

— ۋاي بالام !!! — دەپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى .

× × ×

پان تېگىن ئۇزۇلدۇرمەي جەڭ قىلىپ ، يايلاق ۋە قىشلاقلارنى كېزىپ ، ئاچارچىلىق ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە ھەر ياقلارغا چېچىلىپ كەتكەن ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى بىر - بىرلەپ يىغىپ ، تەشكىللەپ كۈنپېتىش تەرەپكە باشلاپ ماڭدى . ئۇنىڭ تۇغى ئاستىدا ئۇيۇشقانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە ئىدى . سەرسان - سەرگەردان بولۇپ تېنەپ يۈرگەن ئادەملەر ئۇرۇق - ئۇرۇقلار بويىچە ۋە پۈتۈن - پۈتۈن قەبىلىلىرى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ توپىغا قوشۇلماقتا ئىدى . داۋالا ئۇزۇن سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ، تۆگىلىك ، هارۋىلىق ئادەملەر سېپىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا كۆز يەتكۈزگىلى بولمايتتى . مىسلىسىز بەختسىزلىك ۋە بالايىئاپەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ياشاش ۋە مەۋجۇت بولۇش ئۈچۈن هايات - ماماتلىق سىناقلاردا قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ ، تەقدىرنىڭ رەھىمسىز بوران - چاپقۇنلىرىغا بوي بەرمەي ئاجايىپ غەيرەت - شىجائەت بىلەن يىگى يوللارنى ئېچىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەملەر پان تېگىنگە ئىشىنىپ ، هالقىلىق پەيتلەردە ئۆزىنى كۆرسەتكەن بۇ قەھرىمانغا ئەگەشكەنىدى .

پان تېگىن كىشىلەرگە يولىورۇق ۋە مەدەت بېرەتتى .

— قېرىنداشلار ، — دەپ خىتاب قىلاتتى ئۇ ، — بىز ئەمدى تەگرىتاغ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ بارىمىز . ئۇ يەرلەردە بىزنىڭ ئۆز ئادەملىرىمىز ياشايدۇ . تەگرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان ئاشۇ قانداش ، نەسىلداش تۇغقانلىرىمىز بىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئۇلار يول بويى قوغلاپ كەلگەن قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىپ، قەدەممۇ قەدەم ئورخۇن، سېلېنگا، تۇغلا ۋادىلىرىدىن يىراقلاپ كەتمەكتە ئىدى. ئۆتۈكەن تاغلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇپۇققا ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. پان تېگىن ئاشۇ ئارقىدا قېلىۋاتقان تاغ ـ دالالارغا، ئاشۇ ئانا تۇپراققا ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئېغىر خورسىناتتى. ئۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى توققۇز ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشكىللەپ ماڭغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلماي ھەر تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا توغرا كېلىدىغان يەرلەردە ماكانلاشقان تاتابى قەبىلىسىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ پاناھلىق تاپتى؛ بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ يىراققا ئۆتۈپ، ئامۇر دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان تاتار قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

پەقەت ئۆگە تېگىنلا ھېچ ياققا كەتمەي، ئورخۇن يايلاقلىرىدا يۆتكىلىپ يۈرۈپ قىرغىزلارغا تېگىش قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى دەپ ئېلان قىلغان بولغاچقا بۇ يەرلەرنى ئاسانلىقچە تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. پان تېگىن تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، غەربكە بىرلىكتە كۆچۈش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. ئۆگە تېگىن ئۇنىمىدى.

«ياق، ــ دېگەنىدى ئۇ، ــ سەن مېنىڭ قاغان بولۇشۇمنى قوللىمىدىڭ. ئىككىمىزنىڭ يولىمىز باشقا. مەن جەنۇبقا بارىمەن. تابغاچلارنىڭ يېرىگە بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم ئالىمەن. تەيخې قاتۇن مېنىڭ ئىلكىمدە، شۇڭا تابغاچلار ماڭا ياردەم بېرىدۇ».

پان تېگىن شۇ ئىشلارنى ئويلىسا كۆڭلى بۇزۇلاتتى. «ئۆگە تېگىن بىز بىلەن بىللە كۆچكەن بولسا ياخشى بولاتتى. كېيىن ئۇنى رەسمىي قاغان قىلساقمۇ بولاتتىغۇ، ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ــ بىز خەق بەك بۆلۈنۈپ كەتتۇق، زادى بىرلىشەلمىدۇق. ۋەزىيەت ھەر جەھەتتىن بىزگە پايدىسىز بولۇۋاتقان بۇنداق شارائىتتا ئادەملىرىمىزنى يىغىپ،



www.uyghurkitap.com

كۆچىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ ھاياتلىقىنى ساقلاپ قې-
لىشىمىز كېرەك».

ئېغىر خىياللار، ئازابلىق كەچۈرمىشلەر پان تېگىننىڭ يۈرىكىنى قىساتتى. لېكىن ئۇ ئاشۇ ئېغىر خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن زادى قۇ-
تۇلالمايتتى. «بىزنىڭ پەزىلىتىمىز يوقالغانمۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ھېچكىمنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. ھەممىسى ئۆزىنى بىر-
رىنچى دەپ چاغلايدۇ، خۇددى بىرىنچى بولغانلار باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىقى، باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنماسلىقى كېرەكتەك يو-
غانچىلىق قىلىشىدۇ. بىر ئادەم باشلىق بولۇپ تىكلەنسە باشقىلار ئۇنى قوللاش ۋە يار – يۆلەكتە بولۇش ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇنى غاجايدۇ.
ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا كۆز يۇمۇپ، ھامان قۇسۇر تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئە-
يىبىنى ئېچىپ، كەمچىلىكلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكۈشكە ۋە ئاخىر ئۇنى قاتاردىن يوقىتىۋېتىشكە تىرىشىدۇ. ھەممىسى
«مەن بولسام» دەپلا تۇرۇۋېلىدۇ، رىقابەتلەشمەستىن دۈشمەنلىشىدۇ، خۇددى باشقىلاردا، جۈملىدىن ئۆزىدە ھېچقانداق كەمچىلىك بولمايدى-
غاندەك چالۋاقاپ سەكرىشىدۇ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بىز ئىناق، ئىتتىپاق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھېچكىم بىزگە تەڭ كېلەلمىگەنىدى. قۇدرەتلىك
تاڭ سۇلالىسىنى ھالاك بولۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان ئەن لۇشەن – شى سىمىن قوشۇنلىرى بىزدىن دەككىسىنى يېگەنىدى؛ قىرغىز، قار-
لۇق، باسمىل، تاتابى، قىتان، تاتار، ئاشىنا قاتارلىق قەبىلىلەر بىرلى-
شىپ ھۇجۇم قىلىپمۇ بىزنىڭ بىر تال تۈكىمىزنى تەۋرىتەلمىگەنىدى.
ئەمدى يالغۇز قىرغىزلار ئۆزلىرىلا ...»

پان تېگىننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، ئازابلىق خىياللار ئۇنىڭ بې-
شىنى ئەگدى. شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرىنىڭ:

— قاراڭلار، ئىككى ئادەم كېلىۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىشى ئۇ-
نىڭ خىياللىرىنى بۆلدى.

چەكسىز ئۇيۇق سىزىقىدا پىيادە كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنىڭ قا-
رىسى ئىلغا قىلىندى. بىر نەچچە يىگىت ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ شۇ تە-

رەپكە كەتتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى ئىككى ئادەمنى ئاتلىرىغا مىنگەشتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. ئورۇقلاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، ئاران جېنى قالغان بۇ ئىككى ئادەم باسان قارا بىلەن بارمان يۈزبېشى ئىدى. پان تېگىننىڭ ئادەملىرى ئۇلارغا سۇ، تالقان بېرىپ قورساقلىرىنى توقلىدى ۋە ئۆزلىرى ھەيدەپ كېتىۋاتقان يىلقا ئىچىدىن ئىككى ئاتنى ئۇلارغا ھەدىيە قىلدى. بارمان ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى:

— تەشەككۈر، قېرىنداشلار. بىز چۆلدە ئۆلۈپ تۈگىشىدىغان بولدۇق دەپ ئويلىغانىدۇق، بىزنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار.

باسان قارا گەپ قىلمىدى. ئۇ بارلىق يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ يېگانە ئۆزى قالغان بولغاچقا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قايغۇ - ھەسرەت ئۇنى گاراڭ قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇپ قالغىنىغا خۇشال بولغاندەكمۇ كۆرۈنمەيتتى.

غەربكە كۆچۈش دولقۇنى شۇ تەرىقىدە يېڭى - يېڭى ئادەملەر بىلەن تولۇقلىنىپ، كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ۋەھالەنكى، قىرغىزلارمۇ بولدى قىلمىدى. ئۇلارنىڭ يىراققا يۈرەر قىسىملىرى ئۇشتۇمتۇت ئۇچۇپ كېلىپ زەربە بېرىپ تۇراتتى. بارمان بىلەن باسان قارا تۇيۇقا قوشۇلۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ خېلى زور قوشۇنى ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.

پان تېگىننىڭ جەڭگىۋار قىسىملىرى ئائىلە - تاۋابىئات ۋە مال - مۈلۈكلەرنى قوغداش ئۈچۈن قىرغىزلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ توسۇپ زەربە بەردى. خۇددى ھەر قېتىمقىدەك ئىنتايىن شىددەتلىك رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش جېڭى باشلىنىپ كەتتى. سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ قالغان بارمان بۇ قېتىمقى جەڭدە ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئۇ ئېتىنى بوراندەك ئۇچۇرتۇپ كېلىپ جەڭنىڭ قايناملىرىغا بۆسۈپ كىرىپ كېتەتتى. ئەينەكتەك چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر قىلىچىنى شۇ قەدەر كامالەتكە يەتكەن ماھارەت بىلەن چاپاتتىكى، ھەر چاپقاندا بىرىنى يىقىتماي قويمايتتى. ئۇ «ئۆلۈم، خەۋپ - خەتەر» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇ قىلىچىنى شۇنچە چاققانلىق بىلەن ئۇيانغىمۇ، بۇ-

ياڭغىمۇ ئۆرۈپ ، كەينى - كەينىدىن زەپەر قۇچۇپ ، توختىماي ئىلگىرى-
لەپ كېتىۋەردىكى ، ئۇنىڭ شۇنچە پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋ-
ۋەتنى نەدىن تاپقانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن ئىدى . ئۇ گوياكى بىر ئوت ،
گوياكى بىر قىساس خەنجىرى ئىدى .

ھالبۇكى ، ئوتنىڭمۇ ئۆچىدىغان ۋاقتى ، خەنجەرنىڭمۇ سۇنىدىغان
مىساللىرى بولىدۇ . گوياكى مەزمۇت قارىغاي ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك
بولدى . بارماننىڭ ئېتى بېشىغا قىلىچ يەپ ، خۇددى ئاسماندىن ئۇچۇپ
چۈشكەن يارىدار بۈركۈتتەك يەرگە « گۈپ ! » قىلىپ يىقىلىپ چۈش-
تى . بارمان باتۇرنىڭ ئوڭ پۇتى ئاتنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالدى . باتۇر
پۇتىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن كۈچىنىپ تىرىشىپ باقتى ، ئامال بولمى-
دى . شۇ ھامان قىرغىز ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ ،
ئۇنى ھەر تەرەپتىن قىلىچلاپ ، قىيما - چىيما قىلىۋەتتى .

× × ×

پان تېگىن ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈشنى داۋاملاش-
تۇرماقتا ئىدى . ھالاكەت دېڭىزىغا ئوخشاپ قالغان جەڭ مەيدانى ئاستا -
ئاستا ئارقىدا قالماقتا ئىدى . قىرغىزلار ئېغىر تالاپەت تارتىپ چېكىنىپ
كەتتى . پان تېگىننىڭ قوشۇنىدىنمۇ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر جەڭچىلەر
سەپتىن ئايرىلدى .

باسان قارا غىچىرلاپ كېتىۋاتقان كۆتەك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ،
ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن يىراق - يىراقلارغا قارايتتى . ئۇنىڭ قەلبى-
نىڭ چوڭقۇر يېرىدىن يىغا ئەمەس ، يىغلىغانغا ئوخشايدىغان بىر خىل
ئېچىنىشلىق سادا ئۇرغۇپ چىقتى :

— ئاھ كۆك تەڭرى ! ئەي ئالەمنى ياراتقان بەش تەڭرى ! بىز
خەققە نېمە كۆرگۈلۈك بۇ ؟ تەڭرىلەرگە يارىمايدىغان شۇنچە ئېغىر گۇ-
ناھلارنى ئۆتكۈزدۇقمۇ ؟

باسان قارا ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بېشىنى

ئەلەم بىلەن چايقاپ ئۆزئىچىدە مۇلاھىزە قىلاتتى : « بىز خەق ياخشى كۈنلەرنىڭ قەدرىنى بىلمىدۇق . كۆڭلىمىزنى پاك تۇتالمىدۇق . ئالەمنى ياراتقان بەش تەڭرى بىزنى نىيىتىمىزگە يارىشا مۇشۇنداق كۈنگە قويدى » .

باسان قارا ئىچ - ئىچىدىن خورسىنىپ ئىڭىر « ئۇھ » تارتتى ۋە يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدى . بۇلۇتلۇق كۆل رەڭ ئاسماندا تەنھا بۈركۈت قۇدرەتلىك قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ لەرزان پەرۋاز قىلماقتا ئىدى .

« ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بارلىق يېقىن قاياشلىرىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغانمۇ ؟ » باسان قارا ئىختىيارسىز تۇردە شۇ گەپلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى .

ئۇ ھارغىنلىق ، ئاچلىق ۋە قايغۇ - ھەسرەتتىن نۇرسىزلانغان كۆزلىرىنى تەنھا بۈركۈتتىن ياندۇرۇپ ، پان تېگىنگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بۇ تەقدىرداش ئادەملەر سېپىگە قارىدى . پۈتۈن قاقاس دالانى بىر ئېلىپ كېتىۋاتقان ئاتلىق ، تۆگىلىك ، ھارۋىلىق ئادەملەر ... ئەرلەر ، ئاياللار ، ياشلار ۋە قېرىلار ، خۇددى چوڭ ئادەملەردەك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ جىددىي قىياپەتتە كېتىۋاتقان ئۆسمۈر باللار ، بۇ قارا قىسمەتنىڭ خەۋپلىك ئۆتكەللىرىنى تېخى بىلمەي ئانىلىرىنىڭ ئەمچەكلىرىنى ئېمىپ كېتىۋاتقان بوۋاقلار ...

« ئاقىۋىتىمىز قانداق بولار ؟ — دەپ يەنە ئويلىدى باسان قارا ، — مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىشىپ كېتەرمىزمۇ ؟ ياكى تەڭرىلەر بىزگە ھاياتلىق يولى بېرەرمۇ ؟ ئەي كۆك بۆرە ! بىزگە نىجاتلىق ئاتا قىلغىن ! بىزنى يورۇق يولغا باشلىغىن ! »

باسان قارا شۇ خىيال بىلەن ئۈمىدكە تولغان ھالدا بېشىنى كەسكىن كۆتۈرۈپ ، ئۇياق - بۇياققا نەزەر تاشلىدى . ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا بىرەر بۆرىنى چېلىقتۇرۇشقا تەقەززا ئىدى . بىرەر بۆرە ئۇچراپ قالسا ياخشى بولاتتى ! ئالدى تەرەپتە ۋە ئىككى ياندا بۆرە كۆرۈنمىدى . باسان قارا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى - دە ، بىر دەقىقە خۇددى قېتىپ قالغان

دەك تۇرۇپ قالدى .

باسان قارىنىڭ ھارۋىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئاتقا مىنۋالغان بىر ئۈسمۈر بالا كېلىۋاتاتتى . ئۇ مىنگەن قاۋۇل چىلان تورۇق ئات بىلەن ئورۇق ھەم تاقىر باش ئوغۇل بالىنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسى ئاجايىپ تەسىرلىك سېلىشتۇرما ھاسىل قىلاتتى . كىچىك بالىنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قالاي دەپ قالغانىدى . ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا مۈگدەپ كېتەتتى ۋە دەرھال كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ئاتنىڭ ئۇزۇن يالىنى چىڭ سىقىملاپ تۇتۇۋالاتتى - دە ، يۇمۇلغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ، خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن تىيىندەك ئۆپچۆرىسىگە ئىتتىك قاراپ قوياتتى .

باسان قارا ھەممىنى ئۇنتۇپ شۇ بالىغا قاراپ قالدى . ئۇنىڭغا قارىغانسېرى ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېلىلىپ قالغاندەك بولدى ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇخلايدىغان يېشىدا ئۇيقۇغا بوي بەرمەي ئاتنىڭ يالىغا يېپىشىپ كېتىۋاتقان بۇ كىچىككىنە باتۇر ئەزىمەتكە ئامراقلىقى كەلدى . « ئۇيغۇر بالىلىرى ئات ئۈستىدە تۇغۇلۇپ ، ئات ئۈستىدە ئۆلىدۇ » دېگەن ماقال ئۇنىڭ مېڭىسىدە گويا ئەكس سادا پەيدا قىلدى .

— ئەي ئوغلۇم ، — باسان قارا ئۇ بالىنى ئۇخلاپ قېلىپ يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ ئىختىيارسىز تۆردە ئۇنى چاقىردى ۋە ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى .

بالا چۆچۈپ كەتتى ۋە قاپقارا مۇنچاقتەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ باسان قارىغا قارىدى .

— ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ ، بالام ؟ — دېدى باسان قارا مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ .

— ھەئە ، ئۇيقۇم كەلدى ، — دېدى بالا گۆدەكلەرچە زىل ئاۋازدا .

ئۇنىڭ بۇنداق جاۋابىدىن ۋە چىراي ئىپادىسىدىن ئۇيقۇ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقانلىقى ھەم چوڭلارنىڭ غەمخورلۇقىغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى .

— كەلگىن بالام ، مېنىڭ ھارۋامدا يېتىپ ئۇخلىۋالغىن ، —
دېدى باسان قارا ۋە ئۇنى ئات ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ ، ھارۋىغا
ئولتۇرغۇزدى .

— بۇ سىزنىڭ ھارۋىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى بالا ، — سىزنىڭ
بالىڭىز يوقمۇ ؟ ئۆزىڭىز يالغۇز كېتىۋاتامسىز ؟

— شۇنداق بالام ، ئۆزۈم يالغۇز ، — دېدى باسان قارا ، — بۇ
ھارۋا ئەسلى باشقا خەقنىڭ ئىدى . ئۆتكەنكى جەڭدە ئۇلار ئۆلۈپ
كەتتى . بۇ ھارۋا ئەمدى ماڭا قالدى ... ھە ، مانا بۇ يەردە ياتقىن .

باسان قارا ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يېيىپ سېلىپ ، بالىغا
ئورۇن راسلاپ بەردى ۋە ئۇ بالىنىڭ ئېتىنى چۇلۋۇرىدىن ھارۋىنىڭ
كەينىگە باغلاپ قويدى . بالا يات كىشىدىن يېتىرقاپ ياتقىلى ئۇنىمىدى .
ئۇنىڭ ئۇيقۇسىمۇ ئېچىلىپ كەتكەنىدەك ئىدى .

باسان قارا ئاتىلارچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ تاقىر بې-
شىنى سىلىدى .

— ئاتا - ئانىلىرىڭ قېنى ، بالام ؟

بالىنىڭ دۇپدۇگىلەك مۇنچاقتەك قارا كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ
كەتتى . باسان قارىنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى . ئۇ ھەممىنى چۈشەندى .
« ئاپلا ، سورىمىسام بوپتىكەن » دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ ، لېكىن سورىما-
سىمۇ بولمايتتى ، ئەلۋەتتە .

بالىنىڭ ئورۇق ، ئاجىز مۈرىلىرى تىترەپ ، سىلكىنىپ كەتتى .
ئۇ ئۆزىنى باسالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى .

— يىغلىما ، بالام ، يىغلىما ، — دېدى باسان قارا ئۇ بالىنى باغ-
رىغا بېسىپ ، — يىغلىما ، سەن يېتىم ئەمەس ... مەن ساڭا دادا بولى-
مەن ... يىغلىما ... يىغلىما ...

باسان قارا يېتىم بالىغا تەسەللى بولىدىغان باشقا سۆز تاپالماي
ھامان « يىغلىما ، يىغلىما » دەپ تەكرارلايتتى . لېكىن ، ئۆزىنىڭمۇ كۆز-
لىرىدىن سەلدەك ياش قۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ يىرىك ساقال بېسىپ كەت-
كەن يۈزىنى بالىنىڭ يۇمران مەڭزىگە يېقىپ ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ،

ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .
— يىغلىما ، سەن مېنىڭ بالام... مەن سېنىڭ داداڭ...
ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئىسسىق ياشلىرى قوشۇلۇپ كەتتى . ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ ، ئىچىدىكى توشۇپ كەتكەن دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى بىراقلا چىقىرىپ تۆگىتىۋەتمەكچى بولغاندەك يىغلاۋەردى ، يىغلاۋەردى...

× × ×

پـان تېگىن ئۆزىنىڭ يۇلتۇز قاشقىلىق قارا ئېتىدا باھادىرلارچە سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇپ ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئۇپۇقتىن ئۇزمەي سەپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ۋە ئومۇمەن پۈتۈن تۇرقىدىن پولاتتەك ئىرادە ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ غەيرەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى . مىڭلىغان ، ئون مىڭلىغان ئادەملەر خۇددى تەگرىگە تېۋىنغاندەك ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى .
پـايانسىز دالانىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى . تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يىراقتىكى ئۇپۇقتا قۇلانلار ياكى جەرەن ، بۆكەنلەر توپ ـ توپى بىلەن كۆرۈنۈپ قالاتتى . بۇنداق چاغلاردا پان تېگىنىنىڭ ئۇچقۇر ئارغىماقلارغا مىنگەن ياش نۆكەرلىرى ئوقيالىرىنى تەييارلاپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتەتتى . باشقىلار يەنە تەرتىپنى بۇزماي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇراتتى . كىشىلەر شۇ تاپتا ئۆزلىرىگە ئوزۇق بولىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىنمۇ بەكرەك بۆرىلەرنى ئۇچرىتىشقا ئالدىرايتتى . ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى . ئەر ۋە ئاياللار بىردەك خۇشال چۇقان كۆتۈرۈشتى :
— بۆرە ! بۆرە !
— ئەنە ، قاراڭلار ، بىر توپ بۆرىلەر كەلدى !
ھەممە ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ ، كۆزلىرى شادىيانە چاقناپ كەتتى . بۆرىگە بولغان ئەنئەنىۋى ئېتىقاد كۈچى ئېزىلگەن قەبىلەرگە

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچ ئاتا قىلاتتى . ئادەملەرنىڭ جېنىغا جان ، كۆچىگە كۈچ قوشۇلـ
غاندەك بولدى .

باسان قارا مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردە تەقدىرى قوشۇلغان يېڭى ئوغـ
لىنى بىر قولى بىلەن قۇچاقلاپ ، ئىككىنچى قولى بىلەن يىراقنى كۆرـ
سەتتى .

— كۆردۈڭمۇ ، بالام ؟ ئاۋۇ بۆرىلەرنى كۆردۈڭمۇ ؟

ھەممە ئادەم بۆرىلەرگە قاراپ غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى . باسانـ
نىڭ بۇ ئاسراندى ئوغلىمۇ ھارۋىدا ئۆرە تۇرۇپ شۇ ياققا قارىدى .

— دادا ، مەن ھارۋىدا ئولتۇرمايمەن ، — دېدى ئۇ ، — ئېتىمنى
مىنەيچۇ ، بۆرىلەرگە يېقىنراق بېرىپ كۆرۈپ باقاي .

— ماقۇل ئوغلۇم . يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ .

ئۆسمۈر بالا ھارۋىدىن ئەپچىللىك بىلەن سەكرەپ چۈشتى ۋە
ئېگىز ئاتىنىڭ يالىغا ئېسىلىپ تەستە ئېگەرگە چىقتى .

بۆرىلەر بۇ كۆچمەنلەرگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كەيـ
نىگە بۇرۇلدى ـ دە ، يىراقلاردا كۆزدىن غايىب بولدى .

شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى ئۈنلۈك خىتاب قىلدى :

— قاراڭلار ، ئالدىمىزدا دەرەخلەر كۆرۈندى !

— بۇ ئېپۇرغول بوستانلىقى ، — دېدى باسان قارا ھاياجانلانغان
ھالەتتە شۇ ياققا كۆز تىكىپ .

يان تېگىن خۇددى ئاۋۋالقىدەكلا باھادىرلارچە قىياپەت ۋە ئۇـ
لۇغۋار سالاپەت بىلەن ئادەملەرنى تەڭرىتاغقا تۇتاشقان ئاشۇ ئېپۇرغول
بوستانلىقىغا باشلاپ كېتىۋەردى . ئۇنىڭغا يانداشىپ كېلىۋاتقان
بايراقدارنىڭ قولىدىكى ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈـ
رۈلگەن كۆك بايراق ئېپۇرغول تەرەپتىن سوقۇۋاتقان مەيىن شامالدا ئېـ
چىلىپ ، يېپىلىپ شوخ لەپىلدىمەكتە ئىدى .

# ئورخۇن ھەققىدە سۆھبەت

( خاتىمە ئورنىدا )

— مۇئەللىم، مەن يېقىندا « ئورخۇن شەجەرىسى » ناملىق رومانىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پان تېگىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇمۇل بوستانلىقىغا يېتىپ كەلگەندە رومان ئاياغلاشتى. كېيىن قانداق بولغان؟

— ھە، قارىغاندا، سەن بۇ رومانغا قىزىقىپ قاپسەن-دە. تىرىشچان ئوقۇغۇچىلىقىڭ بۇ گەپلىرىڭدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمسە ئاڭلاپ قوي. ئورخۇندىكى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرى بىرلىكنى بۇزماي پان تېگىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە غەربكە كۆچۈپ ھازىرقى قۇمۇل، تۇرپان، جىمسار ئەتراپلىرىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشتى. كېيىن ئۇلار تۇرپان ۋە جىمسارنى قوش ئاستانە قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلدى. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ خانلىقنىڭ چېگرىلىرى جەنۇبتا ھازىرقى كۇچا، شىمال ۋە غەربتە ئېمىل ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرىغىچە كېڭەيدى.

— مۇئەللىم، ئورخۇن يايلاقلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىدىقۇت خانلىقىدا ماكانلاشتىمۇ؟

— ياق. بىرقىسىم ئۇيغۇرلار ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە جايلارغا بېرىپ، ئۇ يەردە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. يەنە بىر قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىغا كۆچۈپ كەتتى. يەنە زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تارىم ۋادىسى، ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدىكى جايلار ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىغا① تارقاقلىشىپ، شۇ جايلاردىكى تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە قەشقەر ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىنى قوش ئاستانە قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

— مۇئەللىم، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى نېمە ئۈچۈن باشقا يەرلەرگە بارماي مۇشۇ يەرلەرگە كەلگەن؟

— چۈنكى، بۇ يەرلەردە ئەزەلدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياكى ئۇلارغا تۇغقان قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەن. شۇڭا، ئورخۇنلۇقلار بۇ يەرلەرگە كېلىپ ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېڭى خانلىقلىرىنى قۇرۇپ چىقالىدى.

— مۇئەللىم، قىرغىزلارنىڭ شۇ قېتىمقى ھۇجۇمى ۋە زور غەلىبىسىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئورخۇن يايلاقلىرىدا قايسى خەلقلەر قالدى؟

— ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن قىرغىزلار ئورخۇن، سېلېڭگا ۋادىلىرىدىكى گۈللىنىشكە باشلىغان شەھەرلەر ۋە ئېكىنزارلىقلارنى ۋەيران قىلىپ، بۇلايدىغاننى بۇلاپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ، يەنە ئۆزلىرىنىڭ يايلاقلىرىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جايلاردا ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا شەھەر مەدەنىيىتى قايتىدىن باش كۆتۈرەلمىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ جايلاردا ھازىرقى موڭغۇل خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى ۋە يەنە بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ بەگلىك ۋە خانلىقلىرىنى قۇردى. چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇ يەرلەر موڭغۇللارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەتىنى بولۇپ قالدى ۋە ھازىرغىچە شۇنداق بولماقتا.

— مۇئەللىم، ئورخۇن خانلىقى نېمە ئۈچۈن يىمىرىلىدى؟ ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلار بەك ئاجىزمىدى؟ ياكى مەدەنىيىتى ئارقىدا

① يەتتە سۇ رايونى — ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئالما - ئاتا ۋە تالدىقورغان ئوبلاستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قالغانمىدى ؟

— ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىنتايىن قۇدرەتلىك خانلىق ئىدى . ئۇنىڭ زېمىنلىرى جەنۇبتىكى سەددىچىن سېپىلىدىن شىمالدىكى يېنىسەي دەرياسى ۋە بايقال كۆلى رايونلىرىغىچە ، شەرقتىكى ئامۇر ( خېيلۇڭجىياڭ ) دەرياسىدىن غەربتىكى ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە شۇ جايلاردىكى بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەنىدى . ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونىغا بىرنەچچە قېتىم قوشۇن چىقىرىپ ، دۇنيا تارىخىدا كۈچ - قۇدرىتى ۋە بۈيۈك مەدەنىيىتى بىلەن مەشھۇر بولغان تاڭ سۇلالىسىنى ئەن لۇشەن - شى سىمىن توپىلىڭىدىكى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالدى . مۇشۇ پاكىتلاردىن قارىغاندا ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي گەۋدە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ .

بارلىق تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىرىنچى بولۇپ شەھەر مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشلىغان . دېمەك ، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار يايلاق خەلقلىرى ئىچىدە مەدەنىيەتتە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان .

بۇ خانلىقنىڭ يىمىرىلىشىدە مۇرەككەپ ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر بولغان ، بۇ سەۋەبلەرنى مەخسۇس تېما سۈپىتىدە ئايرىم تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ : خانلىق تەۋەسىدە ئۇدا بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق ئاپەتى بولۇپ ، چارۋا - ماللار قىرىلىپ كەتتى ، ئەل ئىچىدە يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالدى ، ئاچارچىلىق بولدى ، ئاھالە باشقا جايلارغا كۆچۈپ تارقىلىپ كەتتى . ئوردىدا سىياسىي مۇقىمسىزلىق ئەۋج ئالدى . قاغان ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى . بىرمۇنچە ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر خانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ، ئايرىم بولۇۋالدى . خانلىق پارچىلىنىپ كەتتى . بۆلۈنمەي قالغان توققۇز ئوغۇز ، تۆلىس ، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر ئىچىدىمۇ بىرلىك ، ئىنتىپاقلىق ئاجىزلاشتى . خانلىقنىڭ بۇرۇنقى سەلتەنىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى . بۇنداق ئەھۋالدا يۈز مىڭ كى

شىلىك قىرغىز قوشۇنى ھۇجۇم قىلمىغان بولسىمۇ ، ئورخۇن خانلىقى ئۆز ئىچىدىن يىمىرىلىپ كېتىشى ئېنىق بولۇپ قالغانىدى .

دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر بولغان قەدىمكى مىسىر ، يونان ، رىم ئىمپېرىيىسىدەك ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك دۆلەتلىرىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەدرىجىي زەئىپلىشىپ ، ئاخىر يىمىرىلىپ تۈگىگەنىدى . بۇنداق مىساللار تارىختا خېلى كۆپ . ئورخۇن خانلىقىنىڭ يىمىلىشىمۇ شۇنداق مىساللارنىڭ بىرى . ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى ، بىرقىسىم قەدىمكى خانلىقلار يىمىرىلگەندىن كېيىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى . مەسىلەن : ھۇن ، قىتان ، ئېفتالىت ، جۇرجان ، سىيانپى ، پەچەنەك قاتارلىق نۇرغۇنلىغان قەدىمكى تائىپىلەرنىڭ ھازىر پەقەت تارىختىكى نامىلا قالدى . ئۇيغۇرلار بولسا ، بىر خانلىقى يىمىرىلسە ئۇنىڭدىنمۇ قۇدرەتلىكرەك ، ئۇنىڭدىنمۇ مەدەنىيەتلىكرەك باشقا خانلىقلارنى قۇرۇپ ، تارىخنىڭ نى ـ نى دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە . بۇ نۇقتىنىمۇ يەنە ئالاھىدە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك . جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنى بۈگۈنكى دۇنيادا ئاسىيا ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بىر قاتار ئالىملار ھەر تەرەپلەردىن تۇتۇپ تەتقىق قىلماقتا .

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن ئەلا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ئورخۇن شەجەرىسى
( تارىخىي رومان )
ئاپتورى: پەرھات جىلان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ « ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى » باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 ــ يىل 11 ــ ئاي 1 ــ نەشرى
2000 ــ يىل 11 ــ ئاي 1 ــ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3,000
ISBN7—228—06142—X/I. 2266
باھاسى: 24.00 يۈەن